ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەنلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى
# قىسقىچە تارىخى

## I

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئادىل ئېزىز
مەسئۇل كوررېكتور: ئەنۋەر ئادىل

ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىكىدىن
ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېت ئىشخانىسى باستۇردى

ئۈرۈمچى 1996 - يىلى

# سۆز بېشى

ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە دەرسلىك قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاخبارات، كاتىپلىق كەسپلىرى، جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپلىرى، خەنزۇ تىللىرى كەسپلىرى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆلىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە ھەر قايسى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغىمۇ باب كېلىدۇ.

1992 - يىلى 9 - ئاي .
1996 - يىلى 2 - ئاي

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئېلىمىزنىڭ، جۇملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئاشۇ پارلاق ۋە مول مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى ۋە غۇرۇرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىي مىراسى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى. ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ، ئۆتمۈشتىكى روھىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. ئۆزىگە خاس مەھەللىي ۋە ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولغان ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ تەسۋىرىي خاتىرىسىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ خەزىنىدە دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئائىت نەرسىلەر ناھايىتى مول ۋە قويۇق بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇلغان.

ئۇيغۇر «ئەدەبىياتى پەننىڭ ھەر قانداق بىر خىل ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان نەرسىنى قىلىپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىكتۇر. يەنى ئۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئاجايىپ يارقىن ئوبرازىنى سىزىپ بېرەلىدى. شۇ ئەمگەكچىلەرگە خاس ئاق كۆڭۈللۈك، مۇلايىم، يالقۇنلۇق، سەممىي، چىدامىلىق، پۈتمەس-تۈگمەس ئىنسان توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلىدى.» ئۇنىڭدا ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ، جۇملىدىن خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ پاك، چىن ۋە سەممىي، يالقۇنلۇق ۋە جەڭگىۋار ئىدراك ھەممە قەلبىنى مەڭگۈگە پارلىتىپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر . ئۇيغۇرلار خەنزۇ مىللىتىدىن قالسا جۇڭگودا ئەدەبىي مىراسى ئەڭ مول ، يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ، ھەم ئىزچىللىقا ئىگە ئەدەبىيات ياراتقان خەلق . ئۇلار ۋەتەن ئەدەبىياتىنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 10 نەچچە خىل يېزىق ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر ، جۇملىدىن تارىخ ، دىن ، ئېتنوگرافىيە ، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خاتىرىلەنگەن ، تەرجىمە قىلىنغان، تارقىتىلغان ۋە ساقلانغان . بۇ ئۇيغۇرلار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شۆھرەت قازىنىپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل ، ژانىر ۋە تېما ساھەسىنى كېڭەيتىپ ، ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ ، ئېلىمىزنىڭ پارلاق ، شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ھاسىل قىلىشتىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىدى①.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۆلگىلىك ئەدەبىي تىل

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى.

— ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يارىتىلغان. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاپتورلىرى خەنزۇ، پارس، ئەرەب
تىلى قاتارلىقلارنىمۇ ئىجادىيەت قورالى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە
مىللەتلەر بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا ئۆزىگە خاس
خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىيات تارىخىدا،
پارس-تاجىك ئەدەبىياتىدىن قالسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدەك مۇنچىلىك قۇدرەتلىك، ئاجايىپ جاسارەت
ۋە تالانت بىلەن بۇ قەدەر كۈچ ۋە تېز سۈرئەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەدەبىيات كەم تېپىلىدۇ. ئۇيغۇرلار
ياشىغان مىسلىسىز ئېغىر شارائىتتا، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك بۇنچىلىك ئېسىل ئەسەرلەرنى
ئىجاد قىلغانلار ھەتتا دۇنيا تارىخىدىمۇ كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى
تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ تەڭداشسىز ھەم ئاجايىپ نەفىس، مول ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى ئىزاھلاشتا، تىل
تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەدەبىيات تارىخىنى تۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈشتە سېخىيلىق ۋە خالىسلىق
بىلەن بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. بۇنىڭدىن، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەقدارلىرى
چەكسىز خۇرسەن ۋە خۇشالدۇر.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» تەك
كاتتا داستان ۋۇجۇدقا كەلگەن 11-ئەسىر شارائىتىدا دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەبىستان، ئىران
ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغان جۇڭگودا، شۇنداقلا ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىلا يازما ئەدەبىيات
مەيدانغا كەلگەنلىكى، ھازىر تەرەققىي تاپقان بەزى مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ پەقەت قول يازما
ئەدەبىياتىلا بار ئىكەنلىكى (ئاخىرقى ئابزاس ك. ماركسنىڭ سۆزى) بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.
قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان قەدىمى، مول ۋە پارلاق مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئىچىدىكى
ئەڭ يارقىنلىرىنىڭ بىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات مىراسلىرى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ ئوبرازلىق
تەسۋىرىي خاتىرىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر
ئىجادىيەت ئۆرنىكى.

# مۇندەرىجە


سۆز بېشى ...... (1)

كىرىش سۆز ...... (1)

مۇقەددىمە ...... (1)

1 - § . ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ، شەكىللىنىشى ۋە نامى ھەققىدە ...... (1)

2 - § . شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ...... (20)

3 - § . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى ئىزدىنىشلىرى ...... (29)

4 - § . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... (47)

I باب. تىل ۋە يېزىق ...... (75)

1 - § . تىل ...... (75)

2 - § . يېزىق ...... (63)

II باب. يىراق قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى ...... (70)

1 - § . ئەپسانە ــ رىۋايەتلەر ...... (70)

2 - § . ئېپوسلار، ئوغۇزنامە، توڭا ئالپ ئەر ...... (85)

III باب. شىنجاڭ قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئىتى ...... (124)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور ...... (124)

2 - § . شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ...... (125)

3 - § . شىنجاڭ قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ...... (132)

4 - § . قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى تەرجىمانلار ۋە شەرھشۇناسلار ...... (134)

IV باب. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...... (143)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور ...... (143)

2 - § . «تېلى قوشىقى»، «خۇئاستۇئانىفت»، «ئىرق بىتىگ»، «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» ...... (147)

3 - § . مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ...... (160)

V باب. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئىتى ...... (176)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور ...... (176)

2 - § . شېئىرىيەت ...... (178)

3 - § . نەسرىي ئەسەرلەر .......... (192)

4 - § . دراماتورگىيە .......... (201)

VI باب. قىتان - لىياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى .......... (208)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (208)

2 - § . شياۋگۇەنيىن، شياۋسېسې .......... (212)

VII باب. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات .......... (214)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (214)

2 - § . فارابى .......... (221)

3 - § . يۈسۈپ خاس هاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» .......... (229)

4 - § . مەھمۇد كاشغەرى .......... (272)

5 - § . ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى .......... (282)

VIII باب. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات .......... (287)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (287)

2 - § . خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، گۇەن يۈشى، سەيدۇللا، نەي شەن .......... (296)

3 - § . كى كى قۇرسا ئىچقۇ، كى كى II ، شى لەنلەن خېنىم، سىلىغ تېكىن .......... (323)

IX باب. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات .......... (327)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (327)

2 - § . جانبەگ، يۈسۈپ سەككاكى، جامال قارشى، مۇھەممەد خارەزمى .......... (336)

3 - § . رابغۇزى .......... (342)

X باب. تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى .......... (358)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (358)

2 - § . لۇتفى، ئەتائى، سەككاكى .......... (390)

3 - § . ئەلىشىر نەۋائى .......... (398)

XI باب. يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات .......... (423)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (423)

2 - § . سەئىدى، رەشىدى، نەفسى، قېدىرى .......... (428)

3 - § . مۇھەممەد مىرزا هەيدەر، ئاياز بەگ قوشچى، مەھمۇد جوراس .......... (434)

XII باب. خوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتى .......... (446)

1 - § . ئومۇمىي ئوبزور .......... (446)

2 - § . ھىرقەتى، خەراباتى، مەھزۇن .......... (456)

3 - § . كىچىك، ئابىد، سالاھى، مەشھۇرى .......... (469)

4 - § . زەلىلى، نەۋبەتى، ئەرشى، گۇمنام، فۇتۇھى .......... (478)

5 - § . ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك نامايەندىلىرى: موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى، شاھ ھىجران، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم .......... (500)

X Ⅲ باب. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............................. (504)
بىرىنچى قىسىم: 1759 ـ 1864ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات ........................ (504)
1 ـ § . ئومۇمىي ئوبزور ................................................ (522)
2 ـ § . سادىقى ........................................................ (527)
3 ـ § . قەلەندەر، موللا يۇنۇس يەركەندى، مىسكىن، سالىھى، سەدائى، خىسلىتى، قۇربان ........................................................ (538)
4 ـ § . قوسۇرى، بەرشىدى، شائىر ئاخۇن، ئىبراھىم خوتەنى، خۇشھال غېرىبى ........................................................ (546)
5 ـ § . موللا نىياز، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى، نىيازى، ئەھمەد شاھ قاراقاشى ........................................................ (560)
6 ـ § . ئابدۇرېھىم نىزارى ............................................ (578)
7 ـ § . زوھورى، زىيائى، غېرىبى، سەبۇرى ................................ (591)
ئىككىنچى قىسىم. 1864 ـ 1911ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات .................... (591)
1 ـ § . ئومۇمىي ئوبزور ................................................ (591)
2 ـ § . موللا شاكىر ................................................... (603)
3 ـ § . موللا بىلال نازىمى ............................................ (609)
4 ـ § . مەھمۇد قارى، سېيىت مۇھەممەد، زاھىد ئاخۇن.................. (614)
5 ـ § . موللا مۇسا سايرامى، ناقىس، ئابدۇقادىر داموللام، تەجەللى (618)
ئاخىرقى سۆز ........................................................ (637)
پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ..................................... (638)

# مۇقەددىمە

## 1 ـ § . ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىشى، نامى ھەققىدە

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى

ئۇيغۇرلار — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان مىللەت. ئۇلار ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇرئاپتونوم رايونىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى — جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايونلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىرئۈلۈشىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ھۆسنى گۈزەل، بايلىقى مول بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئاينىپ، كۆپىيىشى ئۈچۈن چەكسىز ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى مۇھىت ۋە تەبىئىي شارائىت بەخش ئەتكەن.

شىنجاڭ شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خاندانلىقلار ۋە چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن. قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا «قورىغار» (غەربىي تەرەپ) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان①. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ «شىيۈي» ( 西域 ) يەنى «غەربىي يۇرت» دېيىلگەن، چىڭ سۇلالىسى (1644 — 1911) دەۋرىدە بولسا يەنى 1882-يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ» (يېڭى زېمىن) دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. 1955-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن نامنى قوللىنىشنى قارار قىلدى؛ چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى تەخمىنەن، بەزىلىرى ھەر خىل غەرەزدە، يەنى بەزىلىرى شەخسىي ھېسسىيات بىلەن قوللىنىلغان ئىسىملار بولغاچقا، ئۇلار تارىختىن بېرى ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن.

ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى نوپۇس سانى كۆپ مىللەتلەرنىڭ بىرى. 1990-يىلى ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتتا ئۇلار 7.194675 كىشى دېيىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسىملىرىدا بارلىققا كېلىپ، شەكىللىنىپ، ئاۋۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىككى چوڭ مەنبە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، تارىم، تۇرپان، يارش②، ئىلى ۋادىسى، ئۇ يەردىكى دەريا-كۆللەر ساھىلىدا، كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىق ۋە بوستانلىقلاردا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى قوۋملەر.

تارىم ۋادىسىدا كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن كاشغەرگە يېقىن ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزىسى تەۋەسىدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى تېپىلغان. تارىم ۋادىسى، كۆنچى دەريا ساھىلىدىن تېپىلغان 4000 يىللىق ئايال جەسەت تارىملىقلارنىڭ

ئېزونومىيىسى (بەدەن تۈزۈلۈشى) نى بەلگىلەشتە مۇھىم ماتېرىيالدۇر. يۇقىرىقىلاردىن باشقا خوتەن ۋادىسى ۋە كاشغەر تاشقۇرغان ناھىيىسى تەۋەسىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە خاس ئىنسانلارنىڭ ئىزلىرى بايقالدى.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىمۇ ئىزچىل يوسۇندا قەدىمكى ئىنسانلار ياشىغان. ئۇلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

تارىخ تەرەققىي قىلىپ، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرى (م. ب 221 ـ ؟ 220ـيىللار) گە كەلگەندە شىنجاڭدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى قوۋملەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن قوۋملەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوشۇلۇشىدەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان ئاھالىلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ 30 نەچچە خانلىققا ئايرىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇلاردىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان ئاھالىلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تارىختا ئۇلار «كۆچمەن خانلىق» دېيىلگەن. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەمدە بىر ياكى بىر نەچچە شەھەرنى سىياسىي مەركەز قىلغانلىقتىن تارىختا ئۇلار قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى دېيىلگەن. «خەنشۇ.شىيۈي جۇەن» (خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى) دە يېزىلىشىچە شۇ زاماندىكى ئاساسلىق شەھەر خانلىقلىرى «چارقىلىق، پىشامشان، چەرچەن، پەرغانە، روڭلۇ، نىيە، گۇما، يېكىسار، تاشقورغان، قوم، ئونسۇ، كۇسەن، ئاگنى، بۈگۈر، چوققو، كورلى، قارا قۇرۇم، قۇش، ئالدى قوش، ئارقا قوش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاساسلىق «كۆچمە خانلىقلار» — يۈشلەر، ئۇسۇنلار ئىدى.

تارىم ۋادىسىدا يەنە شىمالىي قۇملۇق (غوبى چۆللىكى) ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىمۇ ياشىغان. «ۋېيشۇ» (ۋېي خانلىقى تارىخى) ۋە «بېيشى» (شىمالىي خانلىقلار تارىخى) دېگەن كىتابلاردا: «قوچۇنىڭ غەربىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزى چوڭقۇر، قاڭشالىق» ئىدى دېيىلگەن. مىلادى 2ـئەسىرلەردە ياشىغان گىرېتسىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى پىتولىمىي (Ptolemy) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا تارىم ۋادىسىدىكى بىر دەريانى Oikhardes ئۇنىڭ دىلتىسىتىكى③ كىشىلەرنى Oikhardes لار دېگەن. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھېنرى يۇلى، پروفېسسور گرىگورىيېۋ، ئاكادېمىك رادالوۋ قاتارلىقلار پىتولىمىي تىلغا ئالغان كىشىلەرنى ئۇيغۇرلار دەپ ھېسابلىغان. مىلادى 380ـيىللاردا ياشىغان گرېك يازغۇچىسى مارسىللىنوسمۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا پىتولىمىي تىلغا ئالغان «ئۇيغۇرداس — Oecherdas » دېگەن ئاتالغۇنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. خەنزۇچە يىلنامە «نەنچىشۇ» (جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى. رورەنلەر تەزكىرىسى)دە مىلادى 478ـيىللاردىكى ۋەقەلەر خاتىرىسىنى يازغاندا، ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى چارقىلىق ۋادىسىنى دىڭلىڭلەر ئىگىلەپ تۇرغان ئەھۋال خاتىرىلەنگەن. ھەم «نەنشى» (جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى)دا «چەرچەن دۆلىتىنىڭ شىمالىي دىڭلىڭلەرنىڭ ئىدى» دېيىلگەن بولسا، «بېيشى» (شىمالىي خانلىقلار تارىخى) دېگەن كىتابتا: «ئېۋىرغۇلنىڭ④ غەربىي، ئاگنىنىڭ⑤ شىمالىي، ئاق تاغ (تەڭرى تېغى) ئەتراپلىرىدا ‹ ئوغۇز › ⑥ لار ياشايدۇ » دېيىلگەن. بۇ گەپ « سۈيشۇ » (سۈي سۇلالىسى تارىخى)دىمۇ بار . مەھمۇد كاشغەرى ئىسكەندەر دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 — 326 يىللار) ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى تەڭرىتاغلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا

چوڭ خانلىق قورغانلىقىنى ، بۇ خانلىق سۇلمى ( sulmi قارا شەھەر ) ، قوچۇ ( Koqu ) ، چانبالىق (qanbalik)، بەشبالىق (baxbalik) ، ياڭبالىق (yangibalik) قاتارلىق شەھەرلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېيتقان.

بۇلاردىن باشقىمۇ بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەزەلدىنلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا ياشايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇلار مىسال قىلىنىدۇ. 9-ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلار شۇ زاماندىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باتۇر قاغانى بولغان ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ھازىرقى كاشغەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يۇقىرىقى قوۋملەرنىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ قەدىمكى مىللەتلەرنى ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن «موڭغۇلئىد ئىرقى» ، «ياۋروپا ئىرقى» ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلمىسى بولغان ئارىلاشما ئىرق دېگەن تۈرلەرگە ئايرىدى. تىلشۇناسلىق جەھەتتىن بولسا ھىندى-ياۋروپا تىلى سىستېمىسى، ئالتاي تىلى سىستېمىسى ۋە خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسىغا ئايرىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. بۇ تۈركۈم قوۋملەر دەسلەپ چارۋىچىلىق، ئاندىن دېھقانچىلىق، ھۈنەرچىلىك، تىجارەتچىلىك قاتارلىق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ناھايىتى بۇرۇن شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەن.

ئۇنداق بولسا بىز كونكرېت بىر قانچە قوۋم بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

ساك قەبىلىلىرى ( 部种塞落 )

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىن باشلاپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزى، شىمالدا بالقاش كۆلىدىن (قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە) جەنۇبتا تەڭرىتاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ساك-ساق ناملىق زور بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياشايتتى⑦.

ساكلار چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى دېيىلىدۇ. بۇ نام قەدىمكى پارسچە تارىخنامىلاردا « ساكا » (Saka)، « ساكاي » (Sacae)، قەدىمكى گرېك تارىخنامىلىرىدا، ساكا، ماسساگىنتاي (Massagetae)، ستخىيە (Scythia) — سكتىيان سارماتلار دېگەن ناملار بىلەن، قەدىمكى ھىندىستان يازمىلىرىدا «ئىسكنف»، « ئىسكىت » ئاتالغۇسى بىلەن ، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە « سەيجوڭ » ، «سەيرىن»⑧، ئۇيغۇر، تۈركىي ھۆججەتلەردە «ساق، ساقلاپ»⑨ دەپ يېزىلغان.

«نەقشى رۇستەم مىخ يېزىق ئابىدىسى»دە ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان. بۇلار: «خايماۋارگ ساكلىرى» — مۇقەددەس ئۈسۈملۈك «خايما»غا چوقۇنغۇچى ساكلار، بۇلار پەرغانە ۋە پامىر تاغلىرى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان؛ «تىگرا خۇدا ساكلىرى» — ئۇچلۇق (ئېگىز) قالپاقلىق ساكلار، بۇلار ھازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىدا، ئاساسلىقى يەتتە سۇدا ياشىغان؛ تىئائى-تارا-دارايىيا ساكلىرى-دەريا-دېڭىز بويلىرىدا ياشىغۇچى ساكلار، بۇلار ئاساسەن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىغا جايلاشقان.

قەدىمكى گرېك تارىخىي ھۆججەتلىرىگە قارىغاندا، ساك قەبىلىلىرى يەنە ھازىرقى كاسپىي (خەزەر) دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدىن باشلاپ، شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمى، ھەتتا قارادېڭىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگىچە سوزۇلغان. قەدىمكى گرېك تارىخچىسى ھىرودوت «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ھازىرقى قارا دېڭىزنىڭ شىمالى ۋە دون دەرياسىنىڭ غەربىدە ساكلارنىڭ ئىسكىت-ئىسكىف (ئىسكىتىيان) ناملىق تارماقلىرى، دون دەرياسىنىڭ شەرقىدە بولسا ساكلارغا تەۋە «ساۋرىماتلار» (سارماتىيانلار) دېگەن تارمىقىنىڭ ياشىغانلىقى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقى ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىدا بولسا «ماسساگىت» ناملىك ساك ئۇرۇقلىرىنىڭ ياشىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ⑩.

پىتولىمىي «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا ئىمائۇس (پامىر دەپ ئىزاھلانماقتا) تېغىنىڭ سىرتىدىكى سكتايلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، «... غەربىي قىسىم بىلەن ئىمائۇس تاغلىرىنىڭ ئىچى سكتايلار ھەم ساكلارنىڭ جايى... بۇ رايوندىكى جايلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت. ئاۋزاكا (Auzakia) تاغلىرى غەربىي تەرەپتە، ... كاسىيا تاغ تىزمىلىرىمۇ غەربتە، ... ئىمودا تاغلىرىمۇ غەربىدە...»⑪ دەپ يازغان. ھازىر پىتولىمى ئوتتۇرىغا قويغان ئىمائۇس تاغ تىزمىسىنى كاشغەر تاغ تىزمىسى دەپ قارىغۇچىلار خېلى كۆپ⑫. رىننېل (Rennel)مو «كاسىيا (Kasia) بۈگۈنكى كاشغەر» دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن⑬. رىچتوفېن بۇ تاغ تىزمىسىنى كوئېنلۈن تاغ تىزمىسى دەپ قارايدۇ⑭. ئومۇمەن پىتولىمىي خاتىرىسىدىكى كاسىيا ئېلىنى كاشغەر دەپ چۈشىنىشنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى چوڭراق⑮.

بىرمۇنچە ئالىملار تارىم ۋادىسىدا مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر قانچە مىڭىنچى يىللاردا ساكلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ جانلىنىپ تۇرغانلىقىنى دەلىللەشتى⑯.

دېمەك،قەدىمكى زاماندا ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىۋەشىمالىدىن ياكى شەرقىي ياۋروپادىكى قارادېڭىزنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسى شۇ جايدا ياشىغان ئاساسىي قەبىلە ساكلارنىڭ نامى بىلەن«ساكىيان»(ياكى ساكىستان) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم⑰.

ئەمدى، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا بولسا، ساك قەبىلىلىرى «سەي» (塞)، «سەي ئۇرۇقى» (塞种) دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلەر «رۇڭ» (戎)، «غەربىي رۇڭ» (西戎)، «خۇ» (胡)دەپ ئاتالغانلارمۇ ساكلارنى كۆرسىتەتتى، دەپ قارايدۇ⑱. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربى يۇرت تەزكىرىسى»دە «ئۇسۇن خانلىقى شەرقىدە ھونلار بىلەن، غەربى شىمالدا كانگا، غەربىدە پەرغانە، جەنۇبىدا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئەسلى ساقلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخرىلار غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ، جەنۇبقا كۆچكەن ساقلارنىڭ يەرلىرىنىڭ توخرىلار ئىگىلىدى.» «ئۇسۇنلاردا ساكلار ۋە توخرىلارنىڭ نەسلى بار»⑲، «ئىلگىرى ھونلار ئۇلۇغ توغرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ، باكتېرىيىگە، ساكلار خانى جەنۇبىغا يۆتكىلىپ، كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىر قانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. كاشغەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى»⑳.

«ئەركەشتام بەگلىكى» ئۆرپ-ئادىتى، كىيىم-كېچەكلىرى، ئۇسۇنلار بىلەن ئوخشاش، ئوت-چۆپ، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇلار ئەسلى ساكلارنىڭ ئەۋلادى.㉑ «ئۇلۇغچات (جۇەندۇ) بەگلىكى... ئوت-چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى»㉒.

بۇ بايانلارغا قارىغاندا، ساكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى، پەرغانە ۋە

كاشغەر رايونى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ㉓.

ساكلار قەدىمكى ھىندىستان ئارى قەبىلىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «رامايانا» ۋە «ماخاپخاراتا» قاتارلىقلاردا بولسا «ئىسكىف» ئىپادىسى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

ساكلار، قەدىمكى زامانلاردا ئۆزلىرى ۋە ھەر قايسى خەلقلەر تەرىپىدىن خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ بەزى خاتىرىلەرگە ئومۇمىي نامى خاتىرىلەنگەن، بەزىدە چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى بىلەن، يەنە بەزىدە كىچىك قەبىلىلىرى، ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن.

ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە تىل ھەققىدە ھازىر ناھايىتى نۇرغۇن مۇنازىرىلەر بار. ف.ئېنگېلس ئۇلارنىڭ ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى رايونلاردا پەيدا بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ㉔. بەزى ئالىملار ساك تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان تەۋىتى (ئوت)، زەرىنە (بۇغا)، سىۋالىيۇ (كۆن)، تەرتىۋارۇ (ئاقساقال)، ماخاكاناگ (چوڭ خان)، كاناگ (قاغان) قاتارلىق ئاتالغۇلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىدى㉕، دەيدۇ. 10-ئەسىردە نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىدا بولسا ساكلارنىڭ ئۆز پادىشاھىنى «فەغفۇر» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە ئىرانلىقلارنىڭ جۇڭگو پادىشاھلىرىنى بولسا «فەغفۇرى چىنى» دەپ ئاتايدىغانلىقى دەل ئەنە شۇ ساكلارنىڭ تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان㉖. بەزى ماتېرىياللاردا بولسا ، ساكلار تۈركىي خەلق سۈپىتىدە بايان قىلىنغان ياكى قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن بىر خەلق ، دەپ ھېسابلانغان . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشر قىلغان كۆپ توملۇق « دۇنيا ئومۇمىي تارىخى » نىڭ 1960 — 1961-يىللىق خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1 - تومى، 625-، 629-بەتلىرىدە «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 — 6 -ئەسىرلەردە ساك - سارماتلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوخشاش بولغان»، «ساك-سارماتلار ئاندورونوۋلارنىڭ ئەۋلادى» دەپ يازغان ھەم بايقال — مىنۇسىنسك، ئالتاي، شەمەي-زايسان رايونلىرىنى كونا دىڭلىڭلار پائالىيىتىگە باغلاپ ئىزاھلىغان. شۇ كىتابنىڭ 2-توم، 237-، 609-بەتلىرىدە «دىڭلىڭلار غەربىي سىبىرىيىدىكى ياۋروپا ئاھالىلىرى بولۇشى ئېھتىمال»، «ئۇلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللاردا خۇاڭخې ۋادىسىغا كۆچكەن قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقى نامەلۇم» دېيىلگەن. دېمەك، بۇ يەردە ساكلار بىلەن دىڭلىڭلار بىر خەلق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بىزگە مەلۇمكى، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە دىڭلىڭلارنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن ئىكەنلىكى خېلى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى زامان ئاپتورلىرىمۇ ساكلار بىلەن دىڭلىڭلارنى بىر خىل دەپ ھېسابلىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ۋىزانتىيە ئەلچىسى مىناندىر (Minandir) مىلادى 569-يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ئىمپېراتور جوستىنگە «بۇ خەلق بۈگۈن تۈرك ئىسمى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، (ئۇلار) قەدىمكى زاماندىكى ساكلار ئىدى»㉗ دېگەن. «قازاق س س ر تارىخى»دا ساكلار تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى قىلىپ بايان قىلىنغان㉘.

ئېلىمىز تارىخچىلىرىدىن شۆزوڭجىڭ قاتارلىقلار ساكلار ھەققىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە ئانالىز ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ساك-سكتاي خەلقلىرىنىڭ ئاسىيادىكى ئاق تەنلىك ئىنسان تۈركۈمى سۈپىتىدە ئاسىيا قورۇقلۇقىنىڭ قارا دېڭىز، غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان، ئىران ئېگىزلىكىگە سۇرۇلگەن قىسمىدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈمىنىڭ

شەرقتە — يەنسەي-بايقال ۋادىسىغا، جەنۇبتا — موڭغۇلىيە دالالىسى ۋە چىلەنشەن (چوغاي) باغرىغا كۆچكەنلىكىنى، قارا سۇ مەدەنىيىتى ۋە بايقال ئەتراپىدىكى خۇدات (خەنزۇچە مەنبەلەردىكى خۇخې —呼揭 — نى شۇنداق ترانسىكرىپسىيە قىلغان) ساك دۆلىتى (خەنزۇچە « 索国 » — سۇ-ساك ئېلى بولسا كېرەك). مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، يەنە غەربكە — قوچۇ، پىشامشان — كۆسەن تەرەپكە، شىمالغا-ئالتاي-يەنسەي-زايسان زېمىنىگە سۈرۈلگەنلىكىنى، تۇرپان خۇجې ( 呼揭 )لىرى ئەنە شۇ خادات ساكلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان[29]. بۇ كۆز قاراشلارنى پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق ھېسابلايدۇ: دارا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ھەربىي پائالىيەتلىرى ۋە ھون تەڭرىقۇتلىقى يۈرۈشلىرى بىلەن ئالاقىدار بۇ خىل كۆچۈش-يۆتكىلىشلەر نەتىجىسىدە ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقى ئۆتۈكەن تېغىدىكى ئاشىد غارى نامىدا ئاتالغان مەلۇم موڭغۇلئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان قەدىمكى تېلېلەرنىڭ ئاشىد ئۇرۇقى بىلەن قوشۇلغان ۋە ئالتايدا روۋەن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىنغان تۆمۈرچى قەبىلىلىرىگە ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «تۈرك» نامى بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت قۇردى ۋە ھون-خۇدات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتى[30].

تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر شۆزوڭجىڭ ۋە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىنلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشاش ساكلارنى شەرقىي ئىران تىلى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر سىياسىي ئىتتىپاقى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ: سىماچيەن تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابتا پەرغانە (داۋەن)نىڭ غەربىدىن ئارساكىچە (ھازىرقى ئىران ئەتراپى) بولغان دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ تىللىرىدا ئانچە-مۇنچە پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىدۇ، دەپ يېزىلغان. يەنە خەنزۇچە باشقا بىر مۇنچە قەدىمكى تارىخىي كىتابلاردا ساكىيان رايونىدا ياشايدىغان ۋە ساكلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان دىڭلىڭلار (ئاساسەن بايقال كۆلىنىڭ غەربىي بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان)، ئالان (كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىدا ياشايدىغان ساك سارماتلىرى) خەزەرلەر (كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىدا ياشىغان)، قاڭلى (ئارال كۆلىنىڭ شەرقى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان) قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەرنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ساكلاردىن ئىبارەت بۇ سىياسىي ئىتتىپاق جۇڭگونىڭ غەربى جوۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى كۈچەيگەن ۋە باشلانغۇچ جامئە تۈزۈمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەن[31].

خۇلاسە قىلغاندا، ساكلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى ئادەملەر ئۇيۇلمىسىنىڭ بىر گۇرۇھى، ئۇلارنىڭ نامى كېيىنكى زامانلاردا غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن نەسىل-پۇشتى يوقالماي، يېڭى ئېتنىك تەركىبلەرنى زورايتىشقا ھەسسىنى قوشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قاتار مىللەتلەرنىڭ قان تەركىبلىرىدە ساكلارنىڭ قېنىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئىسپاتلانماقتا. مەسىلەن، تارىخشۇناس جۇۋېيجۇ ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ساكلار بولۇشى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ساكلار (ياكى بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقانلار)نىڭ بىر قىسمى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاخىرى يەنە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىلىك ئىككىنچى ئۇرۇندا تۇرىدىغان

ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى»㉜ دەيدۇ.

چېئەن بوچۇەن ئەپەندى «قىزىل قان دانچىلىرى تۇخۇم ئىبقى... دىن غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم يۆتكىلىشى» ناملىق يىرىك ماقالىسىدا قان تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن «ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوتتۇرا دېڭىز كىشىلىرىنىڭ قان سىستېمىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىمالىي ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قان سىستېمىسىمۇ بار»㉝ دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

يۆشلەر — خەنزۇچە ھۆججەتلەردە يەنە دايۆشى ( 大月氏 )، شياۋيۆشى ( 小月氏 )، دېيىلگەن. مىلادى 10-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇيغۇرلار يۆشلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى «توقرى، توغرى، توخرى، تۇخۇلا»㉞ دېگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار توقار، توخارلار، دېگەن. يۆشلەر ئەسلى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە ياشاپ تۇرغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 170-يىللار ئەتراپىدا كۆپ قىسمى غەربكە سۈرۈلۈپ، ئىلى ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن ۋە كوشان ئىمپېرىيىسى دېگەن دۆلەتنى قۇرغان. بۇلار خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «چوڭ يۆشلەر» ( 大月氏 )دېيىلگەن بولسا، تارىم ۋادىسىغىمۇ بىر قىسمى كۆچۈپ كەلگەن. بۇلار، ئادەتتە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە «كىچىك يۆشلەر» ( 小月氏 ) دېيىلىدۇ. كۇچا، قاراشەھەر، قوچۇ تەۋەسىدە بىر قىسمى ياشاپ تۇرغان بۇ خەلق خېلىلا مول مەدەنىيەت جۈملىدىن يېزىق ۋە يېزىق ۋەسىقىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىگە قېتىلىپ كەتكەن.

سوغدىلار — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي خەلق بولۇپ، بەزى تارىخچىلار «ئىران نەسلىلىك ئىدى» دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار، مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-، 5-ئەسىرلەردىن 10-ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ناھايىتىمۇ رول ئوينىغان. ئۇلار سودىغا ماھىر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم قىلىپ كەلگەن. سوغدىلار خېلى بۇرۇنلا يېزىق ئىشلەتكەن، تىلى بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل مۇھىم ئالاقە ۋاسىتىسلىق رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلار مەلۇم شارائىتلاردا سوغدى تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلەتكەن. يەنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دېيىلگەن يېزىق مۇشۇ سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان سوغدىلار تارىخنىڭ ئالمىشىشى بىلەن شىنجاڭدا ياشىغانلىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئىفتالىتلار — خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا ھونلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مىلادى 5-ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى، ئىراننىڭ بىر قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا «ئىفتالىتلار دۆلىتى»نى قۇرغان. بۇلار ئادەتتە «ئاق ھون دۆلىتى»مۇ دېيىلىدۇ. ئىفتالىتلار ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان. مىلادى 567 — 563-يىللىرى كۆك تۈركلەر دۆلىتى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغان ھەم ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىفتالىتلار ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

ئىككىنچى، شىمالىي قۇملۇق(غوبى-گوبى ، موڭغۇل چۆللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)قوۋمى. بۇ قوۋمنىڭ ئەجدادى ياكى يىلتىزى قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خۇيخې( 回纥 )، خۇيخۇ-خۇيگۇ ( 回鹘 )، تېلېلەر — ئېگىز قاڭقىي- (گاۋچې-گاۋگۈي)-دىڭلىڭلار — شىمالىي دىلار-دىلار دېگەن لىنىيە بويىچە سۈرۈشتۈرىلىدۇ.

دى قوۋمى ( 狄族 )

دىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى خەلق. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن مۇتەپەككۇر موزى (م. ب تەخمىنەن 468-يىلىدىن 376-يىلىغىچە ياشىغان) يازغان «موزى» ( 墨子 ) دېگەن كىتابتا «ياۋ (ئاقساقال) سەككىز دىلارغا نەسىھەت قىلغان» دېيىلگەن. بۇ يەردە دى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ياۋ ( 尧 )بولسا جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ئۆتكەن قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ 6000 — 8000 يىل بۇرۇنقى چاغقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇلاردىن بىلىندۇكى، دىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققانلىقىغا ئەنە شۇنداق ئۇزۇن يىللار بولغان. «دوساڭ موڭغۇل تارىخى» 1-بابىدا، جۇڭگو ھۆججەتلىرىدە يىراق قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنسان تۈركۈملىرى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي نامى دى دەپ ئاتالغان، دېيىلگەن.

جۇڭگونىڭ شيا، شاڭ ۋە غەربىي جوۋ سۇلالىلىرى زامانىدا، دى قوۋمى ناھايىتى كۈچەيگەن ۋە زېمىن دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. خەنزۇچە «چۈن چيۇ» ( 春秋 )، «زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى» ( 左传 )قاتارلىقلاردا دى قوۋمى ئاساسەن غوبى ( 漠北 ) چۆللۈكىنىڭ ئەتراپىدا، بولۇپمۇ ھازىرقى شىمالىي شەنشى، سەنشى، ئىچكى موڭغۇل، خېبېي ئۆلكىلىرىدىكى تەيخاڭشەن، داچىڭشەن قاتارلىق تاغلارنى ئاساس قىلىپ ياشايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمدى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرلەردە ئىراندا كىتاب بولۇپ چىققان «ئاۋېستا» ۋە مەشھۇر پارس-تاجىك شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى يازغان «شاھنامە»دىكى رىۋايەتلىك بايانلارغا قارىغاندا، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى «دى» دەپ ئاتالغان قوۋمنىڭ تۈرك دەپ ئاتالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاساسەن ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرى، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ زېمىنى تۇران دەپ ئاتالغانلىقى، بۇ نام تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ئەجدادى بولغان «تۇر» دېگەن ئادەمنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ㉟.

دېمەك، يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دى يەنى تۈركىي قوۋملەر، ياۋ، شيا، شاڭ ۋە غەربىي جوۋ سۇلالىلىرى ھۆكۈم سۈرگەن. بىرقانچە مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە شەرقتە ھازىرقى شىمالىي جۇڭگو رايونىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغىچە بولغان پايانسىز زېمىندا ياشىغان. خەنزۇچە ۋە پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا پەقەت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە ئىران زېمىنىغا يېقىن جايلاردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى بايان قىلغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بىر تۇتاش قەبىلىلەردىن ئىدى.

قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا ، دى قوۋمى ئاساسەن ئۈچ چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇلار « قىزىل دى » ( 赤狄 )، «ئاق دى» ( 白狄 ) ۋە «توپ دى» ( 众狄 ) ياكى «كۆك دى» ( 青狄 ) دەپ ئاتالغان. ئالىملار دى قوۋمنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىنى شامان (قامان) دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ چۈشەندۈرگەن. شامان دىنىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، شامان دىنىدا كۆك، قىزىل، ئاق، قارا رەڭلەر شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال دېگەن تۆت تەرەپ ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان قىزىل دىلار ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە تەيخاڭشەن تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا، ئاق دىلار موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ غەربىي ۋە ھازىرقى شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدە، باشقا دى قەبىلىلىرى بولسا (توپ دىلار) يۇقىرىقى ئۇرۇقلارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ياشايتتى㊱. ئەندى ئىران تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنغان تۇران رايونىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئاتا-بوۋىسى

دەپ ئاتالغان ئافراسىياپ ناملىق بىر تارىخىي شەخسنىڭ ئىران پادىشاھلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئاخىرىدا ئىراننى قولغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھلىق تەختىگە چىققانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرلا بايان قىلىنغان. بۇ دى قوۋمى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىرلىشىپ، قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش، تۇراقلىشىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەمما كۆپچىلىك قىسمى ئاساسىي مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىزچىل ساقلاپ، كېيىنكى زامانلاردىكى تۈركىي قوۋملەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بۇلار ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

دىڭلىڭلار — خەنزۇچە ھۆججەتلەردە دەسلەپ «دىلى» ( 狄历 ) دېيىلگەن㊲. دىڭلىڭلار قەدىمكى دى قوۋمىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلار دەسلەپ ھونلار رايونىنىڭ شىمالىدا، يەنى ھازىرقى سىبىرىيە تاغلىرىدىكى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ياشايتتى. بايقال دىڭلىڭلىرى تارىختا «شىمالىي دىڭلىڭلار» دېيىلگەن㊳. بەزى ھۆججەتلەردە يەنى ھازىرقى يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان رايونلاردا، شۇنداقلا ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا «غەربىي دىڭلىڭ» دېگەن قوۋمنىڭ ياشايدىغانلىقى بايان قىلىنغان㊴. دېمەك دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ شەرقتە بايقال كۆلى، غەربتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان رايوندا ياشىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 209-يىللاردىن باشلاپ، دىڭلىڭلار ھونلار ھامىيلىقىدا بولدى. مىلادى 1-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھونلار ئاجىزلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، دىڭلىڭلار بەزىدە ھونلاردىن ئايرىلدى، بەزىدە يەنە قارام بولۇپ تۇردى. مىلادى 85-يىلى دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى. مىلادى 3-ئەسىرلەردە دىڭلىڭلار تازا كۈچەيدى. مىلادى 4-ئەسىردە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى تېلى ياكى ئېگىز قاڭقى (گاۋچې) دېگەن نام بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئومۇمەن، دىڭلىڭلار تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. شۇڭا، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارماق تەركىبىي قىسمىنىڭ ئەجدادىنى بىۋاستە دىڭلىڭلارغا باغلاپ بايان قىلىدۇ. قاڭقىلار ۋە تېلىلەر — قاڭقىلار توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇمات خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشى مۇنداق: «قاڭقى㊵ قەبىلىسى قەدىمكى زاماندىكى قىزىل دى (赤狄 — چىدى) لارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپ ‹دىلى› دېيىلگەن. شىمالىي قەبىلىلەر بولسا ئۇلارنى ‹چىلى› دېگەن، شيا قەبىلىلىرى (خەنزۇلار) بولسا ئۇلارنى گاۋچې دىڭلىڭ دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئانچە-مۇنچە پەرق قىلىدۇ»㊶. دېمەك، قاڭقى قەبىلىلىرى دى قەبىلىسى ۋە ھون قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قاڭقى قەبىلىلىرى دەسلەپ ماتېرىياللارغا خاتىرىلەنگەن چاغدا، ئۇلار ئاساسەن ھازىرقى سىبىرىيەدىكى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توغلا، سېلىنگا، ئورقۇن دەريا ۋادىلىرى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا ياشايتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلىرى 10 نەچچىگە يەتكەن. مىلادى 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاڭقى قەبىلىلىرى كۈچلۈك تېلىلەر ㊷ ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئايماقلىرى 40دىن ئارتۇق ئىدى. تېلى قەبىلىلىرى كېيىنكى زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىققان تۈرك قاغانلىقى ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقىنى قۇرغان قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى. مىلادى 840-يىللاردىن باشلاپ شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلار قوۋمىنىڭ زور كۆپچىلىكى يەتتە سۇ، پەرغانە ۋە ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردىكى يەرلىك قوۋملەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئاساسىي قىسمى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىككى

مەنبەنىڭ بىرى.

هونلار. ئۇيغۇرلار بىلەن هونلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سۆزلەشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن هونلار هەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش زۆرۈر. هونلار هەققىدە ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتلار پەقەت خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەرگە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شۇلارغا ئاساسلانغاندا ئۇلار بەكمۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئاساسەن جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا هەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە خىلمۇ-خىلناملار بىلەن سىياسىي سەھنىگە چىققان. مەسىلەن، ئۇلار ئەڭ بۇرۇن «شۈن يۈ» ( 荤粥 ) دەپ ئاتالغان. ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ «بەش پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بابىدا: «خۇاڭ دى شۈنيۈلەرنى شىمالغا قوغلىغان ئىدى» دەپ يازغان. خۇاڭ دى جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرلىرىدە ئۆتكەن رىۋايەتلەردىكى شەخس بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن 6000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ شىيا سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 21-ئەسىرلەردىن 1-ئەسىرلەرگىچە تارىخ سەھنىسىدە تۇرغان) دەۋرلىرىدە شۈنيۈلەر خۇاشىيا قەبىلىلىرى (خۇاشىيا — خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى-ئا) بىلەن خىلمۇ-خىل مۇناسىۋەتتە بولغان. يىن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىرلەردىن 1-ئەسىرلەرگىچە ئارىخ سەھنىسىدە تۇرغان) گۈي فاڭ ( 鬼方 ) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك قوۋم سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە ھەرىكەت قىلغان، غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1066-يىلدىن، 771-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خەنزۇچە هۆججەتلەردە «شيەن يۈن» ( 猃狁 ) دېگەن نام بىلەن يورۇتۇلغان. چۈن چيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدە شۈن يۈ، گۈي فاڭ، شيەن يۈن دېگەن ناملار يوقىلىپ، «روڭ» ( 戎 )، «دى» ( 狄 ) دېگەن ناملار بىلەن، ئاندىن «خۇ» ( 胡 ) دېگەن نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەر («تارىخىي خاتىرىلەر»)دىكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 318-يىللاردىكى ۋەقەلەر خاتىرىسىدە تۇنجى قېتىم شيوڭ نۇ — هون ( 匈奴 ) دېگەن نام پەيدا بولغان. شۇندىن باشلاپ خەنزۇلار هونلارنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «شۈن يۈ» ( 荤粥 )، «شيوڭ نۇ» ( 匈奴 ) دېگەن ئاتالغۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، بۇلاردىكى باش سۆز — «شۈن» ( 荤 )، «شيەن» ( 猃 )، «شيوڭ» ( 匈 )لار بىر سۆزنىڭ خەنزۇچە ئوخشىمىغان خەت شەكلى بىلەن يېزىلىشى بولۇپ، «هون — Hun » دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قاراشماقتا. «هون» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركىي سۆز بولۇپ، «كۈن» دېگەن مەنىدە دېگۈچىلەر بار. يۇقىرىقى ھەر خىل ناملار كۆپ چاغلاردا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى خەنزۇلاردىن باشقا ئوخشىمىغان ئۇرۇق، قەبىلە — قوۋملەرنىڭ ئومۇمىي نامى تەرىقىسىدىمۇ قوللىنىلغان. هونلارنىڭ خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى هەققىدە خېلى بۇرۇنلا ئالىملار تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان ئىدى. مەشھۇر ئالىم ۋاڭ گوۋېي ( 王维国 ) ئەپەندى بۇرۇنلا شۈن يۈ، شيەن يۈن، گۈي فاڭ، روڭ، دى، خۇ قاتارلىق ناملار ئوخشاش قوۋملەرنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋلەردىكى ئوخشىمىغان خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىشى دەپ كۆرسەتكەن. بۇ قاراشنى جۇڭگو، چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن ئالىم، تەتقىقاتچىلار قوللايدۇ. هونلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىكى، جەڭگىۋارلىقى، بىرلىكىنى ئاساسەن ساقلاپ كەلگەن. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

هونلارنىڭ بەك قەدىمكى دەۋرلەردىلا دۆلەتلىك بولغانلىقى هەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار بار. بولۇپمۇ

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەردىن مىلادىدىن كېيىنكى 2-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا هونلار ئىنتايىن قۇدرەتلەنگەن بولۇپ، ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تەڭداشسىز كۈچ بولۇپ قالغان. مۇشۇ چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى خانلىقلار دۇنياغا مەشھۇر سەددىچىن سېپىلىنى ياساشقا مەجبۇر قىلغان، هونلارنىڭ بۇ دولىتى بىر فېئوداللىق ئىمپېرىيىسىگە ئايلانغان ئىدى. هونلارنىڭ مەشھۇر داھىيسى مۇدۇ تەڭرىقۇت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 209-يىللىرى تەختكە چىقىپ 174-يىلى ۋاپات بولغان). ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغلاردا هونلار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن.

مىلادىدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلەر ئىچىدە هونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نىزالار، تاشقى كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن هون ئىمپېرىيىسى ئاجىزلىششقا باشلىدى ۋە دۆلەت بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىمپېرىيىنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بېرىپ ھەرىكەتلەنگەن بولسىمۇ، كېيىنچە خەنزۇلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. بىر قىسمى ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ناھايىتى كۈچلۈك ئىمپېرىيىلىك سەلتەنىتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، كېيىنچە تارىخنىڭ ئالمىشىشى بىلەن شۇ يەردىكى خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى — ۋېنگرلار ۋېنگرىيىدە ھېلىھەم ياشىماقتا. هونلارنىڭ ئەسلى ماكانلىرىدا قېلىپ قالغان زور كۆپچىلىك قىسمىنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنكى تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى، جۈملىدىن ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇلار ھەم كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن هونلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە يىراق ئۆتمۈشتىلا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن: «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، 103-جىلد «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» ۋە «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ «بوۋىلىرى هونلارنىڭ جىيەنى ئىدى» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە» 195-جىلدىدا: «ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلاردۇر.» «يېڭى تاڭنامە» 271-جىلدىدا: «ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلاردۇر»، «يازما ھۆججەتلەردە تەتقىقاتى» (« 文献通考 ») 347-جىلدىدا: «ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلاردۇر»، «بەش سۇلالە تارىخى»دا: «ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلاردۇر»، «شۇ تۇڭ جى» (« 续志通 ») 636-جىلدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەجدادلىرى هونلاردۇر» دەپ يېزىلغان.

مەشھۇر تارىخشۇناس جوۋۋېيجۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن يىرىك ماقالىسىدا تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىگەن ئاساستا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا قېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان هونلار بىلەن يەرلىك قوۋملەر ئۇزۇن مۇددەت بىرىكىشى شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى قوشۇلۇش، ئارىلىششتىن ئىبارەت. شۇنداقلا بۇ يەرلىك مىللەتلەر كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق كېلىپ چىقىشىدىكى بىر يىلتىز بولۇپ قالغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، هونلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىلىق ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەت مەنبەسىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»㊸.

تۈركلەر. بۇلار ئادەتتە ئورقۇن ۋادىسىدا خانلىق تىكلىگەن «كۆك تۈركلەر»نى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەر ئېگىز قاڭقى ۋە تىلى قوۋمىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ شەكىللەنگەن. مىلادى 552 — 744-يىللار ئارىلىقىدا ئۆتتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلىپ خانلىق قۇرغان. بۇ خانلىق تەركىبىدە بىر مۇنچە قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى. تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەر

يەتتە سۇ، پەرغانە تەرەپلەرگە، بىر قىسمى ئىران ئېگىزلىكى ئىراق ۋە ھازىرقى تۈركىيە تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كېيىنكى بىر قانچە مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بىر قىسمى ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىدە قالغان. ئۇلار كېلىپ چىقىش، تىل، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر قوۋملىرى بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلىشقان. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان بىر ئېتنىك تەركىب ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر تۈرك تارىخى ئالىمى لىن گەن ئەپەندى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى خىلمۇ-خىل قاراشلارنى ئىلمىي يوسۇندا رەت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق يەكۈنلەيدۇ. «19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى ‹كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى› ۋە ‹بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى› دا مۇنداق دېيىلگەن: ‹توققۇز ئوغۇز بۆدۈن كەنتۈ بۆدۈنۈم ئەرتى› (توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى) . بۇ تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشى. نۆۋەتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كۆز قاراش. ئۇيغۇرلار بىلەن تېلېلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسىغا ئاساسلانغاندا، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىر مىللەت بولۇپ، تۈركلەرنىڭ تېلېلەرگە مەنسۇپلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ، (دېمەك، ئۇلار) تېلېلەرنىڭ بىر تارمىقى.»㊹ .

قەدىمكى تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر مەنبەدىن بولۇشى، تۈرك خانلىقى يىمىرىلىپ، بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە قېتىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سانىنى زورايتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قەدىمكى چاڭلار ۋە خەنزۇلار. چاڭلار — ئەڭ دەسلەپ چاڭجاڭ ۋە خۇەيخې دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان مياۋ قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، شيا خانلىقى (تەخمىنەن م.ب. 1 — 16-ئەسىر) دىن بۇرۇنقى بەش ئاقساقال㊺ دەۋرىنىڭ ئەڭ كەنجى ئاقساقىلى شۇن (يۈشۇن) ئۇلارنى بۇ جايدىن كۆچۈرۈپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سەنۋېي رايونىغا يۆتكىگەن. كېيىنچە، ئۇلار ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان، لوپنۇر رايونلىرىغىچە كېڭىيىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرى (م.ب 770 — 221)دە ئۇلار تەدرىجىي كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەن. م.ب. 384-يىلى چىن بەگلىكى چياڭ قەبىلىسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى جەنۇبقا ۋە غەربىي شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. غەربىي شىمالغا كۆچكەن قىسمى پامىر تاغلىرىغىچە تارالغان بولۇپ، ئۇلار كېيىنچە يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان㊻ . جەنۇبقا كۆچكەن بىر قىسمى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان.

خەنزۇلار — ئۇلارنىڭ ئەجدادى شيا، شاڭ ۋە جۇۋ قوۋملىرىدىن، يەنە چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پائال ھەرىكەت قىلغان بىرمۇنچە بەگلىكلەردىكى قوۋملەردىن سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. شيا، شاڭ، جۇۋ خانلىقلىرى مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن قۇلدارلىق دۆلەتلىرى ئىدى. ئۇلار شيا خانلىقىدىن باشلانغان 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە شەرقتە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، غەربتە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقى، شىمالدا خېبېي، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ جەنۇبى، جەنۇبتا ھازىرقى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالى قاتارلىق رايونلارنى، يەنى ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى ئىگىلەپ،

مۇشۇ زېمىندا گۈللەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. شۇڭا خۇاشىيا[47] قەبىلىسى ياشايدىغان بۇ زېمىن غەربىي جۇۋ خانلىقى (تەخمىنەن م.ب 1066 — 177)دىن باشلاپ جۇڭگو دەپ ئاتالدى. كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خۇاشىيا قوۋمى بارغانسېرى قۇدرەت تاپتى ۋە تېخىمۇ كەڭ تېررىتورىيىلەرگە يېيىلىپ ياشىدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئەتراپتىكى بىر مۇنچە قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇپ، خەنزۇ مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى. يەنە ئۆزىنىڭ بەزى تەركىبلىرىنى ئەتراپتىكى قوۋملەرگە قېتىۋەتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇر قوۋملىرى ۋە شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋملەر ئارىسىغا بىر مۇنچە خەنزۇ قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ كىشىلەر قېتىلىپ كەتكەن. شىنجاڭ تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل قېتىلىش 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

يۇقىرىقى قوۋملەردىن باشقا قەدىمكى روۋەنلەرنىڭ بىر قىسمى، چىڭگىزخان دەۋرى (1206 — 1227) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى چاغاتاي دەۋرىدىن كېيىن بىر تۈركۈم موڭغۇل قەبىلىلىرى شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان. بۇلار جۈملىدىن، ئۇلارنىڭ دوغلات قەبىلىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن.

دىمەك، ساك، يۆشى، سوغدى، چياڭ، هون، ئىفتالىت، تۈرك قاتارلىقلار هازىر شىنجاڭدا مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساستا ياشاپ تۇرماقتا، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى هېسابلىنىدۇ.

2. «ئۇيغۇر» دېگەن نام هەققىدە

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدىمدىن تارتىپ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەن. خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن نام هەر دەۋردە هەر خىل خاتىرىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ هەممىسى بىر خىل نامنىڭ خەنزۇچە هەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى، خالاس.

«ۋېينامە»دە «يۈەنخې» (袁纥)، «سۈينامە»دە «ۋۇخۇ» (乌护)، «ۋېيخې» (韦纥)، «ۋۇ خې» (乌纥) دەپ پۈتۈلگەن؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا «خۇيخې» (回纥) دەپ پۈتۈلگەن، مىلادى 788-يىلى (تاڭ دېزۇڭ جېنيۈەننىڭ 4-يىلى)دىن كېيىن، بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن (金) سۇلالىرى دەۋرىدە «خۇيگۇ» (回鹘) دېيىلگەن. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە بولسا، تېخىمۇ هەر خىل يېزىلغان. مەسىلەن، ۋېيئۇ (畏吾)، ۋېيۋۇ (畏吾)، ۋېيۋۇئېر (畏[illegible]) قاتارلىق؛ چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپرەك «خۇيبۇ» (回部)، «خۇيمىن» (回民) دېيىلگەن. «ئۇيغۇر» (维吾尔) دېگەن سۆزنى ئۈچ خەت بىلەن يېزىش 1935-يىلى رەسمىيلەشكەن.

ئۇيغۇر (维吾尔) سۆزى تۇنجى قېتىم مىلادىدىن بۇرۇن جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدىن — «خەننامە»دە «ۋۇ گې» (乌揭) ياكى «خۇگې» (呼揭) شەكلىدە يېزىلغان.

بەزى ئالىملار ئۇنىڭ تارىخىنى ناهايىتى قەدىمكى زامانلاردىن ئىزدىمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېن يىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ قاراشلىرى بىرقەدەر ئىلمىي قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ شاڭ خانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 16-ئەسىردىن — تەخمىنەن 1066-يىللىرىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جوگيۈەن-ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدا «گۈيفاڭ» (鬼方) دەپ ئاتىلىدىغان شىمالىي دى قەبىلە ئىتتىپاقى بار ئىدى. قەدىمكى دەۋر يىلنامىسى «بامبۇكقا پۈتۈلگەن يىلنامە» (竹书纪年)دە جۇۋ ۋېنۋاڭنىڭ دادىسى

جىلى «غەرب قەبىلىلىرىدىن گۈي-رۇڭ»لار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، دى خانلىرىدىن 20 سىنى ئەسىر ئالغان دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «گۈيفاڭ» ( 鬼方 )دىكى «فاڭ» ( 方 ) خېتى قەدىم زاماندا باڭ ( 旁 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا مەنىسى باڭ ( 邦 ) خېتىگە ئوخشاش ( 邦 ) — دۆلەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا «بىرلىشىش»، «ئىتتىپاق» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. جوۋ خانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 1066-يىلدىن 771-يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، «گۈيفاڭ»دىن ئۆزگىرىپ «يى چۈ» ( 义渠 )گە ئايلانغا. يى ( 义 ) خېتى قەدىم زاماندا ۋۇ ( 俄 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. يى چۈنىڭ ئەسلى ئاھاڭى «Ogur» ئىدى. جەڭگو دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475 — 221-يىللار)دە، يى چۈلەر ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، چىن خانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 — 206-يىللار)نىڭ شىمالىدا ئىدى. نەچچە ئون شەھىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن چىن دۆلىتىمۇ قورقاتتى. چىن شاۋۋاڭ باللىق دەۋرىدىلا تەختتە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئانىسى (خانىش) ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. ئۇ يى چۈلەر بىلەن سۈلھىلىشىپ، يى چۈلەرنىڭ خانى چىن دۆلىتىگە كەلگەندە خانىش ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئويناپ، ئىككى ئوغۇل تۇغقان. خانىش يى چۇ خانىنىڭ غاپىللىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، لەشكەر تارتىپ كېلىپ، يى چۈلەرنىڭ نەچچە ئون شەھىرىنى تارتىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن يى چۈلەر غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، خېشى كارىدورى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى جۇ يەنخەي ئەتراپلىرىغا كەلگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئاتاقلىق سانغۇن گوڭسۇنخۇ، گوڭسۇنئاۋ قاتارلىقلار جۇيەنخەيدىكى خەنزۇلىشىپ كەتكەن يى چۈلەردىن ئىدى. نۇرغۇن يى چۈلەر داۋاملىق غەربكە كۆچۈپ تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يەرلىك قوۋملەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئالدى قوش خانلىقى ( 车师前王 ) بىلەن ئارقا قوش خانلىقى ( 车师后王 )نى قۇردى. « 车 » خېتى «ju» دەپ ئوقۇلاتتى. « 车师 » ئەڭ دەسلەپ « 姑师 » (گۇشى) دەپ تەرجىمە قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسلى (guz)ياكى (uz) دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا بوغۇم ئاخىرىدىكى « r » دائىم « z » بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن « Ugur » (ئۇيغۇر قەدىمكى زاماندا — خەنزۇ تىلىدا — 回纥 — دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان)نى غەرب تەرەپتىكى كىشىلەر « Uguz » (ئوغۇز) دەپ ئاتاشقان.دېمەك «uz»، «guz» شۈبھىسىزكى «gur»، «gur» دىن كەلگەن㊽.

بۇ بايانلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى ، « ئۇيغۇر » نىڭ قەدىمكى شەكلى « Ogur » ياكى « gur » ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە « 鬼 » (گۈي) شەكلىدە يېزىلغان. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، گۈيفاڭلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىۋاستە مەنبەلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئالىملارنىڭ قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل دەلىللەپ ئېرىشكەن خۇلاسىلىرىنىڭ بىرى㊾.

بۇلاردىن باشقا يەنە بەزىلەر خەنزۇ خەلقىنىڭ قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى «شېئىرنامە. شاڭ قەسىدىسى» ( 诗经。商颂 )دە «ۋېيگۇ» ( 韦顾 ) دېگەن بىر ئاتالغۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ «ۋېيخې» ( 韦纥 ئۇيغۇر) دېگەن سۆزنىڭ دەسلەپكى يېزىلىشى دەپمۇ قارايدۇ㊿. ئەندى، يۇقىرىقى بايانلارنى داۋاملاشتۇرساق، مۇنداق بولىدۇ. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ( 宋史 )دا تىلغا ئېلىنغان «خۇيگۇ»، «سېرىقباش ئۇيغۇر» ( 黄头回纥 ) دېگەن ناملار پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلارنى

كۆرسەتكەن. «خۇيخۇي» ( 回回 ) دېگەن سۆزمۇ شۇنداق مەنىدە ئىشلىتىلگەن. «خاقانلىققا قارام ئەللەر توغرىسىدا مۇھىم خاتىرىلەر» ( 皇藩部要略 ) دېگەن كىتابتا (1664 — 1799) «سەللىلىك ئۇيغۇرلار» ( 缠头回 )، « ئاق تەقىيىلىكلەر » ( 白帽回 )، « قىزىل تەقىيىلىكلەر » ( 红帽回 )، «خۇي خېئىر» ( 辉和尔 ) دېگەن ناملارمۇ ئىشلىتىلگەن، يەنە «قارا ئۇيغۇرلار» ( 哈刺回 ) دېگەن نامىمۇ بولغان.

11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى — ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»دا «ئۇيغۇر» دېگەن نام كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. قوشنا ئەللەرمۇ بۇ نامنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، مىلادى 2-ئەسىردە ئۆتكەن قەدىمكى يۇنان ئالىمى پتولېمېي (Clauduus ptolemy) ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» (Geographice Hyhegesis) ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنى (Oechordas) دەپ يازغان⑤①. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھېنرى يۇلې (Henry Yule) پتولېمېي (C. ptolemy)نىڭ سېرىس (Serice) دۆلتى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا ئاساسلىنىپ: «سېرىس ئېلى بۇگۈنكى شىنجاڭ تەۋەسىدە، Oikardes لار ئۇيغۇرلار شۇ» دەيدۇ⑤②. ئاتاقلىق رۇس ئالىمى، ئاكادېمىك رادلوف (V. Radloff) مۇشۇنداق دەپ ھېسابلىغان⑤③. پروفېسسور گرىگورىيېۋ (V. V. Grigovrieff)، ئىنگلىز ئالىمى رەيتىللو قاتارلىقلارمۇ Oikhardes لارنى ئۇيغۇرلار دەيدۇ.

«ئۇيغۇر» سۆزى 13-ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئاشىرنىڭ «ئومۇم تارىخ» كىتابىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەرەب مەنبەلىرىدە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم زىكىر قىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر (Uyghur) سۆزى يۇنان ئالىمى پتولېمېي تەرىپىدىن مىلادى 2-ئەسىردە تىلغا ئېلىنغان؛ 8 — 9-ئەسىرلەردە بولسا «تۈرك بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق تاشلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار مىلادى 750-يىللىرى ئورنىتىلغان «بايۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دىكى «بىز ئون ئۇيغۇر بىلەن توققۇز ئوغۇزلاردىن قالغان دۆلەتنى 100 يىلدىن كۆپرەك باشقۇردۇق» دېگەن جۈملىلەرگە قاراپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەققەتەن «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. قىسقىسى «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ توغرا يېزىلىشى مانا مۇشۇ ئورقۇن (Orkhon) مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ، پتولېمېيمۇ خېلى توغرا تەلەپپۇز قىلغان. بۇ مەھمۇد كاشغەرى بەرگەن مەلۇماتتىن كۆپ بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر ئۇيغۇر ۋە باشقار تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ ئالتاي دەۋرىدە بار بولغان، دەپ قارىشىدۇ. بۇ يەردە «گۇيفاڭ» نامى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

«ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا قەدىمدىن بېرى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچى، تىلشۇناس ۋە ئالىملىرى خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

پارس تارىخچىسى راشىدىددىن (KhodjaRashid — edFazlullah) يازغان «جامىئۇتتە ۋارىخ» (jamiai — Tawarikh) ناملىق كىتابتا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسىنى «ئىتتىپاقلىشىش» دەپ ئىزاھلايدۇ؛ خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا «بەيئەت قىلماق»، «ئىتائەت قىلماق» دەپ ئىزاھلايدۇ. راشىدىددىن 13 — 14-ئەسىرلەردە، ئەبۇلغازى بولسا 17-ئەسىردە ئۆتكەن ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى بۇ سۆزگە بەرگەن ئىزاھلىرى توغرىمۇ-يوق؟ بۇ ھەقتە ئويلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئاكادېمىك رادلوفمۇ بۇ

ھەقتە بىرەر خۇلاسىگە كېلەلىگەن ئەمەس.

ن.ئا.باسكاكوۋ ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىكرىچە 1)ئۇيغۇر — يوغۇر؛ 2)ئوغۇر — ئوگور؛ 3)ئوغۇر — ئوگۇر سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىر قەبىلە نامىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ، بۇلار ھەممىسى «ئەقىللىق، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆزنىڭ ھەر خىل فونېتىك شەكىللىرىدىن ئىبارەت. بۇ سۆز قەدىمكى «ر» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇر، يوغۇر، ئۇيغۇر» شەكلى ئالغان. «ز» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇز، غۇز، ئۇز» شەكلىنى ئالغان. ئوغۇر، يوغۇر، ئۇيغۇر، ئوغۇز، غۇز، ئۇز دېگەنگە ئوخشاش ئېتنىك ناملارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ۋە ھازىرقى نۇرغۇن تۈركىي تىللاردا ھەر خىل فونېتىك شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئوق-ئۇغ» دېگەن تومۇردىن كەلگەن. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇقماق، چۈشەنمەك» دېگەن بولىدۇ. بۇ تۈپ سۆز ئالتايىلىقلار (ئويراتلار) تىلىدا «ئۇيغۇر» (ئەقىللىق) دېگەن شەكىلدە ساقلانغان. «ئوي» ، «ئەقىل، ئىدراك» دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلاردا ئۇز (غار)نىڭ «چۈشەنمەك، ئۇقماق» دېگەن شەكىللىرىمۇ قەيت قىلىنغان. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا بىر تومۇرلۇق «ئۆ-» (ئويلىماق)، «ئۆگ» (ئەقىل، تەپەككۇر) دېگەن شەكىللىرىمۇ بار. مانا مۇشۇنداق «ئۇق-، ئۇ-، ئوي-، ئۆ- ئۆگ-» دېگەن مەنداش تومۇرغا-غۇز (گۇز، قۇز)، گۇر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئۇغ=ئۇي +غۇر/غۇز، ئۇي +غۇر، ئۇ+غۇر، ئو+غۇز، يەنى ئۇققۇچى، پەملىگۈچى، چىۋەر، قۇدرەتلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز كېلىپ چىققان (بۇ ھەقتە باسكاكوۋنىڭ «سوۋېت تۈركىلوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان رۇس تىلىغا كىرگەن تۈركىي سۆزلەر ھەققىدىكى ماقالىسىغا قاراڭسۇن) .

دانىيە ئالىمى تومسېن (Tomsen) : «ئوغۇز — ھازىرقى روسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، «ر» تاۋۇشى دائىم «ز» تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، ئون ئۇيغۇر «ئون ئوغۇز»⑭ دۇر دەيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، تۈركىي تىللاردىكى قوشۇمچىلار ئەسلىدە تۈپ سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، غۇر (قۇر، گۇر)، كۇر، غۇز (قۇز، گۇز)، قوشۇمچىلىرىمۇ ئەسلىدە بىر مۇستەقىل سۆز بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كۇر» دېگەن بىر سۆز بولۇپ، بۇنىڭغا مەھمۇد كاشغەرى «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دەپ ئىزاھ بەرگەن («دىۋان» 1-توم 425-بەت) . مۇشۇ سۆزنى «غۇر (قۇر، گۇر) ، كۇر...» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇستەقىل سۆز ھالىتىدە ساقلانغان بىر ۋەكىلى دەپ چۈشەنسەك، «غۇر، قۇر، گۇر، غۇز، قۇز، كۇز، گۇز» لەرمۇ ئەسلىدە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇز ۋارىيانتلىرى بولۇشى، بۇلارنىڭ قەدىمكى ئالتاي دەۋرىدە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «كۇر» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن ، ئال + غۇر (ئالغۇر) ، كۆر + گۇر ( كۆرگۇر ) .

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوغۇر، ئوغۇز (يوغۇر، ئۇيغۇر) سۆزلىرى ئۇق-ئۇغ دېگەن پېئىل تومۇرىغا «غۇر» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «غۇر، قۇر، گۇر، كۇر» دېگەن سۆز ئالدىغا ئەقىللىق دېگەن مەنىدىكى ئۇغ، ئۇق، ئۆگ، ئوي دېگەنگە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوغ+غۇر، ئۇق-غۇر دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى قاتار كەلگەن ئىككى غ «ياكى» «ق-غ»لارنىڭ تەلەپپۇزدا بىرىكىپ

كېتىشى (يەنى ئوغ+غور-نىڭ ئوغۇز بولۇپ كېتىشى) تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىك قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان ھادىسە.

«ئوغۇر، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر» دېگەن سۆزلەر ئاخىرىدىكى «ر» ۋە «ز» مەسىلىسىگە كەلسەك، «ر» دىئالېكتى بىلەن سۆزلىشىدىغان رايونلاردا «ئوغۇز» دېيىلگەن بولسا، «ز» دىئالېكتى بىلەن سۆزلىشىدىغان رايونلاردا «ئوغۇز» دېيىلگەن. ھازىرقى چۇۋاشلاردا ھېلىمۇ «ر» دىئالېكتى ساقلىنىپ قالغان. ھازىرقى شىنجاڭ كۇچا رايونىدا «ز» دىئالېكتى ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئۆيگە كىرىپ» سۆزى كۇچادا «ئۆيگە كىزىپ» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر سۆزى مەيلى «ئۇوق-ئۇغ، ئوي» دېگەن يېئىل تومۇرىغا «غۇز» (قۇر) قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان تۈپ سۆز بولسۇن ياكى «ئوق، ئۇغ، ئوي» دېگەن سۆزگە «كۈچ» دېگەن مەنىدىكى «غۇر-كۇر» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئۇ يەنىلا «ئەقىل، كۈچ» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام (بۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولغان ئوغۇر، ئوغۇز، يوغۇر دېگەن ناملار بۇنىڭ ئىچىدە) «چېۋەر، ئەقىللىق، كۈچلۈك، جەسۇر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ[55].

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ شۇ مەنىدە ئىكەنلىكىنى قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ چۈشەنگەن. شۇڭا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى تۇنباغا تارقان 789-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر ( 回纥 ) دېگەن سۆزدىكى خې ( 纥 ) خېتىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان، جەسۇر، ئەقىللىق قۇشلارنى بىلدۈرىدىغان ( 鹘 ) خېتى بىلەن يېزىشنى تەلەپ قىلغان. دېمەك، ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك نامنىڭ مەنىسى «ئىتتىپاقلىق»، «ئۇيۇشقاقلىق» دېگەن بولماستىن، بەلكى «ئەقىللىق، جەسۇر» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئوغۇز سۆزىمۇ قوي قوزىلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى سۈت ئوغۇز سۈت مەنىسىدە بولماستىن، بەلكى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە[56].

دېمەك، بەزى تارىخ كىتابلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەرنىڭ يۇقىرىقى كۆز قاراشنى تولۇقلاشقا ياردىمى بار. مەسىلەن: «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ئۇيغۇر — 回鹘 — شۇڭقاردەك چەبدەس-باتۇر دېگەن مەنىدە» دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسى تارىخى مۇھىم بايانلىرى» ( 唐会要 ) «كونا بەش دەۋر تارىخى» ( 旧五代史 ) قاتارلىق خەنزۇچە كىتابلاردىمۇ شۇ مەنىدە خاتىرىلەنگەن.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»دە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقيا ئېتىشىدىكى چەبدەسلىك، ماھىرلىقىغا بەرگەن باھاسىنى رىۋايەت شەكلىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئەرەب تارىخ-جۇغراپىيەشۇناسى مەسئۇدى (Mas,udi) «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەزەلدىن باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان، ئۇنى ئەلا بىلىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر ۋە باشقار تۈركىي قوۋملەردە قەدىمدە ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ، تا بىرەر باتۇرلۇق كۆرسەتمىگىچە ئۇنىڭغا رەسمىي ئىسىم قويمايتتى. شۇڭا ئۇلار كىچىكىدىنلا ئات ئۈستىدە قورال مەشقى قىلىشقا ئادەتلىنەتتى. ئۇ چاغدا ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەگكۈزگەنلەر، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەر جەڭچى ھېسابلانغان. بالىلارنى كىچىكىدە قويغا مىندۈرۈپ مەشق قىلدۇرغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پسخىك خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى مەسىلىسىدە كېيىنكى كۆز قاراشلار ئاساس قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ.

ئىزاھات:

① «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» 2-، 8-قۇرلار، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» 17-قۇر.

② يارش — جوڭغار ئويمانلىقى.

③ ساھىل.

④ ئېۋىرغۇل — ھازىرقى قۇمۇل تەۋەسىدە.

⑤ ئاگنى — ھازىرقى قاراشەھەر تەۋەسىدە.

⑥ ئوغۇزلار — خەنزۇچە «ئوخو 乌护 — » دېيىلگەن.

⑦ مىگوۋرېن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» جوڭخۇا نەشرىياتى 1958-يىلى نەشرى، 228-226 بەتلەر.

⑧ يۇتەيشەن «ساكلار ھەققىدە تەتقىقات» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991-يىلى 1-سان.

⑨ «ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرى» ۋە «ئوغۇزنامە»گە قاراڭ.

⑩ ھىرىدوت (گرىتسىيە) «تارىخ» ، 1985-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 476-بەت ۋە 660-بەتلەر.

⑪ كاۋدېس (فرانسىيە) تۈزگەن «گرېك لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى قەدىمكى ھۆججەتلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» جوڭخۇا نەشرىياتى، 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 30-، 31-بەتلەر.

⑫⑬⑭ سېن جوڭمىيەن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇلارنىڭ شەرھى» ، جوڭخۇا نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 2-قىسىم، 343-، 344-بەتلەر.

⑮ ئا. مۇھەممەد «ساكلارنىڭ قەشقەردىكى تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1994-يىلى 4-سان، 39-بەت.

⑯ ئا . مۇھەممەد «يەركەننىڭ خەنزۇچە نامى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىلى، 2-سان، 75-، 76-بەتلەر.

⑰ ئە . بايتور، خ . سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 55-بەت.

⑱ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992-يىلى 3-سان، 15-بەت.

⑲⑳ بەنگۇ «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 902-، 865-بەتلەر.

㉑㉒ «خەننامە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 880-، 881-بەتلەر.

㉓ ئانىل چىچەن «تۈرك دۆلەتلىرى» ، ئىستامبول 1986-يىلى تۈركچە نەشرى، 26-، 28-بەتلەر.

㉔ ف . ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، خەنزۇچە نەشرى، 24-، 25-بەتلەر؛ مېگوۋرېن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» ، 1958-يىلى، جوڭخۇا نەشرىياتى، 1-قىسىم.

㉕ ۋاڭ جژلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 37 -بەت.

㉖ «ھودۇدۇلئالەم» 1981-يىلى، خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا.

㉗ ئەھمەد زەكى (تۈركىيە) «ئوغۇز داستانى» ، ئىستانبول 1972-يىلى تۈركچە نەشرى، 1-بەت.

㉘ شۇ كىتاب، 1957-يىلى رۇسچە نەشرى، 1-توم، 40-بەت.

㉙ شۆزوڭجىڭ «تۈرك تارىخى» ، 1992-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2-باب.

㉚ ئا.م.ئىمىن « سىكتاي - ساك - ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992-يىللىق 3-سان، 17-بەت.

(31) ئە. بايتور، خ . سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 1991-يىلى نەشرى، 57 ـ 58-بەتلەر.

(32) « ‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 138-بەت.

(33) «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ( 西北民族研究 ) 1995-يىلى 1-سان، 5-بەت.

(34) خوتەن، ئاقسۇ، قۇمۇللاردا «توخۇلا» دېگەن يەر نامى بار.

(35) ئە . بايتور، خ . سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 50-بەت.

(36) ماچاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھونلار» ، سەنلىيەن نەشرىياتى، 1962-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2-بەت.

(37) بەزى ئالىملار دىلى، دىڭلىڭ دېگەن ئاتالغۇمۇ ئوخشاشلا «تۈرك» سۆزىنىڭ ترانسىكرىپسىيىسى دېيدۇ. بۇ ھەقتە ماچاڭشۇنىڭ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دېگەن كىتابىنىڭ 3-بېتىگە قاراڭ.

(38) «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» .

(39) «ۋېي خانلىقى بايانلىرى. غەربىي روڭلار تەزكىرىسى» .

(40) خەنزۇچە گاۋچى ( 高車 ) يەنى ئېگىز ھارۋىلىقلار دېيىلگەن.

(41) «ۋېي خانلىقى تارىخى. قاڭقىلار تەزكىرىسى» .

(42) تېلىلەر — تۆلەس دەپمۇ قارىلىدۇ.

(43) فىڭ داجىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن « ‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى، 135-بەت.

(44) لىن گەن «تۈرك تارىخى» ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 8-، 9-بەتلەر.

(45) بەش ئاقساقال دەۋرى — م.ب 2580 — 2140 يىللىرى ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن خۋاڭدى، جۇەنشۈي، دىكو، ياۋ، شۈن قاتارلىق بەش ئاقساقال دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(46) بەزى ماتېرىياللاردا «چەرچەن» دېگەن نام ئەنە شۇ «چىياڭ» دېگەن نامدىن كەلگەنلىكى ئېيتىلغان.

(47) بۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(48) ۋىن يىن «قەدىم زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى» ، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى، 1988-يىلى 1-سان، 180 ـ 181-بەتلەر.

(49) بۇ ھەقتە قاراڭ دۇەن لىيەنچىنىڭ «دىڭلىڭلار، تېلىلەر ۋە گاۋچېلەر» دېگەن كىتابىغا، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى.

(50) «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخى ماقالىلىرىدىن تاللانما» 671-بەت.

(51) جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىي ماتېرىياللىرى» ، 1-قىسىم، 34-بەت.

(52) ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» خەنزۇچە نەشرى، 3-بەت، 195 ـ 187،

(53) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 1983-يىلى ئالمۇئاتا «نايكا» نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6-بەت.

(54) تومسېن: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك تېشىغا كىرىش سۆز» (خەن رۇلىڭ تەرجىمە قىلغان) .

(55) «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى، 381-بەت.

(56) قاسىم ئارىش: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1989-يىل 3-سان.

## 2 ـ § . شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «قەدىم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لۇشۇنمۇ: «بۇرۇن يول يوق ئىدى، ئادەملەر ماڭغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان.» دەيدۇ. بۇ سۆزلەر ئادەتتىكى «ئىز» ياكى «يول» مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ «ئىزى» ، ئىنسانىيەت ياراتقان مەدەنىيەت «يوللىرى»نى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىن كىشلەر بېسىپ ئۆتكەن «ئىز» ، «يوللار»نى تەكشۈرسەك، مىسىر، بابىل-ئاسسۇرىيە، ھىندى، جۇڭگو، ئىران، گرېك خەلقلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس، پارلاق ھەسسىلەرنى قوشقانلىقىنى كۆرىمىز. ھازىرقى «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان مۇشۇ جاي ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، يېنسەي ۋادىلىرى، ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە ھەم ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي سىبىرىيىلەر قوشۇلۇپ، دۇنيانىڭ قەدىمكى ئەڭ يىرىك ۋە مۇھىم مەدەنىي مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرق مەدەنىيىتىگە زور ھەسسە قوشقان①.

بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك خەلقلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار بۇ مەدەنىيەتنى (ئاساسەن غەربىي رايون، شىنجاڭ) ياراتقۇچىلاردىن بولغاچقا، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

مەدەنىيەت — ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىنىڭ مېۋىسى ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل، تەرەققىي قىلغان، ئىلغار ئامىللىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى؛ ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي، ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ھەمدە پەن-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق كۆپ قەۋەتلىك مۇرەككەپ قۇرۇلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قۇرۇلمىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ماددىي مېۋىسى ماددىي مەدەنىيەت بولىدۇ، ئۇ كىشلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىشلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىمۇ ئۆزگەرتىپ بارىدۇ، جەمئىيەتتىكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئۇ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ۋە كىشلەرنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەيدا بولغاندىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن.

لېكىن ھەقىقىي تېپىك مىللىيلاشقان ھەم سىستېمىلاشقان مەدەنىيەت ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەدىمكى زاماندا (ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە) يارىتىلغان مەدەنىيەت يالدامىلىرىمۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىپتىداسى بولۇپ، ئۇنىڭسىز كېيىنكى مەدەنىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ.

---

① ش.ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆچېركلار»، 1-قىسىم، 1-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئالدى بىلەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئالدىنقى شەرت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى كىشىلەر تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسا ئالدى بىلەن ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ» (ماركس، ئېنگېلس «نېمىس ئىدىئولوگىيىسى») بىز ماركسىزمنىڭ مۇشۇ تارىخىي نۇقتىئىنەزەرى بويىچە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدىكى «ئەڭ» لەرنىڭ تەرتىپىنى بايان قىلساق مۇنداق بولىدۇ.

بىرىنچى، زىرائەت، ئۆسۈملۈك ۋە يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە

△ بۇغداي — بۇ 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەڭ قەدىمكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى ئۆردەكلىك (گۇمۇگۇ) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان. دەسلەپ، بۇ قەبرىدىن چىققان ياغاچ ئەۋرىشكىنىڭ يىل دەۋرىنى «خەلق گېزىتى»، 1981-يىلى، 2-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى سانىنىڭ 1-بېتىدە 6470 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا كۆزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي ۋە تېرىقنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى تۇرپاندا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 220 — 581-يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان.

△ نان، ئۇن يېمەكلىكلىرى ۋە تۈگمەن

نان — پارسچە سۆز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەتمەك (Atmak) دېيىلگەن. قۇمۇلدىكى قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بىر دانە تېرىق قاتلىمىسى بايقالغان. يەنە تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدىن 1400 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان بىر دانە گۈللۈك نان تېپىلغان. يەنە جۇۋاۋا، چۆچۈرە قاتارلىقلارمۇ چىققان. نەخ ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدە ئۇنلۇق يېمەكلىكلەر، بولۇپمۇ نان، توقاچ، قاتلىمىلار شىنجاڭدا كەشپ بولغان (گۇباۋ «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقى»).

تۈگمەن — بۇ بۇغداي، ئارپا، تېرىق، قوناق قاتارلىق يېرىك ئاشلىقلارنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمان. تۈگمەننىڭ دەسلەپكى شەكلى يارغۇنچاقتىن ئىبارەت. ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ يارغۇنچاق، دان ئايرىش، يانچىش قوراللىرى تېپىلدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇرپاندا سۇ تۈگمىنى ۋە شامال تۈگمىنى بولغان. قىتان مىللىتىدىن چىققان ئەدىب ياللۇغ چۇسەي (1990 — 1244) «غەربىي يۇرت دەريالىرىدىكى كۈي» دېگەن شېئىرىدا شىنجاڭ توغرۇلۇق «شامالدا تۈگمەن چۆرۈپ، بۇغداي تارتىدۇ» دېگەن مىسرالارنى يازغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دېگەن كىتابىدا تۈگمەنگە دائىر ياخشى ئۇچۇرلار ساقلانغان.

△ كاۋاپ — 1985-يىلى چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ، يولغۇن شېخىغا ئۆتكۈزۈپ، تەييارلانغان پاخلان گۆشى كاۋاپ (ئۆكلىمە ئەت) تېپىلدى.

△ قوغۇن-تاۋۇز — 1961-، 1981-يىللىرى پىچان ۋە قۇمۇلدىن ياۋا قوغۇن بايقالغان. بۇ قوغۇن ئەجدادىنىڭ شىنجاڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ (نۇرنىسا قاسىم «قوغۇن») شىنجاڭ

قوغۇنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەن ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئالقىشلانغان. ئۇنىڭ ۋاقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسەتسەك، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

تاۋۇز — شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ۋاقتى قىتان-لياۋ سۇلالىسى دەۋرى (907 — 1125)گە توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە مۇشۇ دەۋردە تاۋۇز ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن تارالغان، دېيىلگەن.

△ ئۈزۈم — بۇ قەدىمكى دەۋردە تارىم ۋادىسىدا كەڭ ئۆستۈرۈلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلگەن.

△ ياڭاق، ئانار، ئالما، نەشپۈت، بادام — شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا ياڭاق ساقلىنىپ قېلىنىش بىلەن بىرگە، قاغىلىق قاتارلىق جايلار ئەڭ چوڭ ياڭاقلىق بازىسى سانىلىدۇ. ئانار بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارشاكىلار ئېلىدىن دەسلەپ شىنجاڭغا كىرگەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭچيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياڭاق بىلەن ئانار بار بولغان ( « مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى » ، خەنزۇچە ، 83 - بەتلەر) .

△ ئالما — بۇ ئەسلى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن. ئىلى رايونىدا ھازىرغىچە كەڭ ياۋا ئالمىزارلىق بار.

△ نەشپۈت — شىنجاڭنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مېۋىسى. جىن خانلىقى زامانى (317 — 430) دا ئۆتكەن گې خوڭ «غەربىي پايتەخت خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا «قۇمتاغ نەشپۈتى خەنخەي (پېچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمتاغ قۇملۇقى)دىن چىقىدۇ» دەپ يازغان. تۇرپاندىن جىن خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن نەشپۈت قېقى چىققان.

△ بادام — ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا بادام ئۆسۈملۈكى ساقلىنىپ قالغان. تۇرپان ئاستانىدىكى 4 — 9-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن بادام تېپىلدى.

ياغلىق دان ۋە دورىلىق زىرائەتلەر

△ كۈنجۈت — تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغۇي (ئاراغول) جىلغىسىدىن بايقالغان ئىپتىدائىي جامائە قەبرىستانلىقىدىن كۈنجۈت ئۇرۇقى چىققان بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى 2800 —2200 يىل ئىلگىرىكى چاغقا توغرا كېلىدۇ. بۇ كۈنجۈتنىڭ ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ماكانلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ (ۋاڭ بىڭخۇا «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسىدىن بايانلار») .

△ زىغىر، زاراڭزا — بۇ مۇھىم ياغلىق دان زىرائەتلىرى بولۇپ، دەسلەپ غەربىي يۇرت — شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. جاڭچيەن غەربكە ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىــــن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېرىلىشقا باشلىغان.

△ زەپەر — پۇرىقى مەززىلىك، پارقىراقلىقى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئىشتەينى ئاچىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ھەم تەم تەڭشەيدۇ. ئۇيغۇر دورىلىرى ئىچىدە زەپەر «دورىلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدا 2000 يىل ئىلگىرىلا زەپەر ئىشلىتىلگەن. «گىياھلار پروگراممىسى» ( 目纲草本 ) دېگەن قەدىمكى خەنزۇچە كىتابتا «زەپەر غەربىي دىياردىن چىققان،... غەمگە پېتىش، قايغۇرۇش، روھىي ھالىتىنى ئوڭشاشقا، قانىنى جانلاندۇرۇپ، خەپۇكىنى راۋانلاشتۇرۇشقا شىپا بولىدۇ، بۇنى دائىم ئىستېمال قىلغاندا كۆڭۈل ئېچىلىدۇ» دېيىلگەن.

تالالىق زىرائەتلەر

△ كېۋەز — بۇنىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى بۇرۇن. 1959-يىلى بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خوتەننىڭ قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئادەم ۋە گۈل نۇسخىلىرى كۆك بوياقتا بېسىلغان پاختا رەخت (ھەمزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلدى. بۇ تارىم ۋادىسىدا كېۋەز تېرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆتياش-كۆكتاتلار، پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر

△ يۇمغاقسۈت، تەرخەمەك، پىياز، سامساق، سەۋزە، پالەك — بۇ كۆكتاتلار دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئومۇملاشقان. بۇنىڭ بەزىلىرىنى جاڭچيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بارغان.

△ پۇرچاق — كورلا تەۋەسىدىكى خوتۇنسۇمبۇل ناھىيىسىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۇنىڭدىن 2 — 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر) ماش دانلىرى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دادۇر، پۇرچاق دانلىرى تېپىلغان. پۇرچاقنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ-خىل بولغان. «گىيانامە» ( 本草经 )دە «جاڭچيەن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن غوز پۇرچىقى» ( 胡豆 )غا ئېرىشكەن» دېيىلگەن. يەنە كۆك پۇرچاق (نوقۇت) ۋە «ئۇيغۇر پۇرچىقى» ( 回鹘豆 ) قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن.

△ بېدە — بۇ ئاقسىل ماددىسىغا باي، ئالىي دەرىجىلىك يەم-خەشەك بولۇپ، تەكرار ئۆستۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى، تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا شىنجاڭدا ناھايىتى بۇرۇنلا بېدە ئۆستۈرۈلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياخشى نەسىللىك ئاتلارنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەن بېدىمۇ ئىچكىرىگە كىرگەن.

ئىككىنچى. يۆرگەنچە - سېپىنچا، كىيىم-كېچەك ۋە سېلىنچا-يېپىنچىلار

△ يۇڭ پالاس، كېگىز، كېگىز تۇماق ۋە باشقا يۇڭ بۇيۇملار — لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى ئۆردەكلىك (گۇمۇگۇ) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان جەسەتلەرنىڭ بېشىغا كېگىز تۇماق كىيگۈزۈلگەن، ئۇستى يۇڭ چەكمەن ياكى يۇڭ پالاس بىلەن ئورالغان. بۇلار مەملىكىتىمىز ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلمىلار بولۇپ، يىل دەۋرى 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ كېگىز ئەۋرىشكىلىرى يەنە ئاسىيا بويىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كېگىز ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ①. قۇمۇلدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن چىققان ھەر خىل رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان يۇڭ توقۇلمىلارمۇ 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇلارمۇ ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قىممەتلىك يۇڭ توقۇلما ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ.

△ تۆگە يۇڭى توقۇمىچىلىقى — قەدىمدىن بېرى قوي يۇڭى توقۇمىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى قىلىپ كېلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكىلەر تۆگە يۇڭى ۋە قوتاز يۇڭىدىنمۇ پايدىلىنىلغان. ئېلىمىز بويىچە ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر توقۇلما بۇيۇم تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىدىن بۇرۇنقى 475-يىللاردىن 221-يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قەبرىدىن چىققان، ئۇنىڭغا تۆگە يۇڭى ئۇرۇش، قوي يۇڭى ئارقاق قىلىپ، بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان.

---

① «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى»، خەنزۇچە 1991-يىلى نەشرى، 357-بەت.

△ كوْن ئوْتوْك ۋە تېره ئىشتانلار — كوْنچى دەريا ساھىلىدىكى 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى جەسەتنىڭ پۇتىغا كوْندىن ئىشلەنگەن ئوْتوْك كىيدۈرۈلگەن. يەنە قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3200 يىللىق جەسەتنىڭ پۇتىغىمۇ قونچلۇق ئوْتوْك كىيدۈرۈلگەن. يەنە تېره ئىشتانمۇ چىققان، ئوْتوْك كوْندىن تىكىلگەن. ئۇ ئوبدان ئاشلانغان تېرىدىن قىلىنغان، ئىشتاننىڭ تېرىسىمۇ ئاشلانغان.

△ گىلەم — بۇ زىلچا دېمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلار ئىجاد قىلغان. خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىن 1959-يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بىر گىلەم ئەۋرىشكىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ مىلادى 25 — 200-يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ، ئېلىمىزنىڭ گىلەمچىلىك تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ گىلەم ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ.

△ باغىرداق (لىپتىك) — ئاياللارنىڭ مۇھىم ئىچكى كىيىمى ۋە مۇھىم مەدەنىي كىيىملەرنىڭ بىرى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە باغىرداق توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئامېرىكىدا باغىرداق 19-ئەسىرلەردە كەشپ بولغان.

ئۈچىنچى. تېخنىكىۋى كەشپىياتلار

توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى كەشپىياتلار

△ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرى — شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئەجدادلار بۇنىڭدىن 3000 — 4000 يىللار مۇقەددەم قوي يۇڭى توقۇمىچىلىق ھۈنىرىنى ئىگىلەپ بولغان. بۇنى كوْنچى دەريا ۋادىسى ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقىدىن ۋە قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلار ئىسپاتلايدۇ.

△ يۇڭ يىپنى بوياش تېخنىكىسى — قۇمۇل ئۇباۋ (قىزىل چوققا) قەدىمكى ئىزىدىن بىر يۇڭ كىيىم قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ قىزىل، جىگەر رەڭ، يېشىل، قارا، كوْك رەڭلىك يىپلاردا بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان. يەنە بىر يۇڭ كەچتە بۇيۇمنىڭ تېگى قىزىل، كەشتىلىرى سېرىق، ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە.

△ كەشتىلەش ئۇسۇلى ( 缂法 ) يەنى بىۋاستە ئارقاق يىپقا گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى. بۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان توقۇمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىدىكى بىر دەستە ئېسىل گۈل بولۇپ، بۇنداق كەشتىچىلىك يۇڭ كەشتىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ شىنجاڭدا مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن. ئا.ستەين كىرورەن قەدىمگاھىدىن بىر پارچە يۇڭ توقۇلما تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقچۇپ تۇرغان ئات كەشتىلەنگەن. يەنى ئارقاق يىپتا ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئوقچۇپ تۇرغان ئات ۋە نەفىس جىيەك چىقىرىلغان. بۇ بوْگوْنگىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بىۋاستە (ئوْزىدىن) ئارقاق يىپتا ئالماپ توقۇلۇپ گۈل چىقىرىلغان بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھازىر ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ («جۇڭگونىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىق پەن-تېخنىكىسى تارىخى» 390-بەت).

△ رەختكە موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسى — خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى ئىزىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان بىر پارچە تېگى كوْك پاختا رەختكە موم بىلەن گۈل بېسىلغان. بۇ ئېلىمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان رەخت ئەۋرىشكىسى. بۇ خىل ھۈنەر كېيىنچە پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇملاشقان (لى دى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىز پەن-مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى») .

△ تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش — شىنجاڭدا تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش پەقەت ئېلىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن بولغان. شىمالىي ۋېي خانلىقى (386 — 534) دەۋرىگە كەلگەندە تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى ئىگىلەنگەن ۋە بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلغان. قەدىمكى زامان ئاپتورلىرىدىن لى داۋيۈەن يازغان «سۇ-ئېقىنلار تەزكىرىسى. دەريالارغا ئىزاھات» ناملىق كىتابتىكى كۇسەندە تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىنىپ 36 خانلىق تەمىن ئېتىلىدۇ، دېگەن خاتىرە 1986-يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى» ناملىق كىتابتا، بۇ ئېلىمىزنىڭ (تاش) كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. 1987-يىلى نەشر قىلىنغان «پەن-تېخنىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، پەن-تېخنىكىدا ئالغا كەتكەن غەربىي ياۋروپادا بۇ خىل ھۈنەر 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن قوللىنىلغان.

△ كارىز — شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەر ئاستىدىكى سۇلاردىن پايدىلىنىپ يەرلەرنى سۇغۇرىدىغان سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەسى. ئۇ 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. كارىزنى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار مۇشۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، I-قىسىم، 6-بەت). بۇ جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ قەدىمكى قۇرۇلۇشنىڭ بىرى.

△ قاش تېشى ئويمىچىلىقى — ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا بۇنىڭدىن 4 — 5 مىڭ يىل ئىلگىرى شىنجاڭدا قاش تېشى ئويمىچىلىقى تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنغان. بۇ خىل ھۈنەر دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن ئىگىلەنگەن ھۈنەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

△ ياغاچ ياكى كۆچمە مەتبەئە بويۇمى — مەتبەئەچىلىك ئېلىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەلنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىكى بۇددا غار مىڭ ئۆيلىرىدىن زور بىر تۈركۈم قاتتىق ياغاچقا ئويۇلۇپ (چىلان ياغىچى بولۇشى مۇمكىن دېيىلىدۇ) يەككە-يەككە قىلىپ ياسالغان كۆچمە ھەرپلىك نابور (ئومۇمىي باسمىچىلىق نۇقتىسىدىن مىخ مەتبەئە دەپ ئاتىلىدۇ)لارنى تېپىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر ئويۇلۇپ، خەت بېسىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان. بۇ يادىكارلىقلارنى بەزى ئالىملار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەن يىللىرى، يەنى 9 — 10-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دېسە، يەنە بەزىلەر 13-ئەسىرگە تەئەللۇق دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەيلى ئۇلار قايسى دەۋرگە مەنسۇپ بولمىسۇن، جۇڭگو، جۈملىدىن پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يىگانە مەدەنىيەت دۇردانىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، 1990-يىلى 8-ئاينىڭ 2-كۈنى دۇڭخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان «يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دىن ئىگىلىنىشىچە: دۇڭخۇاڭ مۇزېيى تاپقان ئالتە تال ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ھەرپى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئە ھەرپى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. لىيۇزىشاۋ ئەپەندىمۇ «ئېلىپبەلىك مىخ ھەرپ قوللىنىلغانلىق تارىخىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنقىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان بولسا، ئامېرىكىلىق ئالىم كارتېرمۇ ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئويۇلغان بۇ نابورلۇق ياغاچ ئەۋرىشكىلەر «دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى نابور يېزىقلىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق» دەيدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى مۇنىرى ئىرزىنمۇ «بۇ خىل

ھەرپلەر پۇتكۈل ئالەمدە تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسىدۇر» دەپ يازغان.

△ ئورۇندۇق — بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن تارتىپ، ئالەم ئايروپىلانىدا ئولتۇرۇپ، كائىناتقا سەپەر قىلغىچە ئورۇندۇققا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ بولماقتا. ئورۇندۇق شىنجاڭدا كەشپ قىلىنغان بولۇپ، ئېلىمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئورۇندۇق خوتەننىڭ نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ ئويمىلىق ئورۇندۇق ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 1959-يىلىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان①.

△ بۇددا تاش غار سەنئىتى يەنى بۇددا مىڭئۆيلىرى — شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە بۇددا تاش غار سەنئىتى ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن جاي. كاشغەردىكى ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا، سىم-سىم مىڭئۆيلىرى، شىكشىن، سىڭگىم ئېغىزى، بېزەكلىك، تويۇق مىڭئۆيلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

△ ھاراق ئىشلەش — شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلىگەن جاي. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ خىل ھۈنەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان.

### تۆتىنچى. مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۆجىزىلەر

△ ئېلىمىز مىقياسىدا يالىڭاچ ئادەم سۈرىتى، جۈملىدىن جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىش شىنجاڭدا باشلانغان. 1987-يىلى ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاش (كاڭ جىياشىمىنزى)تىكى قىيالىققا ئويۇلغان قەدىمكى سۈرەتلەرنى تەكشۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ چىقتى ۋە بىر قاتار نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا «قۇتۇبى ناھىيە قىزىلتاشتىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي چوقۇنۇش رەسىملىرى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى: «تۆپتۈز قىيا تاش يۈزىدە نەچچە يۈزلىگەن ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى رىتىملىك نامايان قىلىنغان، تەپسىلىي تەسۋىرىي بايانلار ئارقىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى جىنسىي چوقۇنۇش ئادىتىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بىز ئۇچراتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ ئېمىدىكى شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك تاش ئويما رەسىملەر — مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم تېپىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش ھەققىدىكى رەسىملەردىن بۇنچە مۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات يولۇققۇرمىدۇق».

پروفېسسور سۇبىيخەي «كۇسەن مىڭئۆيلىرى تام رەسىملىرىدىكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى ئېنىقلىۋالغاندىلا، ئاندىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر قولغا كەلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مول يالىڭاچ بەدەن سەنئىتى ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ گېرىتسىيىدىن ياكى ھىندىستاندىن كەلگەن ئەمەس. كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنى تەھلىل قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنى ئىجاد قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا كۇسەن

---

① («شىنجاڭ گېزىتى» 1994-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى سانى).

مىڭئۆي تام رەسىملىرى بۇددا دىنى بىلەن بىللە مۇناسىۋەتلىك دېيىلىپ، كىشىلەرگە ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ خاتا چۈشەندۈرۈلگەنىدى. پەقەت ھىندىستاندىن بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندا ناھايىتى ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا يالىڭاچ بەدەن سەنئىتى مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى يالىڭاچ بەدەن سۈرىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋالالايمىز». شىن فۇۋبىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يالىڭاچ بەدەنلىك ھەيكەل ياساش ئەڭ دەسلەپ غەربىي خەن دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206-يىلىدىن مىلادى 23-يىلغىچە)دە پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق يېتىپ بارغان سەنئەتنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

△ تارىخى ئۇزۇن، ھەجمى چوڭ، سىستېمىلاشقان مۇزىكا ئەسىرى « 12 مۇقام ». « 12 مۇقام » ـ ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا قامۇسى، ئۇ خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخى بار. ھەجىم جەھەتتە ناھايىتى چوڭ، مەشھۇر مۇقامشۇناس كاشغەرلىق تۇردى ئاخۇن ئاكا (1880 — 1956) لېنتىغا بەرگەن 1960-يىلى نەشر قىلىنغان «12 مۇقام»نىڭ پۈتكۈل ئاھاڭلىرى 245 نەغمە بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنغان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ سانى 2482 كۇپلېت تېكىستتىن تەركىب تاپقان. ھەربىر مۇقامنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىككى سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندا «12 مۇقام»نى باشتىن-ئاخىر توختىماي بىر قېتىمدىلا ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. «12 مۇقام» تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، ئۇدار-رىتىملىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، مېلودىيىسىنىڭ گۈزەللىكى، كۈي-شەكىللىرىنىڭ راۋانلىقى، نەغمىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى جىپسىلىق جەھەتتە مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مۇزىكا خەزىنىسىدىمۇ يىگانە مۇزىكا قامۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

△ تاش خەرىتە — توخسۇن ناھىيىسىگە تەۋە «پەنجىرە تاغ» قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە خۇددى خەرىتىگە ئوخشايدىغان ئىككى تۈركۈم رەسىملەر بولۇپ، بىرسى بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ «تاش خەرىتە»نىڭ «A» بۆلىكىنىڭ ئايىيومى 6.60×7 مېتر. بۇ قىممەتلىك «تاش خەرىتە» (ئارخېئولوگلار شۇنداق ئاتىغان) نەچچە مىڭ يىللىق جۇدۇن-چاپقۇننىڭ سوققۇشى، كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ چېقىشى بىلەن چاك كېتىپ، يېرىلىپ، خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، تاشنىڭ شىمالىي بۇرجىكى (ئېگىزرەك)دىن جەنۇبى (پەسرەك) ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان 40 — 50 تەك بۇلاق بېشى، ئېقىن سۇ، كۆلچەك، ھەر خىل قىياپەتتىكى ھايۋان، ھەر خىل تامغا، بەلگە-نىشان قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، تاشقا ئويۇلغان چوڭ-كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، قوشۇلغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى كۆلچەكلەرگە قۇيۇلۇپ، ئاخىرى بەزى چوڭراق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلار تاشنىڭ شىمالىي بۇرجىكى (ئېگىزرەك)دىن، جەنۇبى (پەسرەك) تەرىپىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ ئويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئېقىن 3.50 مېتر، ئويۇلغان سىزىقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9 — 13 مىللىمېتر، توملۇقى 15 — 30 مىللىمېتر.

ئالىملار شۇنداق ھېسابلىدىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ كەمگىچە تېپىلغان ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئېتىقادىنى كۆز قاراشلىرىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل خىسلەتلىك «تاش

خەرىتە»نىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن①.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ۋە باي مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش تارىخى ۋە مول مەدەنىيىتىنى ئاساسىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە رەڭگارەڭ ئەدەبىيات يارىتىلغان. بۇلار ھەققىدە تۆۋەندە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز.

① ئا . خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 165-166-بەتلەر.

## 3 ـ § . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى ئىزدىنىشلىرى*

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمى يازما ئەدەبىياتقا ئوخشاش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە، ئەدەبىي مىراسلارغا، ھايات شائىر، يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە باھا بېرىشتىن ئىبارەت ئەدەبىي پائالىيەت باشتىن-ئاخىر داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ پائالىيەت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى قايتا رەتلەش، يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ خىل تەتقىقاتنى ئىلمىي خادىملار مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈنلەپ كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ بىرى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى بىۋاستە يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان تەتقىقات پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. مەخسۇس تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ نەزەرىيە ۋە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، تەمىن ئېتىدىغان ماتېرىيالى ئىشەنچلىك ۋە سىستېمىلىق بولسىمۇ، لېكىن، پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە بۇ خىل ئەسەرلەر بىرقەدەر ئازراق سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

يەنە بىر خىل كەڭ قانات يايغان تەتقىقات «تاللاش ۋە شاللاش» ، «قايتا رەتكە تۇرغۇزۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بولۇپ، ئۇ ئاساسەن، مەڭگۈ تاشلار خاتىرىسىنى ئويۇش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈش، كىتاب، كۈللىيات، دىۋان، باياز ① ۋە ئەدەبىي تەزكىرىلەر تۈزۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەڭگۈ تاشلار خاتىرىسىنى ئويۇش، كىتاب، دىۋان، كۈللىيات، باياز قاتارلىقلارنىڭ قانداق تۈزۈلۈشى، يەنە شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قايسى ئۇسۇلدا تاللىنىشى، قانداق تەرتىپكە تۇرغۇزۇلۇشى، پۈتۈن كىتابنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ۋە تۈزۈلۈش ئۇسۇلى ھەممىدە تۈزۈلگەن ئەسەرنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلىقى، ئەينى ۋاقىتتا، ئەسەرنى تۈزگۈچىنىڭ ئەدەبىي ھادىسە، يازغۇچى ۋە ئەسەرلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئەدەبىي زوقى، بەدىئىي دىتىنى، ئەدەبىيات بىلىمىنىڭ كەڭلىكى ھەممىدە نەزەرىيە سەۋىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى، كىتاب، كۈللىيات، دىۋان، باياز. تۈزگۈچىلەرنى بىر ئاددىي خەتتات، كاتىپ ئەمەس، بەلكى شۇ تارىخىي شارائىتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ھېسابلاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات تەتقىقات ھادىسىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئالامەتلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ

---

* دىققەت! بۇ ماۋزۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى، ئىمتىھان سوئالىغا چىقىرىلمايدۇ.

يارىتىلىشى بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن. تۈرك خانلىقى دەۋرى (552 — 744) ۋە ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) دەۋرىدە تونيۇقۇق، يوللۇغ تېگىن، مويۇنچۇر، ئىدىكىن (بۆگۈخان) قاتارلىقلار ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگىكىنى يەنە بىر نۇقتىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەنلىك دەپ بىلىشكە بولىدۇ. ئۇلار تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىقلىرىنى پىششىق بىلىش بىلەن بىرگە، ئەجدادلىرىغا دائىر تارىخىي رىۋايەتلەرنىمۇ ئېسىدە تۇتالىغان ۋە ئۇلارنى رەتلەپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلاپ، مەڭگۈلۈك قىممىتىنى يوقاتمايدىغان «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»(1) «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»(2) قاتارلىقلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش بىلەن بىرگە، نۇرغۇن خەتتاتلار، ئەسەر رەتلىگۈچى-كۆچۈرگۈچىلەر ئۆتكەن، ئۇلار ھەر قايسى ئىبادەتخانىلارغا يىغىلىپ، دىنلارغا دائىر مۇقەددەس كىتاب-پۈتۈكلەرنى كۆچۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى، ئەدىبلەرنىڭ رېئالىزىملىق ئىدىيىدە يازغان ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى، توپلاپ، رەتلەپ، كۆچۈرۈپ چىقىشقان. بۇ دەۋردە خەت-كىتاب كۆچۈرۈش بىر خىل ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغان. شۇڭا بەزىلەر بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ۋە ئىقتىساد سەرپ قىلغان. بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە «مايترى-سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىقلار يىرىك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلىشى توغرىسىدىكى مۇنۇ مەلۇماتلار بىزنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ. «مايترى-سىمىت»نىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەمەلدار چۇتاش يىگەن تۇتۇق كۆچۈرتكۈزگەن. بۇ ھەقتە ئەسەردە مۇنداق قوشۇمچە خاتىرە بار:

يۇكۈنچ (بۆلۈم) ئون تۆتىنچى ۋاراق ( A ) « يەنە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا ، ئارزۇ قىلغان كۈنگە ، تاللانغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق خەيرلىك ۋاقىتقا، قۇتلۇق قوي يىلى ژون (كەبىسە) ئۈچىنچى ئاينىڭ، يىگىرمە ئىككىنچى كۈنگە، مەن ئۈچ ئەردىنىگە ئىتائەتچان كۆڭۈللۈك ئۇپاسى چۇتاش يىگەن، تۇتۇق ئايالىم تۇزۇن بىلەن بىللە كېيىن كېلىدىغان مايترى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ ، بىر مايترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق ( ياساتتۇق ) ، بىر مايترى سىمىت نومىنـــىمۇ، كۆچۈرتكۈزدۇق...»③.

«ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈشنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراش ئەسەرنىڭ بىر ئېپىزوتىدا مۇنداق بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنغان.

«ئىنجۇۋ دېگەن يۇرتنىڭ كىتاۋ دېگەن بىر بېگى بولۇپ، ئۇ مەلۇم يىلى قىزىنىڭ توي ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ، زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. توي تۈگەپ ئون كۈن ئۆتەر-ئۆتمەستىن كىتاۋ بەگ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. گەرچە كىتاۋ بەگ ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇزلاپ، پەقەت يۈرىكىلا ئىسسىق تۇرىدۇ. بەگنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆت كۈن ساقلاپ، ئاخىرى بولالماي، ئېلىپ چىقىپ كۆمۈشكە تەييارلانغاندا، كىتاۋ بەگ تۇيۇقسىز تىرىلىپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر قورقۇپ قېچىشقا تەمشىلىدۇ. كىتاۋ بەگ ئۇلارنى چاقىرىپ توختىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «... مەن تويدا ئۆلتۈرگەن جانلىقلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ، تەڭرىگە ئەرز قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆت دىۋە كېلىپ

مىنى (روھىمنى) تۇتۇپ تەڭرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. تەڭرى مىنى سوئال-سوراققا تارتتى. سوراقنىڭ ئاخىرىدا: پەقەت ‹ئالتۇن يارۇق›نى كۆچۈرۈپ تارقاتساملا گۇناھىمنىڭ ساقىيت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇلازىملار كىتاۋ بەگنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كىتاۋ بەگ ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بەگلىكتىنمۇ، مال-مۈلۈكتىنمۇ كېچىپ، «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈشكە نىيەت باغلايدۇ، كۆپ ئىزدەش ئارقىلىق كىتابنى ئاخىرى تاغ ئارىسىدىكى بىر بۇتخانىدىن تېپىپ كېلىپ، كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈپ ‹گۇناھىنى يۇيۇش› يۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ...»④.

بىز بۇ دەۋردىن مىراس قالغان يۇقىرىقى ئىككى پارچە يادىكارلىقتىن شۇ نەرسىنى ھېس قىلىمىزكى، ئەينى چاغدا ياشىغان ئەجدادلار كىتاب كۆچۈرسە ساۋاب بولىدۇ، دېگەن دىنىي چۈشەنچىنى روھىي مىزان قىلىپ تۇرۇپ، چىدام بىلەن ئىشلەپ نۇرغۇن كىتابلارنى كۆچۈرگەن. زامانىمىز ئالىملىرى تۇرپاندىكى ئىبادەتخانىلارنى يەنە بىر نۇقتىدىن «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» دەپ ئاتىغانلىقى ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك يازما گۆھەرلەرنى كۆرۈپ، ئېيتقان ھەققانىي باھادىن ئىبارەت. دېمىسىمۇ، نامسىز، نەچچە يۈزلىگەن كۆچۈرگۈچىلەر، ئەدەبىيات-يازما ھۆججەتلەر ھەۋەسكارلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاشۇ دەۋردىن نەچچە ئون مىڭ پارچە ھۆججەت خاتىرىلىنىپ، دەۋرىمىزگە ئامان-ئېسەن يېتىپ كېلەلىگەن.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا فاراب (ئوترار) شەھىرىدە تۇغۇلغان ئەبۇ ناسىر فارابى ئېنسكلوپېدىك ئالىم بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا كىشىلەر سىرىنى بىلىشكە باشلىغان بىرمۇنچە ئىلىم تارماقلىرى بويىچە نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت «كىتابۇ شېئىر» (شېئىر كىتابى)، «رىسالەفى قانۇن سىنائەتەششېئىر» (شېئىرىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە) «كالام لەھۇفى ئەششېئىر ۋەلقەۋافىي» (شېئىر ۋە قاپىيىلەر توغرىسىدا سۆز) قاتارلىقلارنى يازغان⑤. بۇلاردا قانداقتۇ بىرەر ئاپتور ياكى ئۇلارنىڭ ئەسىرى توغرۇلۇق تەزكىرە-تەرجىمىھال خاراكتېرىدە توختالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، جۈملىدىن شېئىرىيەت، تىل، ۋەزىن قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا توختالغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىز فارابىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تونۇپ يېتەلەيمىز.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا شەخسلەر ئارا مۇناسىۋەتتىن تارتىپ، خاقانلار ۋە دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىگىچە بولغان نۇرغۇن تەرەپلەر ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە تىل، شائىر ۋە شائىرلارنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىي ئەسەر بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ شائىرلارنىڭ «تىل قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر، تەپەككۇر قىلىش يولى قىلدىنمۇ نازۇكراقتۇر» (4393-بېيىتلەر)، «ئۇلار كۆڭۈل دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، گۆھەر، ئۈنچە-ياقۇت تېرىپ چىققۇچىلارغا ئوخشايدۇ» (4394-بېيىتلەر) دەيدۇ. بىز شۇلارنى دېيىشكە ئىشەنچ قىلالايمىزكى، يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر، ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنى خېلىلا چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ توپلىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن سىر بولسىمۇ، لېكىن، «قۇتادغۇبىلىك» سەھىپىلىرى ئارقىلىق قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر نەزەرىيىۋى

چۈشەنچىلەرنى پەرەز قىلىپ، ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەبچە ئىزاھلاش ۋە بىر سىلىشتۇرما لۇغەت ئىشلەش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نى يېزىپ چىققان. بۇ قامۇسقا 7500 پارچىدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) كىرگۈزۈلگەن، 242 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر-قوشاق توپلانغان، 200 پارچىغا يېقىن ماقال-تەمسىل يىغىلغان. شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسەلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇلارنى ئالىم ئۆز زامانىسىدا خەلق ئارىسىدىن توپلىغان بولۇپ، ئالىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ رەتلىشى ۋە تاللىشىدىن ئۆتكەن. بۇلار ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىــك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەمگىكى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

بۇ دەۋردىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەدەبىيات تەتقىقات كىتابى «يەتىمە تەددەرھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە يېگانە دۇردانىلەر) ناملىق كىتابتۇر⑥. بۇنى مىلادى 961 — 1038-يىللىرى ياشىغان مۇسەننىفلەردىن ئەبۇ ناسىر ئىبىــن مۇھەممەد ئەسسائالىبىن ئەرەب تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر، يازغۇچى ۋە تەزكىرىچىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن⑦. بۇ تولىمۇ مۇھىم كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالمىلىق شەھىرىدە ياشىغان يۈسۈپ سەككاكى «مۇفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق كىتابىدا تىل، ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەت توغرىسىدا بىر قاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر سۆزلەنگەن. ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش جامال قارشىنىڭ «سۇراخ لۇغىتى»گە ئىلاۋە» ناملىق كىتابىدا بەزى رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.

مىلادى 14 ـ 16-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمى يۇقىرى بىر تەرەققىيات سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدا ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۆھپىسى ئەڭ چوڭ بولدى. ئۇ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەيىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىشلەشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شائىرنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىدا 348 شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرغان، كېيىنچە تولۇقلاپ 459 شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 35 نەپەردىن ئارتۇقراقى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. نەۋائىينىڭ بۇ كىتابى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ياخشى ئەدەبىيات تەتقىقات قوللانمىسى.

يەركەن سەئىدىلەر خانلىقىنىڭ تارىخشۇناسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىغا بىرمۇنچە ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ئېپوسلاردىن پارچىلەر، يازما ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەت نەمۇنىلىرىنى تاللاپ كىرگۈزگەن. تارىخىي شەخسلەر، مۇئەللىملەر توغرىسىدا ئۇچۇرلارمۇ يېزىلغان. بۇ كىتابنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتىغا دائىر نوپۇزلۇق ئۇچۇرلار ساقلانغان. بۇ خانلىق دەۋرىدە ئۆتكەن يەنە بىر تارىخشۇناس مەھمۇد چاراس 1672 — 1676-يىللىرى يازغان «تارىخىي رەشىدى» (زەئىلى) ناملىق كىتابىدا سەئىدى، رەشىدى، ئاياز بەگ، مىرزا زىبىرەك چالىش قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۈرنەكلەر كۆرسىتىلگەن. يەنە «سىلسىلەتۇز زەھەپ» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق بىر كىتابتا كاشغەرلىق شائىر زىلەيخا بېگىم (؟ 1860 — ؟) توغرۇلۇق توختىلىپ، «زىلەيخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستىدات ئىگىسى

ئىدى، ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ۋە قەسىدىدە نۇقسانسىز ئىدى» دېيىلگەن. بۇ كىتابتا يەنە ئېيتىلىشىچە زىلەيخا بېگىم ھافىز شىرازى (1300 — 1390) شېئىرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلغان ۋە تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئاز بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار يەركەن-سەئىدىيلەر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا پايدىلانمىسا بولمايدىغان ئۇچۇرلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئىشلەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىكى ئۇتۇقلۇق مېھنەتلەردىن بىرى، ھىجرىيە 965- (مىلادىيە 1557 — 1558) يىلى كۆچادا «خەزائىنول مەئانى»نىڭ كۆچۈرۈلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ[8].

خوجىلار دەۋرى (1680 — 1759) دە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىدا مىسلىسىز زورىيىش بولۇش بىلەن بىرگە، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىمۇ بەلگىلىك خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1700-يىلى كۇچا مەدرىسىدە «ئوي-پىكىرلەر خەزىنىسى» نامى قويۇلۇپ كۆچۈرۈلگەن «خەزائىنۇل مەئانى» نىڭ خاتىمىسگە نەۋائىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بېرىلگەن. كاشغەر ئاتۇشلۇق شائىر مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى (1715 — ؟) «سىدىقنامە» دىگەن ئەسەردىمۇ نەۋائىنىڭ لىرىك شائىرلىقتا تەڭداشسىزلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساپ تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغانلىقىنى مەدھىيلىگەن. خوجىلار دەۋرىگە ئائىت ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان «تارىخىي نادىرىيە» ناملىق كىتابتا ئەرشى ۋە فۇتۇھىيلار توغرۇلۇق خاتىرىلەر ساقلانغان.

چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنجىتىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، (1759-يىلدىن باشلاپ) شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى نىسپىي تۇراقلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىي ساھەسىدىمۇ خېلى چوڭ جانلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنى ساناش ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇ چوڭ شائىر ۋە بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن 18 پارچە ئەتراپىدا ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1769-يىللىرى يېزىلغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابىدا بىر قاتار ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەر سۆزلىنىپلا قالماستىن، بەلكى 18-ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان ئەدەبىي ھايات توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلىدۇ. يەنى شائىرلاردىن خوجا جاھان ئەرشى، فۇتۇھى،نىزامىدىن خامۇشى، ئۇلۇغ ئەزىزەم، موللا ئىبراھىم مەشھۇرى ۋە باشقىلار توغرىسىدا ئۇچۇرلار[9] ئورۇن ئالغان. يەركەن شەھىرىدە ياشاپ، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۆمەر باقى، موللا سىدىق يەركەندى قاتارلىقلار نەۋائىي داستانلىرىنى نەسرلەشتۈرۈش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاممىبابلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى ئالدى بىلەن كىملەردىن باشلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا نەمۇنە ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ خىزمەتنى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىدىن باشلىدى. ئۆمەر باقى 1792-يىلى «خەمسە نەۋائىي» دىكى «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى تىل گۈزەللىكىنى ئىمكان بار تولۇق ساقلاپ، ۋەقەلىكنىڭ باش-ئاخىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىغا، چېكىنمە بايانلارنىڭ تەرتىپكە، ۋەقەلىكنىڭ راۋان بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھالدا، ھېكايە شەكلىگە كەلتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ نەسرلەشتۈرۈلگەن داستانلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر ئۆزلىشىشىگە مۇھىم ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان، شۇنىڭ بىلەن چەت ئەللەرگىمۇ

تارقالغان. بۇلار تاشكەنتتە 1890-، 1909-، 1910-، 1912-، 1915-يىللىرى تاش باسمىدا قايتا-قايتا نەشر قىلىنغان⑩ ۋە كۆپ تىراژدا تارقالغان.

«نەسرىي خەمسە نەۋائى» 1813-يىلى موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن چوڭ ئەدەبىي تەۋەررۈك. بۇنىڭدا «خەمسە نەۋائى»دىكى «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئىي سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق تۆت داستان نەسرلەشتۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلگەن. «ھەيرەتۇل ئەبرار»نىڭ ئورنىغا «لىسسانۇتتەير» كىرگۈزۈلگەن. موللا سىدىق بۇلارنى نەسرلەشتۈرۈشتە نەۋائىنىڭ يۈكسەك ئىستىداتى ۋە زور ئىجادىي مېھنىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىستىلىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلاپ قالغان. شۇ ئاساستا يەنە «خەمسە نەۋائى»نىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە تەپسىلات تەسۋىرلىرىنى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىجادىي يوسۇندا يېزىپ چىققان⑪. موللا يۇنۇسنىڭ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا ئۆز دەۋرىدىكى يەركەن ھاكىم بېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ تەشەببۇسچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىپ، مەزكۇر بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن بۇ ئەسەرنى يەنە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» دېگەن ماۋزۇ بىلەنمۇ ئاتىغان.

18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، كۆچۈرۈش بويىچە ئالاھىدە خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن «مۇھەممەد بېشىر ئىبنى شاھ ئەردەشىر 1229- (مىلادىيە 1813 — 1814) يىلى» دېگەن خەت ئويۇلغان تامغا بېسىلغان «باياز»نى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ «باياز» (ئەدەبىي ئەسەرلەر جەملىمى)غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگەندە 33 نەپەر شائىرنىڭ تەخەللۇسى ياكى ئىسمى ئېنىقلاندى. بۇلار: سەلاھى، شەمسى، شەۋقى، ئابدۇۋاھاپ بەگ، نەۋائى، لۇتفى، ھۇۋەيدا، سوفى ئاللا يار، مەشرەپ، ھافىز شىرازى، نەۋبەتى، ۋەجدى، ئەرشى، فۇتۇھى، مەھمۇدى، ئايازى، رەشدى، گۇدازى، قۇل سۇلايمان، ۋەفائى، رىزائى، مەشھۇرى، فىراقى، قەرارى، ھۇزۇرى، غەيرەتى، ئابىد، زوھۇرى، مەزھەرى، ئەمنى، باقى، ئابدۇرەھمانى، نىيازى قاتارلىقلار. قول يازمىدا يەنە بىر قىسىم شېئىرلارغا شائىرلارنىڭ تەخەللۇسى سېلىنمىغان. بۇ بايازغا يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ بىرەر يۈز پارچىدىن، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە پارچىدىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن⑫. بۇلارنىڭ ئىچىدە 17 نەپەر شائىر توغرۇلۇق باشقا مەنبەلەردە ئۇچۇرلار يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەرنىڭ مەزكۇر بايازدا ساقلىنىپ قېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەھمىيىتى چوڭدۇر. بىز بۇ بايازدىكى مەلۇماتلاردىن شۇنى بىلسەك ئۇشۇقچىلىق ھېسابلانمايدۇكى، ئۆز زامانىسىدا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش بويىچە بىرقېتىملىق مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى ئەھمىيەتلىك خىزمەت ئىشلەنگەن.

ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، كۆچۈرۈش، ئەبىيدىلەشتۈرۈش بويىچە تىنىمسىز ئەمگەك 18 - ئەسىرنىڭ ھەر قايسى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەتلىك جايلىرىدا توختاۋسىز يوسۇندا ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ باشلامچىلىرىدىن موللا مىرسىدىق ئىبنى موللا ساھىبنى ئالدى بىلەن ساناشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھىجرىيە 1142 - (مىلادى 1729) يىلى يەركەندە «لىسسانۇتتەير» ۋە «خەمسە»نى بىرلىكتە كىتابەت قىلغان. شۇ تەرتىپتە نەۋائىنى ئۆگىنىش، ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ئىشىنى ئىشلىگەنلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت. مۇھەممەد سادىق كاشغەرى 1735 — 1736-يىللىرى « مەجالىسۇن نەفائىس » نى كۆچۈرگەن . ئېزىز كىچىك ئىبنى مۇھەممەد ئادىل

كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايانىدىلىرى بولۇپ ، « خەمسە » نىڭ تۆت داستانىدىن ئىبارەت ( « پەرھاد ۋە شىرىن » چۈشۈپ قالغان ) نۇسخىسىنى قۇمۇل شەھىرىدە ھىجرىيە 1160 ـ يىلى بارات (مىلادى 1747ـيىلى ئاۋغۇست) ئېيىدا كۆچۈرۈپ تۈگەتكەن. 1768 ـ يىلى كاشغەردە خوجا سەئىد ئىسمىلىك كاتىپ « خەمسە »نى خوتەن قەغىزىگە ئۇششاق ۋە چىرايلىق نەستەئلىق خەت ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈپ چىققان⑬ . موللا ئوشۇر ئىبنى مىر تۆمۈربىي ماچىنى « خەمسە » ( « پەرھاد ۋە شىرىن » ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، «سەبئىي سەييارە» ، «سەددە ئىسكەندەر» )نى كۆچۈرگەن. بۇ ھىجرىيە 1185ـ (مىلادىيە 1772ــ1773) يىللىرى كۆچۈرۈلگەن⑭ . ئىرىك شائىر گۇمنام 1778ـيىلى «مەھبۇبۇل قۇلۇب»نى كۆچۈرۈپ چىققان⑮ .

19ـئەسىرگە كەلگەندە، نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، كۆچۈرۈش دولقۇنى بارغانسېرى زورايدى. بۇ ئىشنى ئىشلىگەنلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. موللا توختى قۇمائىي «مەجالىسۇن نەفائىس»نى 1809 — 1810ـيىللىرى يەركەندە كۆچۈرۈپ چىققان. يارمۇھەممەد ساۋۇد «لىسسانۇتتەير» ۋە «خەمسە»نى 1812ـيىلى يەركەندە كۆچۈرۈپ چىققان⑯ .

موللا تۇرسۇن «لىسسانۇتتەير» ۋە «خەمسە»نى 1822 — 1823ـيىللىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە كۆچۈرگەن⑰ . ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن 20 پارچە ئەسەرنىڭ «كاشغەرى» تەخەللۇسلۇق ئەدىب ياكى كاتىپلار تۈزگەن قول يازما نۇسخىسى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلار: 1) «خەمسە» (نەۋائىي)، بۇنى 1833/4ـيىللىرى ئابدۇل قادىر ئىبنى موللا باھادىر كاشغەرى تۈزگەن. 2) «خەمسە»، بۇنى 1830/1ـيىللىرى موللا ئىلمۇددىن ئىبنى موللا مۇھەممەد كاشغەرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. بۇ ئىككىسىگە «خەمسە»دىكى داستانلار تولۇق كىرگۈزۈلگەن. 3) «مەھبۇبۇل قۇلۇب» بۇنى موللا ئابدۇلسەمەت كاشغەرى 1857ـيىلى كۆچۈرگەن. 4) «ھەيراتۇل ئەبرار» بۇنى 1867 — 1868ـيىللىرىدىن بۇرۇن موللا توختى ئىبنى موللا نۇرمۇھەممەد كاشغەرى كۆچۈرگەن. 5) «تەرمە دىۋان» بۇنى مۇھەممەد سادىق بىن مۇھەممەد سالىھ كاشغەرى تۈزگەن. بۇنىڭ يىلى ئېنىق ئەمەس. دىۋانغا نەۋائىينىڭ 342 غەزىلى، 46 رۇبائىيسى ۋە ئۈچ مۇخەممىسى كىرگۈزۈلگەن. 6) نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى مۇھەممەد فازىل ئوغلى ئابدۇرېھىم كاشغەرىنىڭ 1824 — 1830 ـ يىللىرى كۆچۈرۈپ تاماملىغان « كۇللىيات » ( تولۇق توپلام ) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا نەۋائىينىڭ 16 ئەسىرى ( ئەگەر « خەزائىنۇل مەئانى » نى تۆت دىۋان ھېسابلىساق 19 ئەسىرى ) كىرگۈزۈلگەن. كۇللىيات ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان م. ھەكىموۋ « مەزكۇر كۇللىيات ئەلىشىر نەۋائىينىڭ باشقا كۇللىياتلىرىغا قارىغاندا، شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسەن كۆپچىلىكىنى جەملىگەنلىكى ۋە ھەجىم چوڭقۇرلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. كۇللىياتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئابدۇرېھىم كاشغەرى ئەنئەنىۋى دىۋان تۈزۈش ئۇسۇلىغا يېڭىلىق كىرگۈزۈپ، كۆچۈرۈپ چىققان . مەسىلەن، « خەزائىنۇل مەئانى » نى ئالساق، تۆت دىۋان (« چاھار دىۋان ») دىكى ئەسەرلەرنى ژانىر بويىچە جەملەپ رەتكە تۇرغۇزغان . يەنى غەزەللەرنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بىر يەرگە، مۇھەممەسلارنى بىر يەرگە، قىتئەلەرنى بىر يەرگە ۋە باشقا ژانىرلارنىمۇ شۇ تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ كۇللىيات تۈزۈلىشى نەۋائىينىڭ شۇ چاغقىچە تۈزۈلگەن باشقا كۇللىياتلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ نەۋائىي كۇللىياتىنى تۈزۈشتىكى بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇرېھىم كاشغەرى كۆچۈرگەن نەۋائىينىڭ « خەزائىنۇل مەئانى » دىن باشقا يەنە، « بىدايىئۇل بىدايە » ، « مەجالىسۇن

نەفائىس » ، « لىسسانۇتتەيىر » ، « مەھبۇبۇل قۇلۇب » ، « ھەيرەتۇل ئەبرار » ، «خەزائىنۇل مەئانى» دىۋاچىسى، « مۇنشائات » ، « پەرھاد ۋە شىرىن » ، « خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن » ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» «ئەربەئىن» ، «ھىلالىيە» قەسىدىسى، «سەبئىي سەييار» ، «سەددى ئىسكەندەر» ، « ۋەقپىيە » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ نەۋائى كۇللىياتىنىڭ شائىر ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە نەۋائى ئىجادىيەت يولىنىڭ ئاساسىي غولىنى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى بىزگە ئەينى دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كاشغەردە نەۋائى ئەسەرلىرى ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەنبەسى مول بولغان، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياق قايناپ تاشقان بىر ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئابدۇرېھىم كاشغەرى تۈزگەن نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ يەنى كۇللىياتىنىڭ تاللىنىشى، رەتكە تۇرغۇزىلىشى «خەزائىنۇل مەئانى»نىڭ قايتا رەتكە سېلىنىپ، بىر پۈتۈن دىۋان ھالىغا كەلتۈرۈلۈشىدىن تارتىپ تاكى ھەر قايسى ئەسەر ئۈچۈن بېغىشلىغان لەۋھەلەر ۋە بېزەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان كونكرېت پاكىتلار، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاشغەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئابدۇرېھىم كاشغەرىنى، گەرچە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولمىغان بولسىمۇ، ئەدەبىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى رەتلەش جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەمدە ئۆزىگە خاس يېڭىلىق ياراتقان مول ئەدەبىي بىلىمگە ئىگە ئەرباب دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز⑱.

مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، كلاسسىكلارغا تەقلىدىي ئەسەرلەرنى يېزىش، كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھلەش، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا دائىر ئۇچۇرلار بىلەن زامانداشلارنى خەۋەرلەندۈرۈش جەھەتتە، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، سەبۇرى، قازى مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللا يارى، نېئمەتۇللا كاشغەرى، موللا ھاجى، موللا مىرسالىھ كاشغەرى، مۆجىزى، مۇھەممەد نىياز، زوھۇرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا قۇربان قاتارلىقلار 19-ئەسىردە ئالدىن قەدەم باسقانلار ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى 1836 — 1837-يىللىرى «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا «قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى»گە تەقدىم، دېگەن مېغىزلىق بىر پارچە ئەسلەتمە ھۆججەت يېزىپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كاشغەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى مەقبەرىسىگە مۇتلەق ۋەخپە قىلغان. بۇ تەۋەرۈك خاتىرە دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تولۇق ئىسمى شەرىپى، يۇرتى، پەزىلىتى ۋە مەقبەرىسىنى بېكىتىشتە مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى⑲.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە، «بەھرۇل-ئەنساب» (نەسەب دەرياسى) «قەلەمى قۇربان» (؟)نىڭ ھاشىيەسىگە يېزىلغان ئەسلەتمىلەر خاسىيەتلىك ئۇچۇرلاردىن سانىلىدۇ. «بەھرۇل-ئەنساب» ناملىق كىتابنى 19-ئەسىردە كاشغەردە ياشىغان شائىر ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى تۈزگەن. بىراق سەبۇرىنىڭ ئۆمرى «بەھرۇل-ئەنساب»نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، شاگىرتى قازى مۇھەممەد سوفى ئاللايارىغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان. يەنى «بەھرۇل-ئەنساب» نىڭ ئاخىرىغا يۈسۈپنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يىلى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى يېزىپ قويۇشنى تاپىلىغان. ئۇنىڭدا بۇنداق دېيىلگەن:

«ئەز ھەزرەتى يۈسۈف خاس ھاجىپ دەرسنە چەھەرسەد ھەفتاد ھەشت ھىجرىيە ۋەفات شۇدە. قەبرى شىمالىي كۆھنە ھىسار زەمىنى فايى ئاب مەدفۇن شۇدەست. سۆگرە يۈسۈف قىدىرخان مەزكۇر دۇتەن قەبرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ راپەيۋەند دەفن شۇدەست، ئامىن. مىن شەيخى دۇئاگۇيى مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللا يارى شۇبھۇ شام، بەلكى ئەلەدداۋام مەزارى مەزكۇر سىھتەن بۇزرۇكۋار روھى پۇرفۇتۇھە دۇئائى قۇرئان مىكۇنەم»، (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 470- (مىلادىيە 1085 — 1086)يىلى ۋاپات بولغان. قەبرى شىمالىي كۆھناھىسار (ئەسكىھىسار)دىكى ‹پايناپ› دىگەن جايدا. كېيىنچە يۈسۈپ قادىرخان، يۈسۈپ قىدىرخاندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر قەبرىگە دەفنە قىلىنغان. مەن دۇئاگۇيى شەيخ مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللا يارى كېچە-كۈندۈز، بەلكى ھەمىشە مەزكۇر مازاردىكى ئۈچ تەن بۇزرۇكۋارنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىمەن.»)[20].

«قەلەمى قۇرئان» — كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغان زوھورىدىن ھاكىم (1831—1847-يىللىرى مەنسەپ تۇتقان)نىڭ دىۋاندىكى كىتاب بولۇپ، ئۇنى ھاكىمبەگ كاشغەرلىك مەرىپەتپەرۋەر زات نىئمەتۇللا كاشغەرى (1846 — ؟)گە تەقدىم قىلغان. نىئومەتۇللا بۇ كىتابنىڭ 723-بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە قىسقىچە بىر خاتىرە يېزىپ قويغان. ئۇنىڭدا «... مەن... ساھىب قەلەب يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ مازارى قەبرى مۇتەبەررۈكلەرىگە چىقىپ، ئون بىر كۈن ئېئتىكاب ئىستىخارە قىلدىم» دېگەن ئۇچۇرلار بار. ئاندىن ھىجرىيە 1253- (مىلادى 1837 — 1838-يىللىرى) يىلى ئۆز تامغىسىنى باسقانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

بىز يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەردىكى زىيالىيلار-ئۆلىمالار ئارىسىدا مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ھەققىدە خېلىلا ئوبدان چۈشەنچىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلەيمىز.

«تەزكىرەئى بۇغراخان» بۇنى كاشغەرلىك موللا ھاجى 1829 — 1830-يىللىرى يازغان. ئۇنىڭدا قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان بۇغراخانلار جەمەتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى سۆزلىنىش بىلەن بىرگە ئەدەبىي ھاياتقا دائىر ئەھۋاللارمۇ سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدا بۇغراخان ھەسەن، ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخان قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار كۆرسەتكەن.

موللا مىرسالىھ كاشغەر «چىڭگىزنامە» (تارىخىي كاشغەرى) ناملىق كىتابىدا، مۇھەممەد نىياز «قىسسەسۇل غەرايىب» قاتارلىقلاردا تۈركىي قەبىلىلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بىر قاتار ئەپسانە رىۋايەتلەر، تۇر، تۈرك، ئوغۇزخان، چىن، ماچىن قاتارلىق تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك شەخسلەر توغرىسىدىكى قىسسەلەردىن ئېپىزوتلار، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بار. بۇلار قىممەتلىك يازمىلار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىللاردا قەدىمكى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ھاياتىغا دائىر بىرقەدەر كۆپرەك مەلۇمات بېرىدىغان ئەسەر «تەۋارىخىي مۇسقىيىۇن» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى خوتەنلىك ئاپتور موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا (1820 — ؟) 1854 — 1855-يىللىرى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا فارابى، نەۋائى، خارەزمى، قىدىرخان يەركەندى، لۇتفى، يۈسۈپ سەككاكى، ئامانىسا خېنىم قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىشلىنىش قىممىتى خېلى يۇقىرى خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ بۇ كىتابتىكى ئامانىساخان، قىدىرخانلار توغرىسىدىكى بايانلار باشقا مەلۇماتلارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، يېگانە ماتېرىيال بولۇپ تۇرماقتا.

بۇ يىللاردا نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ 1806-يىلى «نەۋائى» ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ چىققانلىقىنى بىر جانلىنىش دەپ بىلىش لازىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنى 18-ئەسىردە كاشغەردە نەۋائى ئەسەرلىرىگە لۇغەتلەر تۈزەلگەنلىكى بۇ خىل جانلىنىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى دېمەي ئامال يوق. ئابدۇرېھىم نىزارى نەۋائى ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ نەۋائىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق داستانلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، سيۇژېت تەپسىلاتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۆز زامانىسىغا ماسلاشتۇرغان ئاساستا، تەسۋىرىي ۋاسىتىلار، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئوبرازلار خاراكتېرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ماھارىتىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق داستان يازدى. بۇلار يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق داستانىغا قارىغاندا ئىخچام، يىغىنچاق دەپ قارىلىپ كېلىنمەكتە. ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ئەمگەكلىرىدىن باشقا نەۋائىنىڭ 37 (بەزى مەنبەلەردە 31) غەزىلىگە تەخمىسلەر باغلاپ، مۇخەممەس يازغان㉑.

نەۋائى غەزەللىرىگە مۇخەممەس يازغانلار ئىچىدە زوھۇرى (زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ)㉒ 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەندە ياشىغان موللا قۇربان دېگەن شائىرلار بار㉓. شۇنىسى ئېنىقكى، غەزەللەرگە مۇخەممەس يېزىش خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىقتىدار. ئۇنىڭدا ئەسلى غەزەلنىڭ شەكلىنىلا ئەمەس، بەلكى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولغان ئوي-پىكىردىكى ئىزچىللىق، جىپسىلىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، نىزارى، زوھۇرى، موللا قۇربان قاتارلىقلار نەۋائى غەزەللىرىدە تەسۋىرلەنگەن تەپەككۇر سەمەرىلىرىنى يەنىمۇ يارقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن نەۋائى دۇردانىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، نەۋائىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا ئىرادە تىكلىگەنلەر ئىچىدە ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ھەم بار. ئۇنىڭ 1822-يىلى يازغان «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرى «لىسسانۇتتەير» ئاساسىدا يېزىلغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم.

ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى شائىر يۇسۇپتىن باشقا نەۋائى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىشتە بولغان. ئۇ نەۋائىنىڭ «لىسسانۇتتەير»، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى قويۇق ئۆگىنىش ئاساسىدا «ماقالات» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. «ماقالات» (1842 — 1843) بىر مەسەللىك داستان بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا قۇشلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رېئال مەسىلىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن. سەبۇرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «نەۋائىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» ناملىق بىر ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىدە خاس بىرەر ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسەر يازغانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

نەۋائىنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە «دەخۇلۇلجەنان ۋە ئەۋابۇلجەنان»غا قوشۇمچە قىلىنغان ئەسلەتمىلەرمۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسلى شائىر لۇتفىنىڭ «مەشھۇنۇلھەقايىق» ناملىق كىتابى بولۇپ، ئۇنى يەركەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ ئوغلى تاجى مۇھەممەد ھىدى بەگ ھىجرىيە 1239- (مىلادى 1823 — 1824) يىللىرى شېئىرىي نۇسخىسىدىن نەسرىي ئۇسلۇبتا قايتا ئىشلەپ، يۇقىرىقىدەك ئىسىم قويغان.

19-ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنىڭ ئىپادىسى بەزى ۋەقەشۇناسلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ يىللاردا بىر قانچە تارىخچى، تەزكىرىچىلەر ئۆزىدىن ئىلگىرى بولغان ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئەسەرلەر يازغان. ئۇلاردا قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا دائىر مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.

20-ئەسىر كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش قەدىمى داۋاملىق نورمالنى بېسىلىپ تۇردى.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى باشتىن كەچۈرگەن شائىر ۋە تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەۋلادلارغا خاتىرە قالدۇرۇش مەقسىتىدە، «تارىخىي ئەمنىيە» ، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. مۇئەللىپ، بولارنىڭ باش-ئاخىرىنى ئىلمىي ۋە تارىخىي تەرتىپتە باغلاش ئۈچۈن تارىخىي تەزكىرە ۋە كىتابلار ھەم خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ ئەپسانە، رىۋايەت، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى بايانلارنى تاللاپ، رەتلەپ، كىتابىغا كىرگۈزگەن. بۇلار بىزنىڭ شۇلارنى [illegible]سىمىزدىكى زۆرۈر ماتېرىياللار بولۇپ قالدى. موللا مۇسا سايرامى قەلەمى پىشقان شائىر بولۇش بىلەن بىرگە قەدىمكى ئەدەبىي سيۇژىتلارنى ھەم پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. شۇ تەرزدە شائىرنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. مەلۇمكى پەرھاد ۋە شىرىن ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان، كلاسسىك يازغۇچىلارمۇ داستان ۋەقەلىكلىرى قىلىپ تاللىغان.

ئىلى ۋادىسىدا ياشاپ، ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر بالىسى — نەزەر خوجا (1887 — 1951) ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدە مۇكەللۇق چۇقان سېلىپ، ياۋروپانىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغىچە ئاڭلاتقان ئەزىمەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. نەزەر خوجا 1910-يىلىدىن 1918-يىلىغىچە تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنىدىغان «شورا» ۋە «تىل يارش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارغا دائىر مۇھىم ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1911-يىلى «شورا» ژۇرنىلىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسى[24]، ئۆز دەۋرىدىلا كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى، 20-ئەسىر ئىچىدە مەزكۇر داستان توغرۇلۇق بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئەڭ دەسلەپ، ئاشكارە ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924)، قۇتلۇق شەۋقى (1876 — 1937) موللاخون ھاجىم[25] (ئەھمەد زىيائىنىڭ دادىسى) قاتارلىقلار كاشغەردە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى كلاسسىك كىتابلارنى توپلىغان. ئۆزلىرى ھەم باشقا ئىلىمخۇمارلارنىڭ ئۆگىنىشىگە شارائىت ھازىرلىغان. ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ.

بەزىلەرنىڭ 1970 — 1980-يىللىرى سۈرۈشتە قىلىشىغا قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەزى نۇسخىلىرى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاقسۇ، كاشغەر، يەركەن قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن[26]. ئابدۇقادىر داموللانىڭ كاشغەر شەھىرى ئوردا ئالدىدىكى شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»تىن بىر نۇسخا بولغان. بۇ ئەرەب يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كاشغەردە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى 1933 — 1934-يىللىرىدىكى توپىلاڭلاردا يوقاپ كەتكەن ئىكەن. يەنى 1910-، 1934-يىللىرى بىر قىسىم زىيالىيلار كاشغەردە «قۇتادغۇبىلىك»نى كۆرگەن. 1945-، 1948-يىللىرى بۇ داستان توغرىسىدا ئىلمىي ئىزدىنىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تولۇق قانات يايالمىغان[27].

1945-يىلى شىڭ شىسەي گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ،

مەسئۇد ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئىچكىرىدىن (نەنجىڭدىن) شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار غەرب دۇنياسىدا يۈرگەن چاغلىرىدا سېتىۋالغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتابلارنى يىغىپ ئەكىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» كۇتۇپخانىسى» تەسىس قىلغان، ئۇنىڭغا باشقا كىتابلار قاتارىدا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسى، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نىڭ ئۈچ تومى قويۇلغان، ئالىم ئەھمەد زىيائى بۇلارنى شۇ چاغدا كۆرگەن㉘. بۇ كۇتۇپخانا ئۇز زامانىسىدا خەلق ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان㉙.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋبى مەزگىلىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇلۇپ، 9 — 10-ئەسىرلەردىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات نامايەندىلىرى تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلاپ تاكى ئابدۇرېھىم نىزارىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇلارغا تەتقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنغان㉚. «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى سەھىپىسىدە «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئايرىم ئۈزۈندىلەر بېسىلغان بولۇپ، بۇ ئىش كىتابخانلارنى چوڭقۇر بەدىئىي زوقتا ئىگە قىلغان㉛.

20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا چوڭ ھەسسە قوشقان كىشى ئىمىر ھۈسەيىن قازى (1900 — 1985) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىلاسسىكلار ئىزىدىن مېڭىپ، شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا دادىسى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى يازغان «ۋاقىئاتى كاشغەر» ناملىق كىتابنىڭ داۋامىنى تولۇقلاپ يېزىپ تاماملىدى. 600 بەتكە يېقىن ھەجىملىك بۇ تارىخىي ئەسەرگە تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر، جۈملىدىن نوزۇگۇم، سىيىت نوچى قاتارلىقلار توغرىسىدا مەلۇماتلارنى خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭ تۆھپىلىرى يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىپ، ساقلاشقا كىرىشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەھمۇد كاشغەرىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت خاتىرىلەنگەن «مەسنەۋى شېرىف»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يىلنامىسى خاتىرىلەنگەن «بەھرۇل-ئەنساب»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «ئەنجانلىق» ناملىق مۇخەممىسى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا ئالاقىدار يىگانە خاتىرىلەر بار. مەرىپەتپەرۋەر بۇ زات جاللات شىڭ شىسەي، ۋەھشىي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە بېشىغا كەلگەن ھايات-ماماتلىق كۈنلەردە، يەنى دەھشەتلىك تەقىب، قىيىن قىستاقلارغا باش ئەگمەي، بۇ ماتېرىياللارنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ، قەدىرلەپ ئاسراپ، قۇتقۇزۇپ، 1980-يىللاردىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى خەلق، ۋەتەن ئالدىدا شەرەپ بىلەن ئادا قىلدى. ئۇنىڭ ساقلىغان ماتېرىياللىرى مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىلارنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە تېپىلغۇسىز ماتېرىيال بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تارىخىي ئورنى بارغانسېرى تېخىمۇ يۇقىرىلىغۇسى.

شىنجاڭدا 1950-يىللارغىچە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنى بىلىش، ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، مەنىۋى ئەمگەكلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، شان-شۆھرىتىدىن بەھر ئېلىپ تۇرۇش بۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىزچىللىقنى، ئۇدۇملۇقنى ساقلاپ كەلگەن.

بىرىنچى، شىنجاڭدا ياشىغان ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، تارىختىن بېرى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. بەزىدە ئۆز ئىجادىيىتىنى تەقلىدىي

ئەسەر يېزىشتىن باشلىغان. دېمەك، يېڭى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ھەر قانداق ئاپتورنىڭ قولىدا ئۈلگە ئالىدىغان بىرەر شائىرنىڭ دىۋانى — داستانى بار بولغان، دېمەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى مەدرىسلەردە كلاسسىكلارنىڭ، يەنى قۇلخۇاجە ئەھمەد، نەۋائى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىري مۇھىم دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ تۇرغان. تارىختىن شۇ نەرسە ئايانكى، شىنجاڭنىڭ مىلادى 10-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بولغان مائارىپى ئىسلام مەدرىس مائارىپىدىن ئىبارەت. بۇ مەكتەپلەردە ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى دەرسلەر ئوقۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئوقۇتۇش ساھەسى قىلىنغان.

ئۈچىنچى، «12 مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرى بىلەن بېزەلگەن. ئۇلاردا ئەھمەد يەسەۋى، لۇتفى، ۋەپائى، نەۋائى، فۇزۇلى، مەشرەپ، نەۋبەتى، ئېمرى، ھاجى ئەلى، سەبۇرى، موللا بىلال ۋە سوپى ئاللا يار، ھۇۋەيدا قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بار. جەمئىي مۇقام تېكىستلىرىدە 2482 مىسرا شېئىر بولۇپ، بۇنىڭ 90% ئەنراپىدىكىسى كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرى، پەقەت نەۋائى غەزەللىرىدىنلا 39 تېكىستكە تاللانغان. «12 مۇقام» مەيلى شەھەرلىكلەر ۋە مەيلى يېزا، سەھرالاردا بولسۇن خەلق ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز جاراڭلاپ، كىشىلەرنى بىر تەرەپتىن مۇزىكا كۈيلىرى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەزنىدار ۋە تېرەن پىكىرلىك نەزملەر ئارقىلىق ئوي-خىيال، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى قاناتلاندۇرغان.

ئومۇمەن، بۇ ئۈچ خىل ئەھۋال، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى زامانىسىنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئارىسىدا چىرىتىۋەتمەي، دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈشتە مۇھىم ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينىغان.

1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. بۇ خاسىيەتلىك خىزمەت ئالدى بىلەن «12 مۇقام» تېكىستلىرىنى رەتلەشتە، قۇتقۇزىۋېلىشتا كۆرۈلدى. 1950-يىلى 7-ئايدىن 1951-يىلى 12-ئايغىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن كاشغەرلىك مەشھۇر مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، «12 مۇقام»نىڭ ئاساسىي قىسىملىرىنى ۋە يۈزدىن ئارتۇق خەلق ناخشىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنئالغۇسىغا بەردى. 1954 — 1955-يىللىرى ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، «12 مۇقام»نى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا پلاستىنكىغا تولۇق چېلىپ-ئېيتىپ بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇزىكا قامۇسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۆچمەس ھەسسە قوشتى.

«12 مۇقام» مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنىشى بىلەن، ئۇنىڭ نەزمە تېكىستلىرى بولغان كلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر نەزمە-قوشاقلارمۇ خاتىرىگە ئېلىندى.

بۇ يىللاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش خىزمەتلىرىمۇ دەرھال قولغا ئېلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يۇسۇپ بەگ مۇخلىسوۋ 1952-يىلدىن باشلاپ، يازما يادىكارلىقلارنى توپلاپ، رەتلەش خىزمىتىگە كىرىشكەن. كونكرېتراق ئېيتساق 1954-يىلى كاشغەردە، 1955-يىلدىن 1956-يىلغىچە ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇللاردا يازما يادىكارلىق توپلىغان. يەنە، 1957-يىلى كاشغەر يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق جايلاردا 200 پارچىدىن

ئارتۇق يازما يادىكارلىق توپلىغان[32]. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1957-يىلى 22-فېۋرال سانىدىكى خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، يازما يادىكارلىقلار 2000 پارچىدىن ئاشىدۇ. يۈسۈپ بەگ مۇخلىسوۋ بۇ تېپىلمىلار ئاساسىدا 1957-يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتولوگى» ناملىق مۇھىم قوللانمىنى باستۇردى.

1956-يىلى 10-ئايدىن 1957-يىلى 1-ئايغىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئەۋەتكەن مىللەتلەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇرۇمچى ۋە خوتەنلەردە ئارخىپ، ھۆججەت ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. ئۇلار ئۇرۇمچىدىلا 1400 باغلامدىن كۆپرەك ئارخىپ، 818 پارچە كىتاب يىغقان[33].

مۇشۇ يىللاردا توپلانغان ماتېرىياللار ئاساسىدا، 1957-يىلدىن 1963-يىلغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى، يەنى خىرقەتى (ھىرقەتى) ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى (1957-يىلى، 4-، 5-سانلاردا)، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە-سەئىدىن» داستانى (1957-يىلى 6-سانىدا)، موللا شاكىر ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە» داستانى (1957-يىلى، 7- 8-، 9-سانلاردا)، نەۋبەتى ۋە «غەزەللەر» (1957-يىلى 11-سانىدا)، «غەزەللەر» × × (1957-يىلى 12-سان)، موللا بىلال ۋە ئۇنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانى (1958-يىلى 1-سان)، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى، (1962-يىلى 4-، 5-سانلار)، موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات» (1962-يىلى، 6-، 7-سانلار)، گۇمنام «غەزەللەر» (1962-يىلى 8-سان)، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد-شىرىن» داستانى (1963-يىلى، 1-، 2-، 3-سانلار) بولارنى ئەھمەد زىيائى، رەخمىتۇللا جارى، ئىمىن تۇرسۇن، يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋ، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىقلار جاپالىق ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەرلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئاشكارە نەشر قىلىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن كەڭرى يۈز كۆرۈشكەن ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىللاردا تەتقىقات ساھەسىدىمۇ بەزى خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1950-يىللىرىدىن كېيىن مۇھەممەد پەيزى (1909-1967) يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مۇفتاھۇل ئۇلۇم» ناملىق كىتابىنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئۇ يەنە ئىنىسى ئەھمەد زىيائى بىلەن بىرلىكتە 1955-يىلى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئېلىپ، بىرىنچى تەرجىمە ئورىگىنالىنى قولدىن چىقاردى[34].

1956-يىلى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 3-سانىدا ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق يىرىك ئىلمىي ماقالىسىنى باستۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئالىملىرى توغرىسىدا ئاشكارە مەتبۇئاتتا تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ماقالىسى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىلمىي خادىملارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، ئۇلۇغ ئالىملىرى توغرىسىدا يۈرەكلىك ھالدا تەتقىقاتقا كىرىشەلەيدىغانلىقىدىن شەپە بەردى، كېيىنچە بۇ ئەمەلدە كۆرسىتىلدى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1958-يىلى 1-سانىدا «موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ» ناملىق بىر ماقالا ئېلان قىلىنىپ، شائىر موللا بىلالنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلدى. 1963-1966-يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە ئىككىنچى تەرجىمە نۇسخىسى ئىشلەنگەن ئىدى.

لېكىن، سول خاتا لۇشيەننىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىنماي، ئاخىرى نابۇت بولۇپ كەتتى[35].

1965-يىلى ئابدۇرېشىت ئىسلامى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ھۇزۇرىدا «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتولىگى»نى تۈزۈپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ماشىنكىدا بېسىپ تارقاتتى.

1966-يىلى پۈتۈن جۇڭگونى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان پالاكەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا باشلانغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۇششەك تەگكەن مايسىدەك سولىشىپ قالدى. بۇ توغرۇلۇق بىرەر كىم ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ھەم جۈرئەت قىلىشقا يول قويۇلمىدى.

1978-يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلىپ يېپىلدى. ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە تۈپكى بۇرۇلۇش بولدى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئەھمىيەتلىك ۋەقە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىشنىڭ ئالتۇن قوڭغۇرىقىنى جاراڭلاتتى. بىر قىسىم ئىلمىي خادىملار دەرھال ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەدىمكى كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدى، بەزىلەر خاتىرە-كاپىيەنلىرىنى رەتلەشتى.

مۇشۇنداق بىر چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن خاۋگۇەنجوڭ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىق ئىلمىي خادىملار چوڭقۇر مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن «شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىللەر» دېگەن ماۋزۇدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى نەقىللەردىن تاللانمىلارنى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ 1978-يىلى 11-سانىدا ئېلان قىلدى ھەم مەھمۇد كاشغەرى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئۇنىڭدىكى شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىللەر توغرىسىدا بەش مىڭ خەت ئەتراپىدا بىر تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلدى. ئۇلار يەنە تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1979-يىلى 5-سانىدا «ئوغۇزنامە»نى ۋە «‹ئوغۇزنامە› داستانى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. 6-سانىدا «سەككاكى غەزەللىرىدىن» تاللانما بېرىلدى. بۇ سانىدا يەنە ھاجى نۇرھاجىنىڭ «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇناسىر مۇھەممەد فارابى» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى. بۇلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەتقىقات دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بەردى.

1979-يىلىدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ژۇرناللار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپ مۇشۇ ساھەدە ئىش باشلىغان ژۇرناللار:

«كوئېنلۇن ئەدەبىياتى» (خوتەندىن چىققان) 1979-يىلى 1-سانىدا (بۇ شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا چىققان)، «شائىر نەۋبەتى ھەققىدە، نەۋبەتى رۇبائىيلىرىدىن»، «ئات قىسسىسى (ئەھمەد شاھ قاراقاشى)» ؛ 2-سانىدا «تارىخىي مۇسىقىييۇن» (موللا ئىسمەتۇللا ئىبنى موللا نېمەتۇللا خوتەنى) قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانىسىدىن چىقىرىلغان «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1979-يىلى 2-سانىدا پېشقەدەم تەتقىقاتچى ئابدۇرېشىت ئىسلامىنىڭ «ئۇيغۇر شائىرى غېرىبى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ‹كىتابى غېرىب› ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1979-يىلى 4-سانىدا ئەھمەد

شاھ قارىقاشنىڭ «نەزەر مۇفتىغا خەت» ناملىق مۇخەممىسى ۋە مۇھەممەد ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر خەلق شائىرى تۇردى نازىم (غېرىبى) ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ھەتتا ناھىيىلەردىمۇ مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان ژۇرناللار چىقىرىلىپ، ئۇلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. مەسىلەن، قەشقەر «كوناشەھەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1979-يىلى 2-سانىدا 15 كۇپلېت ھەجىمدە «نەزەرمۇفتىغا خەت» دېگەن مۇخەممەس ۋە ئەسقەر ھوسۇيىن، ئىسمائىل ئۇرايىملارنىڭ «نەزەرمۇفتىغا يېزىلغان خەت توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

1980-يىل ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى رەتلەش، تونۇشتۇرۇش، ئاشكارە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش، تەتقىق قىلىش گۈللەپ ياشناش باسقۇچىغا رەسمىي كىردى.

بۇ ئىشنىڭ خىسلەتلىك بولىدىغانلىقىنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شۇ يىلى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى تەرىقىسىدە «بۇلاق» ناملىق قەرەلسىز مەجمۇئە نەشر قىلدى. كېيىنچە رەسمىي قەرەللىك ژۇرنالغا ئايلاندى. ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەدەبىيات تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئىلمىي خادىملارنى تەشكىللەپ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ، 1980-يىلى 3-ئايدا ئاددىي باسما نۇسخىلىق قىلىپ بېسىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقاتتى. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىدا پېشقەدەم تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇننىڭ «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز» ناملىق يىرىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى ئوبدان يورۇتۇلغان. شۇ يىلى ھاجى ئەھمەد «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابچىسىنى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە مىخ مەتبەئە نۇسخىلىق قىلىپ باستۇردى. كېيىنچە، بۇ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. مىللەتلەر نەشرىياتى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان) داستانىنى ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» (گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان) نەشر قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ت.ئېلىيوۋ، ر.جارىپلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائى قاتارلىق 16 نەپەر كلاسسىك شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق داستانىنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدى.

بۇلاردىن باشقا «تارىم»، «كىتابلارغا باھا» (بۇ نەزەرىيىۋى ژۇرنال) «قەشقەر ئەدەبىياتى»، « يېڭى قاش تېشى »، « ئاقسۇ ئەدەبىياتى »، « قۇمۇل ئەدەبىياتى »، « بوستان » (كورلا) « ئىلى دەرياسى »، «گۈلستان» (غۇلجا شەھىرى)، قەشقەر «كوناشەھەر ئەدەبىياتى»، «بەركەن ئەدەبىياتى»، «دولان» (مەكىت) قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار، يەنە «ئاممىۋى مەدەنىيەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»)، «مىراس»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (شىنجاڭ داشۆسى) قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ۋە نەزەرىيە خاراكتېرلىك ژۇرناللار ئىلگىرى كېيىن نەشر قىلىنىپ، بەزىلىرى 1980-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدىن باشلاپ، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئەھۋاللارنى توختىماي ئېلان قىلىپ تۇردى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىقلاردىمۇ بۇ ھەقتە ئۇچۇرلار بېسىلىپ تۇردى. ئومۇمەن 1980-يىلىنىڭ بۇنداق ئۇتۇقلۇق بېسىلىشى كېيىنكى يىللاردا

ئىشلىنىدىغان ئىشلار ئۇچۇن پۇختا ئاساس سېلىندى. 1980 — 1995-يىللىرى ئارىلىقىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر خاس كىتابلار، تەتقىقات كىتابلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلار ناھايىتى كۆپ ئېلان قىلىندى. بۇلار تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلىدىغان ھەر قايسى ئاپتورلارنىڭ ئەھۋالىدا نەقىل ئېلىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئارتۇقچە تونۇشتۇرۇلمىدۇ.

ئىزاھات:

① باياز ـ ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى.
② ئا . تۇردى ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. 1992-يىللىق 2-سان.
③ «مايتىرى سىمىت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 3-بەت.
④ ش . ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۇچېركلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى، 72-73-بەتلەر.
⑤ ئا.م.ئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.
⑥ بۇ كىتاب 1976-يىلى تاشكەنتتە ئۆزبېكچە نەشرى نەشىر قىلىنغان.
⑦ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 2-سان، 43-بەت.
⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1994-يىلى، 2-3-بىرلەشمە سان، 23-بەت.
⑨ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى.
⑩ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 3-سان، 152-بەت.
⑪ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989-يىلى 3-سان، 1990-يىلى 1-سان، 1991-يىلى 1-سان، 1989-يىلى، ئومۇمىي 12-، 14-سانلار، 1992-يىلى 3-سان.
⑫ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990-يىلى، 2-سان، 110-بەت.
⑬ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1994-يىلى 2-3-بىرلەشمە سان، 23-بەت.
⑭ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 2-سان، 109-بەت.
⑮ غ.ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 1992-يىلى، 393-بەت.
⑯ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 3-سان، 147-بەت.
⑰ م . ھەكىمۇۋ «نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 3-سان، 148-بەت.
⑱ ئا.تۇردى «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە قول يازمىسى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 2-سان، 56-بەت.
⑲ «مەھمۇد كاشغەرى» (ماقالىلار توپلىمى) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى.
⑳ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 3-سان، 142-، 144-بەتلەر.
㉑ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 1-سان.
㉒ «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 11-سان.
㉓ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988-يىلى 4-سان.
㉔ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1995-يىلى 2-سان، 50-بەت.
㉕ موللاخۇن ھاجىمنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 10 جىلدتىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان.
㉖ ق . ئەكپەر ماقالىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994-يىلى 2-سان، 42-بەت.
㉗ ق . ئەكپەر ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994-يىلى 2-سان، 43-بەت.
㉘ «ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 28-سان،

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى، 177-بەت.

㉙ بۇ كۇتۇپخانىنىڭ سەلبىي تەسىرىمۇ بولغان، ئەلۋەتتە.

㉚ «ئەدەبىياتىمىز توغرىسىدا»، «ئالماناخ»، 1947-يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەتبەئەسىدە بېسىلغان.

㉛ م.زەيدى ماقالىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994-يىلى 3-سان، 97-بەت.

㉜ خامادا ماسامى (ياپونىيە) 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىي يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇقەددىمە»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988-يىلى 3-سان، 74-بەت.

㉝ چېڭ سولۇ «تاڭ، سوڭ سۇلالىلىرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 9-بەت.

㉞ «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» («تۈركىي تىللار دىۋانى — دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»كە «كىرىش سۆز» شۇ ئەسەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى 48-، 49-بەتلەر.

㉟ ئالدىنقى بەتتە نەقىل ئېلىنغان كىتابنىڭ شۇ بېتىگە قارالسۇن.

## 4 - § . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئۇنىڭ بەلگىلىك سەۋەبى بار. مۇئەللىپلەر «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار. لېكىن ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالايدىغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسى بار مىللەت پەقەت ئۇيغۇر مىللىتى»① دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سىستېما ياراتقانلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقىدا. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش بىرقەدەر مۇرەككەپ خىزمەت. شۇنداق بولسىمۇ بىز دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئۆزىمىزنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز. بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق مەنبەدىن باشلانغان، تەرەققىيات جەريانىدا ئىزچىللىق ئاساسىي ئېقىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ، گۈزەل، بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كىرىشكەن. بۇ خىل بەدىئىي ئەدەبىيات قىيا تاش سىزمىلىرىدا ۋە ئېغىز ئەدەبىيات شەكلى بىلەن تارقىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان ھەر قايسى تاغ جىلغىلىرىدا بىرمۇنچە قىيا تاش سىزمىلىرى تۈركۈمى بار بولۇپ ھەم ئۇلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ، بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە خاس بۇ خىل قىيا تاش رەسىملىرى ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە ئورقۇن-يەنسەي ۋادىسىدىكى قىيالىقلارغا جايلاشقان. ئۇلاردا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، جۈملىدىن، تېۋىنىش (چوقۇنۇش) ئادەت شەكىللىرى، ئەمگەك پائالىيەتلىرى (ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق)، ئۇسسۇل، ئويۇن قىلىقلىرى، ھەرىكەت قىياپەتلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئوبرازلىق، تەسىرلىك ۋە جەلپكارلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ سىزما رەسىم كۆرۈنۈشلىرىدىكى بىرمۇنچە ئادەتلەر، مەسىلەن، ھايۋان ئېتىقادچىلىقى، ئاسمان جىسىملىرى ئېتىقادچىلىقى قاتارلىقلار، كېيىنكى ئېغىز ئەدبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك تەسىرىنى ساقلاپ كەلدى. «ئوغۇزنامە» ، «توڭا ئالپ ئەر» ، «بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى» ، «دەرەخ توتېمى ئەپسانىلىرى»، «ئاسمان جىسىملىرى ئەپسانىلىرى» ، «ئوماي ئەپسانىلىرى» ، «قۇلباق ئەپسانىلىرى» قاتارلىقلار بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەردە خاتىرىگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بەكمۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە، جۈملىدىن مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئېغىز ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىشتا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئورىگىناللىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆگىنىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ.

شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىدىكى مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدا ئىپادە قىلىنغان ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئومۇمىي نۇقتىدىن (ماكرو جەھەتتە) بۇددىزىم ئىدىيىسى تەرغىباتى

---

① مىڭ چىڭبى، لۇلۇلۇ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ، «تارىم» ژۇرنىلى، 1988-يىلى 11-سان.

ئۇچۇن سىزىلغان، بۇددا ئىجادچىلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئىپادە قىلغان دېيىلىسمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئالىملار، بۇ تاش غار تام رەسىملىرىدە يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىيا تاش سىزمىچىلىقىدىكى كۆرۈنۈش ئالامەتلىرى، مىللىي مەھەللى تۇرمۇش مەنزىرىسى، ھەرىكەت ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى ھەمىشە ئۆز ئەكسىنى تېپىپ تۇرغان دەپ قاراشماقتا. بۇنىڭغا قارىغاندا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان قەدىمكى تارىملىقلار ۋە قوچۇلۇقلار، ئۆزلىرىنىڭ ساپ بولغان ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىچىلىقىنى، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تەدرىجىي يوسۇندا يېڭىلاپ بارغان ھەم قوشنا خەلقلەر مەدەنىيىتى، دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىغان. مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە شىنجاڭلىقلارنىڭ مىللىي، يەرلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنىڭمۇ ئىپادە قىلىنىپ تۇرغانلىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسىنى ئازغاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىزگە، شۇنداقلا ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە پايدىسى بار. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىلىرى، ئەپسانە-رىۋايەت، ئېپوسلار ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرى كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچى تارىم ۋادىسىدا يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىدا يېزىق 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ يەردە قارۇشتى يېزىقى، كۇسەن-ئاگنى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق نەچچە خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇلارنى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلار، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە مۇھىم مەنبە ئاساسىي بولغان قوۋملەر ئىشلەتكەن. تارىملىقلار ئىشلەتكەن يېزىقلار ئاساسەن قوشنا رايونلاردىن كەلتۈرۈلگەن، بۇ يېزىقلاردا يارىتىلغان يېزىق ۋەسىقىلىرىمۇ قوشنا خەلقلەرنىڭ دىنىي دەستۇرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى بولغانىنىڭ سىرتىدا يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر مەزمۇنلارمۇ بار. تەرجىمە ئەسەرلەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان.

مىلادى 3-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر تەرەققىيات جەريانىدا، تارىملىقلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، ئاگنى، قوچۇ قاتارلىق جايلاردىن بۇددا سىڭا كۇماراجىۋا، ۋېيسا كۇيىچى، سىكسانادا، خۇيلىن قاتارلىق داڭلىق بۇددا تەرجىمانلىرى، شەرھشۇناسلىرى ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ئۆز شۆھرىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ رايونىدا تېخىمۇ كەڭ يايغان ئىدى. ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋىساسلا، ئۇدۇن مەلىكىسى سىمىرا قاتارلىقلار شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىجادىيىتى تەرجىمە ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، مىللىي يازما ئەدەبىياتنىڭ دولقۇنلۇق باشلانما قايىنىمىنى ھاسىل قىلغان.

مانى دىنى مۇھىتىدا يارىتىلغان داستان «خۇئاستۇ ئانىفت» (تووۋادۇئانامەسى) مىلادى 5 — 7-ئەسىر ئارىلىقىدا بوتۇرمىش تارقان تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلدى. ئورقۇن تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يېزىلغان بۇ داستان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى يازما شەكلىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى.

ئورقۇن ۋادىسىدىكى شىمالىي قۇملۇق كۆچمەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىن تا 9-ئەسىرگىچە بولغان بىرقانچە ئەسىر جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ قىممەتلىك

ھوسۇلنى يىغقاندىن باشقا، مىلادى 6-ئەسىرگە كەلگەندە يېزىق بەلگىلىرىنى تۇرمۇشقا تەدرىجىي تەدبىقلىدى ۋە ھۆججەتلەر، جۈملىدىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى خاتىرىگە چۈشۈرۈشكە كىرىشتى. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ۋاستە قىلغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇلار يازما ھالەتتە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالىي قۇملۇق كۆچمەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياراتقان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان يازما ئەدەبىيات بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك قوۋملەر ياراتقان غەيرىي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ئەدەبىيات تەبىئىي يوسۇندا بىرپۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتقا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى»نى بارلىققا كەلتۈردى. ئاپىرىنچور تېگىن، سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، پىرتانىراكشىت قاتارلىق تۇرپان ۋە جىمسارنى مەدەنىيەت چەمبىرىكى قىلغان ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى. مىلادى 9-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان بۇ 1000 يىللىق ئۇزۇن تارىخ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتىنى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىلىنامىلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلسۇن ياكى پارچىلانسۇن، شىنجاڭغىلا مەركەزلەشسۇن ياكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قوشنا رايونلار، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك — خەنزۇ رايونى، يەتتە سۇ، پەرغانە، ماۋارەئۇننەھر، خۇراسان رايونلىرىدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇدۇملۇق ئادەتنى تاشلاپ قويغان ئەمەس. جانسەگ، سەيدۇللا، گۇەنيۇنشى، رابغۇزى، مەۋلانا لۇتفى، مەۋلانا سەككاكى، نەۋائى، قېدىرى، ئايازى، ھىرقەتى، نەۋبەتى، زەلىلى، مۇھەممەد سادىق، نىزارى، موللا بىلال، موللا نىياز، ناقىس، تەجەللى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر 1000 يىللىق سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنلىرىدا مەردانىلىق بىلەن ئۈزۈپ نەتىجە ياراتقان ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئەسىردە ئۆزىگە خاس سالاپەت بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىدە جەۋلان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي دىت يېقىدىن بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن، ئۆز جەمئىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز ئەرلەرنىڭلا قەلىبىنى ئىزھار قىلغۇچى مەنىۋى ۋاستە بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ئاياللارنىڭمۇ نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، سېلىغ تېگىن، شياۋ گۇەنيىن، شياۋسېپى، ئامانىسا، زىلەيخا بېگىم، زۇلفىيە كاشغەرى، مۇتربان كاشغەرى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نەفىس ۋە جىلۋىدار شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بېيىتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاپتورلار قوشۇنى ھەر ساھە، ھەر تەبىقە ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خاقان، ۋەزىر، شاھزادە، ھەربىي قوماندان، بەگ، قازىلار، پۇقرالار، يەنى مۇئەللىملەر، دېھقانلار، ئوۋچىلار، تېۋىپلار، تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر، ئەما، ئاجىز بىقورۇلار، كاسىپلار ۋە باشقىلار بار.

ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك، خام ماتېرىيال قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن يىل ساقلانغان، قىيا تاش سىزمىلىرى، ئىپتىدائىي ئاغزاكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدىكى ئوبراز ۋە پېرسوناژلار خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يادلىنىپ، ئەسىرنى ساقلاپ، كېيىنكى يازما ئەدەبىياتقا كىرىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي

كۆچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ناھايىتى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇماي ئىلاھى ئوبرازى دەسلەپ ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ئوبراز ئىدى. ئۇ ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە خىسلەتلىك ۋە ئاق كۆكۈل ئۇماي ئانىغا دائىر تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. توگا ئالىپ ئەر — قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرلىك ئوبراز، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» ، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» لەردە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا سۆزلىنىپلا قالماستىن بەلكى، «تارىخىي رەشىدى» ۋە نىزارى داستانلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر داڭلىق ئوبراز ئوغۇزخان بولسا تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ، «جامىئۇتتە ۋارىخ» ، «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» ، «چىڭگىزنامە» ھەتتا «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. نۇر ئەپسانىسىنى سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ تېخىمۇ قىزىق، نۇردىن پەرزەنت تۇغۇلىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانە ئەسلى «ئوغۇزنامە» ۋە «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» دە ئەدەبىيات شەكلى سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلىغان، ئۇ كېيىن «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دىن تارتىپ، «تارىخىي ھەمىدى» گىچە بولغان ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىزچىل يوسۇندا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئوبرازلارنى سۆزلەشكە بولىدۇ. ئەتراپىتىكى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۇزۇن يىللىق خام ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىندى.

ئۈچىنچى، كۆپ خىل تىل-يېزىقتا ئىپادىلەنگەن، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى ھەر خىل ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋملەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ مىللىي گەۋدىگە قاتناشقان قوۋملەر ئوخشىمىغان تىل، يېزىقلارنى ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملەرمۇ باشقا مىللەت تىل-يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بەزىلەر شىنجاڭدا تۇرۇپ، قوش تىللىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلەر، باشقا رايونلارغا بېرىپ، باشقا تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن «بوغۇت مەڭگۈ تېشى» سوغدى تىل-يېزىقىدا يېزىلغان، «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان.كۇماراجىۋا، سەيدۇللا، گوەن يۈنشى قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت قىلغان، فارابى، مەھمۇد كاشغەرى ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ، ئەرەب تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. نەۋائى، لۇتفى، مىرزا ھەيدەر، سەئىدى، ئەرشى قاتارلىقلار ھەم ئۇيغۇر تىلى، ھەم پارس تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نوقۇل ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلغان ئەدەبىيات ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا تىللاردىكى ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىجادىيەت مېتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملار ھەر خىل بولغان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلار رېئالىزم، رومانتىزم، تەنقىدىي رېئالىزم، سىمۋولىزم قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرى بويىچە يېزىلغانلىقىنى بايقىيالايمىز. يەنە ئاپتورلار كلاسسىكىزم، گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئېقىملار تەرەپدارى بولۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دىققەت قىلماي ئۆتەلمەيمىز. بەزى ئەسەرلەر نوقۇل بىرەر ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ يېزىلغان، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپچىلىك ئەسەرلەر رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان، شۇنداقلا، يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۇ ئىككى مېتودقا سىمۋولىزملىق

مېتودىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. لېكىن، رېئالىزم باشتىن-ئاخىر ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى بولۇش رولىنى ساقلاپ كەلگەن.

بەشىنچى، ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسلۇب، ئەدەبىيات سىستېمىسى يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىشنى ئاساس قىلغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەسلەپ شېئىرىيەت ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن، كېيىن دراماتورگىيە قوشۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللەنگەن. ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار جۈملىدىن پېرسوناژلاردا مىللىي خاراكتېر، مىللىي سالاپەت ۋە ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان، شۇڭا، ئوغۇزخان، توڭا ئالپ ئەر، تونيوقۇق، مويۇنچۇر، قاراخان، ئۆگدۈلمىش، نەۋرۇز، پەرھاد، رابىيە، نوزۇگۇم قاتارلىق ئوبرازلار دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە. بولاردىن باشقا ھەر خىل ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئوۋچىلار، چوپانلار، دېھقانلار، كاسىپلار، سودىگەرلەر، دانىشمەنلەر، ئەقىللىق يىگىتلەر، ئادىل شاھلار، پاراسەتلىك قىزلار، سادىق دوستلار ئوبرازىمۇ روشەن مىللىي خاراكتېرلەرنى ئۆز ئىچىگە يىغقان. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەملەر ئوبرازلىرىدىن باشقا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ئوبرازلارنى يارىتىش ۋە مەھەللىلىككە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبار قىلغان. مەسىلەن، ئاسمان جىسىملىرىدىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە نۇر؛ ئۇرۇش قوراللىرىدىن ئوقيا، قىلىچ، نەيزە؛ زېمىندىكى شەيئىلەردىن تاغ، دەريا، سۇ، يايلاق، بۇلاق، كۆل، تاش، ئورمان، گۈل-گىياھ، چېچەك، ئالما، پىستە؛ ھايۋانلار يەنى كېيىك، بۆرە، ئات، تۈلكە، شۇڭقار، قوي، بۇلبۇل (سۇندۇلاچ)؛ خىسلەتلىك سانلار، يەنى 3، 7، 9، 18، 40، 360 قاتارلىقلار، ئادەملەرنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدىن يۈرەك، جىگەر، كۆز، قاش، كىرپىك، چاچ، خال ياكى قامىتى ۋە پۇل-ئاقچىلاردىن، ئالتۇن، كۈمۈش، تىللا، سەدەپ، ئۈنچە، مەرۋايىت قاتارلىقلارمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىيلىك دائىملىق ئوبرازلىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپ سانلىق ئەسەرلەردە ئۇنىۋېرسال تۇرمۇش مەنزىرىسى كۆرسىتىلىدۇ. يەنى چوپانلىق تۇرمۇش، ئېكىنچىلىك تۇرمۇشى ۋە شەھەر تۇرمۇشى قاتارلىقلار، شۇڭا، بىر پارچە ئەسەرنى مەيلى چارۋىچىلار، مەيلى دېھقانلار، مەيلى كاسىپلار ياكى ئۆلىمالار، بەگ-قازىلار ئوقۇسۇن، ھەممىسى ئۆزىگە خاس مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭغا «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «پەرھاد-شېرىن»، «رابىيە-سەئىدى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە بىر قاتار ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن، ئەسەرلەرنىڭ باغلىنىشى، راۋاج ۋە تۈگەللىمىسىدە بىر خىل ئۇدۇملۇق ئادەت بار. ۋەقەلىك يۆنىلىشى كۆپ لىنىيىلىك تەرتىپ بويىچە قانات يايىدۇ. كۆپ چاغلاردا ۋەقەلىك دولقۇنسىمان راۋاجلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى بىلەن تاشقى قىياپىتى ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشتىن-ئاخىر ئىلغار (ئاكتىۋئال) ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان، ئۇنىڭدا خەلقپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئۆزەك قىلغان ھالدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئىدىيىلەر تەرغىب قىلىنىپ، جۇلالاندۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئىلغار ئاممىلار تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا خەلق، ۋەتەننى سۆيۈشكە، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكار بولۇشقا ئۈندەپ كەلگەن. خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ روشەنلىكى خەلقنىڭ ھۆرلىكىنى تەلەپ قىلىش، ئادالەتكە ئىنتىلىش، يورۇقلۇق ئىزدەش قاتارلىقلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ. بىرمۇنچە ئەسەرلەردە زاماننىڭ بۇزۇقلىقى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. ئەمگەكچى

خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسى مەدھىيىلەنگەن. ھەققانىيەتنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىپادىلەنگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، خەلق قارا كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا «ئەدەبىيات بىلەن ئەزگۈلۈكنى ئىزھار قىلىش» تەكىتلىنەتتى. سىياسىيغا ۋە ئەخلاق ئىستىلىغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. «قۇتادغۇبىلىك»تە شېئىر ئارقىلىق ئارزۇ ئارمان بايان قىلىنغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىنكى شېئىرلارنىڭ كۆپۈنچىسى قائىدە سۆزلەش، ئەخلاقنى تەرغىب قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن ئەزگۈلۈكنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۆزگۈلۈكنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىبلىرى ئەل-يۇرتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، يۈسۈپ ھاجىپنىڭ «قىلدىن نازۇك تەپەككۇر يولى، قىلىچتىن ئىتتىك تىل بىلەن سۆزلەر دېگىنىگە كىرىپ، نەپىس ۋە تېرەن سۆز ئۈنچە-گۆھەرلىرىنى قېزىپ يېزىلغان ئەسەر جاھانغا تاراپ، مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالىدۇ» (909 — 61-بەتلەر) دېگەن ئىجادىيەت پرىنسىپى مۇشۇ خىل ئىدىيىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى قەھرىمانلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئادالەت، چىن مۇھەببەت، ئەمگەك، ۋاپادارلىق، ياخشىلىق، راستچىللىق، مەردلىك قاتارلىق ئىدىيىلەرنى تەرغىب قىلىش، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى قىلىقلارنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، كېيىن يەنە مەرىپەتچىلىك، ھەققانىيەت، گۇمانىزم، خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنچلىقپەرۋەرلىك، ھۆرلۈك ئىدىيىلىرى قوشۇلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رومانتىك مەزمۇنلىرى ئىچىدە غايىۋى ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى تېما ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇنداق غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىزچىل تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، ھىرقەتى، ئاياز شىكەستە، زەلىلى، مۇھەممەد سادىق، مۇھەممەد ئابدۇللا خەراباتى قاتارلىقلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىمۇ نۇقتىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم، بۇ نەسرىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئالدىدا ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا روشەن پەرق كېلىپ چىققان. بۇ پەرق يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەت مىللىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مەيدانغا چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شېئىرىيەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەم گەۋدىلىك نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن. يەنى دىۋان-كۇللىيات تۈزۈش ئېنىق مەقسەت قىلىنغان، لىرىك غەزەل ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ زامانغا بولغان قارىشى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن، داستانچىلىق بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە دەپ قارالغان. ماۋزۇ تاللاشقا دىققەت قىلىنىپ، ئۆزگىچە ماۋزۇ قويۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. شېئىرلارنىڭ تېمىسى ئەخلاقنى تەرغىب قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلگەن. غايىۋى يار، غايىۋى پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت ئوبرازىنى يارىتىش ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن.

سەككىزىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ زور. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن، ھەجمى ئەڭ زور دەسلەپكى ئىمزالىق (ئاپتورلۇق) داستان «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىيلىكى تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتە، ئەسەرلەرنىڭ

قۇرۇلمىسىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، تىل ۋە شەكىل تۈزۈلۈشىگە ئەھمىيەت بېرىشتە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋى مىللىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلار، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق مىللىي خاراكتېر، مىللىي سالاپەت ۋە مىللىي قىياپەتكە ئىگە بىرمۇنچە ئېپىك ۋە لىرىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى. شۇنداقلا تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلاد كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ تەسىرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شەكىل، تۈزۈلۈش يەنى كومپوزىتسىيەگە قاتتىق پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن. بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە تۇراق، قاپىيە، ۋەزىن ئۇچۇن تاۋلانغان بەدىئىي ماھارەت بولۇشى تەقەززا قىلىنغان. بۇ خىل ئەنئەنە مىڭ يىللاپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن.

توققۇزىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ كەلگەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاپتور-مۇئەللىپلەرنىڭ كۆپـــى دېگۈدەك ئېنسكلوپېدىستىـــك شائىر-يازغۇچىلار ئىدى. مۇئەللىپلەر ئەينى چاغ شارائىتىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنـــى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكۈچىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى نىسبەتەن مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرى، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا تۇتاشقان، ئۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي ئىدىيە (ياكى پەلسەپە) تارىخ، ئاسترونومىـيە، تىبابەتچىلىك، فولكلور قاتارلىق پەنلەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ماتېرىيال ئىلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتلام بويىچە ئەكس ئېتىپ ماڭغان. مەسىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر تارىخىي مەنزىرىلەر نامايان قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى ساددا قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەپسانە-رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىدا بولسا پەقەت خاقانلارنىڭ تۆھپىلىرىلا خاتىرىلەنگەن بولماستىن، بەلكى، مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا دائىر بايانلار كونكرېت ھەم ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. «تارىخىي كاشغەر»، «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تارىخىي خانى»، «تارىخىي رەشىدى»، «تەزكىرەئى ئەزىزان» قاتارلىقلاردا فېئوداللىزم جەمئىيىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆججەتلەردۇر①. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەر قايسى ئىجتىمائىي باسقۇچلاردىكى رېئال تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ياشاپ، ئىلگىرى-كېيىن ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى، زاروئاستىر دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتمەي قالمىغان. ھەتتا بەزى ئەسەرلەر قويۇق دىنىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇلارنى «دىنىي ئەدەبىيات»

---

① بۇ يەردە ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن ئەھۋاللارمۇ بولدى. شۇ نەرسە تولىمۇ روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىپ، شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي مەدەنىيەتنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى توختىغان ئەمەس. ئۇلار بىرلىكتە ئىلگىرىلەپ، مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىغان. نوقۇل دىنىي مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەردىن خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئەخلاق-ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئوي-پىكىرلىرىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەپەككۇر تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قاراشلىرىنى مەنبە، ئۆزەك قىلغان ھالدا، ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرى بىلەن قوشنا رايون، خەلقلەر مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شىنجاڭ دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت رايونى جۇڭگو-خەنزۇ مەدەنىيەت رايونى ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى ۋە گرېك-رىم مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچراشقان رايون. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر خىل نىسبەتتىكى ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ساياھەت ئەدەبىياتىجەھەتتىكى ئەمگەكلىرى سۆزسىزكى قىممەتلىكتۇر. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر دىپلومات راببان ساۋما يازغان «راببان ساۋما ساياھەت خاتىرىسى» ① تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن بىر جۇڭگولۇقنىڭ غەرب دۇنياسى ھەققىدىكى تۇنجى ساياھەت خاتىرىسى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن ساياھەت خاتىرىسى داڭلىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرمۇنچە ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەيلە-ساياھەت، يۇرت كېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇ تۇرمۇشلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنى شېئىرىي مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ئۈچىنچى، تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىياتنى ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتى بېيىتىشتىكى ئايرىلماس ئىجادىيەت يولى بولۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرجىمە ئەدەبىياتىغا ۋە تەقلىدىي ئەدەبىياتقا قەدىمدىن بېرى زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مىلادى 5 — 7-ئەسىرلەردە «خۇئاستۇئانىفت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا روياپقا چىققان. ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» قەدىمكى ئۇدۇن تىلى، ئاگنى (قاراشەھەر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئېزوپ مەسەللىرى»، «ئىنجىل»②، «مايتىرى سىمىت»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «زەپەرنامە»، «قۇرئان»، «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «قابۇسنامە» قاتارلىقلارنى مەۋلانانا لۇتفى، موللا خامۇش ئاخۇن، ئابدۇللا مەخدۇم، موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاتارلىقلار خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئېزوپ مەسەللىرى»، «مايتىرى سىمىت»، «قۇرئان»، «قابۇسنامە»، «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «شاھنامە» قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، يالغۇز ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈن قالتىس چوڭ ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان زامانلاردا تېخى، جۇڭگودا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تىلدىكى تەرجىمىسى ئىشلەنمىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ تەرجىمە ئەدەبىيات تارىخىنى زور دەرىجىدە بېيىتقانلىقى بىلىنىدۇ.

① بۇ ئەسەر پارسچە يېزىلغان ئىكەن.
② بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلدى.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ چەت ئەل تىل سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تەقلىدىي ئەدەبىيات» يارىتىشتەك بىر خىل ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ دېگەنلىك، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرىش دېگەنلىك. بۇنىڭغا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى مۇھەببەت داستانلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزى داستانلىرىدىكى ئوبرازلار باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بولىسمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى يوق، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەيلى تەرجىمە ئەدەبىيات بولسۇن، مەيلى تەقلىدىي ئەدەبىيات بولسۇن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنى بېيىتىش ئۇچۇن خىزمەت قىلغان.

ئون بىرىنچى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق-غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنىۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەك، ئۇنىڭدا شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ قىممەتلىك ئىدىيىسى مۇجەسسەملەنگەن. يەنى، ئۇنىڭدىن شەرق ۋە غەرب تېماتىكىسىنىڭ مەشھۇر ئۈلگىلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «پەرھاد-شېرىن» ، «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئىككى داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە پەرھاد ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شەرققە يۈرۈشىدە چىن شاھىغا بەرگەن «جاھاننەما» (ئەينەكى) ئارقىلىق ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. شەرقتىن غەربكە ۋىسال سەپىرى باشلىغان پەرھاد چىن خەلقىنىڭ ھۈنەر-ماھارىتى ۋە گرېك مۇتەپەككۇرى سوقراتنىڭ ئۆگەتكەن ھېكمىتى بىلەن قوراللىنىپ، شېرىننىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر»دە گرېك شاھزادىسى زۇلقەرنەيىنىنىڭ غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتىل پەلسەپىسى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ دارىغا قارشى كۈرەشتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىغا تايىنىپ، شەرقتە ئادالەت ئورناتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. نەۋائى گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى تۈپەيلى تارىختىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ھاكىممۇتلەقلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى «راھەتۇل قۇلۇب» (قەلب ھۇزۇرى)دا چىن مەلىكىسى بىلەن غەرب شاھزادىسى ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىرمۇنچە داستانلار ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر پارچە ئەينەك دېسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بىر پارچە داستاندا چىنلىق پادىشاھ، شاھزادە، مەلىكە ئوبرازى، ھىندى پادىشاھىسى، شاھزادىسى، مەلىكىسى، ئىران، ئەرمەن، ئەدەن، باغدادلىق ھەر خىل ھەر ياڭزا ئوبرازلار ئۇچرايدۇ. بۇلارنى، تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، بۇ ئەسەرلەردە چىن خاقانى، خوتەن رەستىسى، خارەزم چۆللىكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركەردىسى، ساك قەھرىمانى، تۇران مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا مۇنداق قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۇر مۆجىزاتىنى يەنە تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خېلى قەدىمكى زامانلاردىلا ئېچىۋېتىلگەن بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئۇ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىلا ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئەرەب-پارس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى باشقا تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى ئارىسىدا، تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى ئارىسىدا قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى، قوشنا

ئەللەر ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان ئەدەبىيات مۇناسىۋىتى جەھەتتە، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تىپىك ۋەكىللىككە ئىگە ئەدەبىيات. ئەدەبىياتنىڭ تېما، ماتېرىيال، ئىدىيە ۋە باشقا شەكىل ئامىللىرى جەھەتتە «ھەم مېنىڭ، ھەم سېنىڭ» بولۇشتەك ھالەت بارلىققا كەلگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەرلىك، مەھەللە ياكى مىللىي ئالاھىدىلىك جۇلالىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس ئىدىيىلەرمۇ ئەكس ئەتكەن.

ئون ئىككىنچى، شېئىرىي تارىخ يارىتىش، ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلىتىشكە خۇشتار بولۇش، ئاپتورلار قىسقىچە تەرجىمھالىنى شېئىرىي مىسرالىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتى دولقۇنلۇق ئۆركىشىنى كۆۋەجىتىپ ئۆتكەن 1000 يىللىق ئۇزۇن بىر جەرياندا، ئەدىبلەر، ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان يىللىرىنى ئىزچىل يوسۇندا شېئىرىي تارىخ شەكلىدە يەنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە يېزىپ قويغان. يەنى يىلنامە ئەسەرنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى ۋە ياكى ئوتتۇرىلىرىدىكى شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر يېرىدە تېپىشماقتەك يوشۇرۇن ئەكس ئەتتۈرىلىدۇ. بۇ خىل يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئادەت ئىدى. ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلەتكەن.

ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى ھەر خىل ھادىسە ۋە ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى، تەۋەرۇك ئانا شەھىرىنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلغانلار ئەڭ كۆپ. بۇلاردىن باشقا، نۇر-يورۇقلۇققا تەلپۈنۈپ، شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، ئارزۇ-غايىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇش قىسمەتلىرى، بولۇپمۇ، غېرىب-بىچارىلىك، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، ئىشق-ھىجران، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بار. بۇلاردىن باشقا، ئاددىي-ساددىلىق، كەمتەرلىكنى، ئېسىل خىسلەت، بەلەن خۇلقى-مىجەزنى، كۆي-ئاھاڭلارنى ھەتتا ئۆز ئىسىملىرىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ئومۇمەن، بىز تەخەللۇسلار ئارقىلىق كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولالايمىز.

ئون ئۈچىنچى، ھەرپىي ئوبراز يارىتىش، سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكى، ئاپتورلار ھەرپلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، رەت تەرتىپى، ئوقۇلۇش تەلەپپۇزى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شېئىرلاردا ھەرپىي ئوبراز يارىتىشتەك بىر خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يەنە ھەرپلەر ئارقىلىق سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش، مۇئەممما يەنى تېپىشماق شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن بۇ خىل ئادەت يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ، تا تەجەللىگىچە داۋاملاشقان. ھەرپىي ئوبراز ياراتقاندا، بىرى، بىرەر ھەرپنىڭ يەككە ھالدىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوبراز يارىتىش، يەنە بىرى ئېلىپبە سىستېمىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپلىك ئورنىغا ئاساسەن، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى جاھان ئەدەبىياتىدا چوڭ ئورۇنغا ئىگە قىلىشتا زۆرۈرى شەرت بولالايدۇ.

ئاخىرىدا، شۇنى قىستۇرۇش ھاجەتكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە پاسسىپ تەرەپلەرنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. ئۇلارغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇش لازىم.

# I باب. تىل ۋە يېزىق

## 1 ـ § . تىل

### 1. قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ خاس تىلىغا ئىگە مىللەت. بۇ تىل 1500 يىللىق يازما ھۆججەتلەر ئارقىلىق خاتىرىگە ئېلىنىپ ساقلىنىپ كېلىنىش بىلەن بىرگە، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدا ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تىلى ئورال-ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي-تيانشان تىللىرى ئائىلىسى، شەرقى ھون تىلى تارمىقى، تۈركىي تىللار تۈركۈمى، ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرى بۆلىكىگە تەۋە.

تىلشۇناس ۋە تۈركشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىنى تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلگەندە، بىر قانچە خىل بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن شەكىللىرىمۇ ھەر خىل، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىي تىللار ئالىمى ن . ئا . باسكاكوۋ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر تىلىنى تۈركىي تىلىنىڭ ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئالتە تارىخىي دەۋرگە بۆلگەن. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

(1) ئالتاي دەۋرى، بۇ دەۋرنىڭ يىل ھېسابى ئېنىق ئەمەس. تىلشۇناسلار بۇ تىل تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىن باشقا يەنە بىرقانچە تىللار گۇرۇپپىسى بىلەن، ئۇنىڭدىن يىراقراقىنى سۆرۈشتە قىلغاندا ناھايىتى چوڭ تىل سىستېمىسى بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇ دەۋردىكى تىللارنى ۋە ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۆلۈك تىللار ۋە ھازىرقى زاماندىكى جانلىق تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىنى تۇتقا قىلىپ، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل ئارقىلىق پەرەز بىلەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

(2) ھون دەۋرى، بۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 4 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بەزى سۆزلەر، خاس ئىسىملار ۋە مەنسەپ-ئۇنۋان ناملىرى قاتارلىقلاردىن باشقا ھون دەۋرىگە ئائىت، ھازىرچە يازما يادىكارلىق تېپىلمىدى.

(3) قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى، بۇ 5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىملار بۇ دەۋرنى يەنە مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن:

بىرىنچى، تۈركۈت — تۈركلەر دەۋرى (5 — 8 ـ ئەسىرلەر).

ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر دەۋرى (8 — 9 ـ ئەسىرلەر) .

ئۈچىنچى، قەدىمكى قىرغىز دەۋرى (9 — 10 ـ ئەسىرلەر).

(4) ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرى، بۇ 10 ـ ئەسىردىن 15 — 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىملار بۇ دەۋرنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلگەن:

بىرىنچى، قاراخانىلار دەۋرى (10 — 12 ـ ئەسىرلەر)، ئىككىنچىسى، موڭغۇل دەۋرى (13 — 15 ـ ئەسىرلەر) باسقۇچى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىللىرىغا خاس بولغان دىئالېكتىلاردا بىرقەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئەدەبىي تىل d دىئالېكتىدىن

y دىئالېكتىغا تولۇق يۆتكىلىپ بولغان. يېزىقتىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقىغا يۆتكىلىش بولدۇ. «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىل مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللىنىدۇ.

(5) يېڭى تۈركىي تىللار دەۋرى. بۇ دەۋر 15 — 16-ئەسىرلەردىن 19-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى تۈركىي تىللار دەۋرى ھازىرقى زاماندىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تولۇق شەكىللىنىپ چىقىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ كېيىنكى بۆلۈنۈشلىرى ۋە قىسمەن ھاللاردا ئۇرۇق-قەبىلە تۈركۈملىرىنىڭ ھەم تىللارنىڭ قوشۇلۇشلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

(6) ھازىرقى زامان تۈركىي ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى①.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئالتە دەۋرنى ھەممە تۈركىي تىللار ئوخشاش باشتىن كەچۈرمىگەن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى مۇشۇ دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك باشتىن كەچۈرگەن.

تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى قازاقىستان تىلشۇناسى قايداروۋنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىنى مۇنداق تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، بۇ دەۋر ئۆز ئىچىگە ئەڭ قەدىمكى دەۋر (مىلادى 5-ئەسىرگىچە) ۋە قەدىمكى دەۋر (5 — 8-ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى» (13 — 14-ئەسىرلەر) ۋە «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى» (15 — 16-ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە «كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى» (18 — 19-ئەسىرلەر) ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى» (20-ئەسىر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ②.

تۆۋەندە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «خاقانىيە تۈركچىسى» ۋە «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دېگەن بۇ ئۈچ ئىسىم ۋە ئۇلار ئىپادىلىگەن تىل تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈرك خانلىقى، ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە قوللىنىلغان تىلدىن ئىبارەت. بۇ تىلنى قەدىمكى تۈرك تىلى، توققۇز ئوغۇز تىلى، توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىلشۇناسى سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دېگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىلى سۈپىتىدە 600 يىل ئەتراپىدا ئاغزاكى تىل ۋە ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى، «ئالتۇن يارۇق» «مايترى سىمىت»، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى مۇشۇ تىل بىلەن يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ

---

① ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
② «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى.

مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تۇنجى قېتىم يېزىق بىلەن خاتىرىلەندى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ تىل كېيىنكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىل تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى دەل مۇشۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق بىۋاستە ۋارىسى سۈپىتىدە راۋاجلىنىپ كەلدى.

3. خاقانىيە تۈركچىسى

خاقانىيە تۈركچىسى 10 — 11-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نامى ئىدى. بۇ تىل قەدىمكى تۈرك (كۆك تۈرك — تۈركۈت، تۈركلەر) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ئىسلام مۇھىتىدا شەكىللەنگەن، قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى چوڭ شېۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل — خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ئىدى.

خاقانىيە تۈركچىسى، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسىدە بىر قانچە خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەڭ دەسلەپ، مەھمۇد كاشغەرى «تۈرك تىلى»، «خاقانىيە تۈركچىسى» دېگەن، «قۇتادغۇبىلىك» كە نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە پارچىسىدا «بۇغراخان تىلى» دېيىلگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى «خان تىلى» دېگەن، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تا بولسا «كاشغەر تىلى» دېيىلگەن. كېيىنكى دەۋردىكى تىلشۇناسلار خىلمۇ خىل ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. بۇ پەقەت ئاتالغۇ جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ھەممىسىنى «ئۇيغۇر تىلى — خاقانىيە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى» دېگەن ئاتالغۇغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى سۆزلەر ۋە گىرامماتىكىلىق قائىدىلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. «مەھمۇد كاشغەرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›تە تۈرك تىلى ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا قىپچاق ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ①». «ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىللار تىزىملىكىدە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر — قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى»②، «‹دىۋان› دا شۇ دەۋردىكى ئوغۇز تىلىنىڭ نەمۇنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تونۇشتۇرۇلغان»③.

4. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

1) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قوچۇ ئۇيغۇر تىلى) ۋە خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت. 13-ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي-شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى بىر خىل تىل شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن. 15 — 16-

①②③ ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇر نەشرى، 2-، 3-، 227-بەتلەر.

ئەسىرلەردىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي-شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي روسىيە ياىلاقلىرى ۋە تۆمۈر (1370 — 1405)نىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئافغانىستان، ئىراننىڭ شەرقى ھەم شەرقى-شىمالىي قىسمى، ھىندىستان رايونلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرمۇ چاغاتاي تىلىنى قوللانغان①.

2) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

رۇس شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد «ئەگەر موڭغۇللار بۇ يەرگە ئىستىلا قىلىپ كەلمىگەن بولسا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەيدۇ②. چۈنكى، موڭغۇللار غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلىرى، بۇ رايونلاردىكى بىرمۇنچە مۇستەقىل تاجۇ-تەختلەرنى، دۆلەت بايراقلىرىنى، دۆلەت چېگرا سەھرالىرىنى ۋە بىرمۇنچە مىللەت، قەبىلە ئايرىملىرىنى ناھايىتى تېز ئارىدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ رايوندىكى خانلىقلار خىلى ئۇزاق زاماندىمۇ ھەل قىلالمىغان زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رايونلاردا ئاساسەن تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شېۋىلىرىدە، پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىن، شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان③ ۋە ئەسلىدە تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خارەزملەر ناھايىتى تېز تۈركلەشمەكتە ئىدى. ئەرەب تىلى بولسا، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب مۇھاجىرلىرى ھەم دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر خىل ئالاقە قورالى ئىدى. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بۇ جايغا يەنە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر كېلىپ ئورۇنلاشتى. لېكىن بۇلارمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۈركلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا ھۆكۈمران تائىپىلەر ھەممە قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. يەرلىك تۈركىي تىلنى (ئۇيغۇر تىلىنى) ئاساس قىلىپ، ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى④.

كۆپچىلىك تۈركشۇناسلار ۋە چاغاتايشۇناسلار «چاغاتاي تىلى»نى ئەينى زاماندا تۈركىي تىلنىڭ ئىچىدە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر شېۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشتۇر.

ئۇيغۇر تىلى نېمە ئۈچۈن چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي غولى بولغان ئالدى؟ بىلەن بۇ تىلنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قىيان سۈدەك كېلىۋاتقان چاغدا، ئىمپېرىيىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلار يوق ئىدى. شۇڭا يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان

---

① «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، 1984-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 114-بەت.
② بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 152-بەت.
③ بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 143-بەت.
④ ئە.بايتۇر، خ.سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 851-بەت.

ئوتتۇرا ئاسيادا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە تەسىس قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كاتىپلىقىغا ۋە ھېساب-كىتاب خىزمەتلىرىگە كۆپۈنچە ئۇيغۇرلار قويۇلغان. چىڭگىزخاننىڭ 13-ئەۋلادى ئەبۇلغازى ئەرەبشا مۇھەممەد باھادۇرغان (1664 — ؟) بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ، «چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋرە ئۇننەھر، خۇراسان، ھەتتا ئىراق قاتارلىق جايلاردا مۆھۈردارلىق بىتىكچىلىك ۋە ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى»① دەپ يازغان. ئەگەر بىز بۇ ئورگانلارنىڭ مىليونلىغان يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ مەزگىللەردە بۇ رايونلاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نەقەدەر كەڭ ئارىلاشقانلىقىنى ئاسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەگەردە، بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق تارىخىي ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بىز يەنە 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سامانىلار سۇلالىسى (874 — 999) گۇمران بولغاندىن كېيىن، قاراخانىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قىلچە مۇرەسسەسىز ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە تاجىك تىلىنىڭ ئورنىنى باسقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىللار دائىرىسىدە ئاساسەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھالەت ساقلاپ قېلىنغان. بۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە كەلگۈسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇرۇقى ئەمەلىيەتتە سېلىنىپ بولغان. ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆچىگە سۆيۈنۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قايتا ئومۇملاشقاندا، بۇ ئومۇمىي تىلنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلىتىلدى②.

چاغاتاي تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. 19-ئەسىردىكى تۈركىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى شەمسىددىن سامى «چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇيغۇر تىلى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان ھەم چاغاتاي تىلى دەپ ئالەمگە مەشھۇر بولغان.» يەنى «چاغاتاي خاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ چاغاتاي تىلى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان»③ دەپ يازغان. مەشھۇر باشقۇرد ئالىمى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى بولسا «ئۇيغۇرلار تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان»④ دەپ يازىدۇ. شەمسىددىن سامى يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى»⑤ دېسە، رۇس ئالىمى ۋ.ۋ. رادلوۋ «چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر»⑥ دەپ كۆرسىتىدۇ. مەشھۇر رۇس ئالىمى بارتولد چاغاتاي دەۋرىدىكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى سۆزلىگەندە «مەدەنىي خەلقلەر ئىچىدە ، مۇسۇلمانلار ( بولۇپمۇ

---

① «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» ، 27-بەت.

② ليۇجېشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1-قىسىم، 600 _ 601-بەتلەر.

③ «قامۇسۇلئەلەم» ، 1889-يىلى، 3-توم، 1876-بەت.

④ «تۈرك تاتار تارىخى» ، 1914-يىلى، 86-بەت.

⑤ «قامۇسۇلئەلەم» ، 3-توم، 1640-بەت.

⑥ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1993-يىلى 1-سان، 3-بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

تاجىكلار ) ۋە ئۇيغۇرلار ، پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۇلۇسلارنىڭ ئۇلۇس باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يەرلىك ۋاڭ، گوڭ، ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى»① دەيدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇلمەئانى»غا يازغان «كىرىش سۆز»ىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىمىز. ئۇ چاغاتاي تىل-ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان مەۋلانا سەككاكى بىلەن مەۋلانا لۇتفى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان. «ئۇيغۇر ئىبارەتنىڭ فۇسۇھاسىدىن ۋە تۈركىي ئەلفازىنىڭ بۇلاغاسىدىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفى» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفى). يەردىكى «ئۇيغۇر ئىبارەتى» بىلەن «تۈركىي ئەلفازى» تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «تۈركىي تىل» دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. «فۇسەھا» بىلەن «بۇلەغا»مۇ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى «تىل ماھىرى، تىلدا يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك بۇ تەرىپىنىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركىي تىلىنىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرىدىن» دېگەندىنلا ئىبارەت. نەۋائىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدە مۇنداق تەڭ مەنىلىك قۇرۇلمىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى سەككاكى بىلەن لۇتفىنىڭ تەرىپىدە ئۇلار قوللانغان چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ياكى تۈركىي تىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن②. تارىخشۇناس لىيۇجىشاۋ ھەققانىي ھالدا «ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىمۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ھەم تارقاتقان»③ دەپ كۆرسىتىشى دەل جايىدا ئېيتىلغان باھادۇر. چاغاتاي تىلى تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىندىن بېرى بەزى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرى، مەسىلەن دوتسېنت ئا بدۇرۇپ پولات قاتارلىقلار بۇ تىلنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا④ ھەم ئۇ قوللاشقا ئىگە بولماقتا⑤.

---

① بارتولد «يەتتە سۇ تارىخى»، 44-45-بەتلەر.

② مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 993 1-يىلى 1-سان، 19-بەت.

③ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1-قىسىم، 612-بەت.

④ ئا.پولات «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلار»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 7-بەت.

⑤ غ.ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1993-يىلى، 3-بەت.

## 2 - § . يېزىق

### 1 . قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار تارىختا خىلمۇ خىل يېزىقلارنى ئىشلەتكەن . بۇلار خەنزۇ يېزىقى ، ئۇدۇن - ساك يېزىقى، توخار يېزىقى ياكى كۇسەن-ئاگنى يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭدا قەدىمكى زاماندا قوللىنىلغان يېزىقلارنى ئالىملار 26 خىلغا يېتىدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىققان① ھەم بۇلارنى خەنزۇ-خۇاشيا يېزىق سىستېمىسى، ئارامى يېزىقى سىستېمىسى ۋە براھمى يېزىق سىستېمىسى دېگەن ئۈچ يېزىق سىستېمىسىغا تەۋە قىلىدۇ②.

### 2 . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

بۇ ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا تەۋە يېزىق بولۇپ ، دەسلەپ پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشايدىغان سوغدىلار مىلادى 3 - ئەسىردىن باشلاپ، ئىراندا قوللىنىلغان ئاۋېستا (پەھلىۋى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەن، مىلادى 5 — 6-ئەسىرلەردىن باشلاپ سوغدىلارنىڭ سودا پائالىيىتى بىلەن قوچۇ رايونىغا كېلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تەسىر قىلىپ، يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىنىش نەتىجىسىدە، بارلىققا كەلگەن . ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپاندىن مىلادى 5 - ئەسىرگە تەئەللۇق ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن قىممەتلىك يېزىق ۋەسىقىسىنى بايقىدى③. بۇتۇرمىش تارقان دېگەن كىشى «خۇئاستۇئانىفت» (مانى دىنى تۆۋەن دۇئانامىسى) ناملىق ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىگە ئېلىپ، ئۆز يېزىقىنى ئەدەبىي تىل ۋە يازما ھۆججەتلەر ئۈچۈن تەدبىقلاشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. رۇس تۈركولوگى، پروفېسسور مالوۋ «خۇئاستۇئانىفت» مىلادى 5، 6-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا مەيدانغا كەلگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ④. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 18 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلەپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاساسىي يېزىققا ئايلانغان، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 18-ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىق ئاساسىدا قىتان، موڭغۇل، نايمان، مانجۇ يېزىقلىرى يارىتىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن ئوردا، تۆمۈرىلەر دۆلىتى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىران تەۋەلىكلىرىدىكى دۆلەتلىرىدە 17-ئەسىرگىچە، تۈركىيىدە فاتىھ سۇلتان دەۋرىگىچە «ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن نام بىلەن قوللىنىلغان.

### 3 . قەدىمكى تۈرك يېزىقى

قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى

---

①② قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.

③ ق . ۋەلى «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادى 5-ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (ۋېنۋۇ) ژۇرنىلى، 1981-يىلى 1-سان.

④ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئالمۇئاتا «پەن» نەشرىياتى، 1983-يىلى نەشرى، 8-بەتكە ئېلىنغان نەقىل.

دەۋرى ھەم ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگىچە قوللانغان يېزىق. بۇ ئورقۇن-يەنسەي يېزىقى، تۈرك-رونىك يېزىقى، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى يېزىقى، سىبىرىيە يېزىقى ۋە دولپارچىن يېزىقى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ، بۇ يېزىق تۈرك خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قاچاندىن باشلاپ قوللانغان، دېگەن مەسىلىگە ئېنىق ئىسپات يوق. بۇ توغرۇلۇق بىر قانچە خىل كۆز قاراش بار:

① قازاقىستاننىڭ ئىسىك دېگەن يېرىدىن بىر قەدىمكى جەسەت تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان بىر كۈمۈش تاۋاققا خەت چېكىلگەن، ئارخېئولوگلار بۇ تېپىندىلارنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 — 5-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، يېزىقنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىلغان جۈملىدىن مەنىسىنى يېشەلمىگەن[1].

② خوتەن رايونىدا، كېيىنكىلەر «ئاق سېپىل» دەپ ئاتىغان بىر خارابىلىقتىكى سېپىلنىڭ كېسەكلىرىگە تۈرك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرپ بەلگىلىرى ئۇچرىتىلغان بولۇپ، بۇلار ھىندىستاننىڭ ماۋۇرىيا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرى 322 — 185-يىللار) دەۋرىدە قوللىنىلغان قارۇشتى يېزىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، دېگەن قاراش. بەزى ئارخېئولوگلار «ئاق سېپىل» خارابىسىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قاراشماقتا.

③ كورلىنىڭ چەرچەندىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ۋە شىئۇئار تەۋەسىدىن تېپىلغان ھەر قايسى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىچىدىكى بەلگىلەر(بۇنىڭدىن 3—5 مىڭ يىللار ئىلگىرى)نىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئوخشايدىغان شەكىللىرى بار، دېگەن قاراش①.

ئومۇمەن، يىل-دەۋرى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراشلار بولمىسىمۇ، لېكىن، بەزى ئىلمىي خادىملار، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى كۆپچىلىك ھەرپلەرنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ چىققان، دەپ قاراشماقتا②. بۇنىڭغا قوشنا خەلقلەر يېزىقىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ مەلۇم نىسبەتتە قوشقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن كۆز قاراشنىمۇ قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ. 38 — 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان تۈرك يېزىقى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگىچىمۇ قوللىنىلغانلىقى ئېيتىلماقتا.

بۇ يېزىقنى ئەڭ دەسلەپ، دانىيىلىك تومسېن بىلەن روسىيىلىك رادلوۋلار يېشىپ ئوقۇپ چىققان.

4. ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇرلار 10-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان، ئۇ دەسلەپ قاراخانىلارنىڭ دۆلەت يېزىقىغا ئايلىنىپ قاراخانىلار يېزىقى، 13-ئەسىردىن كېيىن چاغاتاي يېزىقى دېيىلگەن.

ئەرەب يېزىقى 28 ئۆزۈك تاۋۇشلۇق (بۇنىڭ ئىچىدە ا، و، ي لار شەرتلىك سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان) يېزىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەرەبلەرگە ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە تاۋۇش بەلگىلىرىنى قويۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش يولى بىلەن يېزىپ قوللاندى. 12-ئەسىردىن كېيىن، بۇ ھەرپلەرنىڭ سانى ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش سىستېمىسىغا ئاساسەن بىرقەدەر

---

① ئا. خوجا «قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1987-يىلى 1-سان.

② نىيۇرۇجى « تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭى قاراش »، « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992-يىلى 4-سان، خەنزۇچە.

مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلاندى، كۆپەيتىلدى ۋە بىر قىسىم سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر ياسالدى. سۆزلەرنى يازغاندا ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قويۇلىدىغان تاۋۇش بەلگىلىرى تەدرىجىي ئېلىپ تاشلىنىپ، ھەرپلەرنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق يېزىش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئەرەب-پارس تىللىرىنىڭ ئىملا قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئەينەن يېزىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىلىدىغان بولدى. يەنى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ياسالغان ۋە قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ھەرپلەر بىلەن ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك، يەنە بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىش شەكلىمۇ بارا-بارا مۇقىملىشىپ، ئاساسەن بىر خىل شەكىل، بىر خىل ئۇسلۇبقا قاراپ يۈزلەندى. ئەسلىدە «پ، چ، گ» تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بار بولسىمۇ، دەسلەپ ئۇلار ئۈچۈن يېزىقتا ھەرپ بەلگىلەنمەستىن «پ» ئورنىغا «ب»، «چ» ئورنىغا «ج»، «گ» ئورنىغا (ك) قاتارلىق ھەرپلەرنى يېزىپ ئىپادىلەپ كەلگەن. نەتىجىدە «ب، ج، ك» قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن فونېمىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولۇپ قوللىنىلغان. كېيىنچە پارس تىلىدىن كۆپلەپ سۆز-ئىبارىلەر قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە پارسلارنىڭ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان، پارس تىلىغا خاس «پ، چ، ۋ، گ» ھەرپلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇ خىل تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەينەن قوبۇل قىلىنىپ، ئېلىپبە تەركىبىگە قوشۇۋېلىندى ھەمدە «ن» بىلەن «ك»نى قوشۇپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس «نك» (ڭ) ھەرپى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ خاراكتېرى ۋە ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، چاغاتاي ئەدەبىي تىلدا 33 ھەرپتىن تەركىب تاپقان چاغاتاي ئەدەبىي يېزىق تىلىنىڭ ئېلىپبەسى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەپ تىلىغا خاس «ذ، ث، ض، خ، ص، ح، ع، ظ، ط» ھەرپلىرى پەقەت ئەرەب-پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگىلا ئىشلىتىلىدىغان، قالغان 25 ھەرپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرمۇ مۇشۇ يېزىقنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەرپلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

تارىختا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاغاتاي يېزىقى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن بۇ يېزىقنى بەزى ئالىملار چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتاش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويماقتا① ھەم بۇ بارغانسېرى قوللاشقا ئېرىشلمەكتە.

## 5. قارۇشتى يېزىقى

قارۇشتى يېزىقى ئارامى — ئەرەم يېزىقىنىڭ بىر تارماق سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ پىشامشان، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا قوللىنىلغان. 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن لوپنۇر كۆلىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى خارابىلىقلاردىن، سەددىچىن سېپىلىنىڭ دۈڭخۇاڭدا خەن

① بۇ ھەقتە ئابدۇرەئوپ پولات قاتارلىقلارنىڭ بايانلىرىغا قاراڭ.

دەۋرىدە ياسالغان تۇرلىرىنىڭ خارابىسىدىن، شۇنىڭدەك كاشغەر ۋە لوياڭنىڭ ئاسار-ئەتىقە بازارلىرىدىن قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان پۇتۇكلەر، بېغىشلىمىلار، يادنامىلار، خەنزۇچە-قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇللار تۇزلۇكسىز تېپىلدى. مۇشۇ ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، قارۇشتى يېزىقى پىشامشان، كىرورەن ئەتراپلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇن قوللىنىلغان ۋاقتى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، كېچىككەندىمۇ مىلادى 188-يىللارغا توغرا كېلىدىكەن①. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، قارۇشتى يېزىقى تارىملىقلار ئەڭ دەسلەپ قوللانغان يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قارۇشتى يېزىقىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا قانداق كىرگەنلىكى توغرۇلۇق كۆز قاراشلار ھەر خىل. ھازىر بىرقەدەر ئىلمىي بولغان قاراش سودا ئالاقىسى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشتىن ئىبارەت②. غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تىلى بىر خىل ھىندى-ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ ساك-ساق تىلىدىن ئىبارەت. غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر 1000 پارچىغا يېقىن بولۇپ، بۇلار تارىشلار، تېرىلەر، قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ئاقچىلارغا چۈشۈرۈلگەن، يەنە قەغەزگە چۈشۈرۈلگەنلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مۇھىمى چار روسىيىنىڭ كاشغەردە تۇرغۇزغان كونسۇلى ن. پېتروۋسكىي 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا تارىم ۋادىسىدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان بۇددا دىنىغا دائىر بىر پارچە «شېئىرلار توپلىمى» ۋە «خارما پادا سۇترا» ( 法句经 ) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خارماپادا سۇترا» خوتەندىن تېپىلغان. بۇ، نۆۋەتتە بۇددا دىنى سۇترا-نوملارنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال دەپ قارالماقتا. چۈنكى، بۇ سۇترانىڭ سانسكرىتچە ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ قارۇشتى يېزىقىدىكى قول يازما نۇسخا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال جانلىق تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن③. يېزىق شەكلى، گىراماتىكا ۋە باشقا ئامىللارغا ئاساسەن، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بەزى ئالىملار بۇ قول يازمىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى مىلادى 2-ئەسىرلەر دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇ قول يازما نۇسخا «خارماپادا سۇترا»نىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل نۇسخىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كونا نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قارۇشتى يېزىقى ۋە بۇ يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

### 6. قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقى

قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقى — ساك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ گوپتا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلىدىن تۈزۈلگەن. ئۇنى يېزىقشۇناسلار تۈز سىزىقلىق بىراھمى يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ. يەنە بىرمۇنچە تەتقىقاتچىلار ئۇنى «خوتەن ساك يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ④. بۇ يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى قەدىمكى ساكلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىللارنىڭ دەسلەپكىچە،

---

① لىن مېيسۇن «قۇملۇقتىكى قەدىمكى پۈتۈكلەر» ( 沙海古卷 )، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى.

② لىن مېيسۇن «جۇڭگودىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988-يىلى 3-سان، 129-بەت.

③ مايوڭ «قەدىمكى پىشامشان، ئۇدۇن رايونلىرىنىڭ قارۇشتى يېزىقى ماتېرىياللىرى ھەققىدە» («جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، 29-بەت.)

④ ق . ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز».

ساك تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرنىڭ غەربتىن تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ھەم ھازىرقى كاشغەر، مارالبېشى، يەكەن، خوتەن ۋە لوپنۇر كۆلى بويلىرى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىششى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇدۇن يېزىقىنىڭ تارىم ۋادىسىدا قوللىنىلغان ۋاقتى مىلادى 6 — 10-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، قەدىمكى كاشغەردىن باشلاپ، ئۇدۇن، نىيە، كىرورەنگىچە جايلاشقان ساكلارنىڭ تىلى بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئۈچ خىل دىئالېكتىغا ئايرىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمىيرەك بولغىنى كاشغەر ھەم ئۇنىڭ شەرقىدىكى مارالبېشىغا تارقالغان ساك تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساك تىلى شەرقىي ئىران تىلىغا تەۋە بولۇپ، بۇ ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ①. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چەت ئەل ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەرىپىدىن چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ ، ھازىر لېنىنگراد ، لوندۇن ، پارىژ، سىدگىرمۇ ، توكىئو، بېرلىن، يېڭى دېھلى قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇزېيلاردا ساقلانماقتا[2].

7. كۇسەن-ئاگنى يېزىقى

كۇسەن-ئاگنى ② يېزىقى — مىلادى 3 — ئەسىردىن 9 — ئەسىرگىچە كۇسەن ( كۇچا-ئاقسۇ رايونى )، ئاگنى (قاراشەھەر)، قوچۇ قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك قوۋملەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان بىر خىل يېزىق. بۇ ھىندىستاندىكى بىراھمى يېزىقىنىڭ گوپتا سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 320 — 540-يىللار)دە قوللىنىلغان، يانتۇ يېزىلىدىغان قول يازما شەكلىگە ئاساسەن ئىسلاھ قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پرىسىپىنىڭ ئارامى يېزىقىدىن كېلىپ چىققان. كۇسەن-ئاگنى يېزىقى دەسلەپ ئالىملار تەرىپىدىن «توخرى يېزىقى» دەپ ئاتالغان، ئۇ A ,B دىن ئىبارەت ئىككى خىل دىئالېكت خاتىرىلەنگەن بولۇپ، A دىئالېكتى ئاگنى، تۇرپان نەرەپلەردە قوللىنىلغان ۋە كېيىنكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن توخرى يېزىقى (A)دەپ ئاتالغان. B دىئالېكتى كۇسەن تەرەپلەردە قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ توخرى يېزىقى (B) دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىقتا ئىپادىلەنگەن تىل بىر خىل ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىل دېيىلىدۇ③. ئەمما، بۇ خىل تىل بىرقەدەر مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. خەلقئارا توخرى (توخار) تىلى ئالىملىرىنىڭ يازما تېكىستلەرنى تەتقىق قىلىپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللاردا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق دەۋرلەردە توخرى تىلىدا سۆزلەشكۈچى قوۋملەر تارىم ۋادىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، توخرى (توخار) تىلى گەرچە ھىندى-ياۋروپا تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوشنا بولغان ھىندى تىلى ياكى ئىران تىلىغا يېقىن كەلمەستىن، بەلكى ئۆزىدىن بەك يىراقتا تۇرغان يەنى غەربتە تۇرغان كېلت، يۇنان ھەتتا خېتىت تىللىرىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماي، توخرى (توخار) تىلىدىكى تېكىستلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا كەڭ جايلاشقان ئەڭ قەدىمكى دارۋىدلارنىڭ تىلىغا ئويغۇن بولغان تەركىبلەر بايقالغان④. ئالىملار يەنە

---

① خۇاڭ جېنخۇا«ئۇدۇن يېزىقى تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى»(«جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، 64-بەتلەر.)

② ئىلگىرى كىنگىت يېزىقى دەپ ئېلىنغان.

③ لى تى «ئاگنى — كۇسەن يېزىقى تەتقىقاتى»، «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، 56 - بەتلەر.

④ لى يوڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان ئىقتىساد-مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك مەنبەسى» («شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995-يىلى 2-سان، 60-بەت.)

كىزورەنىنىڭ ساك تىلى دىئالېكتىلىرى ئىچىدىن توخرى ( توخار ) تىلىنىڭ تەركىبلىرىنى بايقىغان [3]. دېمەك، كۇسەن-ئاگنى تىل-يېزىقى (توخرى ياكى كەڭرى مەنىدىكى توخار تىل-يېزىقى) يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان. بىر مۇنچە داڭلىق مۇئەللىپلەر مۇشۇ تىل-يېزىقنى ۋاستە قىلغان ھالدا شۆھرەت قازانغان. جى شەنلىنىڭ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە ، كۇسەن ، ئاگنى ، قوچۇ تىلى (بۇ يەردە توخرى تىلى كۆزدە تۇتۇلغان) بىلەن يېزىقچىلىق قىلغان ئاپتورلاردىن مەشھۇر كۇماراجىۋادىن باشقا، يەنە ئاگنىلىق ئارياچاندىرا ( Arya Candra ,圣月)، قوچۇلۇق كومارا بۇددى( 鸠摩罗佛提 )، كۇسەنلىك ماكسا گۇپتا( Maksa Gupta。多[illegible]木叉 )، ئۇيغۇر سىرائۇنى( 鱼羼提勿 ) قاتارلىقلار باز بولغان①.

8. خەنزۇ يېزىقى

شىنجاڭدا خەنزۇ يېزىقىنىڭ قوللىنىلىش تارىخى 2000 يىلغا بارىدۇ. بۇ يېزىقنى خەنزۇلار قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرمۇ قوللانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ يېزىقنى قوللىنىشى ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرى، خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى بويىچە قوللىنىش؛ يەنە بىرى، خەنزۇ تىلىنى پەقەت تاۋۇش بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۇنى ئۆز تىلىدىكى مەنىنى بىۋاستە ئىپادىلىگەن. بۇنى خەنزۇلار ياكى خەنزۇ تىلى بويىچە ئوقۇشقا بولسىمۇ، لېكىن، خەنزۇ تىلىدا مەنىسى چىقمىغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي جوۋ خانلىقى (مىلادى 557 — 581-يىللار)نىڭ يىلنامىسى بولغان «جوۋ تارىخى. 50-جىلد. قوچۇ تەزكىرىسى»دە مۇنداق بىر خاتىرە بار. «ئۇلارنىڭ يەنى خۇ ( 胡人 )لارنىڭ ... يېزىقى خۇاشيا (خەنزۇ)لارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇ يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. ‹ماۋشى› (ماۋ نەزمىلىرى)، ‹لوك يۈي› (كۇڭزى ئەسىرى)، ‹شياۋجىڭ› (ئاتا-ئانىلارغا ھۆرمەت كىتابى) ناملىق كلاسسىك ئەسەرلىرى مەخسۇس خانلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتىلىدۇ. ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ.» مەھمۇد كاشغەرى «... ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار» دېگەن (كىلياشتورنىي بۇنى ئورقۇن-يەنسەي يېزىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك دەيدۇ. )بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىدە خەنزۇچە خەتنى بىر خىل يېزىق قىلىپ قوبۇل قىلىپ، ئۆز تىلى بويىچە ئوقۇغان. تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان خەنزۇچە خەت-چەكلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى ھازىر خەنزۇ تىلى قائىدىسى بويىچە ئوقۇش تەسكە چۈشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ خەت-چەكلەرنىڭ يېزىقى خەنزۇچە بولسىمۇ، جۈملە تۈزۈلۈشى ئۇيغۇرچە بولغانلىقىدىن شۇنداق بولغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى بۇ پاكىتلار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر خىل يېزىقى ھەققىدىكى بايانلىرى مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بىرلا پەرقى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خۇلار (بۇ يەردە ئۇيغۇرلار دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەنسە بولىدۇ) خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس، ئۆز يېزىقىنى قوشۇمچە قىلىدۇ دېسە، مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاساس، چىنچە يېزىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ، دېگەن. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدىغان بۇ يېزىق قەدىمكى تۈرك يېزىقى بولماي خەنزۇ يېزىقى بولۇشى مۇمكىن②.

---

① جى شەنلىن قاتارلىقلار ئىزاھلىغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»گە شەرھى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى.

② ئى . مۇتئى «‹مەھمۇد كاشغەرى› رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 199؟-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانى.)

ئىزاھلار:

[1] يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەل مەتبۇئاتلىرىدا بۇ يېزىقنىڭ ئوقۇلغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن، مەنىسى ھەر خىل يېشىلمەكتە. مەسىلەن، تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە 1990-يىلى نەشىر قىلىنغان «تۈركلەرنىڭ ئالتۇن كىتابى» ناملىق كىتابتا، بۇ خەتنىڭ مەنىسى «خاننىڭ ئوغلى 23 يېشىدا ئۆلدى، ئىسىك خەلقىنىڭ بېشى ئامان بولسۇن» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، ئايدىن تانەرى دېگەن ئادەمنىڭ «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 11-بېتىدە بۇ خەتنىڭ مەنىسى «يۇرت (ۋەتەن)نىڭ بايرىقىنى شەرەپ بىلەن ئېگىز تۇتقىن، قوماندان بولغان كىشى ئۈچقۇر ئاتلار، قورقماس جاسارەتلىك يىگىتلەر ساڭا شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ، سەن يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى ئۆز بەختىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتقىن، سالامەت بول» دەپ يەشمە بېرىلگەن.

[2] چەت ئەللەردە ئودۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشىر قىلىش ئىشلىرىدا چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلگەن. پەقەت ئەنگلىيىلىك پروفېسسور بىلى (H. V. Beli) قاتارلىقلار ئېلان قىلغان ئودۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن «ئودۇن يېزىقى ھۆججەتلىرى» (ئالتە قىسىم، 1945 — 1967-يىللار)، «ئودۇن يېزىقىدىكى بۇددىزم ھۆججەتلىرى» (بىر قىسىم، 1951-يىلى، ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن بېسىلغان)، «ساك ھۆججەتلىرى» (ئالتە قىسىم، 1960 — 1973-يىللار)، «ئودۇن يېزىقىدىكى قول يازمىلار» (بىر قىسىم، 1938-يىلى) «ساك يېزىقىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەر توپلىمى» (بىر قىسىم، 1968-يىلى) قاتارلىقلار بار. تېخى باشقىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغانلىرى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس، خەلقئارالىق مەشھۇر ئودۇن تىلى مۇتەخەسسىسى ر . ئې . ئىمرك (R. E. Emrekc) «ئودۇن تىلى قوللانمىسى» ناملىق ئەسەر يېزىپ، ئودۇن تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى» ژۇرنىلىنىڭ (1987-يىللىق 9 — 10-سانلىرىدا)، ئا . م . سايرامىنىڭ بۇ توغرۇلۇق يازغان ماقالىسى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990-يىللىق 1-4-سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

[3] لى يوڭ مۇنداق قارىغان: ئەگەر بىز بۈگۈنگىچە تارىم ئويمانلىقىدا ئىشلىتىلگەن ئاشۇ قەدىمكى تىل-يېزىقلار يۈزىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى 19-ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تەبىئون ھوكسلى (Thomas Henry Huxley) نىڭ مېڭىسىدە ئۇزۇنغىچە چۆلغىنىپ تۇرغان بىر تەسەۋۋۇر (بۇنىڭدا قەدىمكى مىسىرلىقلار بىلەن ھىندىستاندىكى دارۋىدلارنىڭ بىر ئورتاق مەنبەسى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردا ھىندىستاندىن تاكى ئىسپانىيىگە قەدەر قارامتۇل تەنلىك ئادەملەر جايلاشقان ئۇزۇن بەلباغ شەكىللىك زونا، يەنى كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن «ھوكسلى زوناسى» دەپ ئاتالغان بەلباغ يېيىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بەلباغدا ياشىغان ئاشۇ ئادەملەر جاي-جايلاردىكى يېڭى تاش قورال مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىرى ھەمدە سۇلزاتسىيە، ئىجادكارلىرىدۇر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان) بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق ياكى شۇ تەرىقىدە تارىم ۋادىسىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى (prehistoric) يىراق قەدىمكى ھاياتىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ئېھتىمال دارۋىدلاردىن توخارلار ھەم ساكلارغىچە بولغان بىر نەچچە مىڭ يىللار داۋام قىلغان ئېتنوسلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئاساسىدىكى ئىقتىساد-مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىل ھەم سىستېمىلىق تەسۋىرلىرىنى بۇ كەمگىچە بولغان ھەر قانداق ۋاقىتلاردىنمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. لى يوڭنىڭ يۇقىرىدىكى نەقىلدە كۆرسىتىلگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، (1995-يىلى 2-سان).

# II باب. يىراق قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى

## 1 - § . ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر

### 1. ئەپسانىلەر

1 - ئىگىز قاڭقىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە

ئەپسانىنىڭ تېكستى: ئادەتتە ئېيتىلىشىچە، هون تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى. هۆسن-جامالى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. هون ئېلىدىكى كىشىلەر بۇلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن، هون تەڭرىقۇتى: «بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىشىم ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا قويىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت هون ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم بارمىغان بىر جايغا ئېگىز تۇرا ياسىتىپتۇ. ئىككى قىزىنى شۇ يەرگە چىقىرىپ: «قىزلارنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم » دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى بالىلىرىنى سېغىنىپ، كۆرمەكچى بولغاندا تەڭرىقۇت: «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېرى بۆرە كېچە-كۈندۈز هۇۋلاپ، تۇرا ئەتراپىنى ئايلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۆرە تۇرانىڭ تۈۋىدە بىر ئۆۋۈمۇ ياسىۋاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە زادى كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «ئاتام بىزنى مۇشۇ يەردە تەڭرىگە تاپشۇرغان ئىدى، ئەندى بۆرە كېلىپ قالدى، بۇ خىسلەتلىك مەخلۇق بولسا كېرەك، تەڭرى مۇشۇ بولمىسۇن يەنە» دەپ، تۇرادىن چۈشۈپ، بۆرە بىلەن جۈرە بولماقچى بولۇپتۇ. ئاچىسى هەيران بولۇپ: « بۇ هايۋان تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن جۈرە بولمەن دېگىنىڭ نېمىسى، ئەگەر بۇنداق قىلساڭ ، ئاتا - ئانىمىزغا چوڭ هاقارەت بولمامدۇ؟ » دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ نەسىهىتىگە زادى قۇلاق سالماي، تۇرادىن چۈشۈپ بۆرىگە جۈرە بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇپتۇ، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ ئېگىز قاڭقى قەبىلىسى بارلىققا كېلىپتۇ①.

ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى: بۇ ئەپسانە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى بويىچە بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ هايۋان توتېمى بىلەن بولغان ئالاقىسى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئادەم مەلۇم بىر توتېم بىلەن جۈپلىشىش نەتىجىسىدە پەرزەنت كۆرەلەيدۇ دەپ قارايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئېگىز قاڭقىلار ئادەم بالىسى بۆرە بىلەن جۈرە بولۇش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى مۇشۇنداق ئەپسانە ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

2 - ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدىكى ئەپسانە

ئەپسانىنىڭ تېكستى: تۈركلەر هونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى، فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ، ئالاهىدە بىر قەبىلە هېسابلىنىدىكەن. تۈركلەر بىر زامانلاردا قوشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، نەسلى قۇرۇپ كېتىپ، پەقەت 10 ياشلىق بىر بالا ئامان قالغان ئىكەن. غالىب ئەلنىڭ جەڭچىلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي پۇت-قوللىرىنى كېسىپ، ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان

① «ۋېيشۇ، گاۋچېجۇەن» («ۋېي تارىخى. ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى»).

بىر ساسلىقتا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۆرە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپ، ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ، بالىغا يېقىنلىشىپ قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. لېكىن، ھېلىقى غالىب ئەلنىڭ خانى-تۈرك نەسلىدىن بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، بالىنى ئۆلتۈرگۈزىۋېتىپتۇ. بالىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر چەتتە تۇرغان ئۇرغاچى بۆرىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا بۆرە قوچۇنىڭ غەربىدىكى شىمالىي تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە ياپيېشىل ئوت-چۆپ مايسىلار تۇرغان، ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ ئالغان، ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان بىر جىراغا يوشۇرۇنىۋاپتۇ. بۆرە بۇ يەردە 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيلىنىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇپتۇ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم فامىلىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا ئىكەن. مانا مۇشۇ فامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى ئاۋۇپ، تەدرىجىي ھالدا بىرنەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. بۇلار بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن جىرادىن چىقىشىپتۇ①.

ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى: بۇ ئەپسانە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەنبەلىك ئەپسانىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە بۆرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان ساددا تەسەۋۋۇرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3 - ئۇيغۇرلارغا بۆرىنىڭ يول باشلىغانلىق ھەققىدىكى ئەپسانىلار

ئەپسانىنىڭ تېكستى: ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي، ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۈچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپتۇ. قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۈشۈكتىن ئوت-چۆپ، مايسىلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولۇپ قالغان②.

4 - ئەۋلىيا، پەرىلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر

1) قۇلباق ئەپسانىسى

ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى: قەدىمىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇلباق ھەققىدە قىسسە تارقالغان. ئېيتىلىشىچە، قۇلباق-تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى(بولۇپ)ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قارا تاشقا «تەڭرى قۇلى قۇلباق» دەپ يازسا ئاق بولۇپ چىقىدىكەن، ئاق تاشقا يازسا قاراپ بولۇپ چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە بار ئىكەن③.

بۇ ئەپسانە ئۇيغۇرلار سۇنئىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن. ئۇ كۆپ

---

① «جوۋشۇ. تۇجۆجۇەن» جۇۋ تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى..

② ئوبۇلغازى باھادۇرخان «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك».

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 620-بەت.

خۇدالىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان.

2) ئۇماي ئەپسانىسى

ئەپسانىنىڭ تېكىستى: ئەپسانە قىلىنىشىچە، ئالەمنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە «تەڭرى» ئىسىملىك بىر ياراتقۇچى ئىلاھ تۇرارمىش (ئۇنى قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار «يارۇق — Yaruk» يورۇقلۇق دۇنيا، دەپ چۈشىنەتتى) ئالەمنىڭ تۆۋەندىكى قەۋىتى — يەر (قاراڭغۇ — زۇلمەت دۇنياسى) بولۇپ، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەۋلادلارنى زىرائەت ، ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدىغان تۇپراق ۋە ئۇنى كۆكەرتىدىغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغۇچى « ئىدۇق — eduk » يەنى بەخت ئىلاھى — ئۇماي ئىسىملىك بىر پەرى تۇرارمىش①.

ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى: ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدىكى ئىنسانلار ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى توتېم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى چىشى مەبۇدلارغا ۋە ئىلاھىي ئاياللارغا (سەنەملەرگە) چوقۇنۇش چۈشەنچىسىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن. يەنى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ئىلاھ تۇسىنى بەرگەن ھايۋان، ئۆسۈملۈكتىن تۇغۇلغان قىلىپ كۆرسىتىشلىرىدى، چىشى مەبۇدلارغا ئىخلاس قىلىش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئانىسىنى تونۇپ، ئاتىسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دەۋردە تۇرغان ئىنسانلار ئاشۇ ئانىنىڭ مەلۇم بىر ئەركەك مەبۇد (ھايۋان، ئۆسۈملۈك، نۇر، چاقماق ...) بىلەن ئالاقە قىلىشىدىن دۇنياغا كەلگەن دەپ ھېسابلاشتى. بۇ چاغدا غەيرىي ئىنسانىي مەبۇد ئەر جىنسقا، ئىنسان تۇغۇلغان مەبۇد ئايال جىنسقا ئۆزگەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئۇماي ئىلاھى ھەققىدىكى ئەپسانە تارقالغان. مەھمۇد كاشغەرى «ئۇمايغا تېۋىنساڭ ئوغۇل تۇغىسەن» دېگەن خەلق ھېكمىتىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ، ئۇمايغا چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ خېلى ئۇزۇن دەۋرگىچە ئۇماي ۋە باشقا ئىپتىدائىي مەبۇدلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى سېھرىي كۈچى تۈگىمىگەن.

5 - ئەپسانىلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى

ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدىكى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇرۇقداشلىق دەۋرى ئاياللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەت ئىدى. ئاياللار ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىلا ئالىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى دىنىي ئىدىئولوگىيە جەھەتتىمۇ نوپۇزلۇق ئورۇندا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ دەۋرنىڭ بەدىئىي ۋە دىنىي ئىنكاسى بولغان ئەپسانىلەردە ئايال مەبۇدلار ۋە ئاياللار ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەپسانىلەردىكى ھون قىزى، ئۇرغاچى بۆرە ۋە ئادەم [illegible] قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە بىخلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇيرۇقى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۈزۈلمىگەن. بۇنداق ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، ئېپوسلار كېيىنكى يازما ئەدەبىياتقىمۇ سىڭىپ كەتكەن. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى جەھەتتىن ئىپتىدائىي دىنىي كاتېگورىيىگە تەۋە بولسىمۇ، كېيىنكى سۇنئىي دىنلار بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە بولغان. بۇ خىل ئەھۋال كۆپرەك ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەجدادلىرى ئارىسىدا بولغان. ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چارۋىچى خەلقلەردە كونا ئەنئەنە،

---

① ئا. راخمان تۈزگەن «بېيەك يۇرتىدىكى ئەپسانە — رىۋايەتلەر».

ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردىكى قالدۇقلار ناھايىتى ئۇزۇن ساقلىنىدىكەن ھەم يېڭى ئېتىقادلار، ئىدىئولوگىيىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدىكەن. دېمەك، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى دىن بىلەن زىچ ئالاقىدار بولاتتى. قەبىلىنىڭ ئومۇمىي دىنىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە دىنىي ئادەتلىرى بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسەن ھەر خىل ئەرۋاھلارنى ئادەملىك ئوبرازىغا، ئادەملەرنى سىرلىق ئوبرازلارغا كىرگۈزەتتى. لېكىن، ئۇلار ياشاپ تۇرغان باسقۇچتا يەنى ياۋايىلىق دەۋرىدە، ئۆزلىرى بىلەن بولغان پەرقىنى ئايرىۋالالمايتتى، كىشىلەرگە تەسىر قىلغۇدەك ماھىيەتلىك نەرسىنى ھېس قىلالمايتتى. لېكىن، بۇ خىل تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە تەدرىجىي راۋاجلىنىپ، كۆپ خۇدالىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ سەمەرىلىك ھارپىسى بولۇپ قالاتتى. ھەر خىل ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ مۇئەييەن ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە ئاڭ فورمىلىرى يەنى ئۇسسۇل ۋە ئويۇنلارنى ئورۇنلايدىغان ئۆزلىرىگە خاس قىلىقلىرى بىر پۈتۈن دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە جارى بولۇپ تۇراتتى. بۇ خىل ھادىسىلەر ئەپسانىلار سۈپىتىدە تارقىلىپ، كىشىلەرگە بەلگىلىك ئىجتىمائىي تەسىرنى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولاتتى. بىز بۈگۈنكى كۈندە، بۇ خىل ئەپسانىۋى مەزمۇنلار بىلەن تونۇشقان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان فانتازىيىلىك تارىخ ئەينىكى ئىكەنلىكىنى شۈبھە ئىچىدە ئەمەس، بەلكى، تارىخىي يوسۇندا كۆزىتەلەيمىز.

2. رىۋايەتلەر

1 ـ ئۇرۇق-قەبىلە نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر تارقالغان. خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن «جۇۋشۇ» (جۇ خانلىقى تارىخى)، « سۈيشۇ » (سۈي خانلىقى تارىخى) ۋە « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك »، «ئوغۇزنامە»، جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان گۇشاي»، راشىدىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ»، مىرخۇەندىنىڭ «رەۋزە تۇسسەفا»، ئوبۇلغازىنىڭ «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەردە تۈرك، ئۇيغۇر، قارلۇق، چىگىل، قالاچ، قىپچاق، قاڭقى، ئوغۇز دېگەن ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خېلى كۆپ رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ رىۋايەتلەر سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى، مەزكۇر قەبىلىلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رىۋايەتلەر قويۇق ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن بىر ۋەقە ئاساسىغا قۇرۇلغان، بايان قىلىشى تەرتىپلىك، فانتازىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن فانتازىيە بىلەن رېئاللىق جايىدا ماسلاشقان. ئۇنىڭدىكى ۋەقە، شەيئى ياكى ئوبرازلار خاراكتېرى كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرىدۇ.

2 ـ «ئۇيغۇر» نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

«ئۇيغۇر» نامى توغرىسىدا بىرمۇنچە رىۋايەت تارقالغان. بۇلار «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «ئوغۇزنامە»، «جامىئۇل تەۋارىخ»، «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن. رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى: «ئۇيغۇر» نامى توغرىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەرنى مەزمۇنىغا قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلىدۇ.

بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردىكى ماكېدونىيىلىك زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈشىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر يۇرتىغا قەدەم باسىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ

ئۇستىدە «شۇ» دېگەن بىر ئادەم قاغان ئىكەن. شۇ قاغان ئۆز ئېلىنىڭ يات كۈچلەرنىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئۇلۇس ئارا بىر قېتىملىق ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە 4000 خىللانغان ئاتلىق ۋە ئۇچلۇق قالپاقلىق ئەسكىرىنى كېچىدىكى جىمجىتلىق ئىچىدە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى يورەر قىسمىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. شۇ قاغان قوشۇنلىرىغا تەجرىبىلىك، ياشانغان كىشىلەر يەنى «ئۆگە»لەر يېتەكچىلىك قىلغاچقا، بۇ قوشۇن تېز سۈرئەتتە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىۋېتىدۇ. بۇ خىل جاسارەتلىك قوشۇننى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، ئۇلارنى مەرگەن كىشىلەر دېگەن مەنىدىكى «خۇزخۇر» نامى بىلەن ئاتايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ سۆز ئۇيغۇرلارغا نام بولۇپ قالىدۇ ۋە تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياشاپ «ئۇيغۇر»غا ئايلىنىپ كېتىدۇ①.

ئىككىنچى خىل مەزمۇندىكى رىۋايەتكە «ئوغۇزنامە»دىكى رىۋايەتلەر ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئوغۇزخان بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئارىسىدا دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن كەك-ئاداۋەت تۇغۇلۇپتۇ، بەزىلىرى تۇغقانلىرى ۋە ئۇرۇق-ئايماقلار ئوغۇزخاننى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. ئوغۇزخان بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىنىپ، ئۇلارغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بېرىپتۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇلار مەن بىلەن ئىتتىپاقلاشتى» دېگەنلىك ئىكەن.

رىۋايەتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى: بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىنچى خىلىغا ئىسلام تۈسى بېرىلمىگەن، ئىككىنچى خىلىغا بولسا بېرىلگەن. يەنى ئالدىنقى دەۋرلەردىكى رىۋايەت سيۇژېتى جەڭگىۋارلىق، باتۇرلۇق، ئەقىللىق، بىلىملىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭدا جاپالىق چارۋىچىلىق، كۆچمەنلىك ھايات، دەھشەتلىك ئىجتىمائىي زىددىيەت ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، كېيىنكى دەۋرلەردىكى رىۋايەت سيۇژېتى ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، ئىناقلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. بۇنىڭدا، مۇقىم ۋە كۈچلۈك دۆلەتتىكى خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقى، تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن رەھبەرلەرنى قوللاش، ئۇنى ئەلنى ئوڭۇشلۇق ئالغا يېتەكلىشكە مەھدەم بولۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئاتالغۇسىدىن ئىبارەت بىر سۆز ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىككى چوڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى — چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق، شەھەر ھاياتىنى ھەم مۇشۇ ئىجتىمائىي باسقۇچلاردا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى، روھىي قىياپىتىنى، ھەرىكەت پائالىيىتىنى ئاددىي، ئەمما ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا بۇ رىۋايەتلەر دەۋردىن-دەۋرگە ئۆتۈپ، خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە پەخىرلەندۈرۈش رولىنى ئويناپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ كەلگەن.

### 3 -قەھرىمانلار ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەر بىرقەدەر مول. رىۋايەتلەر ئەپسانىلەردىن تەرەققىي قىلىپ ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ بارغان. رىۋايەتلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەھرىمانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ھەم تارىخىي، ھەم بەدىئىي خاتىرە سۈپىتىدە ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىنى تەسىرلىك، تىپىك ۋە جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى بىلەن

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم.

مەشھۇردۇر.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەھرىمانلار توغرىسىدا بىرمۇنچە رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرى، بەزىلىرى قوللۇق جەمئىيەت، يەنە بەزىلىرى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى بىلەن ئالاقىدار بولغان، قەھرىمانلار قەبىلە، ئۇلۇس، مىللەتنىڭ ئاقساقاللىرى، خاقانلىرى، سەركەردىلىرى بولغان. ئۇلار خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئومۇمنىڭ ئىپتىراپ قىلىشى، مەدھىيىلىشى، تىللاردا داستان قىلىشىغا نائىل بولغان. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى، قەبىلداشلىرى ئارىسىدا تارقالغان داڭلىق رىۋايەتلەردىن «تۇمارس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «مۇدۇ تەڭرىقۇت ھەققىدىكى رىۋايەت»، «خاقان شۇ ھەققىدىكى رىۋايەت»، «ئافراسىياپ ھەققىدىكى رىۋايەت»، «بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «كۆل بىلگە قاغان ھەققىدىكى رىۋايەت»؛ «سوتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «ئارسلانخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدىكى رىۋايەت»، «قاراخان پادىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەت» قاتارلىق رىۋايەتلەر بار. يۇقىرىقىلاردىن «خاقان شۇ ھەققىدىكى رىۋايەت» بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

شۇ قاغان ھەققىدە: مەھمۇد كاشغەرى ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدە ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكى ۋە تۈرك خاقانى بىلەن ئادەتتىكىدەك سۈركىلىش قىلغانلىقى ھەم ئاخىر سۈلھى تۈزۈلۈپ، بىر قاتار ئۇيغۇر شەھەرلىرى تىنچلىق سىمۋولى قىلىنىپ، مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن بىنا قىلغانلىقىنى بىر تارىخىي قىسسە سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نىڭ «ئۇيغۇر، تۈركمەن، ئۆگە» ماددىلىرىغا بەرگەن ئىزاھاتىدا ئۇيغۇر ئې..دىكى تۈرك خاقانىنىڭ ئىسكەندەر بىلەن ئىركىشىشىدىكى پەم-پاراسىتىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق قىزىقارلىق بايان قىلىدۇ:

رىۋايەتنىڭ تېكىستى: زۇلقەرنەيىن سەمەرقەندتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا تۈركلەرنىڭ ‹شۇ› ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى ‹شۇ› قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟» دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان ‹شۇ (xu)› خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا تارقانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغان كېيىن، غاز، ئۆردەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن. خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: ‹غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملەرنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا ‹خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس› دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىق..انلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك،

تەشۋىش پەيدا بولۇپتۇ... تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۇپتۇز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ...

خاقان ‹شۇ› چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگەبىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە ‹ئالتۇنقان› دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ، زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن خاقان ‹شۇ› قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ، ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان بىر تىلسىم قۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەگلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ»①.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە «ئۆگە» دېگەن سۆزگە تەبىر بېرىلىپ يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ كەم يېرى تولۇقلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ.

«زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى ‹سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى› دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى ‹ئۆگە› سۆزىنى قوللىنىپ ‹ئۆگەنىمۇ؟› دېگەن. ۋەزىر ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن: ‹بۇ نېمە؟› دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: ‹ئالتۇن قان› دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھى تۈزگەن.»②.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»دىكى «ئۇيغۇر» ماددىسىغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا، تۈرك خاقانى ئەۋەتكەن 4000 ئەسكەرنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىغانلىقى، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىغانلىقى، بۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن ھەيران قېلىپ، ‹ئىنان خۇزخۇرەند inan huzhurand) — بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دېگەنلىكى، كېيىنچە، ‹خۇزخۇرەند» سۆزى ‹ئۇيغۇر› دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىپ ئۆتۈلىدۇ. ئاخىردا تۈرك خاقانىنىڭ زۇلقەرنەيىن بىلەن ئىمزالىغان تىنچلىق سۈلھىسىنىڭ شەرتىگە سالدۇرغان سۈلمى (قاراشەھەر)، قوچۇ ، چانبالىق، بەشبالىق ،

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3-توم، 564—568-بەتلەر.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1-توم، 122—123-بەتلەر.

ياغبالىق قاتارلىق ئۇيغۇر ئېلىدىكى بەش شەھەر ساناپ ئۆتۈلىدۇ①.

رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى: مەھمۇد كاشغەرى ئىسكەندەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى ئەسىرنىڭبىرقانچە يېرىدە بايان قىلىشى قەدىمىي ئۇيغۇرلارئارىسىدا بۇ خىل مەزمۇندىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشى كەڭ،تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىمپېراتور ئىسكەندەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە ئۇنى يەڭگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇمىدۋارلىق روھى بىلەن تولغان رىۋايەتلەر تارقالغان②.

بۇ رىۋايەتتە ئۇيغۇر خاقانى شۇنىڭ پەم-پاراستى، ھەربىي ستراتېگىيىسى، ئەل-يۇرت سۆيەرلىكى، خەلق ئوغلانلىرىنىڭ چېۋەرلىك، باتۇرلۇقى بىلەن قوشۇلۇپ، جانلىق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان، بۇ خىل كۆرۈنۈش مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئويلايدىغان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قەھرىمانلىق روھنى ئۇرغۇتۇشتىكى بىر خىل ھەرىكەتلەندۇرگۈچ مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە تارىختا يادنامە بولۇپ ئويۇلۇپ كەتكەن.

4 ـ قەدىمكى ئۇدۇن رىۋايەتلىرى

قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) رىۋايەتلىرىدە ئاساسەن ئۇدۇن ئېلىنىڭ بىنا قىلىنىشى، ئاھالىلارنىڭ يۆتكىلىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، خانلىقنىڭ تىكلىنىشى، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشى، بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن ئېلىگە تارقىلىشى، ئۇدۇن بۇددىزىمىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانى، بۇددا دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ پائالىيىتى قاتارلىق بىرمۇنچە ئىجتىمائىي، تارىخىي، سىياسىي، دىنىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق بايانلار بار.

(1) ئۇدۇن ئېلىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت

خوتەننىڭ قەدىمكى نامى «ئۇدۇن» ئىدى. ئۇ شىنجاڭ قەلئەلىك خانلىقلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان بەگلىكلەرنىڭ بىرى، شەرق-غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇن، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدىكى زۆرۈرى بېكەت، شۇنداقلا تارىخىي جەريانلىرى بىرقەدەر مول يازما خاتىرىلەرگە ئىگە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى. مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك جاينىڭ بىنا قىلىنىشى توغرۇلۇق قەدىمكى خوتەنلىكلەر ئارىسىدا بىرمۇنچە رىۋايەتلەر تارقالغان ۋە بۇلار شۇ چاغلاردىلا كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك قىزىقىشىنى قوزغىغان، شۇنداقلا تارىخىي كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە بۇ خىل رىۋايەتتىن بىرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

رىۋايەتنىڭ تېكىستى: قەدىم-قەدىم زاماندا، ئۇدۇن دىيارىدا ئادەمزات يوق ئىكەن. پەقەت ۋايشىرۋانا تەڭرىسى③ ( 毗沙门天神 )بىلا بۇ يەردە تۇرىدىكەن. ھىندىستان پادىشاھىسى ئاسۇكانىڭ ئوغلىنىڭ بىر ئۆگەي ئانىسى بولۇپ، شەھۋانىيلىقتا بېرىلگەن ئاياللاردىن ئىكەن. ئۇ شاھزادىنىڭ كېلىشكەن يىگىت بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يولدىن ئازدۇرۇپ، زىنا قىلىشنى ئويلاپتۇ. كىم بىلسۇن، شاھزادە ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى ئۇقۇپ قېلىپ، تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ. ئۆگەي ئانا بۇنىڭغا

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1-توم، 151ـ152-بەتلەر.

② مىلادى 4-ئەسىرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا «شۇ» دېپ ئاتىلىدىغان بىر خان بولغان.

③ ۋايشىرۋانا — ۋايشىرۋانى ماھاراج — سانسكرىتچە ئاتالغۇ. ئۇ بۇددا دىنى رىۋايىتىدىكى ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت خاننىڭ بىرى. يەنى شىمالنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىگە① ( 旦叉始罗 ) تاكساسلا شاھزادىنى ساقلاپ ئۈچمەنلىك كۆڭلىدە، غەزەپلىنىپ،
تاشلىۋېتىشنى پىلانلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھنىڭ بىر يالغان يارلىقى تارقىلىپ، شاھزادىنىڭ ئىككى
كۆزى ئويۇپ تاشلىنىپتۇ. (ئاسوكا) پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ھەم شاھزادىنىڭ
چاكار-خىزمەتكارلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى قوشۇپ قارلىق تاغنىڭ شىمالىدىكى تاغ
جىراسىغا سۈرگۈن قىلىپتۇ. كىشىلەر بۇ يەردىن ياخشى بىر جاينى تېپىپ ماكانلىشىپتۇ، كېيىنچە
بارا-بارا سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ، ئۇدۇننىڭ غەربىي چېگرىسىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆز ئىچىدىن
بىر ئاقساقالنى خان قىلىپ سايلىشىپتۇ ھەم شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغلاردا شەرقتىكى
بىر دۆلەتنىڭ شاھزادىسىمۇ گۇناھ قىلىپ قويۇپ ئۇمۇ ئۇدۇننىڭ شەرقىي چېگرىسىغا كېلىپ قالغان
ئىكەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر شاھزادىنى خان قىلىپ تىكلىشىپتۇ. ئارىدا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ.
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولماپتۇ. بىر قېتىم ئوۋغا چىقىش پۇرسىتى كېلىپ، ئىككى تەرەپ
بىر جاڭگالدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ ھەم ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش جەريانىنى
بايان قىلىشىپتۇ. ھەممىسى بۇ يەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتىكەن،
تالاش-تارتىش يۈز بېرىپ، قورال تەڭلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئارىدا بىرەيلەن ئوتتۇرىغا
چىقىپ: «نېمە ئۈچۈن مۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىمىز. ئوۋ ئوۋلاپ ئادەم، ئاتلىرىمىز ھېرىپ قالدى،
قوشۇنلار ماھارىتىنى ئىشقا سالالمايدۇ، ھەر قايسى تەرەپ جايىغا قايتىپ ئۆز قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە
سېلىپ چىقسا، مەلۇم ۋاقىتنى كېلىشىپ، قايتىدىن ئۇرۇش قىلىشساق، قانداق؟» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئىككى تەرەپ ئۆز جايىغا قايتىشىپ ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپتۇ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپتۇ.
كېلىشكەن ۋاقىت يېتىپ كېلىپ، ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپتۇ. غەرب خانى ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولغاچقا
ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شەرق خانى تېرىلىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ مەركىزىنى
ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جايغا يۆتكەپ، قەلئەلىك خانلىق بىنا قىلماقچى بولۇپتۇ. خاقان شەھەر
قۇرۇلۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان لايىنىڭ يوق ئىكەنلىكىدىن ئاچچىقلىنىپ، ھەر قايسى يەرلەرنى كولاپ
چىقىش توغرۇلۇق يولىيورۇق بېرىپتۇ ھەم بۇ يەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىنى بىلىپ بېقىش خىيالىغا
كەپتۇ. مۇشۇ چاغدا قارا كۆل سۆركىۋالغان باشقا دىندىكى بىر مۇرت ئىچىگە لىق سۇ توشقۇزۇلغان
بىر قاپاقنى كۆتۈرۈپ خاقاننىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ ھەم: «مەن بۇ يەرنىڭ يەر ئالاھىدىلىكىنى بىلىمەن»
دەپتۇ. ئۇ سۆزلىگەچ قاپاقتىكى سۇنى ھېلىقى يەرگە تۆكۈپتۇ. سۇ ئەگرى-بوگرى ئېقىپ چوڭ بىر
يۇمىلاق ھاسىل قىلىپ ئۇيان-بۇيان ئايلىنىپ، كېلىپ-كېتىپ تۇرۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ھېلىقى مۇرت
تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قەيەرگە ماڭغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. كىشىلەر نەم ئۆتكەن يەرنى
مۇۋاپىق كۆرۈپ، شەھەرنىڭ ئۇلىنى بېكىتىپتۇ. بۇ ئۇل ئاساسىدا بىر شەھەر بىنا قىلىنىپتۇ. بۇ
دەل ئۇدۇن ئېلىنىڭ پايتەختى ئىكەن.

شەرقتىن كەلگەن ھېلىقى شاھزادە ئىككى تەرەپنىڭ پۇقرالىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پايتەخت
بىنا قىلىپ، خانلىق قۇرۇپ، پۇقرالارنى ئەمىن تاپقۇزۇپتۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە
ئوغلى بولمىغانلىقتىن نەسەبىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز دۆلىتىگە ھامىيلىق قىلىۋاتقان
ۋايشىرۋانا تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ، بىر پەرزەنت بېرىشىنى تىلەپ، تېۋىنىپتۇ. ئۇنىڭ تەلىپى تەڭرىنى

---

① تاكساسلار ئېلى — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

تەسرلەندۈرۈپتۇ-دە، تەگرىنىڭ پىشانىسىدىن بىر يوچۇق ئېچىلىپ ئۇ يەردىن بىر بالا ۋىلىقلاپ تۇرۇپ چۈشۈپتۇ. خاقان سۆيۈنگەن هالدا بالىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. پۇقرالارنىڭ هەممىسى كېلىپ تەبرىكلەپتۇ. كىم بىلسۇن، بۇ بالا سۈت ئەممەيدىكەن. خاقان بالىنىڭ ئوزۇقلىنالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە ئىلاھ دەرگاهىغا بېرىپ، بالىنى قانداق بېقىش توغرۇلۇق مەسلىهەت سوراپتۇ. بۇ چاغدا مەبۇدنىڭ ئالدىدىكى يەردىن تۇيۇقسىز بىر سادا چىقىپ، بىر مەبۇد ئايالنىڭ ئەمچىكى كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بالا دەرهال بېرىپ ئېمىشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئەمچەكنىڭ شاراپىتى بىلەن بالا بارغانسېرى چوڭىيىپتۇ. ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە جاسارىتى كونىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. خانلىق ئىچىدە ئەخلاق-پەزىلىتى كەڭ تارقىلىپتۇ. شەرق شاهزادىسىنىڭ بۇ ۋەلىئەهدى يەر ئەمچىكىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، يەر ئەمچىكىنىڭ نامى چىقىپ، خانلىقمۇ يەر ئەمچىكىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

رىۋايەتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاهىدىلىكى، ئۇدۇن ئېلىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر بەلگىلىك تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى چىنلىقتىن ناهايىتى يىراق، بولۇپمۇ ئۇدۇندا ئادەم پەيدا بولۇش، خانلىق قۇرۇلۇش، گۈللىنىش قاتارلىقلار نوقۇل بۇددا دىنىنىڭ شەرىپى نەتىجىسىدىن قىلىپ كۆرسىتىشلىرى قىزىقىش ئىچىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر خىل بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇقۇمنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلا بولسا، كىشىنى ئارتۇقچە گاڭگىراتمايدۇ.

بۇ رىۋايەت نۆۋەتتە ئۇدۇن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا باشقا يازما ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلى، بىرقەدەر مۇهىم دەپ قارىلىدۇ. ئارخېئولوگلار خوتەن ۋادىسىدا كونا تاش قورال دەۋرىگە خاس قەدىمكى ئىزلارنى بايقىدى①. تارىخىي پاكىت شۇنداق ئىكەن، خوتەن بوستانلىقىنى غەرب ئادەملىرى ۋە شەرق ئادەملىرى كېلىپ بىنا قىلغان دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇ يەرگە غەرب ۋە شەرق ئادەملىرى كەلگەن دەپ، بۇنى تارىخنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئەهۋال كۆرۈلسە، بۇلارنى كېيىنكى يىللاردا بولغان ئىشلار دەپ ئىزاهلاشقا بولىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، خوتەندىن ئىبارەت بىر قەدىمىي يۇرتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى توغرۇلۇق تارقالغان بۇ رىۋايەت كۈچلۈك بەدىئىي تۈسكە ئىگە. ئۇنىڭدا كىشىلىك جەمئىيىتنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، تارقاقلىقتىن ئۇيۇشۇپ، باشباشتاقلىقتىن بىر نوپۇزلۇق هاكىمىيەت، چېۋەر ۋە هەممە ئېتىراپ قىلغان ئاقساقال خاقاننىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، گۈللەپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكى هەم بۇ جەرياندا چوقۇم يۈز بېرىدىغان بىر قاتار ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، تەبىئىي هادىسىلەرنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن بىر ياقلىق قىلىنىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ رىۋايەتتە ئەكس ئەتكەن بەزى مەسىلىلەر قەدىمكى خوتەنلىكلەر بېسىپ ئۆتكەن هەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى كۆچمەن تۇرمۇش، بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان ئوتلاق، سۇ قوغلىشىپ ياشاش، ئوۋچىلىق، ئات مىنىش قاتارلىقلار، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي هايات ۋە بۇنىڭ جانلىق ئىجتىمائىي ئالاهىدىلىكى بولغان ئاقساقالنى خاقان قىلىپ سايلاش، تەگرىنى

---

① ئىلگىرى خوتەندىن كونا تاش قورال دەۋرىگە خاس ئىزلار بايقالمىغاچقا، بەزى تارىخچىلار خېلى يىللارغىچە مۇشۇ رىۋايەتنى تارىخنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ كەلگەن.

تونۇش، تەڭرى ئىبادەتخانىسى بولۇش، شەھەر قۇرۇپ، ئولتۇراقلىشىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئالاھىدە مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ رىۋايەت قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىنىپىي ھادىسىلەرنى يىغىنچاق، ئەمما تىپىك ھالدا ئىپادىلىگەن.

بۇ رىۋايەتنىڭ مەنتىقىلىق رىۋاجى ۋە دەۋر شارائىتى ئۇنى خەلق ئېپوسلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، قەدىمكى خوتەنگە بۇددا دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە كىرىپ، ئىدىئولوگىيىنى قاپلاپ كېتىشى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ تېز كۆپىيىپ، پۇقرالارنىڭ كىتابىي بىلىملەرگە بولغان ھەۋىسىنىڭ ئۇلغىيىشى نەتىجىسىدە، ئۇ رىۋايەت شەكلىدىلا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ رىۋايەت ئىپتىدائىي ئېپوس شەكلىنى ئالغان بىر بەدىئىي ئەسەر. ئۇ ئىخچاملىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ۋەقەلىك تەرتىپىدە خرونولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت، مەنتىقىلىق بايان بار. بۇ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك رىۋايەتنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىتابخاندا نورمال قىزىقىش قوزغايدۇ.

(2) ئەجدىھانىڭ ياتلىق بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەت

بۇ رىۋايەت قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىدە تارالغان.

رىۋايەتنىڭ تېكىستى: ئۇدۇن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ مەزكۇر ئەل ئېكىنچىلىكىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، دەريا سۈيى تۇيۇقسىز توختاپ قاپتۇ. خاقان ئارخاتنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن دەريا ئەجدىھاسىنىڭ بارلىقنى، تىلاۋەت قىلماقچى بولغاندا، دەريا ئەجدىھاسىغا تىلاۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۇقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈپ، تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر چاغدا، سۇ قايىنمىدىن بىر قىز چاچراپ چىقىپتۇ-دە، مۇنداق دېگۈدەك: «مېنىڭ ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. سىزنىڭ يارلىقىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. شاھ ئالىيلىرى، ئۇلۇسلىرىدىن بىر ئاقسۆڭەك ۋەزىرنى تاللاپ ماڭا جۈپلەپ قويغان بولسىڭىز، دەريا سۈيى ئاۋۋالقىدەكلا دولقۇنلاپ ئاققان بولاتتى». پادىشاھ: «مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، خالىغىنىڭنى تاللىۋالغىن» دەپتۇ. ئەجدىھا ئايال نازاكەتلىك بىلەن ۋەزىرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، ۋەزىر خانلىق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش قارارىغا كېلىپ، ئۆزلىكىدىن ئەجدىھا ھۇجرىسىغا بارماقچى بولۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنى يولغا سالىدىغان چاغدا، ۋەزىر ئۇستىگە مۇسىبەت كىيىمى كىيىپ، ئاق ئات مىنىپ سۇغا كىرىپتۇ. سۇ قايىنمى چوڭقۇر بىر يەرگە بارغاندا، قامچىنى سىلكىگەن ئىكەن، سۇدىن بىر يول ئېچىلىپ، ئادەم بىلەن ئات سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئاق ئات سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ چوڭ بىر قوڭغۇراق ۋە بىر پارچە خەتنى چىقىرىپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇ قوڭغۇراقنى شەھەرنىڭ شەرقىي-جەنۇبىغا ئېسىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھېلىقى قوڭغۇراق ئۆزلىكىدىن ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇپتۇ (سۇمۇ توختىماي كېلىدىغان بولۇپتۇ.)① .

بۇ رىۋايەت قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن ھارماي-تالماي ئېلىشىپ، ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەنلىكىنى يىغىنچاق، تەسىرلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مەلۇمكى، دەريا ئەجدىھاسى تەبىئەتتىكى سىرلىق كۈچ، ئۇ قەدىمكى ئىنسانلارنى ئۇزۇن

---

① شۇەن جۇاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى».

مۇددەت تەھلىكە ئاستىغا ئېلىپ كەلگەن. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان. خەلقنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك، لېكىن بۇ خىل مۇقەررەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كۈرەش قىلىشلا ئەمەس، بەلكى پىداكار ۋەزىردەك بارلىقنى تەقدىم قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەپسانىدىكى ئەجدىھا ئاپال سىرلىق تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى، ۋەزىر باتۇر خەلقنىڭ ئوبرازى. شۇ نەرسە ئەھمىيەتلىككى، رىۋايەت كۈچلۈك ئوپتىمىستىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. يەنى ئۇنىڭدا سىرلىق تەبىئىي كۈچلەر ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ تەمتىرەپ تۇرغان قىياپىتى ئەمەس، بەلكى، جاسارەت بىلەن ئېلىشىش روھى ئىپادىلەنگەن.

### 5 ـ قەدىمكى كۆسەن رىۋايەت ـ ھېكايىلىرى

#### 1) كۆسەن خانىنىڭ ئەجدىھانى يەرگە چۈشۈرۈشى

رىۋايەتنىڭ تېكىستى: قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن كۆسەن خانى ئاچور (ئالپ چور؟)نىڭ ئاجايىپ بىر خىل ماھارىتى بار بولۇپ، دەھشەتلىك ئەجدىھانى ئىتائەت قىلدۇرالايدىكەن. ئەينى چاغلاردا ئەجدىھانىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن، ھەممە ئائىلىدە ئالتۇن-كۈمۈش، يامبۇلار يوقىلىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن، شەمشىرىنى ئېلىپ، شىمالىي تاغدىكى ئەجدىھا بار جايغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئەجدىھا ئۇخلاپ ياتقۇدەك. ئۇ ئويلاپتۇكى، مۇبادا مەن ئەجدىھانى بۇ خىل ھالەتتە ئۆلتۈرىدىغان بولسام، كىممۇ مېنىڭ كارامىتىمگە قول قويسۇن؟ ياخشىسى ئەجدىھانى ئالدى بىلەن تىللاپ ئويغىتاي، شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئەجدىھا ئويغۇنۇپتۇ-دە، بىردىنلا بىر شىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ بولسا ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك. ئەجدىھا قاتتىق بىر ھۆكۈرەپ، خۇددى بۇلۇتتەك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قىلچە ھودۇقماستىن تۇرۇپ ئەجدىھاغا: «ئەگەر سەن ياۋاش بولۇپ ئەيۋەشكە كەلمەيدىغان بولساڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ تەھدىت ساپتۇ. ئەجدىھا خانىنىڭ ھەيۋىسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، شاھقا: «مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن سېنىڭ مىنىشىڭگە مۇۋاپىق كېلىمەن، قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭ، سېنى شۇ يەرگە ئۇچۇپ ئېلىپ بارىمەن» دەپتۇ، پادىشاھ ماقۇل دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خان دائىم بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئەجدىھانى مىنىپ، سەپەر قىلىدىغان بولۇپتۇ①.

بۇ رىۋايەت قەدىمكى كۆسەنلىكلەرنىڭ تەبىئەتتىكى ياۋۇز كۈچلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ئېلىشىپ، ئاخىر ئۇنى بويسۇندۇرغانلىقىدەك كۈرەش تارىخىنى تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئاچۇر ئەمگەكچى خەلق قەھرىمانلىقىنىڭ سىمۋولى. ئاچۇر ئوبرازىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئەل-يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيىسى جىلۋىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بارلىقىنى يۇرتداشلىرىنىڭ بەخت-سائادىتىگە بېغىشلىغان. بۇ يولدا ھەر قانداق مۇشكۈللۈكتىن قورقمايدۇ. ئىككىنچى بىر ئالاھىدىلىك، قەھرىمانلىق روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى، مەلۇمكى، بۇ خىل روھ قەدىمكى زامان كىشىلىرىدىكى ئاساسىي كىشىلىك خاراكتېرلارنىڭ بىرى. مۇشۇ خىل روھنىڭ بەركاتىدىن ئىنسانلار تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتالىغان. ئاچۇرنىڭ قەھرىمانلىقى، خەلقنىڭ ئۇزۇن مۇددەت توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ مۇجەسسەمى، شۇنداقلا ئۈمىد ۋە غايىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى.

---

① دۇن چىڭشى (تاڭ دەۋرى) «يۇياڭ خاتىرىلىرى».

ئاچۇردا يەنە بىر خىل سىرلىق كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلار ئۆز قەھرىمانلىرىنى دائىم ئۆزلىرىدىن ئارتۇق ئېتىقادلارغا ئىگە قىلىپ يارىتاتتى. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ خىل قەھرىمان، ئاندىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان يۇرتداشلىرىنى سۆيۈندۈرەلەيتتى. ئاچۇرنىڭ سىرلىق كۈچ-قۇۋۋىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان شان-شەرىپىدىن ئىبارەت.

ئاچۇر خەلق ئاممىسىغا، ئەجدىھا سىرلىق نەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرگە سىمۋول قىلىنغان. بەدىئىي نۇقتىدىن، بۇ رىۋايەت ئىنتايىن ئىخچام بولۇپ، ئوبرازلاردا بەلگىلىك تىپىكلىك بار. ئوبرازلار خاراكتېرى كىتابخانلاردا دەرھال مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلالايدۇ. مۇئەييەن بىر خىل تەسىراتقا ۋە تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

2) «ياغاچچى بىلەن رەسسام ھېكايىسى»

بۇ قەدىمكى كۇسەن — ئاگنى تىلىدا خاتىرىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان بىر ھېكايە بولۇپ، ئالىملار ئۇنىڭ توخرى تىلى A دىئالېكتى (ئاگنى دىئالېكتى)غا مەنسۇپلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە ئىككى خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن.

ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. بۇرۇنقى زاماندا، شىمالىي ھىندىستاندا، بىر ياغاچچى بولغان ئىكەن. ئۇ ماھىر كاسىپ بولۇپ قىزچاقلارغا ئوخشاش بىر ياغاچ قورچاق ياساپتۇ. ئۇ ھەرىكەت قىلالىسىمۇ، ئەمما گەپ قىلالمايدىكەن. شۇ زاماندا، جەنۇبىي ھىندىستاندا بىر ماھىر رەسسام بار ئىكەن. ياغاچچى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى مېھمانغا چىللاپتۇ. رەسسام كېلىش بىلەنلا، ياغاچ قىزنى داستىخان راسلاپ، ئاش-تائام ۋە ھاراق ئېلىپ كېلىپ ئۇنى كۈتۈشكە بۇيرۇپتۇ. رەسسام ئەتىدىن-كەچكىچە ئۇنىڭ ياغاچ قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ. ئۇنى راست قىز دەپ ئويلاپتۇ-دە، نەپسى بەك تاقىلداپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي قاپتۇ. كۈن كەچ بولۇپتۇ. ياغاچچى ياتماقچى بولۇپتۇ، رەسسامنىمۇ قوندۇرۇپ قاپتۇ. ياغاچچى ياغاچ قىزنى ئۇنى كۈتۈشكە قالدۇرۇپتۇ ۋە مېھمانغا: «بۇ قىزنى ئەتەي قالدۇرۇپ قويدۇم، بىللە ياتارسىز» دەپتۇ. ساھىبخانا ئۇخلاشقا كىرىپ كېتىپتۇ. ياغاچ قىز چىراغنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. مېھمان ئۇنى چاقىرىپتۇ. قىز كەلمەپتۇ. مېھمان بۇ قىز ئۇيۇتۇپ كەلمەيۋاتىدىغۇ-دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى قولى بىلەن تارتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ياغاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، بەك خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ساھىبخانا مېنى ئالداپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەنتىمنى ئېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەسساممۇ بىر ئامال تېپىپتۇ، يەنى تامغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى ئۆزى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش كىيىنگەن، بوينىغا ئارغامچا سېلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، بەدىنىگە چىۋىنلەر قونۇۋالغان، بېشىنى قاغا-قوزغۇنلار چوقۇۋالغان كۆرۈنۈشتە قىلىپ، راسا ئوخشىتىپ سىزىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، ئۆزى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، ساھىبخانا چىقىپ قارىسا، ئىشىك ئېچىلماپتۇ. ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مېھماننىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان قىياپەتتىكى رەسىمىنى كۆرۈپتۇ ۋە بەك قورقۇپ كېتىپ راست ئۆلۈۋالغان ئوخشايدۇ دەپتۇ-دە، ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ، پىچاق بىلەن ئارغامچىنى كېسىپتۇ، شۇئان رەسسام كارىۋات ئاستىدىن چىقىپتۇ. ياغاچچى بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. رەسسام دەرھال: «سىز مېنى ئالدىيالىغان ئىكەنسىز، مەنمۇ سىزنى ئالدىيالايمەن. ئىككىمىزنىڭ دوستلىقىمىز شۇ يەردە ئاخىرلاشسۇن. بىر-بىرىمىزدىن ئاغرىنمايلى» دەپتۇ. ئىككىيلەن بىر-بىرىگە: «دۇنيادا ئادەملەر بىر-بىرىنى ئالدىسا، ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن ئالدامچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ،

تەركىيدۇنيا بولۇپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭغا ئازراق ئوخشىمايدۇ①.

بۇ ھېكايە قارىماققا ياغاچچى بىلەن رەسسامنىڭ ئەخمەقلىقى سۆزلەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىكى كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر ماھارىتى سۈرەتلەنگەن. بۇلاردىن بىز ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا بەلگىلىك ھۈنەر ئىقتىدارىنى ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى، يۈكسەك تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ «ياغاچ قىز» ئوبرازى 20-ئەسىر ئادەملىرى يۇقىرى تېخنىكا بەدىلىگە ياساپ چىققان «ماشىنا ئادەم»نى سېلىشتۇرما قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئەڭ ئاددىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللانغان چېغىمىزدا، شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى «ماشىنا ئادەم»نى قەدىمكى ئىنسانلار «ياغاچ قىز (ئادەم)» ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، شۇنداق ئادەم ياساشنى كۆڭلىگە پۈككەن. بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس، بۇ يەردە جى شەنلىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل ئالىمىز. (بۇ ھېكايىنىڭ) توخارچە (توخرىچە) تەرجىمە نۇسخىسى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىزگە نۇرغۇن ئىلھام بېرىشى مۇمكىن دەپ ھېس قىلىمەن. توخارچە تەرجىمە نۇسخىسىنى (ئۇنىڭ) ئىككى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرساقلا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى دەرھال كۆرىۋالالايمىز. خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى پەقەت نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي شەكىل ئارىلاشتۇرۇلغان نۇسخا بولۇپ، ئۇ مول فانتازىيىگە، جانلىق تەسۋىرگە ئىگە بىر پارچە گۈزەل ئەدەبىي ئەسەردۇر. بىز بۇنى ئوقۇغاندا جۇڭگونىڭ نۇرغۇن رومانلىرىدىمۇ شېئىرىي شەكىل بىلەن نەسرىي شەكىلنىڭ ئارىلاش ئىكەنلىكى تەبىئىي ھالدا ئېسىمىزگە كېلىدۇ. «شېئىر ئارقىلىق ئىسپاتلاش» دېگەن سۆزلا بولىدىكەن نەسرىي شەكىلدىن شېئىرىي شەكىلگە ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ژانىر بەك ئەۋج ئالغان. بىز بۇنى ھىندىستاندىن كەلگەن، دەپ كەلدۇق، بۇ سۆز خاتا ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن، نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي شەكىل ئارىلاشقان بۇددا نوملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل ھېكايىلەر مۇشۇ توخارچە تەرجىمە نۇسخىسىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ توخارچە يېزىقتىكى ھېكايە (توخارچىدا يەنە نۇرغۇن ئوخشاش ژانىردىكى ھېكايىلەر بار) دەل سانسكرىتچە نومدىن جۇڭگو ھېكايىلىرىغا ئۆتتۈشتىكى بىر كۆۋرۈككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پاكىت جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتسىز بولمىسا كېرەك②.

دەرھەقىقەت، بىز بۇ بايانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىياتىغا تەتبىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇ نەرسە ئايدىڭكى، كۇچا-قاراشەھەردە ياشىغان توخرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى غوللۇق مىللىي تەركىبلەرنىڭ بىرى③. قەدىمكى توخرىلار ئارىسىدا تارقالغان

---

① بۇ ھېكايىنى دىسلەپ، توخارشۇناس سىگ (Sieg) تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. جۇڭگو بۇددا ئالىمى جى شەنلىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ تەرجىمە كېيىنچە ئالىمنىڭ «شىنجاڭ ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىسىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ روزى تۇردىنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىللىق تۇنجى سانىغا قاراڭ.

② بۇ ھەقتە يەنە جى شەنلىنىڭ «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابىنىڭ 147-بېتىگە قارالسۇن.

③ ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە».

بۇ ھېكايىنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ۋارىيانتلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرى، قىسسەلىرى ۋە داستانلىرىدىكى نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي شەكىلنىڭ ئارىلاش ئىپادىلىنىشىنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتە قىلىشتىكى بىر تەرەپ تونۇرىچە ئەسەرلەر بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىشكە ئىمكان بېرىدۇ.

# 2 ـ § . ئېپوسلار: ئوغۇزنامە، توڭائالپ ئەر

## 1 . «ئوغۇزنامە»

«ئوغۇزنامە» — ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى①، يەنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى② ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر. بۇ ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ ئوبرازلىق، بەدىئىي خاتىرىسى، ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزگە بىرقانچە خىل قول يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇلار ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت تىلىدىكى نۇسخىلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ھەجىم جەھەتتىمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ.

## 2 . «ئوغۇزنامە»نىڭ نۇسخىلىرى ھەققىدە

### ئۇيغۇر-تۈركىي تىلىدىكى نۇسخىلار

بىرىنچى ، « ئوغۇزنامە »نىڭ قەدىمكى نۇسخىسى . بۇنى « A » نۇسخا دەپ ئاتاپ تۇرىمىز. بۇ ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى « پۇقرالار كىتابخانىسى »(Biblioheque Nationale) دا ساقلانماقتا . نومۇرى 1001، Supul tus (يەنى Schefer , Xefir — ch يىغىپ ساقلانغان نۇسخا) . بۇ نۇسخىنىڭ باش-ئاخىرى كەم، چوڭ-كىچىكلىكى 13×19 مىللىمېتىر، ھەجمى 21 ياپراق 42 بەت. ھەربىر بېتى توققۇز قۇر خەتتىن تەشكىل تاپقان. 378 قۇر.[3] ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا خاتىرىگە ئېلىنغان. فرانسىيىلىك پېللىئوت ئەپەندى بۇنىڭ ئەسلى قول يازما نۇسخىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (13 — 14-ئەسىر) شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ھازىر پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا بولسا 15-ئەسىر ئەتراپىدا ھازىرقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ رايونىدا كۆچۈرۈلگەن، دەپ قارىغان.[4] ئۇنىڭ بۇ قارىشى كېيىنچە بەزىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ نۇسخا گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى قوشۇلۇپ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980-يىلى نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنى 1979-يىلى ئابدۇشۈكۈر تۇردى، خاۋگۇەنجوڭ قاتارلىقلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان، يەنە 1980-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»گە كىرگۈزۈلگەن.

«ئوغۇزنامە»نىڭ قەدىمكى «A» نۇسخىسىغا قوشۇمچە قىلىدىغان يەنە مۇنداق بىر مەسىلە بار.

پروفېسسور چېڭ سولو ئەپەندىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، 10-ئەسىردە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا نامەلۇم بىر ئۇيغۇر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر پارچە «ئوغۇزنامە»نى خاتىرىلىگەن. بۇ قول يازمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ پراگمېنتلىرى ئايلىنىپ فرانسىيىنىڭ

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومى، 2-توم، 1980-يىلى نەشرى، 980-بەت.

② «مىللەت لۇغىتى» ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 178-بەت.

پارىژ شەھىرىدىكى خ . چارلېس . چېفىر (Herr Char les Schefer) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ قالغان، كېيىنچە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چارروسىيە دەۋرىدىكى تۈركولوگ ۋ.رادلوۋنىڭ قولىغا چۈشكەن. ئۇ فوتو رەسىمگە ئېلىپ ھەم كونا مانجۇ يېزىقى بىلەن باستۇرۇپ (ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر يوق بولغاچقا) ئۆزىنىڭ «بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرىغا بەرگەن. ئۇ بۇ كىتابىغا يازغان «مۇقەددىمە»سىگە نېمىس تىلىدا «ئوغۇز قاغان، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر غەيرىي رەسمى تارىخىي پارچىسى» دېگەن بىر پارچە ماقالا يېزىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جايى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى، رىۋايەتنىڭ مۇقىملاشقان نۇسخىسى ھەم ئۇ يېزىلغان يېزىق خاتىرىسى تەخمىنەن 10-ئەسىردىن بۇرۇن ئەمەس، دېگەن③.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقانلارنى ئېلىمىز ئالىملىرىمۇ قەيت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى قۇۋۋەتلىگەنلىرىمۇ بار. مەسىلەن «مىللەت لۇغىتى» ④، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ⑤ قاتارلىقلاردا ئوخشاشلار «ئوغۇزنامە» شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى، ۋاقتىنىڭ 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. تارىخشۇناس لىيۇزىشاۋ ئەپەندىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا 10-ئەسىرلەردە ئوغۇزخانغا دائىر رىۋايەتلەرنىڭ تارقالغانلىقى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنۇلارنى يازغان. رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى داھىيلىرىدىن بىرى ئىدى. ‹ئوغۇزنامە› دەپ ئاتالغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىدا ئەنە شۇ ئوغۇزخاننىڭ كامالەتكە يەتكەن ئاقىلانىلىق ۋە باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. لېكىن تېخىمۇ كۆپ ھۆججەتلەردە ئاساسەن ئەرەب ۋە پارس يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا ئوغۇزخان ئىمانى كامىل مۇسۇلمان قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ... رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر قاغاننىڭ سىمۋولى⑥.

ۋ. رادلوۋ ئېيتقان، چېك سولو ئەپەندى قاتارلىقلار قۇۋۋەتلەپ ئالاھىدە توختالغان «ئوغۇزخان» پېللىئوت تۇرپاندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 13 — 14-ئەسىرلەردە يېزىلغان «ئوغۇزنامە» بىلەن بىر نۇسخىمۇ، ياكى ئايرىم نۇسخىمۇ، بۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. مېنىڭچە بىر بولۇشى مۇمكىن.

«ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسى يەنى «A» نۇسخا نەسرىي ئۇسلۇبتىلا يېزىلىپ قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭدا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە خاس نەزمىي مىسرالارمۇ بار. مەسىلەن:

مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان،
ئالالىڭ يا تاقى قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرە بولسۇنغىل ئوران.

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى: «مەن سىلەرگە بولدۇم قاغان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان. تامغا بولسۇن بىزگە بۇ يان (بەخت)، كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئوران (جەڭگىۋار شۇئار)»

نەسرىي مىسرالار مۇنداق: ئۇشبۇ بىلدۈرگۈلۈكتە بىتىلمىش ئەردى كىم مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولسەمەن، كىم يەرنىڭ تۆرت بۇلۇڭىنىڭ قاغانى بولسام كەرەك تۇرۇر. (بۇ مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ قاغانى بولۇشۇم كېرەك»).

ئىككىنچى نۇسخا. «نەزمىي ئوغۇزنامە» (‹ئوغۇزنامە›نىڭ نەزمىي نۇسخىسى›)، بۇنى تۈركىيە ئەدەبىياتشۇناسلىرى «ئۇزۇن كۆۋرۈك» نۇسخىسى دەپ ئاتىغان. بۇ ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى بىلەن بىرگە تۇپلەنگەن. ئۇ يېقىنقى يىللاردا تۈركىيەدە «تۈركىيات مەجمۇئەسى»نىڭ 18-تومىدا ئېلان قىلىنغان. ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن بۇ نۇسخىنىڭ تىلىنى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش دېگەن، كەمال ئاراسلان بۇ ئەسەرنىڭ بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ «كلاسسىك چاغاتاي يېزىق تىلىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى بولغان 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدىغان شەرق تۈركچىسى (ئۇيغۇرچە) بىلەن يېزىلغان» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى.

«نەزمىي ئوغۇزنامە» ئىككى مىسرالىق، ئاخىرقى بوغۇمى قاپىيىداش، 104 بېيىت، 208 مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تۆت ۋاراق، سەككىز بەت كېلىدۇ. ھەربىر بەتتە 13 بېيىت، 26 مىسرا بار. تۇرسۇن ھوشۇرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن بۇ نۇسخا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىلى، 1-سانىدا ئېلان قىلىندى.

ئۈچىنچى نۇسخا. «شەجەرەئى تۈرك» تىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخا. بۇنى خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادۇرخان (1603 — 1664) خاتىرىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان.

تۆتىنچى نۇسخا. بۇ «دەدە قورقۇت» ئىچىدىكى نۇسخا. «دەدە قورقۇت» تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم قوۋملەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، يېيىلىش دائىرىسى شىنجاڭدىن تارتىپ تا روم ئېلى (بۇ يەردە تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) گىچە بولغان تارىخىي قىسسە بولۇپ، ئوغۇز تىلىدا ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە « Turk Dil Bilgisi » ( تۈرك تىلى گراممانىكىسى ) دە قەيت قىلىنغان⑦. مانا مۇشۇ «دەدە قورقۇت»نىڭ بىر بابى «ئوغۇزنامە» ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى «ئوغۇزنامە»نىڭ تۇرپاندا يېزىلغان نۇسخىسىغا ئوخشايدۇ⑧.

بەشىنچى نۇسخا. « قىسەسۇل غەرايىب » (ئاجايىپ ۋەقەلەر توغرىسىدا قىسسە) تىكى نۇسخا. بۇ كىتابنى موللا مۇھەممەد نىياز ( تولۇق ئىسمى موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر ) ھىجرىيە 1274- ( مىلادى 1858 — 1857 ) يىلى يەركەندە يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا « ئوغۇزنامە »گە دائىر بىر ئېپىزوت بولۇپ، بۇ 1000 خەت ئەتراپىدىكى قىسقا تەسۋىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا «ئوغۇزنامە»نىڭ قەدىمكى نۇسخىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يىغىنچاق بايان قىلىنغان⑨.

ئالتىنچى نۇسخا. «تارىخىي كاشغەر» («چىڭگىزنامە» دەپ نەشر قىلىنىپ قالغان) دىكى نۇسخا. بۇ كىتابنى موللا مىر سالىھ كاشغەرى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگە توغرا كېلىدىغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا⑩. بۇ كىتابتىمۇ 1000 خەت ئەتراپىدا ئوغۇزخانغا دائىر بىر ئېپىزوت بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئاساسىي ۋەقەلىكى «ئوغۇزنامە»نىڭ قەدىمكى نۇسخىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ⑪. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986-يىلى نەشر قىلىندى.

يەتتىنچى نۇسخا. «تارىخىي ھەمىدى» دىكى نۇسخا. موسا سايرامىنىڭ 1908-يىلى يازغان بۇ كىتابىنىڭ «مۇقەددىمە ئىپتىداسى» قىسمىدا تەخمىنەن 1500 خەت چامىسىدا ئوغۇزخانغا دائىر رىۋايەتنى بايان قىلغان⑫. بۇمۇ ئوغۇزخانغا دائىر ئەنئەنىۋى سيۇژېتلارنى ئاساس قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتىن «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىككى خىل قول يازما نۇسخىسى تېپىلغان. بۇلاردا ئۆزبېك خانلىرىدىن شۆيبانىغانلارمۇ ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادلىرى قىلىپ

تەسۋىرلەنگەن، شۇڭا تەتقىقاتچىلار بۇنى 1500-يىللاردا ئىشلەنگەن نۇسخىلار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇلار 1849 — 1850-يىللار ئارىلىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، تاشكەنت نۇسخىسى دېيىلمەكتە. بۇ ئىككى نۇسخا بىر-بىرىگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قايسى-قايسىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى تېخى ئايدىڭلاشمىدى.

يەنە يازىچىزادە ئالىنىڭ «تارىخىي ئالىي سالچۇقىيە» ناملىق كىتابىدا ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە»سىدە ئوغۇزغا دائىر بىر قىسقا ئۈپىزوت بار.

(2) پارس-تاجىكچە كىتابلاردىكى نۇسخا

بىرىنچى. «جامىئۇلتەۋارىخ» تىكى نۇسخا. پىرسىيىلىك تارىخچى راشىدىددىن فەزلۇللاخ» (1247 — 1318) نىڭ «جامىئۇل تتەۋارىخ (1311 — 1310-يىللىرى تاماملانغان) ناملىق كىتابىدا «ئوغۇزنامە» نىڭ بىر نادىر نۇسخىسى بېرىلگەن⑬. ئىلمىي خادىملار بۇنى خارەزم شاھى شاھ مەلىكىنىڭ سالچۇقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان يىللىرىدا تۈركىيچە يېزىلغان نۇسخىسىدىن 1206-يىللاردىن كېيىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ ھېسابلايدۇ⑭.

ئىككىنچى. مىرزا ئۇلۇغبېك (1394 — 1446) نىڭ «تارىخىي ئابىرا ئۇلۇس» (تۆت ئۇلۇس تارىخى) تىكى نۇسخا. بۇ ھەجىم جەھەتتە چوڭ، مەزمۇن يېقىدىن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق. ئۇ پۈتۈن «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەڭ كاتتا مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلۇغبېك ئۆز دەۋرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، «تارىخىي ئابىرا ئۇلۇس» ناملىق كىتابىنى پارسچە يازغان ھەم تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان «ئوغۇزنامە»نى پارس تىلىغا ئاغدۇرۇپ، ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. 1990-يىللاردا بۇ كىتاب ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان⑮.

يۇقىرىدىن باشقا، 11-ئەسىردە ئۆتكەن پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ «زەينەل ئەخبار»⑯ دېگەن كىتابىدا، مىرخۇەندى (1498—؟) نىڭ «رەۋزەتۇسسەفا» (راھەتلىك باغ) ناملىق كىتابلاردا ئوغۇزخانغا دائىر تەسۋىر ۋە ئېپىزوتلار بار.

«ئوغۇزنامە» نىڭ نۇسخىلىرىنى سۆزلىگەندە، مۇنۇ بىر نۇقتىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىبراي خوجاقمەت ئۇلى «‹ئوغۇزنامە› داستانىنىڭ تېگى ۋە تىلى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازغان. «‹ئوغۇزنامە› 6-ئەسىردە ئۇيسۇن مەملىكىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ئوغۇز-قىپچاق تىلىدا، گىنئولوگىيىلىك كونا ئېغىز نېگىزىدە يېزىلغان ئېپىكىلىق كۆركەم ئەسەر»⑰، ئۆمەر غازى ئايتان ئۇلى بولسا «‹ئوغۇزنامە› داستانى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا «‹ئوغۇزنامە› 6-ئەسىردە پارس تىلىغا، 9-ئەسىردە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان» دەيدۇ ھەم ئۇ بۇ نەقىلنى «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 8-تومى، 439-بېتىدىن ئالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. بىز بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسىنى ئۇزۇن ئىزدەپ تاپالمىدۇق.

«ئوغۇزنامە» نىڭ ئىسمى ھەر خىل ئاتىلىپ كېلىنمەكتە. ئوغۇزنامە، ئوغۇزخان قىسسىسى، ئوغۇز ئەپسانىسى، ئوغۇزخان رىۋايىتى، ئوغۇزخان داستانى، ئوغۇزخان ئېپوسى (ئېپوفىيىسى)، ئوغۇز ھەققىدە ھېكايە دېگەندەك. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى، «ئوغۇزنامە»گە قەدىمكى دەۋرلەردە مەخسۇس خاس ئىسىم قويۇلمىغان ياكى قويۇلغان بولسىمۇ، بىزگە ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، شۇڭا كېيىنكى تەتقىقاتچى، تارىخچىلار ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۆز ئالدىغا ھەر خىل ئىسىملارنى قويۇپ كېلىشكەن. ھازىر «ئوغۇزنامە»، «ئوغۇزخان ئېپوسى» ۋە «ئوغۇزخان قەھرىمانلىق داستانى» دېگەن ئىسىملار بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالدى. بۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ مەزمۇن

خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرقەدەر ماس كەلگەچكە، ئۆچ ئىسمىنىڭ قايسىسى بىلەن ئاتىساق ئوخشاش. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئېپوس» دېگەن سۆز بىلەن «قەھرىمانلىق داستانى» دېگەن ئاتالغۇ ئوخشاش مەنىگە ئىگە. « ئوغۇزنامە »دىكى « نامە » دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، خەت ، مەكتۇپ دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىل ۋە پارسچە ئەدەبىي ۋە باشقا مەزمۇندىكى ئەسەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ يېزىلغان قوشۇمچە بولۇپ قالغان[18]. بىز «ئوغۇزنامە»نى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئانا تېمىسى (ماتېۋى، 体母 )نى بېلۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىلمىي خادىملار ئالتاي مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمكى ئېپوسلارنى ئۇسلۇب، سيۇژېت ۋە كومپوزىتسىيە جەھەتلەردىن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردا مۇنداق مۇئەييەن ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىققان. يەنى قەدىمكى ئالتاي ئېپوسلىرىنى سيۇژېت جەھەتتە مۇنداق بەش بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدىكەن: 1) قەھرىماننىڭ غايىپتىن پەيدا بولۇشى، يېرىم ئادەم سىياقىدا تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى؛ 2) قەھرىماننىڭ ئۆيلىنىشى ۋە بالا چاقىلىق بولۇشى؛ 3) قەھرىماننىڭ كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىشى ۋە غەيرىي تەبىئىي كۈچلەر بىلەن ئېلىشىشى؛ 4) قەھرىماننىڭ خانلىق تەختكە ئولتۇرۇشى؛ 5) تەۋەلىكىدىكى رايونلارنى ئوغۇللىرى ۋە سەركەردىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشى، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار. بۇنداق ئەنئەنىۋى مۇقىملىق مەشھۇر ئالتاي ئېپوسلىرى قاتارىدا «ئوغۇزنامە»نىڭ ئورتاق بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىكىدۇر[19].

«ئوغۇزنامە»نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئاساسلىق نۇسخىلىرىدا ئالتاي ئېپوسلىرىغا خاس يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردا قوشۇمچە بەزى پەرقلەرمۇ ساقلانغان.

«ئوغۇزنامە»دىكى دىنىي تۈسىنىڭ بەزى ئىپادىلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىرىنچى يەنى «A» نۇسخىسىنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى نۇسخا، قالغانلىرىنى ئىسلام تۈسى بېرىلگەن نۇسخا دەپ بېلىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇسخىلىرىدا ئومۇمەن ئوغۇزخاننىڭ ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلەرگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدىكى ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇلاردا ئوغۇزنىڭ دادىسى قاراخان دېيىلگەن، «جامىئۇلتەۋارىخ»تىكى نۇسخىدا بولسا «ياۋقۇ» دېيىلگەن. ئوغۇز مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن دادىسى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى ئىتتىپاقداش لەشكەر تەشكىللىگەن، ئېپوسنىڭ نوپۇزلۇق نۇسخىلىرىدا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن قوشۇن «ئۇيغۇر» دېيىلگەن. راشىددىدىن ئوغۇزنى 1000 ياشقا كىرگەن دېسە، ئەبۇلغازى 116 ياشقا كىرگەن دەيدۇ. بۇ ئىككى ئاپتور خاتىرىلىگەن «ئوغۇزنامە»دە مۇنداق ئورتاقلىقمۇ بار. ئوغۇز ئىسمىلىق قاغان ئۆتكەن، ئوغۇز مۇسۇلمان بولغان، ئوغۇز باشقۇرغان يەرلەر مۇسۇلمان بولغان، ئوغۇز دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بويسۇندۇرغان.

بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، «ئوغۇزنامە»نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى ئارىسىدىكى پەرق، ئومۇمەن ئەسەرگە ئىسلام تۈسىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كېلىپ چىققان، شۇنداق ئىكەن، بىز بۇ ئەسەر ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئاساس، قالغانلىرىنى قوشۇمچە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى «پۈتۈنلەي ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ» غان[20]، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس، مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلق ئەدەبىياتى يادىكارلىقى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ[21].

ئۇنداق بولسا «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەسلى نۇسخىسى قايسى. بۇ بىرىنچى يەنى «A» نۇسخىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوغۇزخاننىڭ مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى بىلىشتىن باشقا، يەنە مۇنداق بىر نۇقتىنىمۇ ئىزاھلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. ئۇ بولسىمۇ، «شەجەرەئى تۈرك» تىكى نۇسخا گەرچە ئەبۇلغازىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىدەك جەرياندىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىغا بىرقەدەر يېقىن، تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئەبۇلغازى قولىدا ساقلانغان نۇسخىسى بىلەن پارىژدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ئىككىسىدىن قەدىمىيرەك نۇسخىسىنى مەنبە قىلغان دەپ ھېسابلاشقا بولىدىكەن[22]. شۇڭا 1-نۇسخىسىنى قەدىمكى نۇسخا دەيمىز.

«ئوغۇزنامە». نىڭ قەدىمكى نۇسخىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. چۈنكى ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر مۇھىتىدا يېزىلغان. بۇ نۇسخىنىڭ 106-قۇرىدا ئوغۇزخاننىڭ «مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانىمەن» دېگەن تەنتەنىلىك جاكاسى بار؛ ئوغۇز قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە دەرەخ كاۋىكىدا ۋە كۆك نۇر ئىچىدە تۆرەلگەن ئىككى پەرى قىز بىلەن توي قىلىپ پەرزەنت قالدۇرىدۇ؛ پىرسىيىلىك راشىدىددىن ۋە ئوبۇلغازى باھادۇرخانلارنىڭ كىتابىدىكى ئوغۇزغا دائىر ھېكايىلەردە ئوغۇز ئۆز قوۋمى يەنى ئۆزىگە ئەگەشكەن قوۋمگە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى «ئوغۇزنامە» دە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي پىكىرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇنى مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

2 «ئوغۇزنامە» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

«ئوغۇزنامە»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، ئۇنىڭغا كىچىك-كىچىك ئىشلار، ھەربىرى ئايرىم-ئايرىم تارىخىي مەزگىل، دەۋرنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولالايدىغان، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ۋەقەلىكلەر ئوغۇزخان ئوبرازىغا خۇددى بىر تال قىزىل يىپتەك باغلىنىپ ئەكس ئەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى قىسمى. ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا خاقان بولغانغا قەدەر بولغان ۋەقەلىكلەر. بۇ قىسىمدىكى ئاساسىي مەزمۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلار ۋە بەزى قەدىمىي ئۆرپ-ئادەتلەردىن ئىبارەت. ئىككىنچى قىسمى. ئوغۇزنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، غەيرىي، رەسمىي قانداش قەبىلە، خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ جەريانى ۋە بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. ئۈچىنچى قىسمى بولسا، ئوغۇزخاننىڭ قولغا كەلتۈرگەن زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىش رەسمىيىتى ۋە بۇ ئىشنىڭ جەريانىدىن ئىبارەت. «ئوغۇزنامە»نىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، شۇنداقلا ئارىلاش بايان قىلىنغاچقا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بېشى، ئوتتۇرى ۋە ئاخىرى تەرىپى دەپ بۆلگىلى بولمايدۇ. پەقەت مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، تېرىپ، توپلاپ بايان قىلىشقا بولىدۇ.

ئوغۇزئاي خاقاندىن تۇغۇلىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ، قىرىق كۈندىن كېيىن، چوڭ ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى غەلىتە بولۇپ، كۆك يۈزلۈك، قىزىل ئېغىزلىق، قىزىل كۆزلۈك، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان، ئۇنىڭ پۇتى بۇقىنىڭكىدەك، بېلى

بۆرىنىڭكىدەك، مۇرىسى يىلپىزنىڭكىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك، باتۇر ئوغۇز ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يالماپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگۈچى قىئات (تاق مۈڭگۈزلۈك يىرتقۇچ ھايۋان — كەركىدان)نى ئۆلتۈرىدۇ. بىر كۈنى ئوغۇز بىر يەردە، تەڭرىگە تاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا، ئاسماندىن شولا (يورۇق) چۈشىدۇ، ئۇ شولا ئايدىنمۇ يورۇق، كۈندىنمۇ نۇرلۇق. شولا ئىچىدە بىر قىز بولۇپ، تەنها ئولتۇرغان. بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز بۇ قىزغا كۆيۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ، تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدۇ. بىر كۈنى ئوغۇز بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، بۇ قىزمۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، «كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆك، چېچى ئېقىن تۇرغان سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى»، ئوغۇز بۇ قىزغىمۇ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىمۇ ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ خوتۇندىنمۇ ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ. ئۇلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۆك، تاغ، تەڭىز (دېڭىز) دەپ ئات قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، باتۇر ئوغۇز دۆلەتنىڭ خاقانى بولىدۇ. ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكى بەگلەرگە، پۇقرالارغا شۇنداق جاكارلايدۇكى، «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان (بۇيان — بەخت، قۇت)، كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران (جەڭگىۋار شۇئار)؛ تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئوۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال-ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، قۇياش توغ بولسۇن، ئاسمان قورغان!»

شۇندىن كېيىن ئوغۇزخان بويسۇندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قوشنا ئەللەرگە مەكتۇپ يوللايدۇ. مەكتۇپتا: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنىشىڭلارنى سورايمەن» دېيىلگەن.

شەرق (ئالدى تەرەپ)تە ئالتۇنخان بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، غەرب (ئارقا تەرەپ)تە ئۇرۇم پادىشاھى قارشىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلار مۇز تاغ ئېتىكىدە ئاۋۇل تىكىپ ئولتۇرغىنىدا، چوڭ بىر كۆك بۆرە شولا ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆك بۆرە ئۆزلىكىدىن ئوغۇز قوشۇنىغا يول باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىتىل (ۋولگا) دەرياسى بويىدا ئىككى تەرەپ قوشۇنى جىددىي جەڭ قىلىدۇ. ئوغۇز خاقان يېڭىدۇ، ئۇرۇم پادىشاھى مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ. ئوغۇز خاقان يەنە جورجىتنى بويسۇندۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن سىندۇنى، تاڭغۇتنى، سۈرىيىنى، بارقاننى بويسۇندۇرىدۇ.

ئېپوسنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇز خاقاننىڭ تېررىتورىيىسىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئۈچ ئوغلىنى (چوڭ خوتۇندىن بولغانلار) مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىدۇ، كىچىك خوتۇندىن بولغان ئوغۇللىرىنى ئاكىلىرىغا بويسۇنۇشنى تاپىلايدۇ ھەمدە ئالدىنقى ئۈچ ئوغلى شەرقتىن تېپىلغان ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، كېيىنكى ئۈچ ئوغلى غەربتىن تېپىلغان ئۈچ كۈمۈش ئوقنى ئۇلارغا بىردىن بۆلۈپ بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلىپ: «يا ئوقنى توغرىلايدۇ»، «ئوق ياغا بويسۇنۇشى كېرەك» دەيدۇ.

3 ـ «ئوغۇزنامە»نىڭ مەيدانغا كەلگەن تارىخىي دەۋرى

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئەمگەكنىڭ ئۆزى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تېخىمۇ خىلمۇ-خىل، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ ھەر تەرەپلىمە بولۇپ باردى. ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىقتىن كېيىن يىپ ئىگىرىش، رەخت توقۇش، مەدەن ئېرىتىش، ساپال قاچا ياساش ۋە دېڭىز قاتنىشى كېلىپ چىقتى. سودا ۋە قول سانائەت بىلەن بىللە، ئاخىرىدا ھۈنەر-سەنئەت

ۋە ئىلىم-پەن مەيدانىغا كەلدى؛ قەبىلىلەر تەرەققىي قىلىپ مىللەت ۋە دۆلەتكە ئايلاندى. قانۇن ۋە سىياسى تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ۋە ئادەملەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى — دىنمۇ تەرەققىي قىلدى.»㉓ ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئەينىكى ھېسابلانغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭمۇ شۇ تەرەققىيات جەريانىنى بىلىشىمىزدە مۇئەييەن رولىنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىتىدۇ㉔. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. گومېرنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسىيا» ئېپوسلىرى قەدىمكى گرېك جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇلاردىن مورگان ۋە ئېنگېلسلار قەدىمكى جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتا كەڭ پايدىلانغان ئىدى.

«ئوغۇزنامە»نىڭ مەيدانىغا كەلگەن دەۋرىنى ئىزدەشتە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىمىز.

ئېنگېلس «قورال بولسا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيىتىدىن، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەكس تەسىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ»㉕ دەپ كۆرسەتكەن. ماركسمۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «يوق بولۇپ كەتكەن ھايۋان تۈرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ ھايۋانلار گەۋدىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ يوق بولۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىكتۇر. ئىقتىسادىي دەۋرلەر بىر-بىرىدىن نېمىلەر ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن، قانداق ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن پەرق قىلىدۇ»㉖. «ئوغۇزنامە»دە ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، قاتارلىق قوراللار تەسۋىرلەنگەن، (ئوت ئالغۇچ) قوراللار ھەققىدە گەپ يوق. ئېنگېلس ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھەققىدە توختالغان چاغدا، جاھالەت دەۋرىگە ئوقيانى، ياۋايىلىق دەۋرىگە قىلىچنى، مەدەنىيلىك دەۋرىگە ئوت ئالغۇچ، قوراللارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى㉗.

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلىشىدىكى مىزان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئىقتىسادىي دەۋرلەرنى ئايرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نىڭ بېشىدا ئوغۇزنىڭ خام گۆش سورىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار يىراق جاھالەت دەۋرىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا (ئېنگېلسنىڭ ئېيتىشىچە، جاھالەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئوت ئىختىرا قىلىنغان)㉘.

ئوتنى ئىختىرا قىلىشتىن بۇرۇن، گۆشنى خام يەيتتى. بۇ «ئوغۇزنامە»نىڭ يېزىلىش دەۋرىنىڭ بۇرۇن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇز يىلقىلارغا قارايدۇ، ئات مىنىدۇ، ئوۋ ئوۋلايدۇ. شۇنداقلا چوڭ ئورمانلىقتا ئېقىنلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ئۇچۇشۇپ يۈرۈشى تەسۋىرلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار يىغىش-توپلاش مەشغۇلاتىدىن كېيىن ئوۋچىلىق ئەمگىكىنى باشلىغان ھەم ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقى تەسۋىرلەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ چارۋىچىلىق پائالىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى كارتىنىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن، بۇ ئوۋ ئاساس ئىگىلىكتىن چارۋىچىلىق ئاساس ئىگىلىككە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى يۈكسىلىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

« ئوغۇزنامە » دە تەسۋىرلىنىشىچە، قىئات دېگەن بىر ۋەھشىي ھايۋان خەلققە ئۆزۈن مۇددەت زىيانكەشلىك قىلىدۇ ، دەسلەپتە ئۇنى ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ. مەلۇم مەزگىللەردىن كېيىن باتۇر ئوغۇز نەيزە بىلەن قىئاتنىڭ بېشىغا ئۇرۇدۇ؛ قىلىچ بىلەن بېشىنى كېسىدۇ . بۇ قىئاتنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يەپ تۇرغان شۇڭقارنى ئوغۇز ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىدۇ ، ئوغۇز: « قاراڭ... قىئات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى، شۇڭقار قىئاتنى يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ ئوقيايىم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى.» دەپ تەنتەنە قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۇزاقتىچە ۋەھشىي ھايۋانلار تەرىپىدىن ساراسىمىغا سېلىنغان ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ خىل غەلىبىدىن پەخىرلىنىش ئىستىكىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوغۇزخان مال-دۇنياسىنى توشۇش ئۈچۈن قاڭغا يەنى ھارۋا ئىختىرا قىلغان كىشىگە قاڭغالۇق دەپ ئات قويىدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ئىساك ئاسموپ مۇنۇلارنى يازغان: «ئات-ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلگەن.»[29] ئوتتۇرا ئاسىيادا ھارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ناھايىتى بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. ئالتۇن تاغدىكى 6000 — 8000 يىللار بۇرۇنقى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىچىدە ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ سۈرىتى بولغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا[30]. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرى بىراق ئۆتمۈشتىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان مۇھىم رايونلىرى بولۇپ، بۇ جايلارغا ئويۇلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئۇلار ئىشلەتكەن ھارۋىلارنىڭ ئىزلىرى قالدۇرۇپ كېتىلگەن[31]. بايقال كۆلىدىن تارتىپ ئالتاي ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپلىرى مىلادىدىن ناھايىتى بۇرۇنلا دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت رايونى بولۇپ، يېنسەي دەرياسى ۋە ئالتاي ئەتراپلىرىنى مەركەز قىلغان بۈيۈك قارا سۆك مەدەنىيىتى (Kapacyk [illegible]) يارىتىلغان، مۇشۇ چاغلاردا دىڭلىڭلار ھارۋا ئىجاد قىلغان[32]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھارۋا ئىجاد قىلىشتا باشلامچىلار بولۇپلا قالماستىن، ئۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىشلەتكەن ھەم تېخنىكىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولغان.

تارىخچى سۇبىيخەي مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئەزەلدىن، ئالتاي، يېنسەي دەريا ساھىللىرىدىكى قارا سۆك دەۋرىدە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى دىڭلىڭلار چارۋىچىلىق قىلغان رايونلار ھېسابلىنىپ، ئاشۇ چاغلاردىكى دىڭلىڭلار ھارۋا ئىشلەتكەن، كېيىنچە، ساكلار ئالتايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ ھاۋا ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغان ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەرگەن... شۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىخىي خاتىرىلەر كىشىلەرگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، دىڭلىڭ ( 丁零 ) تېلې ( 铁勒 ) دېگەن نامنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى بولۇپ، تېلې يەنە ئېگىز ھارۋىلىق ( 高车 )لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ‹ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى ناھايىتى ئېگىز، توشۇلىدىغان ماللىرى كۆپ› ئىدى. چارۋىچىلىق قىلغان چاغلاردا ‹ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئەگىشىپ، ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۈرەتتى› (‹ ۋېينامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى›گە قارالسۇن). بۇلار دىڭلىڭلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى ئالاھىدە ئېگىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ ھەممىسى تېلې قوۋملىرىنىڭ پائالىيەت رايونلىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا دىڭلىڭلار ئۇسلۇبىدىكى ھارۋىلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ تېپىلىشى مۇقەررەر. چاغانتوقاي ناھىيىسى بارداقۇل رايونىدىكى

ھارۋا شەكلى ئويۇلغان قىيا تاش سىزمىلىرى ئىچىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىسى ئون ئىككى، ئاراتۇرك ناھىيە بازىرىغا يېقىن يەردىكى قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىسىمۇ ئون ئىككى، ئىچكى موڭغۇل يىڭشەن (چوغاي) تاغلىرىدىن تېپىلغان دىڭلىڭلار ئۇسلۇبىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىلىرى بولسا ئون بەشتىن كۆپرەك ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە توغرىلىقى ئىسپاتلانغان ئىدى.» ㉝ ئامېرىكىلىق ئالىم مېيكگوۋېننىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ھونلاردا ھارۋا ئىشلىتىش ناھايىتى ئومۇملاشقان، دائىم چوڭ ھارۋىلار بىلەن ئۇيانىدىن-بۇيانىغا قاتناپ يۈرگەن، بۇنداق ھارۋىلار ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ قالغان㉞.

«ئوغۇزنامە»دە ھارۋىغا قانداق ھايۋان قوشۇلغانلىقى ئېيتىلمىغان. دۇنيادىكى ھەر قايسى خەلقلەر قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆز ئالدىغا ھارۋا ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قايسى ھايۋاننى تارتقۇزغان، بۇنىڭدا ئوخشىماسلىقلار بار. مېيكگوۋېن مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى دەۋرلەردە مېسوپوتامىيىلىكلەر چاقنى ئىجاد قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ھارۋىنىمۇ ئىجاد قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇلار ئاتنى ناھايىتى ئاز بىلەتتى، كالا ۋە ئېشەكلەر بىلەن ھارۋىلارنى تارتقۇزاتتى. كالا تارتىشقا باب بولۇپ، مىنىشكە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئېھتىمال، بۇ ھەر قايسى جايلاردا ھارۋا تارتىشنىڭ ھايۋانلارغا مىنىپ پايدىلىنىشتىن بۇرۇن بولغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن»㉟. ئات — ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرگەن ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. بايقال تاغلىرىدىكى بىر سىنتاشقا سىزىلغان رەسىمدە بىرقانچە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇغ قادالغان بىر ياۋىداق ئاتنىڭ سەپ ئالدىدا ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن (بۇنىڭدىن 6000 يىل ئاۋۋالقى رەسىم)㊱. ياپونىيىلىك چىيەن داۋشىنىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 مىڭىنچى يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ㊲.

ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ھەر خىل يوللار بىلەن سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئۆزلىرى كۆندۈرگەن ئاتلارنىڭ سۈرەتلىرىنى قىيا تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرۇپ قويغان. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئالتۇن تاغ رايونى ئىچىدىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدا قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى سۈرەتلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭدا ئاتنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار. «ئالتۇن تاغدىكى قەدىمكى قىيا تاش سۈرەتلىرىنى ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن دېيىش مۇمكىن.» ㊳ مېيكگوۋېن ساكلارنىڭ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن. ئاتلىق ئوقيا ئېتىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ساكلارنىڭ چوڭ بىر كەشپىياتى ئىدى. ھونلارمۇ ئاتلىق ئوقيا ئېتىش، ئاتلىق جەڭ قىلىش ماھىرلىقىغا تايىنىپ موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرگەن. موڭغۇل، سىبىر يايلاقلىرى دۇنيادىكى چوڭ يايلاقلار بولۇپ، بۇ يەردە مۇساپە ئۇزۇن، توشۇلىدىغان مال-يۈك كۆپ، ھارۋىلارغا ئاتتىن باشقا ھايۋانلارنى قوشسا ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقى مۇمكىن. ئوغۇزنىڭ دائىم بىر چىپار ئايغىرغا مىنىپ يۈرىدىغانلىقىغا قارىغاندا ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن، ئىساك ئاسىموپنىڭ ئات-ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن دېگەن قارىشى بويىچە بولغاندا، «ئوغۇزنامە»دىكى ھارۋىغا ئات قوشۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

بىز ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى توغرىسىدىكى يۇقىرىدا قىلىنغان ئا[illegible]ق مۇلاھىزىدىن، «ئوغۇزنامە»نىڭ مىلادىدىن ناھايىتى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى

چۈشىنۋالالايمىز.

«ئوغۇزنامە»نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىزدىگەن چېغىمىزدا، ئىككىنچى باسقۇچتا ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىمىز. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «... ھەربىر دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى رېئال ئاساسنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەربىر تارىخىي دەۋردە قانۇن مۇئەسسەسلىرى ۋە سىياسىي مۇئەسسەسلىرىدىن ھەمدە دىنىي، پەلسەپىۋى ھەم باشقا نۇقتىئىنەزەرلەردىن تۈزۈلگەن پۈتۈن ئۈستقۇرۇلمىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ ئاساس چۈشەندۈرۈشى لازىم.»[39] ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ تەتقىقاتى بىزگە مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

كىشلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى (ياكى ئىدىيىسى) دىن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، شۇڭا ئېپوستىكى ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنى ئالدى بىلەن دىنىي ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پەرقلىق بولغان دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە تۇتېمغا، قەبىلىچىلىك دەۋرىدە بوۋىلارغا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان، بۇلار بىر خۇدالىق دىنلارغا ئۆتۈشنىڭ ھارپىسى بولغان ئىدى.

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېمغا، بوۋىلارغا، كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ۋە شامان دىنى ئەقىدىسى خېلىلا كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئېپوستا ئۇيغۇرلار ئىشەنگەن بۇددا، مانى، زارئاستىر نىستورىيان ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېچقانداق تەسىر يوق. شىنجاڭغا بۇددىزىم كىرگىنىگە 2000 يىلغا يېقىن بولدى. مانى دىنى مىلادى 763-يىلدىن باشلاپ موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. باشقا دىنلار ئومۇمەن مىلادىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تەسىر قىلغان. «ئوغۇزنامە» 13-ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يۇقىرىقى سۈنئىي دىنلارنىڭ تەسىرى سىڭمىگەن. «ھەر قانداق مىللەت ... ياكى كۆپ ياكى ئاز ھالدا سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ۋە باشقا مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ» ، دېمەك «ئوغۇزنامە» بۇ دىنلارنىڭ تەسىرى بولماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھال قانداقتۇر ئۇنىڭ يىراق ئۆتمۈش نۇسخىلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىدىن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ نۇسخا ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس، مانا بۇلار ئېپوسنىڭ ھەقىقەتەن يىراق دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى ھامان ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيە بولغان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى، كۆپ ھاللاردا دىنىي چۈشەنچىلەر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئەدەبىيات ئۇنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل بولۇپ قالغان.

«ئوغۇزنامە»نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتە قىلغان چېغىمىزدا، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئېپوستا ئوغۇزخاننىڭ ئوڭ (شەرق) تەرىپىدە ئالتۇن خانلىق، سول (غەرب) تەرىپىدە ئۇرۇم خانلىق جايلاشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئالتۇن سېرىق بولۇپ، ئۇنى قىزغۇچ ياكى قىزىلغا مايىل دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، قەدىمكى ئىنسانلار ئالتۇننى قىزىل رەڭ كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ قارىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇرۇڭ سۆزى ئۇرۇڭى، ئۇلۇغ ئۇرۇڭى دېگەندەك

ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىش بىلەن بىللە «قارا بۇدۇن» (قارا خەلق) سۆزىنىڭ قارشىسى سۈپىتىدە «ئۇرۇڭ بەگ» (ئاق بەگ) سۆزى ئىشلىتىلگەن. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «ئۇرۇڭ» دېگەن سۆزنى ئاق دەپ ئىزاھلىغان⑩. بۇ، «ئۇرۇڭ» دېگەن سۆز «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم» دېگەن سۆز بىلەن بىر دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ئادەت بار. ئائىلىدە بىراۋ (ئاساسەن ئۈششاق بالىلار) ئاغرىپ قالسا، ئانا كىچىك بالىلارنى يەتتە ئۆيلۈك قوشنىسىدىن يۇرۇڭ (جانلىق تىلدا ژۇرۇڭ) تىلەپ كىرىشكە بۇيرۇيدۇ. بالىلار قول-بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قوشنىلار بەرگەن يۇرۇڭ (ئاساسەن پاختا، ئاق رەخت پارچىلىرى)نى قىستۇرۇپ ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنى ئانا قولىغا ئېلىپ، كېسەلنىڭ باش تەرىپىدىن ئەپسۇن ئوقۇغاچ ئايلاندۇرۇپ، ئۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بۇنى، ئۇيغۇرلار يۇرۇڭ تىلەش دەپ ئاتايدۇ. «ۋېي نامە» (« 魏书 »)، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (« 北史 ») دېگەن كىتابلاردا، ئۇيغۇرلار قەدىمكى قىزىل دى ( 赤狄 )لارنىڭ نەسلىدىن ئىدى، دەپ بىردەك قەيت قىلىنغان. قىزىل دىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا «ئوكيانۇس» (« 辞海 »، «كىچىكلىتىلگەن نۇسخا») 1951-بەتتىن مۇنۇلارنى ئۇچرىتىمىز: «قىزىل دى، قەدىمكى قوۋم نامى، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى دى ( 狄 )لارنىڭ بىر قىسمى، ... ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىزىل چاپان كىيىدىغان بولغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان ئىكەن.» دى ( 狄 )لار ھەققىدە يەنە شۇ كىتابنىڭ 819-بېتىدە مۇنداق يېزىلغان. «دى، قەدىمكى قوۋم نامى، ... مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىرلەردە قىزىل دى ( 赤狄 )، ئاق دى ( 白狄 ) ئېگىز دى ( 长狄 ) دېگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن.» 1759-بەتتە بولسا «ئاق دى»لارنى چۈشەندۈرۈپ، ئاق چاپان كىيىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان، دېيىلگەن. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇزۇن دىلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ئانچە كۆپ خاتىرىلەنمىگەن، ئەمما قىزىل دى ۋە ئاق دىلارغا ئائىت مەزمۇنلار خېلى كۆپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات ساقلانغان. بىز «ئوغۇزنامە»دىكى ئۇرۇم خانلىقىنى «ئاق دى»لار، ئالتۇن خانلىقىنى «قىزىل دى»لار دەپ پەرەز قىلىمىز. كۆك تۈركلەر دەۋرى (552 — 744)دە «ئاق تۈرك» دېگەن قوۋمنىڭ بولغانلىقى بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەشكە خېلىلا زور ياردىمى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى نېمە ئۈچۈن قەدىمكى دەۋردە ئاق ۋە قىزىل رەختتىن پەرقلىق چاپان كىيىدۇ؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاسمانغا چوقۇنغاندا ئۇنىڭدا ھامان بىر كونكرېت نەرسە مەۋجۇت دەپ قارىغان، بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان كۈن ۋە ئاي ئىدى. چۈنكى ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىملىق تەسىر قىلىپ تۇراتتى. كۈن يېڭى چىققاندا قىزغۇچ ياكى قىزىل كۆرۈنىدۇ. كۈنگە چوقۇنىدىغان قەبىلىلەر قىزىل چاپان كىيىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئاي يېڭى كۆرۈنگەندە ئاقۇش ياكى ئاققا مايىل بولۇپ، ئايغا چوقۇنىدىغان قەبىلىلەر ئاق چاپان كىيىپ ئايغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى تۇرمۇشىدىنمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئەرلەر قىپقىزىل چاپان (تون) كىيىشەتتى. ئاياللار، ئەرلەر ئاپئاق پەرەنجە، پەشمەتلەرنى كىيىۋالاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئارتىسلار سەھنىگە چىققاندا يەنىلا قىزىل تون، ئاق يەكتەك كىيىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كۈن، ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ھەققىدە ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا چەت ئەل مەنبەلىرىدىن مەلۇماتلار تېپىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ «ئوغۇزنامە»دىن بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز. «ئوغۇزنامە»نىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخان تەنتەنىلىك

مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئىككى خادا تىكىتىپ ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇ كۈن ۋە ئايغا قىلىنغان ھۆرمەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى. ئالتۇن توخۇنى كۈننىڭ، كۈمۈش توخۇنى ئاينىڭ سىمۋولى دېيىش مۇمكىن. «تىرخىن مەڭگۇ تېشى» دىكى «ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا (ئۆزلىرىنىڭ، كۈچلىرىنى بىرۇر» دېگەن جۈملىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن ۋە ئاينىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىدۇ دەپ قاراش چۈشەنچىسىنى ۋە «ئوغۇزنامە» دىكى ئۇرۇم خانلىقىنىڭ غەربكە، ئالتۇن خانلىقنىڭ شەرققە جايلىشىش ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىز بىر قاتار تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق دى، قىزىل دى دەپ بۆلۈنۈشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 — 8-ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايمىز.

«ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزنىڭ ھەربىي يۈرۈشى مەسىلىسى ئۇزۇندىن بۇيان «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىدا ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە قارىلىپ كېلىندى. ئوغۇزنىڭ ئاساسىي يۈرۈشى سىرىق دەريا (خۇاڭخې دەرياسى)نىڭ شىمالىدىكى قۇۋملەرنىڭ يېنسەي دەرياسى، ئېتىل دەرياسى ساھىلىگە يۆتكىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا سابىق سوۋېت ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن شۇنى ئىسپاتلاپ چىققانكى، قەدىمكى دەۋرلەردە ئەنقارا دەرياسى ساھىلىدىن تارتىپ يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلىلىرى تارقىلىپ ياشىغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ يىن شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 16-ئەسىردىن، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1066-يىلىغىچە)نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جۇڭگودىن كېڭىيىپ بارغانلار بولۇپ، نەتىجىدە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان «قارا سۆك» تىپىدىكى مەدەنىيەت شەكىللەنگەن، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن، بۇلار جۇڭگونىڭ يىلنامىلىرىدا «دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، جەنۇبىي سىبىرىيە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە قىلغان㊶. سوۋېت ئالىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدىن، جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تارماق دىڭلىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قەدىمكى دىڭلىڭلار ئەسلىدە ئورال-ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدىكى كەڭ رايونلاردا تارقىلىپ ياشىغان دېگەننى ئىسپاتلاپ چىقتى㊷. بۇ قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان، ئالتاي ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىلىرىدا ياشىغان دېگەن مۆجمەل قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

دىڭلىڭلار نېمە ئۈچۈن خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىدىن يېنسەي، ئورال ئەتراپلىرىغا كۆچكەن، بۇنىڭ «ئوغۇزنامە»دە ئىپادىسى كۆرۈلگەنمۇ؟

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دىڭلىڭلار جۇڭگونىڭ شاڭ، جو سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەرگە گۈيفاڭ( 鬼方 ) دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلەنگەن㊸. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا خېلىلا كۈچلۈك ھېسابلانغان. شاڭ، جو خانلىقلىرى گۈيفاڭلار بىلەن كۆپ چاغلاردا قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولغان، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار، ياۋايىلار، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۇلارنىڭ

نەزەرىدە ئىجادىي ئەمگەككە قارىغاندا ئوخشاي ۋە شەرەپلىك ئىش. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا ئېلىپ
بارغان ئۇرۇشلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەردىن ئۆچ ئېلىش ياكى ئۆزىگە يېتىشمەيۋاتقان زېمىننى
كېڭەيتىش ئۈچۈنلا بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى پەقەت بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى
بولۇپ ئۇرۇش ئۇلارنىڭ دائىملىق كەسپىگە ئايلىنىپ قالغان»㊹. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بۇ
مۇلاھىزىلىرى بىزگە قەدىمكى خەلقلەر ئارىسىدا دوستلۇقنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە، ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ
ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شاڭ، جو قۇلدارلىق ئىمپېرىيىسى
گۇيفاڭلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توساش ئۈچۈن كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشلىرىنى ئېلىپ بارغان
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراق بولغىنى ئۈچ قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ㊺. « كېيىنكى
خەننامە.غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى » دە « ۋۇدىڭ (شاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى) غەربىي
چياڭ، گۇيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۈچ يىلدا ئاران مەغلۇپ قىلغان » دېيىلگەن. شاڭ، جۇۋ
دەۋرلىرىدە گۇيفاڭلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل سەۋەبلەر، ئاساسەن باشقىلار بىلەن چىقىشالماسلىقلار
تۈپەيلىدىن شىمالغا ۋە يېنسەي-ئورال تەرەپلەرگە سۈرگەن㊻. ئەمما خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي
ساھىللىرىدا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆچى يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن . بۇلارنى بىز جۇ سۇلالىسى
دەۋرىگە ئائىت يازما ھۆججەتلەردىن دەلىللىيەلەيمىز. جو دەۋرىدە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۇيفاڭلارنى
« دى » ( 狄 ) دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلىگەن. « بەگلىكلەر تەزكىرىسى.جېڭ بەگلىكى تارىخى»
( 国语。郑语 )دا جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1066-يىلدىن، 771-يىلغىچە)غا قوشنا
بەگلىكلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان «دى» ( 狄 )
قوۋمىنىڭ سەككىز تائىپىسى قۇرغان سەككىز بەگلىكنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان، بۇ بەگلىكلەر
مۇنۇلاردىن ئىبارەت. «جەنۇب تەرىپىدە جىڭ، مەن، جىن، لۇ، يىڭ، دىڭ، جېن، سەي، سۈي،
تاڭ قاتارلىق بەگلىكلەر؛ شىمالىي تەرىپىگە ۋېي، يەن، دى، شەنيۇ، لۇ، چۈەن، تۇ، پۇ قاتارلىق
بەگلىكلەر؛ غەرب تەرىپىگە يۈ، گو، چىن، گۈي، خۇ، ياڭ، ۋېي، رۈي قاتارلىق بەگلىكلەر؛ شەرق
تەرىپىگە چى، لۇ، ساۋ، سوڭ، تېڭ، شۇ، زو، جۇ قاتارلىق بەگلىكلەر جايلاشقان.» «بۇلارنىڭ ئىچىدە
دى قوۋملىرى قۇرغان بەگلىكلەردىن دى، شەنيۇ، لۇ، چۈەن، تۇ، پۇ، گۈي قاتارلىقلار ۋە باشقا
دىلار بار»㊼. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى خۇاشيا قەبىلىلىرىنىڭ شىمالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار
«شىمالىي دى» (« 北狄 ») دەپمۇ ئاتالغان. «سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن قارىغاندا،
چۈنچيۇ-جەنگو دەۋرلىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 722 — 221-يىللار) «شىمالىي دى»لار ئالللبۇرۇن
سىنىپسىز جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى ئورۇنلاپ بولغان»㊽. جەنگو دەۋر (مىلادىدىن
بۇرۇنقى 475 — 221)دە جۇڭشەن بەگلىكىنى قۇرغان بولۇپ، بۇدىلار تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە. جۇڭشەن بەگلىكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 323-يىللىرى بىر قىسىم بەگلىكلەر بىلەن خانلىق دەپ
تەن ئېلىنىپ 30 يىل مەۋجۇت بولغان. بۇ خانلىقنىڭ ئورنى بۇگۈنكى خېبېي تەۋەسىدە بولۇپ،
جىڭدىڭنى مەركەز قىلغان، چېگرىسى شەرقتە خېڭشۈيگىچە، جەنۇبتا بۇگۈنكى يوڭپىڭغىچە، غەربتە
بۇگۈنكى جىڭشىڭغىچە، شىمالدا بۇگۈنكى باۋدىڭغىچە بارغان («ئوكيانۇس» — « 辞海 » (مىللەتلەر
قىسمى) 86-بەت.

دېمەك، ئالتۇن خانلىق بىلەن ئۇرۇم خانلىقىنىڭ خانلىق سۈپىتىدە «ئوغۇزنامە »دە
تەسۋىرلىنىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك رېئال ئاساسى بار.

ئوغۇزخان شەرقتىكى ئالتۇن خاقانلىققا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ خاقانىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت

قىلىشنى ئۆتۈنۈشى بىلەن ئالتۇن خاقانلىق بويسۇنىدۇ. سول تەرەپتە ئۇرۇم خاقانلىق بولۇپ، ئۇ ئوغۇزنىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقانىنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقىرىدۇ شۇنداق قىلىپ ئوغۇز قوۋملىرىنىڭ رەسمىي ھەربىي يۈرۈشى باشلىنىدۇ. ئوغۇز ئۇرۇم خاقانلىق بىلەن ئىتىل دېگەن دەريانىڭ قىرغىقىدىكى قاراتاغ باغرىدا تۇنجى قېتىم قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. مانا مۇشۇ يەردىكى «ئىتىل دەرياسى» يىنسەي ئورال تەرەپلەردىكى ئىتىل دەرياسىنى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ. دېمەك، بىز شۇلارنى پەرەز قىلىمىزكى، شاڭ، جۇ دەۋرىدە شىمال، يىنسەي-ئورال تەرەپلەرگە يۆتكەلگەن دىڭلىڭلارنىڭ باشلامچىلىرى ئۇرۇڭ (ئاق)دى ياكى گۇيفاڭ (دىڭلىڭ)لار بولۇپ، ئوغۇزخان مانا مۇشۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقتىن زور قوشۇن بىلەن شۇلار ياشاپ تۇرغان ئىتىل بويلىرىغا يۈرۈش قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيدىن بۇرۇن ھەر خىل نامدا ئاتالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. دى، دىڭلىڭ، گۇيفاڭ، تىلى، ئېگىز ھارۋىلىقلار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ناملىرى ئىدى. مەشھۇر ئالىم ۋاڭ گوۋېي ( 王国维 ) بۇ ئەھۋاللارغا ئىزاھات بېرىپ، ئۇلار «دەۋرگە ئەگىشىپ پەرقلىق ئاتالغان» دەيدۇ (ۋاڭ گوۋېي: «گۇيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر ھەققىدە تەتقىقات»قا قاراڭسۇن) .

«ئوغۇزنامە»دە دىۋى-پەرى، ھۆرى-غىلمان، قۇيۇن، جىن-ئالۋاستى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى كۆرۈلمەيدۇ. بۇلار ئىران، ئەرەب ۋە شۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەردە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلارمۇ «ئوغۇزنامە»نىڭ ھەقىقەتەن يىراق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

«خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن، ئۇ خەلقلەر تارىخىنى پوئېتىك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەبرى-جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەرنى (ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك.»㊾ شۇڭا، م.گوركى «فولكلور ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، تارىختىن ھېچ ئارقىدا قالماي، ئۆزىچە ئەگىشىپ كەلمەكتە.»㊿ دېسە، رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنسكىي «گرېكلارنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈن تولۇقلىقى كۆپرەك سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن، ئۇلارنىڭ مىللىي تارىخى ئاساسەن سەنئەت تەرەققىياتىدۇر» ، ئۇ يەنە سۆزىنى تولۇقلاپ — «بىز ئۈچۈن گرېك سەنئىتى ئۈرنەك، فورما ۋە يۇقىرى ئابروي بولۇشى كېرەك. چۈنكى جاھاندا ھېچبىر خەلقنىڭ سەنئىتى گرېك سەنئىتىگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس ۋە نورمال رەۋىشتە ئۆسكەن ئەمەس. قەدىمكى گرېكلارنىڭ تەلتۆكۈسلىكى كۆپرەك سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن گرېك سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ھۆججەتلىرى بىز ئۈچۈن لايىق ئابروي كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»(51) .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بايانلاردىن «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئەكس ئەتكەنلىكىگە شۈبھىلىنىش بىر تەرەپلىمىلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دەرۋەقە، «ئوغۇزنامە» نىسبەتەن كېيىنرەك دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلى فورمىسى بارلىققا كېلىپ، شۇ دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە.

4 ـ «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

1) «ئوغۇزنامە»دىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قاراشلار*

ئىنسانلار ئۇخشمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئېتىقاد ھالىتىدە ياشاپ كەلدى. ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئېتىقادمۇ ئۆزگىرىپ باردى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئېتىقاد كۆپ ھاللاردا بىرلىشىپ، بىر گەۋدىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن روشەن دەۋر چەكلىمىسىدىن خالىي بولالمايتتى. ئىجتىمائىي ئېتىقاد چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان تارماق ئۇقۇملاردىن تەركىب تاپقان. تۆۋەندە «ئوغۇزنامە»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنىڭ بەزىبىر ئىزلىرى ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئىپتىدائىي تۇتېم ئېتىقادى توغرىسىدا. «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئېتىقادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئىپتىدائىي دىنى — توتېم ئېتىقادى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. «ئوغۇزنامە»دە باش قەھرىمان ئوغۇز كۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان. كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك بىر ساھىبجامالغا ئۆيلىنىپ، پەرزەنت قالدۇردۇ ۋە مەملىكىتىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ؛ شۇنداقلا «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ پۈتۈن ھەربىي يۈرۈشلىرىگە كۆك يايلىق، كۆك تۈكلۈك بىر ئەركەك بۆرە يول باشچىلىق قىلىدۇ ھەم ئوغۇزخان كۆك بۆرە بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن دەپ جاكارلايدۇ. مانا بۇ قەدىمكى توتېم ئېتىقادى. توتېم ئېتىقادى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئېتىقادتۇر. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا، ئىنسانلار ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىش ۋە ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن يېمەك-ئىچمىكىنى قامداپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى ئىدى. ھايۋانلارنى ئالساق، كىشىلەر دەسلەپتە ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن كۈچلۈك تەسىرى بولغان تەبىئەتتىكى غەيرى، ئاجايىپ-غارايىپ كۈچ دەپ قاراپ چوقۇنغان. كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق ھېسابلانغان نەرسە كىشىلەر تايىنىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قەدىمكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان ئىلاھىي ئوبيېكت سۈپىتىدە تونۇلغان. كىشىلەر چوقۇنىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت — ئۇنىڭ گۆشلىرى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنى تەمىنلىدى. قىسقىسى، كىشىلەر ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان مەخلۇقتا ئادەملەر تايانماي مۇمكىن بولمىدى. بىراق ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۆزلىرى بېقىندى بولۇپ قالغان ھايۋاننىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇ تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالايدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، يولۋاس، بۆرە، يىلپىز قاتارلىق ھايۋانلار ئادەمنى يەيدۇ، چىشلەيدۇ، ياربدار قىلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىماقچى بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىنى توسيالىشى لازىم. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلماسلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر. يەنە بەزىبىر ھايۋانلارنىڭ ئىقتىدارى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ چىشى ۋە پۇت بارماقلىرى، بەزى ھايۋانلارنىڭ پۇراش سېزىمى ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى؛ رەڭگى، تۈكى، قۇيرۇقى، يايلى، مۈڭگۈزى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ھەرىكەتلىرى، بېلىقلارنىڭ سۇ ئۈزۈش قابىلىيىتى قاتارلىقلار. كىشىلەر بۇ خىل ئادەمدىن تاشقىرى ئىقتىدارنى ئويلاپ، بەزىدە تېخى مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە نىسبەتەن قوغداش رولىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقان. بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دەسلەپ قىلىپ

* دىققەت! بۇلار پايدىلىنىش ماتېرىيالى ئۈچۈن بېرىلدى، ئىمتىھان سوئالىغا چىقىرىلمايدۇ.

ھايۋانلارنى ئىلاھ دەپ چوقۇنغانلىقى ھايۋاننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە رولىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىلاھىي مەبۇد بولۇپ قالغان. دېمەك، ھايۋانلار دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن مۇقەددەس دەپ قارالغان نەرسىدۇر.

ئۆسۈملۈكلەر مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن كەلگەن. ئادەم بىلەن ھايۋان دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بىراق بەزى ئۆسۈملۈكلەر بىرقانچە يۈز يىل، بىرقانچە مىڭ يىل ياشاپ، ئاندىن قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. بەزى دەرەخ يىلتىزلىرى (غولى) قۇرۇپ كەتمەي، يىلتىزدىن بىخ چىقىرىپ، داۋاملىق كۆكلىيەلەيدۇ. بەزى كىتابلار ناھايىتى كۈچلۈك كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە. كىشىلەر مۇنداق ئادەمدىن تاشقىرى تۇرىدىغان كۈچكە چوقۇنۇپ، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ئۆسۈملۈكلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ماتېرىيالىنىڭ مەنبەيى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىتا مۇئەييەن تايىنىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئۇ (ئۆسۈملۈك) مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولمىسۇن، ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قاندۇرالىغان؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مول-ھوسۇللۇق يىلى ۋە ھوسۇلسىز يىلى، شۇنداقلا باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ھوسۇلنىڭ كۆپ ئازلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كىشىلەر دەرەخ ئىلاھىنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرۈۋاتقان ھادىسىلىرى دەپ چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئىلاھى بولىدىغانلىقى ئىنسانلار ئېڭىدا پەيدا بولغان. بەزى ئۆسۈملۈكلەر ئاچلىقنى كاپالەتلەندۈرىدۇ دەپ قارالغان. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى يېسە كىشىلەر ئاساسەن ئاچ قالمايدۇ. بەزىلىرىنى ئادەم بەدىنىگە ئېسىۋالسا قايمۇقۇش يەنى ئازدۇرۇش ھادىسىلىرىنى ئازايتقىلى (چەكلىگىلى) بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆتكۈر تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللەرگە گىرىپتار بولماسلىقى مۇمكىن ياكى يېسە نەرۋە-چارۋىلىرىگە تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇلار ئەنە شۇ خىل ئۆسۈملۈكنى بىر خىل ئىلاھىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان ۋە ئىلاھىي كۈچكە ئىگە دەپ تونۇلغان.

دېمەك، توتېمغا چوقۇنۇشنىڭ ئوبيېكتى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن. شۇ باسقۇچنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بولۇپ، جاھالەت، نادانلىق دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئەھۋال ئاستىدا، ئىپتىدائىي بولغان يىغىۋېلىش، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى بەكمۇ ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقان، تارىخ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمايۋاتقان ئەھۋالدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ چاغدا ئىنسانلار مۇئەييەن ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ روشەن پەرقلىق جايلىرىنى ئايرىۋېلىش ئاڭلىقلىقى يوق ئىدى. بۇ خىل تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىنسانلار ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بوۋىسى قىلىپ چوقۇنغان ھەم مەلۇم بىر خىل ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ جەددى جەمەتى دەپ قارىغان.

«ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزنىڭ دەرەخ كاۋىكىدىكى قىزغا ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئالاھىدە تەبىئەتلىك ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشى، شۇنداقلا بۆرىنىڭ ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بەلگىسى بولغانلىقى يۇقىرىقىدەك توتېم ئېتىقادى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك ياكى دەل توتېم ئېتىقادى دېسەكمۇ بولىدۇ. بىز «ئوغۇزنامە» دىكى بۇ خىل مەلۇماتلارنىڭ بولغانلىقىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە توتېمغا چوقۇنغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئېتىقادنى كۆرۈۋالالايمىز.

**ئەجدادلارغا چوقۇنۇش** «ئوغۇزنامە» دە باش قەھرىمان ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار ئىقتىدار جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن زور دەرىجىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە پورترېت تەسۋىرلىرىمۇ ئۆزگىچە، مەسىلەن، ئوغۇز مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى. بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز-چىرايى كۆك ئىدى. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ ھۆر-پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى... ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى ... پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى ...»

بۇ تەسۋىرلەردىن ئوغۇزخاننىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئادەملەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دىنىي چۈشەنچە بويىچە «ئەجدادلارغا چوقۇنۇش» ياكى بوۋىلارغا چوقۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش توتېمغا چوقۇنۇشتىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئېتىقاد فورمىسى، ئىنسانلار ئۇزۇن مۇددەت توتېمغا چوقۇنۇشتەك ساددا ۋە گۆدەك ئىجتىمائىي ئېتىقاد ھالىتىدە ياشاپ تۇرغان، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى مەلۇم قانۇنىيەتلەرنى ئىنسانلارغا تونۇتتى؛ بىلىمنى، تەجرىبىسىنى بېيىتتى. تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئاز-تولا چۈشىنىشكە، ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. نەتىجىدە، ئاڭسىز ۋە گۆدەكلىك دەۋرىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارغا چوقۇنىدىغان توتېم ئېتىقادى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىغا ئالماشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەندى مەلۇم بىرتوتېمدىن تۆرەلگەن دەپ قارىماستىن، بەلكى مەلۇم بىر قەدىمكى توپ ئەجدادتىن تۆرەلگەن دەپ قارايدىغان بولدى. توتېم ئېتىقادىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىنىڭ مەھسۇلى دېسەك، ئەندى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش بولسا، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مانا مۇشۇ چاغدىكى ئىنسانلار — ئۇرۇقداشلار ئۆز قەبىلىسىنىڭ بىرقەدەر بۇرۇنراق بولغان ئۇرۇقىنىڭ دەسلەپكى بوۋىسىنى ئېسىلزادە دەپ چوقۇندى. شۇندىن كېيىن ئۇرۇق ئىتتىپاقىنى قوغداش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەرنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىدىغان خىيالىي ئاڭ سېزىمى قايتىلانماي، بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا بېسىشلار بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقىي تەرەققىيات مۇساپىسى دەسلەپكى بوۋىسىغا چوقۇنۇشقا يۈزلەندى. ئاتىلىق سىستېمىسىدىكى ئۇرۇق كوممۇنىسى ئانىلىق سىستېمىسىدىكى ئۇرۇق كوممۇنىسىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئانىلىق سىستېمىسىدىكى جەمئىيەتتە توتېمغا چوقۇنۇش مۇۋاپىق بولغانلىغا قارىغاندا، ئاتىلىق سىستېمىسىدىكى جەمئىيەتتە بوۋىسىغا چوقۇنۇشنىڭ مۇۋاپىق كېلىشى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسانلار تەبىئەتتىن پەرقلەندۈرۈلدى. بۇ ئاڭ تارىختىكى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشتۇر. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش باسقۇچىدا ھەربىر ئۇرۇقتا رىۋايەت قىلىنىدىغان دەسلەپكى چوڭ بوۋا بولغان. ھەربىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە تارمىقىنىڭمۇ ئورتاق دەسلەپكى چوڭ بوۋىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ئەجدادى بولغان. بۇ ئەجداد توتېم بىلەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش قىياپەتتىكى ياخشى نىيەتلىك تەڭرى بولۇپ، باشتىن-ئاخىرى ئۆز قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىق سىستېمىسىدىكى باسقۇچتا ياشاپ تۇرغان كىشىلەر بوۋىلىرىغا دۇئا-تىلاۋەت، نەزىر چىراغ قىلىش جەريانىدا، دائىم دېگۈدەك قىياس يۈرگۈزۈپ، تەسەۋۋۇر قىلىشىپ، ئاتا-بوۋىسىنىڭ تۆھپىسىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى ئەمەلىيەتتە توپلىغان تەجرىبىلەرنى، ئۆزلىرىدىكى قابىلىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ قىلىپ تەسۋىرلەيدىغان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنى ياراتتى. قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا يارىتىلغان

شەخسلەر ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى، ئىختىراچى، سەركەردە، باتۇرلار ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي كۈرەشلىرىدە ياراتقان ئىلاھىي قەھرىمانى. ئۇ يېرىم ئادەملىك، يېرىم ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئوغۇز ئاي قاغان (ئاي تەڭرىسى) دىن تۇغۇلغان. ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، ھەر قانداق كۈچلۈك ھايۋانلاردىن قورقمايدۇ. ئۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىك ئۇرۇق قەبىلىسىنى يېتەكلەپ ماڭالايدۇ. ئوغۇز ئۆيلەنگەن قىزلار ئىلاھىي قىزلاردۇر. يەنى ئۇنىڭ ئاياللىرى كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلايدۇ؛ پۈتۈن يەر-جاھاندىكى كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسە، ئاھ، ئاھ، جانىنى ئالىدىكەن دەيدۇ، ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنى ئالىدىغان بولساقمۇ، ئوغۇزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەتنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ ياكى ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئوغۇزخان تەرىپىدىن ئۇيغۇر، قارلۇق، قىپچاق، قانغالىق دېگەن ئىسىم قويۇلغان ئەينى چاغدىكى كىشىلەرمۇ قەدىمكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى مۇشۇ ئىسىمنى قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر كېيىن پۈتۈن-تۇتۇن قەبىلە ياكى مىللەتنى شەكىللەندۈردۇ. «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلارغا يەنى بوۋىلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئېتىقادى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**تەبىئەتكە چوقۇنۇش**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەقىدىسى «ئوغۇزنامە»دە ئىنتايىن جانلىق ۋە بىرقەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش مۇھىم بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. يەنى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھالىتى. ئاتىلىق قەبىلىچىلىك جەمئىيىتى كېيىنچە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپتى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ باشلىقى ئىتتىپاققا قاتناشقان ھەر قايسى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن بىرلىكتە سايلىناتتى. قەبىلە ئىتتىپاقى بىر نوپۇزلۇق تەشكىلگە ئىگە. ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى يۇقىرى سەركەردە، شۇنداقلا، دىنىي جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئاقساقال، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق بولغان، ئاسمان تەڭرىسىنى مەركەز قىلغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەندى. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىشى ۋە تونۇشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. زېمىندىكى كىشىلىك دۇنياسىدىكى خىلمۇ-خىل، ئۆزئارا زىت بولغان ئۇرۇق، قەبىلىلەر يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاقساقىلى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگىنىگە ئوخشاش، تەبىئەت دۇنياسىدا ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن ئەڭ ئالىي تەڭرى بولۇشى كېرەك. شۇڭا ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىگە باشچىلىق قىلىدىغان ئاسمان تەڭرىسى چۈشەنچىسى مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەنلىكى تاسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە «كۆك تەڭرىسى»گە ئالاھىدە چوقۇندى. «ئوغۇز» نىڭ «كۆك» سۆزى ئارقىلىق سۈپەتلىنىشى، بۆرىنىڭ «كۆك» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن باشقا

ھايۋانلاردىن پەرقلەندۇرۇلۇشى، شۇنداقلا بۆرىنىڭ «كۆك» نۇر ئىچىدىن چىقىشى، ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ «كۆك نۇر»دىن تۆرەلگەنلىكى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي سۈپەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى تەبىئەت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بولۇپمۇ تەبىئەت ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا جىددىي تەسىر كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەسىلەن: شامال، قار، يامغۇر، كەلكۈن، چاقماق، ھاۋا تۇتۇلۇش، پەسىل ئالمىشىش قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ سىرىنى زادى بىلمىگەچكە، بىر قىسىم تەبىئىي ئاپەتلەرنى مەلۇم بىر خىل «كۈچ» كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ كۈچ زادى قەيەردە؟ ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى، شامال، قار، يامغۇر، چاقماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاسمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل ھادىسىلەر بىر مەزگىللىك بولۇپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىراق كۆپكۆك ئاسمان داۋاملىق ئىنسانلارنىڭ ھەمراھى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن چەكسىز كەتكەن ئاسمان بوشلۇقىنىڭ كاتتىلىقى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا «غەيرىي كۈچ»نىڭ ئاسماندا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چۈشەنچە بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن مەدەت تىلەش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش ئەقىدىسى شەكىللىنىش نەتىجىسىدە «ئاسمان (كۆك)» سۆزى ئالاھىدە سۆزلەنگەن. مەسىلەن، «كۆك تۇكلۇك، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە»، «ئوغۇزنىڭ يۈز-چىرايى كۆك ئىدى» دېگەندەك. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاسماننى «kok» دەيتتى. بۇ يەردىكى «كۆك» ئىنسانلار چوقۇنىدىغان تەڭرىنىڭ ياكى تەڭرى تۇرىدىغان ماكانىنىڭ دەل ئۆزى. ئوغۇزنىڭ «ئاسمان قورغان بولسۇن» دېيىشى تەڭرىنىڭ ھامىيلىقىنى تىلىگەنلىكى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىدا ئاسمان تەڭرىسى (كۆك) مەركەز قىلىناتتى. ئاسمان (كۆك) تەڭرىسىگە چوقۇنۇش بىلەن بىرگە قەدىمكى ئىنسانلاردا كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسماندا كونكرېت مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسىمۇ پەيدا بولغان ئىدى.

ئىنسانلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە بىر جايدا مۇقىم تۇرمۇش كەچۈرمىگەن. زېمىندىكى تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئەمما ئاسماندىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ھەمىشە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا قەدىمكى كىشىلەر ئاسمان بوشلۇقىغا نەزەر سالغاندا، ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغىنى كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسماندىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەردۇر. ئاسمان بوشلۇقىغا كەلسەك ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىمكى كىشىلەر ئىلاھ تۇرىدىغان دۇنيا دەپ قارىدى. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىرى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا دائىم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نەرسە قۇياشتۇر. قۇياش ھەر كۈنى ئاسمان بوشلۇقىدا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىپ، چەكسىز نۇر چېچىپ، كۆزنى چاقنىتىپ، قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. سوغۇق كۈنلىرى كىشىلەرگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، ھاياتنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئەمما بەزىدە ناھايىتى قىزىق نۇر چېچىپ ئادەمنى ئازابلايدۇ. دەريادىكى سۇلارنى قۇرۇتىۋېتىدۇ. يەرلەرنى قورغاقچىلىقتا ئۇچرىتىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنى سولاشتۇرۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. كۈننىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور تەسىرى بار. شۇڭا دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە كۈنگە چوقۇنۇش ئادىتى بولغان. ئوغۇزخاننىڭ «قۇياش تۇغ بولسۇن» دېيىشى قۇياش ئىلاھىنى غەلىبىنىڭ سىمۋولى قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخاننىڭ ئەل جامائەتنى يىغىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئىككى خادا بېكىتىپ، ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇشى كۈن ۋە ئايغا قىلىنغان ھۆرمەت (چوقۇنۇش)نىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. كۈن قىزىل بولىدۇ. شەرقتىن چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ئالتۇن توخۇ سىمۋول قىلىنغان. ئاي كۆكۈش كۈمۈش رەڭلىك بولىدۇ. يېڭى كۆرۈنگەندە غەربتە پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا كۈمۈش توخۇ سىمۋول قىلىنغان. بىز «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»دىكى «ئالدىمىدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا (ئۆزلىرىنىڭ) كۈچىنى بېرىدۇ» دېگەن جۈملىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن ۋە ئاينى قايسى تەرەپتىن چىقىدۇ دەپ قارىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

«ئوغۇزنامە»نىڭ باش تەرىپىدىكى «بىر كۈنى ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورىدى...» دېگەن تەسۋىرلەرنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلاشقا ياردىمى بولىدۇ. «ئاي»غا «قاغان» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى «ئاي» ياكى ئايال، ئايال جىنسىنى ئىلاھلاشتۇرغانلىقىنىڭ ئىنكاسى، چۈنكى قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز قاغانلىرىنى تەڭرى ئورنىــــدا كۆرگەن ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتىدا بولغان. بۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسىدۇر. ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي ئېتىقادلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا كۈن، ئاي، ئاسمان (قاغان) دېگەن ئۇقۇملار ئوخشاش (تەڭ) مەنىدە قوللىنىلغان ياكى ھەممىسى «تەڭرى» ئۇقۇمىدىمۇ قوللىنىلغان. دېمەك، ئاي كېچىنى يورۇتىدۇ ھەم ئۇ چىرايلىق بولۇپ، قەدىمكى كىشىلەر ئۇنىڭغا بەك ھېرىسمەنلىك قىلاتتى، يۇقىرىقى مۇلاھىزە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا «كۈن ئىلاھى» بىلەن بىرگە «ئاي ئىلاھى»نىڭمۇ بولغانلىقى پەرەز قىلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى «پېشانىسىدە پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى ئالتۇن قوزۇققا ئوخشايتتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇ يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئاسمان جىسىملىرىغا ياكى ئاسمان تەڭرىسى (تەبىئەتكە)گە چوقۇنۇشتىكى بىر خىل تارماق ئېتىقاد. يۇلتۇز خۇددى قۇياش ۋە ئايغا ئوخشاش ئاسمانغا جايلاشقان. بىپايان كېچە ئاسمىنىنى ئالتۇن بېزەكلەردەك زىننەتلەپ، قەدىمكى كىشىلەردە زور ھەۋەسلىنىش تۇيغۇسىنــى ئويغاتقان، يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا خىلمۇ-خىل ئورۇنلىشىشى، پەسىللەر بويىچە يەر شارىغا نىسبەتەن يۆتكىلىپ، ئۆز دائىرىسىدە ئالمىشىپ تۇرۇشى، سامان يولى، ھۈكەر، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى، يەتتە تىككەن يۇلتۇزى، ئوق يۇلتۇز، ئۈچ يۇلتۇز قاتارلىقلار ۋە نۇرى كۈچلۈك-ئاجىز يۇلتۇزلار ھەقىقەتەن ئاجايىپ سىرلىق نەرسىلەردەك تۇيۇلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «ئالتۇن قوزۇق» دەپ ئاتايتتى.

«قوزۇق» بىر يەرگە تىقىپ، نەرسىلەرنى باغلاپ قويىدىغان ماتېرىيال. ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھەر خىل ھايۋانلارنى باغلاشتا قوزۇقتىن پايدىلانغان. قوزۇق مىدىرلىماي تۇرغاچقا، باغلانغان ھايۋانلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ نېرى كېتەلمىگەن. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمى پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن يەر شارىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە ئۇدۇل كەلگەنلىرى باشقا تەرەپكە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى بولسا، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە خۇددى قوزۇقتەك داۋاملىق شىمال ئاسمىنىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئۇنى «يەر (زېمىن)نىڭ قوزىقى» بولۇشى كېرەك دېگەن چۈشەنچىنىڭ پەيدا بولۇشى تۇرغان گەپ.

«ئالتۇن»نىڭ قوزۇقنى ئىنقىلاپ كېلىشىمۇ، ئىجتىمائىي ئېتىقادتىن ئايرىلالمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم ئالتۇن تەبىئەت دۇنياسىدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پايدىلانغان رۇدىلارنىڭ بىرى. قەدىمكى ئىنسانلاردا رۇدا-مەدەنلەرگە چوقۇنۇش ئەقىدىسىمۇ بولغان. ئالتۇن يالغۇز ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋردە پايدىلانغان رۇدىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بۇيۇم. شۇنداقلا زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ئاساسلىق ماتېرىيال. ئالتۇننىڭ «قوزۇق»نى سۈپەتلەپ كېلىشى بىر تەرەپتىن يۇلتۇز ئالتۇن رەڭلىك بولغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇدا مەدەنلەرگە چوقۇنۇشنىڭ ئىپادىسى.

ئەندى «كۆك نۇر» (Kok yoruk) مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ ئوخشاش كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرىدىغان مەسىلە. ناھايىتى ئېنىقكى «نۇر» (يارۇق) ئەڭ دەسلەپ پەقەت كۈن، ئاي، يۇلتۇزلاردىلا بولاتتى. ئىنسانلار ئۇلاردىن يورۇقلۇق ئالغاندىلا ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. كۈننى ئالساق ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى يورۇقلۇق تارقىتىش، ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنلەردە كۈن خىرە كۆرۈنگەن بىلەن، نۇرى دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا كىشىلەر كۈننىڭ يورۇقى (نۇرى)نىڭلا بولۇشى ئەۋزەل ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشــــى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. نۇرغا چوقۇنۇش مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بارلىققا كەلگەن چۈشەنچىدۇر.

دۇنيادىكى بىرمۇنچە مىللەتلەردە ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە ئىنساننىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنى يورۇق (نۇر)غا باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان قاراش بولغان. ياۋروپالىقلارنىڭ ئىپتىدائىي قارىشىدا «تەڭرى نۇرنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران بولغان، كېيىن ئادەمنى ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە — نۇردىن ياراتقان، دېگەن چۈشەنچە بولغان. ھىندىلارنىڭ «ماخاپخاراتا» ئېپوسىدىمۇ، ئادەم بالىسىنىڭ نۇردىن ئاپىرىدە بولغانلىقى توغرىسىدىكى قاراش ئورۇن ئالغان. ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامان دىنلىرىنىڭ ئېتىقاد مەركىزىدە يورۇقلۇق (نۇر) بىر خىل ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، بۇ دىنلارنىڭ يارىلىشىدا يورۇقلۇق (نۇر)نىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا يورۇقلۇق (نۇرغا)قا ئىخلاس قىلىش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرىنى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى ھادىسىلەردىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ش ئۇ ئا ر ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1985-يىلى 9-ئايدا كورلا ۋادىسى چەرچەن ناھىيىسىدىكــى زاغۇنلۇق قەدىمكــى قەبرىستانلىقنى قېزىش جەريانىدا، قەبرە ئىچىدىن يۇلغۇن چىۋىقلىرىغا قىزىل يۇڭ، قىزىل يۇڭ يىپ يۆگەپ، خۇددى يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشىتىپ ياسالغان نۆكچىلەرنى بايقىــغان. مۇشۇ قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلەرنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن-تېخنىكا ئورنى كاربون 14 ئانالىزى بىــلەن تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ دەۋرى بۈنىڭدىن 115 ± 2960 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. دېمەك، قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلار بۈنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇن ئوتقا چوقۇنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغا چوقۇنۇشى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ سۇسلاشمىغان. «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»دە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ «تۆت قىزىدىن بىرسىنىڭ ئىسمى ئالانۇر ئىدى. بۇ قىز جەبرائىلنىڭ ئاغزىغا تېمىتقان بىر نۇردىن ھامىلدار بولغان. بۇ بالا ھەزرىتى ئەلىگە ئوخشاش ‹ ئاللا›نىڭ ئارسلانى بولغانى ئۈچۈن ئۆزىگە ‹ سەئىد ئەلى ئارسلانخان› دەپ ئات قويغان ئىدى» دېيىلگەن. موللا مۇسا سايرامى (1836 — 1917) «تارىخىي ئەمنىيە» ، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نۇردىن تۇغۇلغان پادىشاھلارنىڭ موغۇلىستان ئىلىگە خان بولۇپ، دەۋران

سۇرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئادىتى بويىچە، ئاسمان تەڭرىسى — ئەرلىك تەڭرىسى ياكى باش مۇئەككەل، زېمىن (يەر) تەڭرىسى، ئانىلىق تەڭرىسى ياكى ئىككىنچى مۇئەككەل ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدىمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلەن: «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (732-يىلى ئورنىتىلغان، شەرق تەرىپى 1-قۇر)دا: «ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر، ئىككىسى ئارىسىدا ئىنسان ئوغلى يارالغان» دېگەن جۈملىلەر بار.

«ئوغۇزنامە»دە ئاسمان تەڭرىسىنى زېمىن تەڭرىسىدىن ئۈستۈن قويۇش ياكى ئاسمان (جىسىملىرى)نى يەر (جىسىملىرى)دىن ئۈستۈن قويۇش چۈشەنچىسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، كۆك تەڭرى چۈشۈرگەن، كۆك نۇرنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنگەن ئاجايىپ چىرايلىق قىز ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى بولىدۇ. ئۇنىڭ پورترېتى ئاسمان جىسىملىرىغا خاس سۈپەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. چوڭ خوتۇنىنىڭ پېشانىسىدىكى پارقىراق مېڭى ئالتۇن قوزۇققا ئوخشايدۇ. ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلايدۇ. ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئىسمى ئاسمان ياكى باش تەڭرى كاتېگورىيىسىگە خاس ئىسىملار بىلەن مەسىلەن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇلار (ئۈچ ئوغۇل) شەرققە سەپەر قىلىپ، بىر ئالتۇن يا (ئوقيانىڭ ئاساسلىق قىسمى) تېپىۋالىدۇ. ئوغۇزخان ئۆتكۈزگەن چوڭ مۇراسىمدا شەرق (كۈن تۇغار) تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئوغۇزخان ئالتۇن يانى ئۈچ پارچىغا بۆلۈپ، ئۈچ چوڭ ئوغلىغا بېرىدۇ ۋە «سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار» دەيدۇ. ئوغۇزنىڭ بۇ ئوغۇللىرى «بۇز ئوقلار» دەپ ئاتىلاتتى. يەنى ( يا )نى بۇزۇپ ئۈچ پارچە قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن « بۇزۇلغان ئوق» (Buz ok) دەپ ئاتالغان. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئوغۇزخان مەملىكىتىنىڭ تۆۋرىكى ياكى سىمۋولى قىلىنىپ، دۆلەتكە ھۆكۈمران بولىدۇ. تەنتەنىلىك مۇراسىمدا ئوڭ (شەرق) تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. يەنى ئۇلار تەرەپتە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچ بولۇپ، ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇلغان ئىدى. ئوغۇزخانىنىڭ سۆزى بويىچە، يا ئوقنى توغرىلايدۇ، ئوق بولسا ياغا مەنسۇپ. ئوغۇزخانىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشىدە كەچكەندەك بولسا، ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان، ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئوغۇزخانىنىڭ شەرقىدىكى خانلىق «ئالتۇن خانلىق» ئىدى.

ئوغۇزنىڭ توقلى دەرەخ كاۋىكىدا تۆرەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پورترېت تەسۋىرى يەرگە خاس بولغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك، ئۇنى تەڭرى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر كۆرسە «ئاھ، ئاھ، جاننى ئالىدىكەن» دەيدۇ. توقالنىڭ ئۈچ ئوغلى يەرگە خاس ئىسىملار بىلەن كۆك⑳، تاغ، دېڭىز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىپ ئۈچ تال كۈمۈش ئوق تېپىۋالىدۇ. ئوغۇزخان ئوقنى تېپىۋالغۇچى ئۈچ ئوغلىغا ئۈچ تال ئوقنى قايتۇرۇپ، يەنى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇلار ئوغۇزخان ئۆتكۈزگەن تەنتەنىلىك مۇراسىمدا، ئۈستىگە كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇلغان غەرب تەرەپتىكى قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن ياغاچ بار تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. بۇلار «ئۈچ ئوقلار» دەپ ئاتالغان. ئۈچ ئوقلار ياغا بويسۇنۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ. ئوغۇزخانىنىڭ غەربىدىكى خانلىق «ئۇرۇم خان»لىق ئىدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈلۈشىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئوغۇزنىڭ كىچىك خوتۇنى دەرەخنىڭ كاۋىكىدا تۇغۇلغان. بۇ ئېنىق توتېم بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ئايالغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەر ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ «ئوغۇزنامە»نىڭ تۇتېم ئېتىقادى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتتىن، ئەجدادلارغا ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئېتىقاد ئىدىئولوگىيىسى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن جەمئىيەتتە شەكىللىنىپ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە سىنىپىي تەبىقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئېتىقاد ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى كىشىلەر ئېڭىدە يېڭى-يېڭى ئېتىقادنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ خىل فورماتسىيىلىك جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ئېتىقاد ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىدىن بۇرۇنقى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنى چەتكە قېقىش بىلەن ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. دېمەك ئوغۇزنىڭ نۇردىن تۆرەلگەن قىزنىڭ ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى تۇتېمدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئېتىقادنى چەتكە قېقىپ، ئىككىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. بۇنى يەنە ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇشى بىلەن ئاياللارنىڭ بېقىندىلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئازراق تەسىرىدىن دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىدا بىز، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئاسماننى (كۆكنى) ئەرلىك تەڭرىسى، يەرنى ئاياللىق تەڭرىسى دەپ قارايدىغان ئەقىدىنىڭ بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەر ئاسمان جىسىملىرىغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوغۇزنىڭ توقلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەر يەر جىسىملىرىغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزنىڭ ئانىسى «ئاي قاغان» تىلغا ئېلىنغان. بەزىلەر ئوغۇزنىڭ دادىسى كۈن قاغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇنىڭ مەلۇم ئاساسى بار قاراش. بىزگە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئوغۇزنامە»نىڭ باش ئايىغى خېلىلا كەم، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىر قاتار پاكىتلار بويىچە قارىغاندا، رەسمىي ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەمئىيەتتە شەكىللىنىپ، تاكامۇللاشقان «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزنىڭ ئانىسى ياكى ئايالىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، دادىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «ئوغۇزنامە»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئادەملەرگە «كۈن» دەپ ئىسىم قويۇش بولغان. شۇڭا ئوغۇزخان «كۈن» دەپ ئۆز ئوغلىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان بولۇشى مۇمكىن. دادىسىنىڭ ئىسمىنى نەۋرە-چەۋرىلەرگە، ھەتتا دادىسىنىڭ ئۆز ئوغلىغا ئىسىم قىلىپ قويىدىغان ئادەت ھېلىھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملاشماقتا. ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ ئىسىم قويۇشىمۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەقىدىسىدۇر.

تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەقىدىسى بويىچە ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش بىلەن بىرگە زېمىن جىسىملىرىغا چوقۇنۇشمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى كىشىلەر تاغ، دەريا، دېڭىز، يايلاق، ئۆڭكۈرلەر، ئورمانلارنى سىرلىقلاشتۇرۇپ قارىغان. چۈنكى بۇ خىل شەيئىلەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى ھونلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېگىز تاغلارغا دەپنە قىلىشى، تۈركلەرنىڭ تاغلاردا بارگاھ قۇرۇشى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تاغنى، «تەڭرى تېغى» دەپ ئاتىشى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانا تۇپراقلىرىدىن بىرى بولغان

سىبىرىيىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ دەريانى «يېنىسەي-ئانا دەريا» دەپ ئاتىغانلىقى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى. «ئوغۇزنامە»دە، ئورمان، دەريا-ئېقىن، تاغ قاتارلىقلار مەقسەتلىك ھالدا ئالاھىدە تەرزدە تىلغا ئېلىنغان. قىسقىسى، «ئوغۇزنامە»دە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەقىدىسى باشقا ئىجتىمائىي ئېتىقادلارغا قارىغاندا جانلىقراق ۋە ئېنىقراق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**شامانىزم تەسىرلىرى** «ئوغۇزنامە»دىكى بەزى ئادەتلەرنى شامانىزم تەسىرلىرىدىن ئايرىشقا بولمايدۇ. شامان دىنى ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن، ئەڭ ئۇزۇن ۋە كەڭ دائىرىلىك ئېتىقاد قىلغان دىندۇر. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىگە چوڭقۇر سىڭگەن.

شامان دىنى ئاسمان تەڭرىسىنى مەركەز قىلىپ، كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان شۇنداقلا ئىپتىدائىي، ستېخىيىلىك كۆپ خۇدالىق دىندىن سۈنئىي بىر ئىلاھلىق دىنغا ئۆتكەن دىندۇر. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىرلەردە «ئاق دى» ( 白狄 ) «قىزىل دى» ( 赤狄 ) دەپ ئاتالغان. بۇلار ئاق ۋە قىزىل چاپان كىيىدىغانلىقتىن شۇنداق پەرقلىق ئاتىلىدىكەن. مانا مۇشۇ ئېنىق شامان دىنىنىڭ تەسىرى. شامان دىنىدا رەڭ ئالاھىدە قارىلىدىغان نەرسە ھېسابلانغان ياكى تۆت خىل رەڭ ئارقىلىق تەرەپلەر ئاجرىتىلغان. مەسىلەن، كۆك رەڭ — شەرق، قىزىل رەڭ — جەنۇب، ئاق رەڭ — غەرب، قارا رەڭ — شىمال. شامان دىنى ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن ئارىلاش ياكى شامانىزم ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن راۋاجلىنىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئېتىقاد مەزمۇن ۋە شەكىللىرى، رەسىملىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ تەنتەنىلىك مۇراسىمىدا، قىرىق غۇلاچلىق بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇلۇشى، يەنە بىر قىرىق غۇلاچلىق ياغاچنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇلۇشى ئالدىنقىسى جەنۇبنىڭ، كېيىنكىسى شەرقنىڭ بەلگىسى، ياغاچنىڭ تۈۋىگە باغلانغان ئاق قوي غەربنىڭ، قارا قوي شىمالنىڭ بەلگىسى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

رەڭلەرگە بولغان قىزىقىش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىدىكى خېلى كۆپ تەرەپلەردە دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. مەسىلەن، قەدىمكى بايراق-تۇغلىرى كۆك يىپەك رەختتىن بولغان. شۇنداقلا چېدىر، كىيىم-كېچەك، ئات-جابدۇقلارنىڭ رەڭلىرىمۇ شۇنداق بولغان، ھونلار قەدىمكى ئاتلىق قوشۇنلىرىنى رەڭ تەرتىپى بويىچە تىزىشنى ئادەت قىلغان. ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتى مۇدۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 200-يىلى خەنگاۋزۇنى ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشاۋغا ئالغاندا، بىر نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىنى كۆك ئاتلىق، غەربىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمالىنى قارا ئاتلىق، جەنۇبىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق 400 مىڭ ھون قوشۇنى قورشىۋالغان ئىكەن.

«ئوغۇزنامە»دە بايان قىلىنغان شامان دىنىغا ئائىت ھادىسە سىبىرىيىدىكى ياقۇتلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ قالغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياقۇتلار ئارىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان تۈركشۇناس ئې.پېكارسكىي بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان. مەسىلەن، ياقۇتلار دائىم بوشلۇققا ئىككى ياغاچ تىكلەپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئارغامچا تارتىپ، ئاندىن كېيىن جىن-شەيتانلارغا سوۋغا قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا باغلاپ قويىدىكەن[53].

**ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەت** بىر مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەتتىن پەرقلىنىدىغان

مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بىرى ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ «ئاق رەڭ»نى بەخت، خاسىيەت، تەلەي، گۈزەللىك، خۇشاللىق تىلەشنىڭ سىمۋولى، «قارا رەڭ»نى پالاكەت، غەم قايغۇ، ئاغرىق-سىلاق، ئۆلۈم-يىتىم ۋە چىدام-غەيرەت، ئۇلۇغلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىپ كەلدى. ياخشى ئادەملەرنى «ئاق كۆڭۈل ئادەم» دېسە، يامان ئادەملەرنى «قارا نىيەت، قارا يۈز» دەيدۇ. يەنە قارا بىلەن سۈپەتلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئىجابىي مەنە بېرىدىغانلىرىمۇ بار. يىراق سەپەرگە چىققان كىشلەرنى ياخشى كۆڭۈل بىلەن «ئاق يول بولسۇن» دەپ ئۇزىتىدۇ. دېھقانلار دەريا-ئېقىنلاردا ئۇزۇن مۇددەت سۇ كەلمەي، قۇرغاقچىلىق بولسا، ئاق قوي سويۇپ تەڭرىدىن سۇ، مەدەت، بەرىكەت تىلەيدۇ. كىشلەر ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا قارا قوي سويۇپ، قېنىنى كېسەل كىشلەرگە ئېقىتىپ، تېرىسىنى ئۇچىسىغا يېپىپ، كېسەلنى ئۇچۇقدايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كېسەللىك ئازابى، غەم-قايغۇنى كەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. كىشلەر ئۆلۈم-يېتىم كۈنلىرى قارا كىيىم كىيىپ، مۇسىبەت، غەم-قايغۇغا چۆككەنلىكى ۋە ئۇنى يېڭىش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىسە، بېلىگە ئاق باغلاپ، ئايالLLار بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ ئوخشاشلا مۇسىبەت، دەرد-ئەلەمنى تۈگۈتۈش ياكى ئۇنىڭ قايغۇ كۈچىنى يېڭىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ بەزىبىر ئىزلىرى، «ئوغۇزنامە»دە خېلىلا گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن. ئوغۇزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىش ۋاقتىدا مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە بېكىتىلگەن ئىككى ياغاچنىڭ تۇۋىگە بىر ئاق، بىر قارا قوي باغلىنىدۇ. بۇ قويلارنى سويغانلىق توغرىسىدا «ئوغۇزنامە»دە بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، سويۇلىدىغانلىقى چوقۇم. بۇ يەردە مۇنداق بىر نەرسىنى ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە:

«… ئوغۇزخان
چوڭ چېدىردا…
(…ئوڭ تەرىپىگە
قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن ياغاچنى قاداتتۇردى،
ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى.
ئۇنىڭ تۇۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى.
ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى. تۇۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى.
…………

قىرىق كېچە كۈندۈز توي بولدى» دېگەن مىسرالاردىكى ياغاچنىڭ تۇۋىگە ئاق قوي ۋە قارا قوي باغلاش مەسىلىسى ئۇزۇندىن بېرى «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىدىكى يېشىلمەي كېلىۋاتقان سىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

مەن 1989-يىلى 6-ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى يېڭى مەھەللە يېزىسىدا شىنجاڭ داشۆسى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيغۇر فولكلورلىرىنى يىغىش بويىچە پراكتىكا قىلىش جەريانىدا، كىشلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يېڭى مەھەللە يېزا يېڭى ئېرىق 2-چوڭ ئەترەتتىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 67 ياشلىق ئابدۇكېرىمخان خوجا دېگەن كىشى بىلەن

ئۈچراشتىم. ھېلىھەم يايلاقتا پادىلارنىڭ كەينىدە تېمەن يۈرۈپ، مەشغۇلات قىلىۋاتقان بۇ پېشقەدەم ئاكا ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. «ئاتا-بوۋىلىرىمىز خوجا جەمەتىدىن يەنى بەگلەر نەسەبىدىن ئىكەن. ئۆتمۈشتە ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا چەكسىز كەتكەن يايلاق ۋە ھېسابسىز چارۋىلىرى بولغان. ئۇلار قوي پادىلىرىنى بىر تۈمەن (ئون مىڭ) باش پادا تۈركۈمىگە بۆلىدىكەن. شۇنداق بۆلۈش بايلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدىكەن. قوي پادىلىرىنى بۆلگەندە رەڭ تەركىبىگە قاراپ بۆلىدىكەن. ئاقباش قويلار بىر تۈمەنگە يەتكەندە، يايلاقنىڭ كۆڭ پاتار تەرىپىگە بىر قىرىق غۇلاچلىق خادا بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك توغ ئەلەم بېكىتىپ، تۈۋىگە ئاقباش قويىدىن بىرىنى باغلاپ قويىدىكەن ھەم شۇ كۈنى قىرىق تۈياق قوي سويۇپ، يۇرت جامائەتنى چاقىرىپ، نەزىر قىلىپ، ئات چاپتۇرۇپ، ئوغلاق تارتىپ بىر بايرام ئۆتكۈزىدىكەن قارا قويلار ئون مىڭ يۇياققا يەتكەندە، يايلاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق يەنە بىر خادا بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا رەڭلىك توغ-ئەلەم ئورنىتىپ، تۈۋىگە قارا قويىدىن بىرنى باغلاپ، قارا قويىدىن قىرىق تۈياق سويۇپ، ئوخشاشلا بايرام ئۆتكۈزىدىكەن».

مەن ئىمىن خوجا ئاكىدىن: «سىزمۇ شۇنداق بايرامنى كۆرگەنمۇ ياكى قاتناشقانمۇ» دەپ سورىسام، ئۇ كىشى مېنىڭ ئۆمرىمدە قويلىرىمنىڭ سانى بىر تۈمەنگە يەتكەن ئەمەس، ئەمما ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ بولغان ۋە شۇنداق بايرام ئۆتكۈزگەن ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.

دېمەك، بۇ يەردە رەڭلەرگە سېغىنىش، بايلىقتىن خۇشاللىنىش، ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە ھەۋەس قىلىش، پەخىرلىنىش ھېسسىياتلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوغۇزخاننىڭ ئاق ۋە قارا قويلارنى ئېگىز ياغاچنىڭ تۈۋىگە باغلاپ قويۇشى، مەقسەتلىك بىر ئىش بولۇپ، بايلىقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

«ئوغۇزنامە»نى يۇقىرىقىدەك تەھلىل قىلىش تەبىئىيكى، ئۇنى پۈتۈنلەي دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەر ئىكەن دېگەن تونۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە ئەدەبىيات بىلەن دىن چەمبەرچاس باغلانغان. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى دىن بولسا، دىنىنىڭ شەكلى ئەدەبىيات ئىدى. قەدىمكى دەۋرلەردە يارىتىلغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنىي مەقسەتلەر ئۈچۈن يارىتىلاتتى. مەسىلەن، رەسساملىقنى ئالساق، ئەڭ قەدىمدە كىشىلەر ئۆزلىرى چوقۇنغان مەبۇدلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان، ھەيكەلتىراشلىقتا بولسا، كىشىلەر ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان مۇئەككەللەرنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان. ئۇسسۇل سەنئىتىدە بولسا، مەبۇدلارنى سېغىنىش، ھۆرمەتلەش، باش ئېگىش مەزمۇن قىلىنغان. ئەدەبىياتمۇ خۇددى شۇنداق مەبۇدلارنى مەدھىيىلەش، سېغىنىش، مۇناجاتلارنى ئوقۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان. مەسىلەن، ھىندىلارنىڭ «رىگۋېدا»سى، يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلئادا» ۋە «ئودىسسا»سى، ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋېستا»سى قاتارلىق ئەسەرلەر.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى. «بارلىق دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق ئىنكاستا بۇ ئالەمدىكى كۈچلەر بۇ ئالەمدىن تاشقىرى كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ. تارىخنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالدى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى مۇشۇنداق ئىنكاسقا ئىگە بولغان ئىدى ... ئەمما تەبىئەت كۈچلىرىدىن باشقا، كۆپ ئۆتمەيلا ئىجتىمائىي كۈچلەرمۇ رول ئويناشقا باشلايدۇ. بۇنداق كۈچلەر تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش، ئادەم ئۈچۈن يات بولىدۇ. دەسلەپتە چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇ، ئوخشاشلا كۆرۈنۈشتىكى تەبىئىي زۆرۈرىيەت بىلەن ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

دەسلەپتە پەقەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىق كۈچلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن خىيالىي ئوبرازلار ئەمدى يەنە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، تارىخىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالدۇ»[54].

ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزىنى «ئوغۇزنامە»گە تەدبىقلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ قانچىلىك سىرلىق، دىنىي تۈسىنىڭ قانچىلىك قويۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى كۈچلەر تارىخىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، «ئوغۇزنامە»دىكى دىنىي تونىنى شۇنداقلا سالدۇرۇۋەتسەك، رېئال مەزمۇنىنىڭ ئۆزىلا قالىدىغانلىقىنى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايلا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

دېمەك، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە، ئېستېتىك ۋە ئوبيېكتى تەپەككۇر، دۇنيا قاراش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال، ئېسىل ئەدەبىيات ۋە تارىخىي خاتىرىسى.

2) ئوغۇزخان ئوبرازى

ھەر قانداق ئەسەردە باش قەھرىمان گەۋدىلىك تەسۋىرلەنگىنىگە ئوخشاش، «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزدىن ئىبارەت باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان. ئوغۇز تۇغۇلغاندا، ئادەملەردەك تۇغۇلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي زور دەرىجىدە سىرلىقلىشىپ، ئىلاھىي قىياپەتكە كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ھەم رېئاللىق، ھەم غايىۋىلىك ئامىللىرى سىڭىپ بارىدۇ. «ئوغۇزنامە» تارىخىي ئېپوس دەپ قارالغان ئىكەن، ئۇنىڭدا چىن تارىخ يېزىلىشى ھەمدە باش قەھرىمانمۇ تارىخىي شەخس بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئېپوسنى ئوقۇغىنىمىزدا ئوغۇز يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ ھالەتتە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، مانا بۇ ئوغۇزنىڭ ئۆزگىچە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ئوۋ ئوۋلايدۇ، ئات مىنىدۇ، توي قىلىپ پەرزەنت قالدۇرىدۇ، كېيىنچە ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى يېتەكلەپ ماڭالايدۇ. ئوغۇز ھايۋاننىڭ تىلىنى بىلىدۇ. ئۇ — ناھايىتى ئۇستا مەرگەن، قىلىچۋاز، نەيزىۋاز ھەم مەشھۇر ھەربىي قوماندان. مەيلى تەبىئەتتىكى، مەيلى جەمئىيەتتىكى يامانلار ياكى سىرلىق كۈچلەرگە قارشى كۈرەشتە بولسۇن، ئۇنىڭ تەڭدىشى تېپىلمايدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ — بىر خىل تەسەۋۋۇر، توغرىراقى ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن تەسەۋۋۇردۇر. بىر مىللەت باتۇرلارچە ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بولغاندىلا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئوغۇزنىڭ ئوبرازى — ئەنە شۇنداق قۇدرەتنىڭ، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ رەقىبلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، باتۇرلارچە ئىلگىرىلەش ئىرادىسى ۋە قۇدرىتىنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ سىمۋولى، ھالبۇكى تەسەۋۋۇر ئىجتىمائىي شارائىت ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. دىن ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە قىلىنغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا دىنىي تامغىنىڭ بېسىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئوغۇزنىڭ دىنىي ئىلاھىي قۇدرەتكە تايىنىشى ناھايىتى تەبىئىي.

«ئوغۇزنامە»نىڭ باش قىسمىدىلا ئوغۇزنىڭ تاشقى قىياپىتى پۈتۈنلەي ھايۋانلارغا ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوغۇزنىڭ باتۇرلۇقى نامايان قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، قەدىمكى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. سۇبيېكتىپنىڭ مۇستەقىللىقى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھەممە نەرسە غۇۋا، قالايمىقان، سىرلىق ۋە ۋەھىمىگە تولغان ھالەتتە ئىدى. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاجايىپ مەخلۇقلار، جىن-شاياتۇنلار كېزىپ يۈرەتتى. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن سىرلىق، بىمەنىلىك ۋە دىنىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قوللىنىلغان مۇراسىم شەكلى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ

ئاساسي ئالاھىدىلىكى بولغان. رەزىل، سەت شەكىللەر كۆپىنچە دىنىنىڭ مۇقەددەسلىك تۇيغۇسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئايرىلالمىغان، ئارىلىشىپ كەتكەن، خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى يىلان تەنلىك ئادەم سۈرىتى، مىسىردىكى شىر تەنلىك ئادەم، «ئوغۇزنامە» دىكى ھايۋان سۈپەتلىك، ئادەم خاراكتېرلىك ئوغۇزنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ چاغلاردا ئادەمنىڭ ئوبرازى تېخى ئۆزۈل-كېسىل مۇستەقىللىققا ئىگە بولالمىغان، ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرەلمىگەن. ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارىلىشىپ كەتكەن، ھەتتا ھايۋان ئوبرازى ئىنسان ئوبرازىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنداق ئەھۋالدا گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ چەك-چېگرىسى ئېنىق بولمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئوغۇز كىشىلەرگە چەكسىز ئىلھامبەخش ئوبراز سۈپىتىدە تەسىر قىلىپ كەلگەن.

ئوغۇز ئوبرازى خىلىلا مۇكەممەل ئوبراز. بۇ خىل مۇكەممەللىك بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىق تاۋلانغان. ئالدى بىلەن ئوغۇزنىڭ خاراكتېرى توغرۇلۇق سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوغۇزنىڭ شەخسىي خاراكتېرى كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا تەدرىجىي ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۇرۇشلار، تالاش-تارتىشلار، جىددىي ھالقىلىق پەيتلەردە قەبىلە، خەلقنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك باتۇر قوماندان ۋە قەيسەر خاقانغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى «ئادەمنىڭ شەخسىي مەۋجۇدىيىتىدىكى تاسادىپىي پاكىتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىدىيىلا تارىخىي زۆرۈرىيەت دەرىجىسىگە يەتكۈزەلەيدۇ. شەخسىي مەۋجۇدىيەتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىدىيىلا گۈزەللەشتۈرەلەيدۇ ۋە شەخسكە كوللېكتىپنىڭ غەيرىتىنى سىڭدۈرۈپ، شەخسىي مەۋجۇداتقا مۇكەممەل ماھىيەت بېغىشلايدۇ.»⑤⑤.

ئوغۇزنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش ئۈچۈن سيۇژېت راۋاجىنىڭ مەنتىقىلىق تەرتىپى بويىچە قانات يېيىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپلىكتىن خالىي بولۇپ بارىدۇ. ئېپوستىكى پۈتۈن ۋەقەلىك باشتىن-ئاخىر ئوغۇزنىڭ ئوبرازىغا باغلىنىپ كەتكەن، ھەتتا ئېپوستىكى تەبىئەت تەسۋىرىمۇ (مەسىلەن، ئورمان، سۇ، ھايۋان، ئۇچار قۇش، تاغ-دەريا، ئاسمان، تۇپراق، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، شامال، يامغۇر، قار،...) يازما ئەدەبىياتتىكىدەك نوقۇل ھالدا ئايرىم تەسۋىرلەنمەستىن، ئوغۇز ئوبرازىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كونكرېت ئالامەتلىرى بىلەن يېقىن باغلانغان ھالدا ۋۇجۇدقا چىققان. بولۇپمۇ ئېپوستىكى چوڭ ئورمان، قىئات، ئوغۇزنىڭ قىئاتنى ئوۋلاشلىرى قاتارلىقلار ئوغۇزنىڭ پسىخىكىسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ كونكرېت ئاملى بولغان. ئېپوستىكى تىپىك ئوبرازنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىدە قەھرىماننىڭ ئىچكى ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى لىرىكىلىق كۈي قويۇق ئىنتىملىق تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ھالدا جانلىق ھەرىكەت بىلەن بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە ھاسىل قىلغان. ئەسەردە ھېس-تۇيغۇ ئىچىدە ھەرىكەت، ھەرىكەت ئىچىدە لىرىكىلىق ئامىل چاقناپ تۇرىدۇ.

شارائىت قەھرىماننى يېتىشتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ پارچىلانغان ۋاقتىدا ئۆزئارا قارىمۇقارشى قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇشى ئاۋۋالقىدەكلا قاتتىق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئىدى. كىشىلەر خاتىرجەملىكنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. بەخت-سائادەتكە تەلپۈنگەن. ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ھەم كۈچلۈك، ھەم تەرەققىيپەرۋەر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى بولغانىدىلا، ئاندىن كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، بىرلىككە كېلىشنى، تىنچلىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ فورماتسىيىسىگە ماس بولغان ياخشىلىق تەگرىسىنىڭ نوپۇزى

تەدرىجىي كىشلەر ئارىسىدىكى ئىلاھىيلاشقان خاقانلارنىڭ ئۇستىگە يۆتكەلدى. بۇ چاغدا بەزى خاقان، ئاقسۆڭەكلەر ياكى قەبىلە كوللېكتىپىدىكى مەشھۇر شەخسلەر «شارائىت يېتىشتۇرۇپ چىققان تىپىك شەخسلەر» بولۇپ، تەدرىجىي ئىلاھنىڭ ئورنىغا چىقىپ، يۈكسەك گۈزەل ئوبراز بولۇپ قالدى.

ئوغۇز — ئىلاھىيلاشقان تارىخىي شەخس. ئۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە دەۋر ۋە سىنىپىنىڭ چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ۋە ئىلغار كۈچلەرنى ئالغا يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇجەسسەملەنگەن مىللىي خاراكتېر، تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەر مەركەزلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شان-شەرىپى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلانغان. ئوغۇزدىن ئىبارەت تىپىك شەخس ئېپوستا گەۋدىلىك، مەزمۇت، يالتىراق، جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى تەبىئىي ھالدا ئالاھىدە دەۋردىكى كىشلەر تەقدىرىنىڭ بىر پارچە ئەينىكىگە ئايلىنىپ قالغان. ئوغۇز بەزى يات قوۋملەرنىڭ خانلىرىغا خەت يوللاپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆز قوۋمىنىڭ مەنپەئىتىگە تامامەن ۋەكىللىك قىلغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىدەك ئۇلۇغۋار غايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەركەزلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئوغۇز ئوبرازىدا قەھرىمانلىق، خەلقپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىنچلىق سۆيەرلىك قاتارلىق ئىلغار خاھىش جىلۋىنىپ تۇرىدۇ.

ئوغۇزنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى پالۋانلار، ئۇستىلار، ئورۇس بەگ، قىپچاق، قارلۇق، قالاچ، قانغالۇق قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئارتۇقچىلىققا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوغۇزغا مەدەتكار بولىدۇ، ياردەم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوغۇز ئات قويۇپ بەرگەن. بۇ ناملار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى قەبىلىگە ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان قەبىلە بەگلىرىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى ۋە پائالىيىتى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەسەر سيۇژىتىدىكى بىرەر تەسىرلىك ئېپىزوت ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، دەرەخ كېسىپ، سال ياساپ، ئوغۇزنىڭ دەريادىن بىخەتەر ئۆتۈشىنى كاپالەتلەندۈرگەن كىشىنىڭ ئىسمى «قىپچاق» دەپ ئاتىلىپ، بۇ ئارقىلىق قىپچاق قەبىلىسىنىڭ نامى ئىزاھلانغان بولسا، قۇلۇپلاقلىق ئالتۇن ئۆيىنى پەم-پاراسەت بىلەن ئاچقان كىشىگە بېرىلگەن «قالاچ» ئىسمى قالاچ قەبىلىسىنىڭ، بارماقلىق جوسۇن بىلىگ ئۈستىغا بېرىلگەن «قانغالۇق» دېگەن ئىسىم ئارقىلىق قاڭقى قەبىلىسىنىڭ نامى چۈشەندۈرۈلىدۇ. قارلۇق قەبىلىسىنىڭ نامىمۇ شۇنداق. بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ئەزالىرى ھامان ئوغۇزنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئېپوستىكى ئۇلۇغ تۈرك ئوبرازىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر ئوبرازلارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر خىل تىنچلىق ۋە بەخت ھامىيسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئېپوستىكى ئوغۇزخان ۋە باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھى، غايىسى، ئەقىل-پاراستى، كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

«ئوغۇزنامە»دىكى نۇقتىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى ئاز تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋەكىللىك قىلىشۋاتقان كىشلەر ئاتاقلىق رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكىي «بۇنداق تارىخىي ۋەقەگە پۈتۈن مىللەت قاتناشقان بولىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ دىنىي، ئەخلاقىي، سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئېپوس مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭغا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئوغۇزنىڭ

يۇرۇشلىرى — قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى.

## 2. توڭا ئالپ ئەر

### 1 - رىۋايەتلىك ۋە تارىخىي دىرەكلەر

توڭا ئالپ ئەر — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى ۋە ئېپوستىكى باش قەھرىمان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي قىسىم قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاسىتە ھالدا ئۇنىڭغا باغلىغان ھالدا چۈشەندۇرگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە تاجىكلار ئافراسىياپ دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئافراسىياپ ئەڭ بۇرۇن «ئاۋېستا» (مىلادىدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىر بىلەن تۈتىشىدۇ)دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ كىتابتا ئۇ تۇران ئېلىنىڭ خاقانى، ئىرانلىقلارنىڭ رەقىبى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.[56][57] «شاھنامە» (مىلادىدىن 10-ئەسىر)دە بۇ خىل كۆز قاراش تېخىمۇ ئېنىق، تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توڭائالپ ئەرگىچە سۈرۈشتۈرۈلگەن. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرك (ئۇيغۇر)لارنىڭ ئۇلۇغ قاغانى ئافراسىياپ (توڭا ئالپ ئەر) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېمەكتۇر»[58]، «كاشغەر ‹ئوردۇكەند› دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»[59]، «ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»دە ئافراسىياپ قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرىدىكى «بەگلەر تەبەقىسى»نىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. «تارىخىي رەشىدى»دە قاراخانىلار قاغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئافراسىياپقا باغلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل نۇقتىئىنەزەر بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامىمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇ «تارىخىي ھەمىدى»نىڭ 119-بېتىدە «بۇ يەتتە شەھەر ھۆكۈمرانلىقى بۇغراخانلارغا تەئەللۇق ئىكەن، تا چىڭگىزخان زامانىغىچە بۇغراخانلارنى ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن ئىدى، دېگەن رىۋايەتلەر بار» دېسە، 640-بېتىدە «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى دېگەن بولۇپ، ئۇنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ زىكرى قىلىنىدۇ»[60] دەپ يازغان، « تارىخىي ئەمنىيە» ( 411 - بەت )دە ئېنىقراق قىلىپ ، « سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى بولۇپ ، ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى »[61] دەپ يازىدۇ.

توڭا ئالپ ئەرنىڭ ياشىغان زامانى ھەققىدە خىلمۇ-خىل رىۋايەتلەر بار[62]. ھەر خىل قەدىمكى كىتابلاردىكى بايانلار ئۇنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىردىن مىلادى 13-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي شەخسلەر ھەم ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئافراسىياپ ئەسلىدە ئەپرىدۇن[63] ياكى پەرىدۇننىڭ تۇر ناملىق ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھۇشەڭنىڭ ئوغلى ئىكەن، ئۇ ئۆز دادىسى مۇنۇچەھرەنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە چىققان ئىران شاھى نۇدەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، نۇدەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاقىۋەت ئىران تەختىگە چىققان ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان[64]. ئومۇمەن، ئافراسىياپنىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە زامانى ھەم ئۇمۇر كۆرگەن يىلى بەكمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلغان. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخشۇناس نارشاخى[65] ( 959—؟) «بۇخارا تارىخى» كىتابىدا «پارسلارنىڭ كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئافراسىياپ 2000 يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئىمىش، بۇ جادۇگەر نوھ پادىشاھنىڭ باللىرىدىن ئىدى» دەپ يازغان.

توڭا ئالپ ئەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنىڭ سىمۋولى. ئۇ ھەقتە نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ئېپوسلار تارقالغان («قۇتادغۇبىلىك» ، «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تە بۇنىڭغا ئائىت مەلۇمات بار). قەدىمكى

ئۇيغۇرلار ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن. ئۆز مىللىتىنىڭ تېگى-تەكتىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەھرىمان شەخسكە باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ توڭا ئالىپ ئەرنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان[66]. ئۇلار ئۆز نەزەرىگە ياقىدىغان بارلىق شەھەرلەرنى ئافراسىياپ بىنا قىلغان دېيىشكەن[67]. خەلق ئارىسـىـــدا بەزى كەشپىياتلارنى ئافراسىياپ كەشپ قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. مەسىلەن، گىلەم توقۇش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئەيلەش، قوغۇن تېرىش، بۇغداي تېرىش، قوي سويۇش، باغۋەنچىلىك، كارىز كولاش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، ئوت يېقىش، ئۆي سېلىش، كاۋاپچىلىق قاتارلىق ئىشلارنى ئافراسىياپ باشلاپ بەرگەن ئىمىش.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئافراسىياپ دانىشمەنلەرنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ناھايىتى كۆپ بىلىم ئىگىلىگەن، ئەقىللىق، زېرەك، نامى مەشھۇر، پەزىلەتلىك شەخس بولغان. پۈتۈن تۈرك بەگ (شاھ)لىرىنىڭ ئۈلگىسى سانالغان. ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەخلاقى ئىبرەتنامە ھېسابلانغان. «شاھنامە» ، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئافراسىياپنىڭ كۆپرەك تۈھپىسى باتۇر-قەھرىمانلىقتا، جىسمانىي كۈچ-قۇدرەتتە ئىپادىلەنگەن. ئۇ چەكسىز كۈچ قۇدرەتكە ئىگە. پەم-پاراسەتلىك، چارە-تەدبىرلىك، دۈشمەنلىرىگە رەھىمسىز، دوستلىرىغا مېھرىبان، ئەل-يۇرتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان پىداكار. خەلقسۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر شەخس ئوبرازى. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئافراسىياپ ۋاپاتى ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن تارتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ئېلىپ كەلگەن. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنغان، ھەسرەتلىك ماتەم تۇتقان مەزمۇندىكى بىر قانچە كۇپلېت پارچە خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ مەلۇم كۈننى قەرەللىك ھالدا ئافراسىياپقا ماتەم تۇتۇش كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا سېغىنىشنى ئىپادىلىگەن. ھازىر خەلق ئارىسىدا، ئافراسىياپنى ئەجداد بوۋا دەپ قارايدىغان، ئۇنىڭ بىلىملىك، ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، باتۇر-قەھرىمانلىق، ئىجادكارلىق، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك ئىش-ئىزلىرى كۈيلىنىدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلمەكتە.

توڭا ئالىپ ئەر ئوبرازى. توڭا ئالىپ ئەر — ئافراسىياپ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قەھرىمان قاغانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، بەخت-سائادىتى، ئۆز ئېلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پىداكارلىق كۆرسەتكەن: كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئەقىل-پاراستىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە سەرپ قىلغان. تەرەققىيپەرۋەر يول تۇتقان، يۈكسىلىش، ئىجادكارلىقتا ماھىر بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئەل-يۇرت ئۇنى ھېمايە قىلغان. ئەقىللىــق، باتۇرلۇق تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىنچلىقسۆيەرلىك قاتارلىق خاسىيەتلىك خاراكتېرلار توڭا ئالىپ ئەرنى مىللىي قىرغىنلىقنىڭ نىشانىسى، خەلق مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تونۇتقان، ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، جەزبىدارلىشىپ، تىللاردا داستانغا ئايلانغان ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسىدا جانلىق، تىپىك، ھەيۋەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئافراسىياپ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخىي شەخس كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىدىن ئىرغىپ ئۆتۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى مۇكەممەل تىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئالىپ ئەر توڭا — ئافراسىياپنىڭ تارىخىنى، ئورنىنى باھالىماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئېپوستىكى بىر بەدىئىي تىپ ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تىكى توڭا ئالىپ ئەرگە دائىر ئېپوستىن ئۆرنەكلەر

## تېكستى :

ئالپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز دۇنيا قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئۆلدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلور.

بەگلەر ئاتىن ئارغۇزۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى يۈزى سارغايىپ،
كۆركۈم ئاڭا تۇرتۇلۇر.

ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى،
ئوغرى توزاق ئۇزاتتى.
بەگلەر يەگىن ئازىتتى،
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر.

ئۆزلەك كۈنى تاۋراتۇر،
يالڭۇق كۈچىن كەۋرەتۇر.
ئەردى ئاژۇن سەرۋەتۇر،
قاچسا تاقى ئارتىلۇر.

ئۆزلەك قامۇغ كۈفرەدى،
ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى.
يۈنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى چەرتىلور.

ئۆزلەك ئارىغ كۈفرەدى،
پۈنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى.
ئەردەم يەمە سەۋرەدى،
ئاژۇن بەگى چەرتىلۈر.

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى،
پىتمىش باشىغ قارتادى.
كەچمىش ئۈدۈك ئىرتەدى،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۈر.

ئۆگرە يۈكى مۇنداق ئوق،
مۇندا ئازىن تىلداغ ئوق.
ئاتسا ئاژۇن ئوغراپ ئوق،
تاغلار باشى كەرتىلۈر.

## هازىرقى تىلدىكىسى

باتۇر ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلور.

بەگلەر ئېتىنى هارغۇزۇپ،
قايغۇ ئۈنى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى-يۈزى سارغىيىپ،
زەپەر ئاڭا سۈرتىلۈر[68].

ئەرلەر بۆرىدەك هۆۋلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ.
چىرقىراپ ئۈنى داتلىشىپ،
ئۆسۈپ كۆزى ئۆرتىلۈر.

زامان پۇرسەت كۆزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى.
بەگلەر بېگىنى[69] ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قۇتۇلۇر.

زامان كۈنى توسالدۇرۇر،
ئىنسان كۈچىنى ئاجىزلىتۇر.
كىشىدىن دۇنيانى بوشىتۇر،
قاچسا تېخى ئارتىلۈر.

(زامان هەممە ئاينىدى،
ئەردەم ئېرىغ كېمەيدى.
يامان-ياۋۇز تەۋرىدى،
ئەردەم بېگى يوقىلىپ.)

(زامان ئىرىغ ئاينىدى،

يامان-ياۋۇز تەۋرىدى.
ئەردەم يەنە كېمەيدى،
دۇنيا بېگى(70) يوقىلىپ.

(كۆڭلۇم ئىچىنى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتىلدى.
كەچكەن ئۇدۇكنى ئەسلەتتى،
تۈن-كۈن كېچىپ ئىزدىنۇر(71).

(شۇنداق زامان ئادىتى،
باشقا سەۋەب بار تېخى.
ئېتىلسا دۇنيا ئوقى،
تاغلار بېشى يەنچىلۇر.)

## «قۇتادغۇبىلىك»تىكى توڭا ئالپ ئەرگە ئائىت بېيىتلەر

276. كۆرۈ بارسا ئەمدى بۇ تۈرك بەگلەرى،
ئازۇن بەگلەرىندە بۇلار يەگلەرى.

277. بۇ تۈرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۈلۈگ،
توڭا ئالپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۈلۈك.

278. بەدۈك بىلكى بىرلە ئۆكۈش ئەردەمى،
بىلىگلىك ئوقۇشلۇغ بۇدۇن كۆردۈمى.

279. نە ئۆردۈم، نە كۆردۈم، نە ئەرسىگ ئەرەن،
ئازۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جەھان.

280. تەژىكلەر ئايۇر ئانى ئافراسىياپ،
بۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ(72).

281. ئەدى ئارتۇق ئەردەم كەرەك ئۆگ بىلىگ،
ئازۇن تۇتغۇقا ئۆترۈ سۇنسا ئەلىگ.

282. تەژىكلەر بىتىكتە بىتىمىش مۇنى،
بىتىكدە يوق ئەرسە كىم ئوقغاي ئانى.

## هازىرقى تىلدىكى يەشمىسى

276. بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. ئبلمده بۇيۇك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرە-خىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۇمران.

280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئافراسياپ،
بۇ ئافراسياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

281. جاھاننى تۇتاي دەپ سونۇشقا ئىلىگ،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

282. تاجىكلار كىتابتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە، كىم ئۇققاي ئۇنى.

## 75 باب. كۆنىلىككە كۆنىلىك، كىشىلىككە كىشىلىك قىلماقنى ئايۇر

5861. نەگۈ تەر ئەشىنكىل توڭا ئالىپ ئەرىگ،
بىلىپ سۆزلەمىش كۆر بۇ ئۆت ساۋ ئەرىگ.

5862. ئەت ئۇل بۇ كىشى كۆڭلى ئارتار يىدىر،
ئانى كەد كۈدەزگۈ ئاي قىلقى قادىر.

5863. نەچە كەد ئەر ئەرسە يوڭاغ تىڭلاماز،
ئۆزۈنچى ئارا كىرسە سەرنۇ ئۇماز.

5864. نەچە كەد بەگ ئەرسە ئوقۇشلۇغ ئۇدۇغ،
ياڭاقچى ياقىن بولسا تەگرۇر يودۇغ.

5865. كۆڭۈل بەگ تۇرۇر بۇ ئەت ئۆز قۇل ئەسىر،
ئارا سۆزكە تومىلىر ئارالار ئىسىر.

5866. كىشى تەبىئى تۆرت ئۇل قارشماياغى،
بىرى كۈلدۈرۈر بىر كۈلۈر ئۇن چوغى.

5867. بىرى ئەۋسە بىرى ئامۇللۇق تىلەر،
بىرى كۈلسە بىرى سىغىتقا ئۇلار.

5868. سەۋنچلىك تەدۇكتە ساقىنچ كەلدۇرۇر،
ساقىنچلىق تەسە بۇ سەۋنچ كۈلدۇرۇر.

## هازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسى

75 باب. توغرىلىقتا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىكتە ئادەمگەرچىلىك قىلىش توغرىسىدا

5861. نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئالىپ ئەر توڭا،
بىلىپ سۆزلەپتۇ، كۆر، نەسىھەت مانا:

5862. كىشى كۆڭلى گۆشتۇر، سىپسىپ بۇزۇلۇر،
ئۇنى بەك كۆزەتمەك كېرەك، ئەي جەسۇر.

5863. ھەر قانچە غەيۋەتنى ئاڭلىماس بۇ ئەر،
چېقىمچى ئاراغا كىرسە ئۆزگىرەر.

5864. ھەرقانچە ئەقىللىق، ھوشيار بولسا بەگ،
چېقىمچى يېقىن بولسا، تېگەر زىيان بەك.

5865. كۆڭۈل-بەگ، ۋۇجۇد ئۇ ئەسىر-قۇل ئېرۇ،
ئىسسىپ بەزىسىگە، بەزىگە سوۋۇر.

5866. كىشى تەبىئى تۆت قارىمۇ قارشى يېغى،
بىرى كۆلدۈرۈر، بىرى قىلۇر ئۇن چوغى[73].

5867. بىرى شاشسا، بىرى بېسىقلىق تىلەر،
بىرى يىغلىتىپ، ئۇ بىرى كۈلدۈرۈر.

5868. خۇشاللىق دېگەن چاغدا غەم كەلتۈرۈر،
خاپىلىق دېسە بۇ خۇشال كۈلدۈرۈر.

«شاھنامە»دىكى ئافراسىياپقا دائىر مىسرالار:

ئافراسىياپ كەلمىش لەشكىرى يۈزمىڭ،
تۈركلەردىن تاللانغان لەشكىرى يۈزمىڭ.

بۇ خەۋەردىن **كاۋۇس** دىلى بولدى تەڭ،
بەزمە تۈگەپ باشلىناتتى ئەمدى جەڭ.

ئىراندا تىلەكداش كىم كەيانىگە،
بەزنى توپلىدى شاھ مەجلىسگە.

ئۇلارغا شاھ دېدى: «بۇ ئافراسىياپ،
جىسمىدا يوقمۇدۇ سۇ، ئوت، توپا، ئاب.

يەزدان ئۇنى نېمىدىن ياراتقانىكىن،
يا باشقا ئۇرۇقىدىن تاراتقانمىكىن⑭.

ئىزاھاتلار:


③ چىڭ سولۇ «تاڭ، سوڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ماقالىلىرى توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى خەنزۇچە نەشرى 3-بەت.

④ «مىللەت لۇغىتى»، 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 178-بەت.

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 147-بەت.

⑥ « ئۇيغۇر تارىخى»، 295-بەت.

⑦ ش.ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى 28-بەت ۋە ئا.راخمان «فلكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، 1989-يىلى نەشرى، 46-بەت.

⑧ «دۇنيا ئەدەبىياتى»، 1988-يىلى 3-سان.

⑨ «قىسسەسۇل غەرايىپ»، 1994-يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا، 153-بەت.

⑩ غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1992-يىلى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخا.

⑪ «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 7-، 8-، 9-بەتلەر.

⑫ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 54-، 55-، 56-بەتلەر.

⑬ «جامىئۇلتەۋارىخ»، بېيجىڭ شائۇۇ نەشرىياتى، 1983-يىلى نەشرى، بىرىنچى جىلد، 1-قىسىم.

⑭ ھ. يۈسۈپى «ئوغۇز داستانى ۋە ئوغۇزخاننىڭ قىسقىچە تارىخى»، «بوستان» (كورلا) ژۇرنىلى، 1983-يىلى 1-سان.

⑮ ش. ئۆمەر «« ئوغۇزنامە»گە دائىر بەزى مەسىلىلەر»، «شىنجاڭ داشۆسى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى.

⑯ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»،1987-يىلى 4-سان، 89-90-بەت.

⑰ «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989-يىلى 4-سان، 30-بەت، قازاقچە.

⑱ مەسىلەن: نامەلەر — ژانىرىدىكى ئەسەرلەردىن « مۇھەببەتنامە »، « داراپنامە »، « لەتافەتنامە »، « مەشۇقنامە »، «دەھنامە»، «مەھمۇدنامە»، «تەئەششۇقنامە» قاتارلىقلار بار.

⑲ ئا. راخمان ماقالىسىدىن ئېلىندى، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994-يىلى 2-سان.

⑳ ئەھمەد زەكى «ئوغۇز داستانى»، 1972-يىلى نەشرى، 117-بەت.

㉑ غ.ئوسمان «« ئوغۇزنامە»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئېتىقادلىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985-يىلى، 1-سان.

㉒ گىڭ شىمىن، ت.ئايۇپلارنىڭ «... ئوغۇزنامە»گە يازغان «مۇقەددىمە»سى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، 9-بەت.

㉓㉔ ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 301-302-بەتلەر.

㉕ ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 32-بەت.

㉖ ماركس «كاپىتال»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 1-كىتاب، 291-بەت.

㉗ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 34-بەت.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 32-بەت.

(29) ئىساك ئاسموپ: «قاتناش ئىنقىلابى»، «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1983-يىلى 5-سانى.

(30) ئابدۇقېيىم خوجا: «ئالتۇنتاغدىكى قىيا تاغ سۈرەتلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سان.

(31)(32) سۇ بىيخەي: «شىنجاڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى يايلاق رايونلىرىغا ئويۇلغان قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ھارۋىلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، خەنزۇچە، 1985-يىلى 6-سان.

(33) سۇ بىيخەي: «شىنجاڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى يايلاق رايونلىرىغا ئويۇلغان قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ھارۋىلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، خەنزۇچە، 1985-يىلى 6-سان.

(34) مېيگۈيىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1958-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

(35) مېيگاۋىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر»، 1958-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

(36) ئى.مۇيىئى: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلار توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1985-يىلى 3-سان، 14-بەت.

(37) چىيەن داۋشىنىسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1986-يىلى، 26-بەت.

(38) ئا.خوجا: «ئالتۇنتاغدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانى.

(39) «دىيۇرىنگغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 44-45-بەتلەر.

(40) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 181-بەت.

(41) س.كېسلېۋ: «سوۋېت تارىخ ئىلمى ۋە تارىخ ئوقۇتۇشى»، 80-81-بەتلەر، 1953-يىلى خەنزۇچە نەشرى بېيجىڭ دەۋر نەشرىياتى. (چېڭ سۇلۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي رايون تارىخ مەجمۇئەسى» 1-قىسىم، 5-بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.)

(42) چېڭ سولۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي رايون تارىخ مەقمۇئەسى»، (بىرىنچى قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل خەنزۇچە، 5-، 6-بەت.

(43) دۇەنلىئەن چىن: «خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن شاڭ جو دەۋرىدىكى گۈيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1985-يىلى 3-سان.

(44) «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 283-بەت.

(45) دۇەنلىئەن چىن: «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» 1982-يىلى خېبېي خەلق نەشرىياتى، 6-بەت.

(46) دۇەنلىئەن چىن: «مەملىكىتىمىزدىكى دىڭلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشى»، شىبېي داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1979-يىل 4-سان، 84-بەت.

(47) لى سۇڭ يۈن، ياڭ ياڭ «ھونلارنىڭ كېلىپ چىقىش جايى ئوردۇس يايلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، ئىچكى موڭغۇل سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984-يىل 3-سانىغا قاراڭ.

(48) يۇقىرىقى كىتاب.

(49) ماركس «‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى›گە رەددىيە».

(50) م. گوركى «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، تاشكەنت شەرق «ھەقىقەتى» نەشرى، 2-توم، 456-457-بەتلەر.

(51) «بىلىنسكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 183-بەت.

(52) بۇ يەردىكى «كۆك» ئاسماننى كۆرسەتمەستىن، بەلكى زېمىندىكى كۆكچىلىك، يايلاق، ئورمانلىقنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلاردا ئاسمان (كۆك)كە چوقۇنۇش ئەقىدىسى كېيىنچە كۆك رەڭگە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى قوزغاتقان ئىدى. شۇنداقلا بىپايان يايلاقلار، بۈك-باراقسان كۆپكۆك ئورمانلارغىمۇ ئالاھىدە ھەۋەسلەنگەن. توقالنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ تاغ، دېڭىز دەپ ئاتىلىپ، بىزنىڭ «ئاسمان» دەپ، كەڭ دەرىجىلىك ئىسىم بىلەن ئاتالماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا «كۆك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن «ئاسمان» دەپ

ئېلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

(53) «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» مۇقەددىمە، 13-بەت.

(54) «دىيورىڭغا قارشى» ، 608-609-بەتلەر، 1972-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

(55) م.گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ، ئۇيغۇرچە، 1-توم، 108-بەت.

(56) يۈەن ۋېنچى «‹ئاۋېستا.ياشت› ئىلاھلار قەسىدىسى ھەققىدە» ، «چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات مەجمۇئەسى» 11-توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987-يىل نەشرى، 325-بەت.

(57) بەزى مەنبەلەردە ئافراسىياب «ئاۋېستا»دا «خەرەنە سۈيان» نامىدا تىلغا ئېلىنغان دېيىلىدۇ.

(58)(59) م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3-توم، 502-بەت، 1-توم، 447-بەت.

(60) «تارىخى ھەمىدى» ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.

(61) «تارىخى ئەمنىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى.

(62) ئى. تۇرسۇن «توڭا ئالپ ئەر» ، «تارىمدىن تامچە» ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى.

(63) فەرىدۇن — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھسى. ئەفرىدۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(64) «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» ، تاشكەنت، 1978-يىلى نەشرى، 1-توم.

(65) نارشاخى — ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىمىن جابىغار نەرشاخى. ئۇنىڭ كىتابى 1966-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(66) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 1990-يىلى نەشرى، 62-بەت.

(67) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» كىتابىنىڭ 60-بەتلىرىگە قاراڭ. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى.

(68) (مەھمۇدنىڭ چۈشەندۈرىشى) «ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ دەيدۇ: بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ، چېپىپ كېلىشتى؛ ئۇلارنى قايغۇ بېسىۋالدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى.

(69) بەگلەر بېگى — ئافراسىياپتۇر — م. كاشغەرى.

(70) دۇنيا بېگى — ئافراسىياپتۇر - م. كاشغەرى.

(71) ئۆتكەن ئىشلارنى — ئىشق-سېغىنىشنى ئەسلەتتى.

(72) بۇ يەردە ئېيتىلغان تاجىكلار پارسلاردۇر. تاجىكلار ئالپ ئەرتوڭانى ئافراسىياپ دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى، تەزكىرە - قىسسىسلىرىدە يېزىپ قالدۇرغان. ئىران پادىشاھلىرىنى ئۆلۈغلاپ، تۈركىي خەلقلەردىن چىققان شەخسلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ يازىدىغان ئەدىبلەر، سالنامىچىلار ئافراسىياپنى ئۇرۇش سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلەپ، «ئافراسىياپ ئەللەرنى تالاپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان» دەپ يېزىشقان. ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا توڭا ئالپ ئەرنى «ئەرلەرنىڭ خىللانغىنى، جەسۇر، پالۋان، دۇنيادا ئەڭ ھۇشيار» ، «ناھايىتى ئەخلاقلىق، نۇرغۇن بىلىملىك» زات دەپ يازغان ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن راستچىللىق ۋە ئادىمگەرچىلىك توغرىسىدا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بەرگەن. (ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» 573-بەت) .

(73) ھەيۋە قىلماق.

(74) ئى. تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»دىن ئېلىندى.

# Ⅲ باب. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئىتى

## 1 - § . ئومۇمىي ئوبزور

ئىلىمىزنىڭ خەنزۇچە كىتابلىرىدا شىنجاڭ قەدىمكى دەۋردە «شىيۈي» (غەربىي يۇرت) يەنى «قۇربىغار» دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىنىڭ دەسلىپىدە غەربىي يۇرتتا 36 قەدىمكى شەھەر خانلىقلىرى بار بولۇپ، كېيىنچە 50 نەچچىگە پارچىلىنىپ كەتكەن. بەزىدە نەچچە ئونغا يىغىنچاقلىنىپ قالغان. بۇ خانلىقلارنىڭ كۆپى دېڭىزدەك تەكلىماكاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان.① ئۇلارنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى يەرلىك كىشىلەردىن بولغان. بەزى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خاندانلىقلار بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەر خانلىقلىرى ئىچىدە كاش بالىق② (كاشغەر، سۇلى)، ئۇدۇن، كۇسەن، ئاگنى (سولمى) ئالدى، ئارقا قۇش بەگلىكلىرىنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى چوڭ، تەسىرى چوڭقۇر، مەۋجۇت بولغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن. ئادەتتە بۇ بەگلىكلەرنىڭ سەلتەنەت دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 — 2-ئەسىرلەردىن مىلادى 9-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىق دەپ قارىلىدۇ.

كاشبالىقلار، ئۇدۇنلۇقلار، كۇسەنلىكلەر، ئاگنىلىقلار، ئالدى، ئارقا قۇش خانلىقلىرىدىكىلەر ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق قوۋم ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ قەدىمكى خانلىقلار تارىختا مەيلى پارچىلانسۇن، مەيلى بىرلىككە كەلسۇن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. شانلىق غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئىچىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ئالاھىدە سۈپەتلىرى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەرجىمانلىق، شەرھشۇناسلىق قاتارلىقلارمۇ بار.

شىنجاڭ قەدىمكى شەھەر خانلىقلىرى بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىن يېتىشىپ چىققان ئەدىبلەر ئەينى چاغ شارائىتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆز ئىجادىيىتىنى ئۇدۇن تىلى ، كۇسەن - [illegible] تىلى، قارۇشتى تىل - يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىق (تىل)لار بىلەن ئېلىپ بارغان. ئەمما يەرلىك خەلقنىڭ ئاساسىي قاتلىمى ئاساسەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى③.

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى».

② سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ «شۈەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا « 去沙国 » (چۈشاگو — كاشغەر)نى «كەش-كاش بالىق» دەپ ئالغان. (ئى. مۇتىئى «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» ، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى).

③ ئە . بايتۇر، خ . سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، 706-بەت ۋە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 29-بەتلەرگە قارالسۇن.

## 2 - § . شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى

### 1. مىڭئۆي تام رەسىملىرى

بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا بۇددىزم سەنئىتى غەربىي يۇرت ئەدىبلىرى، رەسساملار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، غەربىي يۇرت بۇددىزم شەكلى تىكلەنگەن. كېيىن يەنە غەربىي يۇرتلۇقلار بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بەزى بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ ھېكايە مەزمۇنلىرى قەدىمكى رىۋايەتلەرگە ئايلانغان. شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭئۆي رەسىملىرىنى ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، ئەدەبىيات تارىخىي دەرسلىكىدە سۆزلەشتىن مەقسەت مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان بۇددىزىم رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغانلىقىمىزدا، يەنى ئۇنى «رەسىملەشتۇرۇلگەن كىتاب» دەپ قارىغانلىقىمىزدا.

شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى دېگۇدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «يارالمىش قىسسلىرى» ئومۇمەن ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ھېكايە ياكى قىسسىلەردىن ئىبارەت.

«يارالمىش قىسسە»لىرى بۇددىزم ئەدەبىياتىدىكى بىر مەزمۇن بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇدساتۋا (بۇددا راھىبلىرىنىڭ پىرى) بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىستىقامەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن تاللىۋېلىنغان پارچىلاردىن ئىبارەت①. «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى مۇشۇ قىسسىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن خىيالىي تەسەۋۋۇر بىلەن سىزىلغان رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ.

«يارالمىش قىسسىسى»دە ئەكس ئېتتىدىغان مەزمۇنلار ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان ھىسايانا مەزھىپىنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت. «ھ باقى-ئالەمگە بارماق» (Pıramita)نى توپ نىشان قىلغان. «باقىي ئالەمگە بېرىشتىكى قىسسەلەر توپلىمى» ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ۋەقەلەر ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ بۇغا، ئاق قۇيرۇقلۇق بۆكەن، قوڭغۇر ئېيىق، كەپتەر، توشقان قاتارلىق ھايۋانلارغان ئۆزگەرگەنلىكى، كېيىن ئەجدىھا ۋە ئالتۇن قاناتلىق قۇشلارنىڭ مۇقەددەس پادىشاھ بولغانلىقى، يەنە ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋان بولغانلىقى، جۈملىدىن بىر ئۆمۈر باشقىلارنى سانسارا — قايتا تۇغۇلۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتكە قېلىشتىن خالىي قىلغانلىقىدەك ساۋابلىق ئىشلارنىڭ بۇدساتۋا يوللىرى ئۇزۇن قىسسەلەر بىلەن بايان قىلىنغان. بۇلار سان جەھەتتە مىڭ خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، قەدىمكى بۇددا ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ۋە كېيىنچە ھىنايانا مەزھىپىدىكى رەسساملار تەرىپىدىن ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، ھەر قايسى جايلاردىكى مىڭئۆيلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . بۇ ھال رەسىمچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى، جۈملىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى

---

① قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىلى، 10-بەت.

مىڭئۆيلەردە زور تۆركۈمدىكى يارالمىش قىسسە رەسىملىرى ۋە ھەيكەللىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ، بۇددىزىمنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىدىيىسى، يارالمىش قىسسە رەسىملىرى سېھىرگەرلىك كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىنماقچى بولغان بۇددا نومللىرىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەر ھېكايە شەكلىدە سىزىلىپ، بىر خىل بۇددا سەنئىتى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ مىلادى 2-ئەسىردىن كېيىنكى، دۇنياۋى خاراكتېرلىك بۇددا سىزما رەسىمچىلىكى تارىم ۋادىسىدا ئۆز كۈچىنى نامايىش قىلغان.

ھازىر دۇنيادا مەشھۇر ھېسابلىنىپ، ساقلىنىۋاتقان يارالمىش قىسسە يادىكارلىقلىرى (ئاساسلىقى رەسىم ۋە ھەيكەللەردىن) ئومۇمەن جەنۇبىي ھىندىستاندىكى ساڭچى بۇد مۇنارى، بارخۇت بۇد مۇنارى، ھىندىستاننىڭ ۋېدىيا تېغىدىكى ئاجانتا مىڭئۆيى ۋە تارىم ۋادىسى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيدىن ئىبارەت.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇددىزىم دۇنياۋى ھادىسە، ئۇ ئۆز ماكانىدا بىر قېتىمدىلا مۇكەممەل شەكىلدە يارالغان ۋە تارالغان ئەمەس. قەدىمكى تارىملىقلار بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلغان ۋە بۇددا دىنىنى ياخشىلىق، گۈزەللىك، يۈكسەكلىكنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى دەپ تونۇغان چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل، يۈكسەك فانتازىيىگە ئىگە رىۋايەت ۋە قىسسەلىرى، سىزما رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىقى ئارقىلىق دۇنياۋى خاراكتېرىنى ئالغان بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن بەدىئىي تۆھپىلەر قوشقان. قىزىل مىڭئۆيدىكى يارالمىش قىسسىلىرى رەسىملىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ تارىملىقلارنىڭ ئەينى زاماندىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستىلىرى بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمان، ھېس-تۇيغۇ، ئىرادىسىنى، يارىلىش ھەققىدىكى فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىغا، ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

شىنجاڭ بۇددىزىم مىڭئۆي رەسىملىرى قىسسىلىرى كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇددىزىم نەزەرىيە كىتابلىرىدا تەسۋىرلىنىدىغان ئوبرازلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يارىتىلغىنىغا ئوخشاش، شىنجاڭدىكى مىڭئۆي بۇددىزىم رەسىملىرىدىكى ئوبرازلارمۇ قەدىمىي تارىملىقلارنىڭ چىراي-سەكلى، پىسخىك ھالىتى، كىيىم-كېچەك، تۇرمۇش ئادىتى، ياسىنىش پوسۇنى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ سىزىپ چىقىلغان. شۇنىسى قىزىقكى، قەدىمىي تارىملىقلار تەڭرىلەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقىمىكىن، تەڭرىلەرنىڭ ئوبرازىنىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ — يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئوبرازىغا ئوخشاش سىزىپ قويغان. دېمەك، قەدىمكى كۈچا رەسساملىرى ھەققىدە سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ ئەدەبىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ئاساسىدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى بۇددىزىم سەنئىتى ئىجادىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى كۈچانىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بويىچە باشقا جايلارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى»نى ياراتقان ۋە شۇ ئارقىلىق باشقا جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭ بۇددىزىم مىڭئۆي رەسىملىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن بۇددىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي جەمئىيىتى، ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ جەريانلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك يادىكارلىق.

2. بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى قىسسىلەر

بۇددىزىم تەرغىباتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە

ئۇنىڭ ئاتالمىش «ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشى» (سانسارا) توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتىن پايدىلانغان. ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان چۆچەكلەردە ئېيتىلغان ياخشى كىشى، ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بۇددىزم نەزەرىيىسىنى سىڭدۇرۇپ، رەتلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈرگەن.

بۇددىزم تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ساكيامۇنىنىڭ «جېنى» خىلمۇ-خىل قۇش، ھايۋانلار ۋە ھەر خىل يۇقىرى تۆۋەن مەنسەپ-تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ تېنىدە تۇرۇپ ئۆتكەن. يەنى ساكيامۇنى نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا تۆرەلگەن. ئۇ ھەر قېتىم دۇنياغا تۆرەلگەندە ھامان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. بۇنداق رىۋايەتلەر بۇددىزم كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. ھازىرغا قەدەر كىشىلەر تەرىپىدىن توپلاپ رەتلەنگەن بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى قىسسىلەر بەش يۈزگە يېتىدۇ.

بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى قىسسىلەر قىسقارتىپ يېزىۋالغىلىمۇ، ئۇزارتىپ سۆزلىگىلىمۇ بولىدىغان، قۇرۇلمىسى ئاددىي، لېكىن مەزمۇنى چوڭقۇر، بىرلا ئاڭلىسا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان قىسسەلەردۇر. بۇددىزمچىلار كۆپىنچە مۇشۇنداق قىسسەلەرگە تايىنىپ، ئۆز تەرغىباتىنى قانات يايدۇرغان ۋە ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولۇپ يېتىلىشىنى ئۇنىڭ ئالدىنقى نۇرغۇن قېتىملىق ئۆمرىدە ھامان ياخشى ئىش قىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشەندۇرگەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى شۇ يولدا مېڭىشقا دەۋەت قىلغان. شۇڭا، بۇ قىسسىلەر بۇددىزمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان ۋە بۇددىزم ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن.

بۇددىزم ئەدەبىياتى ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسىمچىلىك قاتارلىق گۈزەل سەنئەت شەكىللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئەستە قالدۇرۇۋېلىشقا تېخىمۇ قولايلىق بولغان.

تارىم ۋادىسى باي قىزىل مىڭئۆيدە بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى رەسىملىك قىسسىلەر كۆپ. قەدىمكى رەسساملار بۇددىزم قىسسىلىرىنى رەسىملەشتۈرۈپ چىقىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. كۆپىنچە ھالدا ئۇنى رومبىغا ئېلىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن. قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى رەسىملىك قىسسىلەر ئەينى زاماندا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭدا ھايات-ماماتلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە دىنىي ئەقىدە ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىش، قېرىلارنى ھۆرمەتلەش، پەرزەنتلەرنى ئاسراش، ئەر-خوتۇنلار ئىناق ئورتاق بولۇش: كەڭ-ئاداۋەت ساقلىماسلىق ۋە ئۆچ ئېلىشنى ئويلىماسلىق؛ كىشىلەرنى ئەقىل ئىدرەكلىك بولۇش، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۇرۇشكە ئۈندەش؛ خان-ھاكىملار پۇقرالارغا، پۇقرالار خان-ھاكىملارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرى؛ خەلقنىڭ دىندارلارغا، دىندارلارنىڭ بۇددىغا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپلىرى... قاتارلىق جەھەتلەردىكى بۇددىزم پەلسەپىسى سۆزلەنگەن. بىرمۇنچە قىسسىلەردە يەنە يىپەك يولىدىكى سودىگەرلەر تىلغا ئېلىنغان. ئەگەر بۇ رەسىملىك قىسسىلەرگە ئورالغان بۇددىزم تونلىرى يىرتىپ تاشلانسا، ئۇ ھازىرمۇ بىزگە ھەقىقىي خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە گۈزەل سەنئەت ھۇزۇرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيدە ساقلىنىۋاتقان بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى رەسىملىك قىسسىلەر 60دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى بۇددىزم تارىم ۋادىلىرىغا تارقالغاندىن كېيىن تارىم ۋادىسىدا توقۇلغان قىسسىلەر. بۇنىڭدىكى رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبىدا باشقا جايلاردىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بار①.

## 3. كۇسەن مىڭئۆيي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن خەلق روھىيىتى

كۇسەن مىڭئۆيي سەنئىتى بىر خىل دىنىي كارتىنا، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى كۇسەنىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىلەن تۇرمۇشىنىڭ بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بولۇپمۇ كۇسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى ئېھتىياجىدىن ئايرىلالمايدۇ. تۆۋەندە ماركسىزملىق نەزەرىيىگە ئاساسەن، بۇددا مەدەنىيىتىدىكى كۇسەن مىڭئۆيي سەنئىتىدىكى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقنىڭ روھىيەت ئامىللىرى بىلەن تونۇشىمىز.

(1) كۇسەن خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتور تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىگەنلىكى ئەكس ئەتكەن.

بۇددا دىنى ھىندىستاندىن كۇسەنگە كىرگەن چاغدا، كۇسەن جەمئىيىتى قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇراتتى. جەمئىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئېكسپىلاتاسىيىسى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئېكسپىلاتاسىيىسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلارنىڭ كۆپۈنچىسى شەھەرلەردە ياشايدۇ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆرپ-ئادەتلىرى ھونلار ۋە ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ھونلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. ئۆزلىرىنىڭ باسقانى چاكارلار كاھبېگى② ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلاتتى. چاكارلار كاھبېگى دائىم ئاگنى، چوقۇ (باغراش) ۋە كۆنچى بەگلىكلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن باج-سېلىق ئالاتتى» دېيىلگەن. ھونلارنىڭ چاكارلار كاھبېگى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى دەل بۇ يەردە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلسە، «ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى، كىچىك خوتۇنى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا بىرنەچچە ئون ياكى 100 كىشىگە يېتەتتى ... دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر ئاپقۇر شاراپ ئىنئام قىلاتتى. ئېرىشكەن غەنىيمەت ئولجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان ئادىمىنى قۇل قىلاتتى. دېمەك ھونلار جەڭ قىلىدىكەن ھەممە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلاتتى» بۇ ئەينى چاغدىكى ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەردە «قۇل» دېگەن سۆز دائىم ئۇچرايدۇ. بىر تارشا پۈتۈكتە يېزىلىشىچە، بىر راھىب يەنە بىر راھىبنىڭكىدىن بىر راھىبنى رورەنگە ئېلىپ كەتكەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قۇلىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن

---

① قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆيي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985-يىل نەشرى، 45-بەت.

② چاكارلار كاھبېگى (僮仆都尉) ھون ئېلى باتىسقانىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچى بېگى، ھونلار غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرگە قۇل نەزەرىدە قارىغاچقا مۇشۇنداق نام قويۇلغان بولسا كېرەك.

مەزكۇر راھىبقا بەرگەن. كېيىن بۇ قۇل ئۆزىنىڭ ئەسلى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن يەنە بىر قۇلنى يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. كېيىن ئۇ يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى باشقا بىر قۇل بىلەن قېچىپ كەتكەن. بۇ راھىبلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئارىسىدا قۇل ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تارىشا پۈتۈكتە «قۇللار» ، «بارلىق قۇللار» دېگەن سۆزلەرمۇ يېزىلغان. بۇ پاكىت سىز چاغدىكى جەمئىيەتتە قۇللار سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا قۇللارنى ئېلىپ سېتىش ئىشلىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇننىڭ ھىمايىسىگىمۇ ئىگە بولغان. بىر ئايال قۇل سودىسى ھەققىدىكى توختام خەتتە يېزىلىشىچە، بۇ ئايال قۇلنىڭ باھاسى بىر قىممەت تۆگە ۋە بىر ئەرزان تۆگە، 11 گەز ۋە 12 گەز ئۇزۇنلۇقىكى ئىككى گىلەم قىممىتىگە، ئېنىق بولمىغان بىر نەرسىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولغان؛ توختامدا يەنە «سېتىۋالغۇچى كىشى بىر ئايال قۇلغا تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇنى ئۇرۇشقا، كۆزىنى كور قىلىۋېتىشكە، ئالماشتۇرۇشقا، رەنىگە قويۇشقا، خالىغىنىنى قىلىشقا ھەقلىق» دەپ يېزىلغان. بۇ توختام خېتى ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرىقىغا بىنائەن يېزىلغان. ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى ئادەمنىڭ ئۆمرىدەك، يۈز يىل بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى خانلىقلاردا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردىكى بۇددا راھىبلىرىنىڭمۇ قۇللۇق تۈزۈم ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «قۇللار» ، «بارلىق قۇللار» دېگەن خاتىرىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى يىللىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن بىرگە، بۇ تۈزۈمنىڭ چۈشكۈنلىشىش ۋە ئاجىزلىشىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنىمۇ كۆردۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇللۇق تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىش جەريانى — فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. قارۇشتى يېزىقى تارشىلىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىغا دائىر ئەھۋاللارمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەر سودىسىغا دائىر بىر توختامدا، سېتىلىپ بولغان يەردىكى ھوسۇللارمۇ ئالغۇچىنىڭ بولىدۇ، ساتقۇچى كىشى بۇ يەر ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى دەپ، ئالغۇچىدىن «يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە دان ئالالمايدۇ» ، يەر ئالغۇچىمۇ يەر ساتقۇچىدىن يەر باھاسى بەدىلىگە هاراق ۋە ئات ئالالمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. باشقىلارنىڭ يېرىنى تېرىغانلىقى ئۈچۈن «يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە دان» تاپشۇرۇش ھادىسىلىرى ئۇ جايلاردا ئەينى زاماندا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىن بولغانلىقىدا گەپ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ توختام خەتتە ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بىر پارچە شەخسىي خەتتە، خەت يازغۇچى كىشىنىڭ باشقا جايدا بىرقانچە پارچە تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، ئۇنى ھازىر مەلۇم كىشىنىڭ تېرىۋاتقانلىقى، ئەمدى بۇ تېرىغۇچى كىشى يەر ئىجارىسىنى مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا يەر ئىگىسىگە تاپشۇرۇشى لازىملىقى ئېيتىلغان. خۇددى ئوتاقچىلىق توختىمىغا ئوخشايدىغان بىر قالدۇق تارىشىدا، يەرنى تېرىغۇچى كىشى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە مەلۇم مىقداردا سېرىقياغ تاپشۇرۇشى لازىملىقى ئېنىق يېزىلغان. بىر بەگلىكنىڭ خانى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇيرۇقتا: مەلۇم ئوتاقچىلارنىڭ ئۆزلىرى تېرىپ تۇرغان يەرنى ئەمدى سۇلارنىڭ ئۆز يېرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. يەنە بىر بۇيرۇقتا: مەلۇم

جىنايەتچى تۈرمىدە قاملىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۆز ئوتاقچىسىنىڭ گۆش ۋە هاراقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. «ئوتاقچى» دېگەن سۆز باشقا ئورۇندا باشقىچە مەنە ۋە ئۇقۇمنى ئاڭلاتسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئوتاقچى تېرىغان يەر باشقىلارنىڭ مۈلكى، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە مۇئەييەن نەرسىلەرنى تاپشۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا، ئۇ جايلاردا ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۇ چاغلاردا ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولغان دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلار ۋە بۇ بوستانلىقنى بىرلىك قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن خانلىقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئۆزگىرىشىدىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەكلىك ساقلانغان. كۇسەن خانلىقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا كۇسەن رايونى ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان مىلادى 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەدرىجىي يوسۇندا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان.

ئەمما، قۇللۇق تۈزۈمىمۇ ياخشى، فېئوداللىق تۈزۈمىمۇ ياخشى، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىن ئىبارەت. پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىلا پەرق بار. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى كىشىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشقانلىق ئىدى؛ جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى ئۆزئارا ئۆچمەنلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇ خىل قەبىھ ھەرىكەتلەر مەيلى قۇللۇق جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسۇن ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. كۇسەن خەلقى قۇللۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خىلمۇ-خىل نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەيىبلىگەن. دېمەك، كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى ھېسسىياتى كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا، كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ خىل مەنىۋى تەلىپى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

تۆۋەندە «ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» دېگەن چۆچەكنى كۆرۈپ ئۆتۈمىز. بۇ «پىرامىتا سۇترا»ناملىق ئازاب دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 252-يىلى توخرى دۆلىتىدىن كەلگەن دېيىلگەن بىر بۇددىست تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قىزىل مىڭئۆينىڭ 114-غارىغا سىزىلغان. بۇنىڭ ھېكايىسى مۇنداق «بىر ۋاپادار مايمۇن بار ئىدى. ئۇ جانلىقلارغا رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر جىلغىغا مېۋە ئۈزگىلى بارغاندا، بىر ئادەمنىڭ تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، جىرادا ھالسىزلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ ھوشسىز ياتقان ئادەمنى يۈدۈپ ئوتلاققا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى ئادەم ھوشىغا كەلدى. مايمۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى ۋە سەپىرىگە ئامانلىق تىلىدى. مايمۇن چارچاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىردەم ھاردۇق چىقارماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ «مەن ئاچ-توق يۈرگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. يەنە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ مايمۇننى كاۋاپ قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى-دە، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان مايمۇننىڭ بېشىغا ئۇردى. مايمۇن ئۆلدى. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ تاشلاپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەم ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۇۋالىغا

قىلىپ 18-قەۋەت دوزاخقا تاشلاندى①.

بۇ ھېكايىدە ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپ ۋەكىلىنىڭ مايمۇن ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا چىققان تۆۋەن قاتلام خەلق ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ ئېپلاس نەپسى ئالدىدا ھەر قانداق ئېپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئەزگۈچى سىنىپ ئوبرازىنىڭ ئاخىرى دوزاخقا تاشلانغانلىقى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمنى ئاخىرى يوق قىلىۋېتەلەيدىغان ئۈمىدۋارلىق روھى ئىپادىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ھېكايىلەردە زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلىقى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي كۈچلەرنىڭ بۇلارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەنلىكى تەسىرلىك ۋە جانلىق سۈرەتلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا «ئوتتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى»② دېگەن ھېكايىنى مىسال قىلساق، بۇنىڭدا ئېيىق سەممىي، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئوۋچى پۇرسەتپەرەست، ئاچكۆز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

بۇ ھېكايىلەردە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پاجىئەلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھەم رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قەبىھ ھادىسىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلار كونا خەلقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىلىك تۈزۈمگە نىسبەتەن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان بىرقانچە پارچە رەسىملەرنىڭ ھەممىسى يارالمىش قىسسىلىرى رەسىملىرى بولۇپ، ساكيامۇنى بۇددا بولۇشتىن ئىلگىرى يورۇق دۇنيادا باشتىن كەچۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئەمما، كونا رەسساملىرى مۇشۇنداق يارالمىش قىسسىلىرى ھېكايىلىرىنى تاللاپ، كونا مىڭئۆي غارلىرىغا سىزغان ۋاقىتتا، مۇئەييەن سۇبيېكتىپ مەقسەت بار دەپ قارايمىز. بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئوي كەڭ كونا خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت③.

يۇقىرىقى بىر ئاساسىي ئىدىيىدىن باشقا يەنە (2) كونا خەلقنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن جاق تويغانلىقى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. (3) كونا خەلقنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. (4) كونا خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئۈگۈشلۈق بەھرىمەن بولۇشتىكى كۈچلۈك ئىنتىلىش روھى ئىپادىلەنگەن.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، كونا مىڭئۆي غارلىرى سەنئىتى بىر خىل دىنىي سەنئەت. ئەمما، دىنىي سەنئەتمۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، يەنى كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن ئايرىلمايدىغان تەركىبىي قىسىم — شۇڭا، كونا مىڭئۆي سەنئىتىدە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى ئەھمىيىتى ئىنكار قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى، كونا مىڭئۆيلىرىدىكى پۈتكۈل بوشلۇققا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، كونا مىڭئۆي سەنئىتىدىكى بىر خىل بىرىكمە ئامىل بولۇپ كەتكەن، شۇنداقلا كونا مىڭئۆي سەنئىتىنى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرگەن.

---

① قۇربان ۋەلى «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى».
② قۇربان ۋەلى «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى».
③ جۇيېگرونى «كونا تاش غارلىرى تەتقىقاتى»، 1993-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 76-بەت.

## 3 ـ § . شىنجاڭ قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر

شىنجاڭ قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى قوللىنىلغان تىل-يېزىق خىلمۇ خىل بولۇپ، بۇ خىل تىل-يېزىقتىكى ھۆججەتلەرمۇ كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدۇ. تۆۋەندە بىز بىر قەدەر ئەدەبىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھۆججەتلەردىن ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ۋە كۇسەن-كىنگىن يېزىقىدىكى قىسمەن ھۆججەتلەر بىلەن قىسقىچە تونۇشىمىز.

1. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

قەدىمكى ئۇدۇن تىل-يېزىقىدا نۇرغۇن يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلغان، بۇلار تارىخىي ئەسەرلەر (بەزىلىرىگە ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئارىلاشقان)، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىببىي ھۆججەتلەر، لۇغەتلەر، خەت-چەك، مەكتۇپلار، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنغا ئائىت ھۆججەتلەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تارىخىي ئەسەرلەردىن «ئۇدۇن ئېلى تارىخى» ئەھمىيەتلىك كىتابلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ كىتاب ئەسلى ئۇدۇن تىل-يېزىقىدا بارلىققا كەلگەن، كېيىن تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تىبەتچە نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇدۇن تىلىدىكى نۇسخىسى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەر خىل مەزمۇن ۋە ژانىرلىق بولۇپ، ئۇلار شېئىرىي ئەسەرلەر، ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، ئەپسانە-رىۋايەتلەر، بېيىت-قوشاقلار، خان-شاھزادىلارغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر، لىرىكىلىق قەسىدىلەردىن ئىبارەت.

بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۇدۇن ئېلى تارىخى»، «ئۇدۇندىن تەلىم ئېلىش خاتىرىسى»، «ئۇدۇن دىنىنىڭ قائىدىلىرى تارىخى»، «ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئېلان خاتىرىلىرى» ( 国悬记 [illegible]《كۈن نومى» (Suryagabha)① قاتارلىقلار بار. ئەپسانە-رىۋايەتلەر، تارىخىي ھېكايىلەر: «ئۇدۇن ئېلى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان ئۇدۇن شائىرلىرىنىڭ باھار ھەققىدىكى لىرىك شېئىر ۋە داستانلىرى؛ ئۇدۇن خانى ۋىيسا سىمرانىڭ قىزى سىمرانىڭ ساجۇغا ياتلىق قىلىنغان چاغدا دادىسىغا يېزىپ ئەۋەتكەن سېغىنىش لىرىكىلىرى، ئۇدۇن شائىرى ۋىساسلارنىڭ كۇشان شائىرى ماترىگوتا يازغان 200 مىسرالىق «بۇددا تورو» (Buddhastorro) ناملىق قەسىدىسىنى تەرجىمە قىلغانلىقى؛ ئۇدۇن شائىرلىرى يازغان «زامباستا» ناملىق داستان؛ ئۇدۇن خانى ئارىيادىۋا ۋاقتىدا يېزىلغان لىرىك مۇھەببەت قوشاقلىرى قاتارلىقلار بار.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى خىلمۇ خىل كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: زامباستا شېئىرلىرىنى شۇنداق دېيىش مۇمكىن. ئەنگلىيىلىك بىلىمىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا مەزكۇر شېئىرلار (كىتابى) ئەسلى زامباستا (Ysambasta ياكى zambasta) ئاتلىق خوتەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارىنىڭ پەرمانى بىلەن يېزىلغان كىتاب بولۇپ، نەسرىي جۈملىلەر بىلەن نەزمىي مىسرالاردىن تۈزۈلگەن.

---

① خەنزۇچە « 日藏经 » ...

بۇ كىتاب 440 بەتتىن ئارتۇقراق بولۇپ، ھازىرقى قالدۇقى 207 بەت، 24 قىسىم، 400 مىسرادىن كۆپرەك شېئىر ۋە باشقا نەسرىي ئېپىزوتلار بار. ھازىر ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ[1].

قەدىمكى ئۇدۇن تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بار . بۇلاردىن داڭلىقراقى ھىندىستان ئېپوسى « رامايانا » دىكى راماغا دائىر بىرقانچە ھېكايىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ تەرجىمە توغرۇلۇق چەت ئەللەردە ۋە ئېلىمىزدە بىرمۇنچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى[2].

ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر چوڭ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپلىرى ماھايانا مەزھىپىگە تەئەللۇق بۇددا نوملىرى بار[3].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇدۇن يېزىقى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. دىن، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەڭ قوللىنىلغان①.

2 . كۇسەن-ئاگنى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

19-ئەسىردىن باشلاپ كۇسەن-ئاگنى يېزىقىدىكى يېزىق ۋەسىقىلىرى ئارقا-ئارقىدىن تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىدىكى ھۆججەتلەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر باشقا مەزمۇندىكى ھۆججەتلەرمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن مەشھۇر « مايتىرى سىمىت » ، « ناندا ھەققىدىكى دراما » ( Nandacarhtanatka ) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى بار؛ بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ھېكايىلەر ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدىن «ياغاچچى بىلەن رەسسام » ، «رەسسام ھېكايىسى » ، «بىلىقچى ھېكايىسى» قاتارلىقلار بار.

شېئىرىيەت ساھەسىدە مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن پارچە ۋە « شېئىرىي ھېكمەتلەر توپلىمى » ( [illegible]言诗集 ) بار؛ تىل تەرەپتىن «سانسكرىتچە-كۇسەنچە سۆزلۈكلەر» ، «كۇسەنچە-ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» قاتارلىق لۇغەتلەر بار. ئۇلاردىن باشقا يەنە كۆپ مىقداردا ئومۇمنىڭ ھۆججىتى، ئىبادەتخانا ھېسابات ھۆججىتى، رەسىم لەۋھەلىرى ۋە تىببىي ھۆججەتلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردۇر.

ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەر ئىچىدە ھىندىستان ئېپوسى « رامايانا » دىكى راماغا ئائىت بىرقانچە ھېكايىنىڭ توخرى تىلى ( A ) - ئاگنى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان پارچىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر . بۇنى چەت ئەل ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان ، ئېلىمىزدە جى شەنلىن ئەپەندى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان②.

بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنىمۇ ئالاھىدە ساناپ ئۆتمەي بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىقى «خارماپادا» ( 法句经 ) «بۇددا كارىتاكاۋيا سۇترا» قاتارلىقلارمۇ بار[5].

«توتەي سۇترىسى» ( 托胎经 )

«سامىيوكتاگاما سۇترىسى» ( 杂阿含经 )

«مۇھاكىمە سۇترىسى» ( 业经 ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

---

① لى يىنپىڭ «بۇددا ئىلى خوتەن» ، 126-بەت، خەنزۇچە 1991-يىلى نەشرى.

② جى شەنلىن «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ، 235- ، 23-بەتلەر.

## 4 - § . قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى تەرجىمانلار ۋە شەرھشۇناسلار

### 1 . قىسقىچە چۈشەندۈرمە

قەدىمكى شىنجاڭ بۇددا دىنى تەرەققىي قىلغان ئورۇن ئىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتتا داڭلىق بۇددىستلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار شۇ زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن، بۇددا نوم-سۇترىلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن سىرت يەنە ئەنئەنىۋى-سانسكرىت تىلى، قەدىمكى شىنجاڭ تىللىرى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئوبدان ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ساھەسىدە كۆپ مېھنەت سىڭدۈرۈپ نەتىجە ياراتقان. مەلۇمكى قەدىمكى دىنىي ئەسەرلەر كۆچلۈك ئەدەبىي تۈسكە ئىگە ئىدى. ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار بەدىئىي يول بىلەن يارىتىلغان. شۇڭا بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان تەرجىمانلار يەنە بىر جەھەتتىن ئەدەبىي تەرجىمانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ زامانلاردىكى تەرجىمانلاردا خېلىلا زور ماھارەت يېتىلگەن بولغاچقا تەرجىمىدە ئالاھىدە يول تۇتقان، يەنى ئۇدۇل تەرجىمە، مەنە تەرجىمە قاتارلىقلار. بۇددا نوم كالاملىرى قەدىمكى ھىندى ئەدەبىي تىل بولغان سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان، جانلىق تىل بىلەن دىنىي سۆزلەر ئارىسىدا مەلۇم پەرق بار؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددا دىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىرلەردە پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇزۇن يىل تارقىلىش جەريانىدا سۆز ئىبارىلىرى تۇراقلىشىش، ئىخچاملىشىش، كونىراش، يوشۇرۇن، سىرلىق مەنىگە ئىگە بولۇش قاتارلىق بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ قالغان. مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە سۆز-جۈملىلەر بىلەن تولغان دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئۇدۇل تەرجىمە قىلىشلا كۇپايە قىلمايتتى. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىككىنچى بىر تىلدا ئەينەن ئىپادىلەش ئۈچۈن مەنە تەرجىمە، ئىجادىي تەرجىمە ئۇسۇلىدىن كەڭ پايدىلىنىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا تەرجىمانلار بىرنەچچە خىل تىلنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، بەلكى سۆز سەنئەتكارلىرى، ئەدىبلەر بولۇشى كېرەك ئىدى. تەرجىمانلىرىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى ماھارەتكە قارىغاندا، ئۇلار ئەدىب بولۇشقا مۇناسىپ كىشىلەردۇر.

مىلادى 1 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەريان ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ۋە بۇ يەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئىلمىي ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شىنجاڭلىقلار ناھايىتى كۆپ، بۇلاردىن بۇددا سىڭا، كۇماراجىۋا، ۋىيساكۇيىچى، سىكسانادا، خۈيلىن قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە كۇسەنلىك ئاتاقلىق مۇئەللىپ لى يەن (利言، ۋاپاتى مىلادى 789 — 795-يىللار) خەنزۇ تىلى بىلەن «سانسكرىتچە ئاتالغۇلار» (梵语杂名) دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا خې تو (合妥) دېگەن يەنە بىر داڭلىق ئاپتورمۇ بار. خې تو دادىسى شىنجاڭنىڭ خوتەندىن ئىدى. خې تو كىچىكىدىن ئەقىللىق چوڭ بولغان. مۇزىكا، يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلايدۇ ۋە بۇ ھەقتە كامالەتكە يەتكەن. مىلادى 586 - يىلى لوگجۇ ئايمىقىنىڭ مۇئەررىخى (تارىخىي پۈتكۈچى) بولۇپ، ئۈچ يىل خىزمەت قىلغان. ئۇ، بىرمۇنچە شەرھى ئەسەرلەرنى يازغان①[6]. بۇ شەرھى ئەسەرلەر خەنزۇچە كلاسسىك دەستۇرلارنى تەتقىق

① بەزى ماتېرىياللاردا قوچۇلۇق دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر دېيىلىدۇ.

قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇ خەنزۇچە قەدىمكى دەستۇرلارنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ، ئەڭ دەسلەپ خەنزۇشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرغان شىنجاڭلىق ھېسابلىنىدۇ.

خې تو شېئىريي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «قورۇلغا كىرىش» (入寒)، «چاڭئەن كوچىسى» (长安道) قاتارلىق ئالتە كۇپلېتلىق شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە «شياۋدىڭ جوڭلۇ جەدۋىلى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىمۇ بار.

1. ئاريا چانترى

ئارياچانترى قەدىمكى ئاگنى بەگلىكىدە ئۆتكەن بۇددا ئۆلىماسى، تەرجىمان ۋە دراماتورگ. ئۇ قەدىمكى ئاگنى بەگلىكى (ھازىرقى قارا شەھەر)دە قوللىنىلغان توخرى تىل-يېزىقى ۋە ئەنەتكەك تىل-يېزىقىنى، شۇنداقلا بۇددىزم نوم-سۇترىلىرى، ئەدەبىياتىنى پىششىق ئىگىلىگەن.

ئارياچانترى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تەقلىدىي ئەدەبىيات ئىشلىرى ۋە دراماتورگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان. ئۇ «مايترى سىمىت» درامىسىنى ئەنەتكەك تىلىدىكى نۇسخىسىغا تەقلىد قىلغان ئاساستا توخرى تىلىدا ئىشلەپ چىققان.

درامىنىڭ تىل ئىشلىتىلىشى، جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە ئوبراز ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارياچانترىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى بىلىشتىكى مۇھىم تەرەپ. ئۇ قەدىمكى ئاگنى بەگلىكىنىڭ تىلچىسى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ئىدى.

قەدىمكى ئاگنىلىقلارنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن بىر خەلق توپى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاچقا، ئارياچانترىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ 5 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ.

2. بۇددا سىڭا

بۇددا سىڭا (Buddaciga، 232 — 348)، خەنزۇچە ئىسمى — 佛图澄 فوتۇدېڭ، «راھىبلار تەرجىمھالى» (高僧传) دېگەن خەنزۇچە كىتابنىڭ 9-جىلدىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا قەدىمكى كۇسەن ئېلىدە تۇغۇلغان. توققۇز يېشىدا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، ئىككى قېتىم كەشمىر قاتارلىق جايلارغا سەپەر قىلغان. ئۇ يەردە ئۇستا راھىبلاردىن تەلىم ئالغان. مول بىلىمگە ئىگە بولغاچقا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ماختاشقا سازاۋەر بولغان. مىلادى 310-يىلى لوياڭغا بارغان، بۇ چاغدا ئۇ 79 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ يەردە بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغان. لېكىن لوياڭ ئەتراپىدا قالايمىقانچىلىق چىقىپ، بۇددا سىڭا خارلىنىپ قالغان، ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈشى قوۋمىدىن بولغان شىلى، شىخۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، كەڭ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە «چوڭ راھىب» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇشقا باشلىغان. شى جەمەتىدىكىلەر (شىلى، شىخۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)گە «ئەدەبلىك بولۇش»، «يامان ئىشلارنى قىلماسلىق»، «قاتىللىق قىلماسلىق» ··· قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەن ھەم زور كۈچ بىلەن بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن، شى جەمەتى خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقىپ راھىب بولۇشقا رۇخسەت قىلغان. ئەتراپتىكى يەرلەرگە 893 ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ ئىلگىرى-كېيىن ئون مىڭدىن ئارتۇق تالىپ تەربىيىلىگەن. قوچۇ، شۇفۇتى قاتارلىق نەچچە يۈز داڭلىق راھىب ھىندىستان ۋە سەمەرقەندتىن كېلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. مەشھۇر تالىپلاردىن فاشوۋ، فازوۋ، فاچاڭ، فازو، داۋئەن، فايا، فاخې قاتارلىقلار ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان. بۇددا سىڭا يىگوڭ ئىبادەتخانىسىدا 348-يىلى، 117 يېشىدا ۋاپات بولغان.

بۇددا سىڭانىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت بىرقانچە پارچە شېئىرى «راھىبلار تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار «تەيۋۇچىئەن قەسىرىدىكى كۈي» (太武前殿吟) «مارۇ راھىبقا جاۋاب» (答麻儒僧) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3. كۇماراجىۋا

كۇماراجىۋا (Kumarajiva، 鸠摩罗什، 344 — 413)، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي مەرىپەتلىك ئەل كۇسەن (ھازىرقى كۇچا قاتارلىق جايلار)دە يەرلىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

كۇماراجىۋانىڭ دادىسى ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇپ، ئىسمى كۇماراتان ئىدى. ئۇ كۇچادا يەرلىشىپ قالغان. ئانىسى جىۋا كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. بۇ مەلىكە كۇسەندىكى مەشھۇر جاۋلى ئىبادەتخانىسىدا بۇددا تەلىماتىنى ئۆگىنىپ، ئوقۇمۇشلۇق راھىبە بولغانىدى. كۇماراجىۋا توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئۇنى بۇددا دىنى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ مەركىزى كەشمىرگە ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتقان. كۇماراجىۋا① كەشمىردە مەشھۇر راھىب پانتودادونى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئوتتۇش جەريانىدا بۇددا ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كۆپ قېتىم لېكسىيە ئوقۇپ، داڭلىق بۇددا ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇرغان، ھەتتا كەشمىر خانىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

مىلادى 357-يىلى ئۇ كەشمىردە ئوقۇشنى تاماملاپ، 13 يېشىدا ئانىسى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئۆز يۇرتى كۇسەنگە قايتىش ئالدىدا يول ئۈستىدە كاشىبالىق (سۇلى، كاشغەر)گە كېلىپ، ئاندىن يەركەنگە بارغان. ئۇ چاغدا يەركەن خانىنىڭ شاھزادىسى سۇلى سوما ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئېتىقادچىسى ئىدى. كۇماراجىۋا يەركەندە ماھايانىزم بىتىكلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كېيىن ماھايانا تەلىماتىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى بولۇپ چىقىشقا پۇختا ئاساس سالغان. ئۇ يۇرتى كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندە، كۇسەن خانى ئۇنى ئەتىۋارلاپ، بۇددا نوملىرىنى شەرھلەش ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلغان.

ئەينى زاماندا ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ پادىشاھى فۇجيەن كۇماراجىۋانىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاڭئەنگە كېلىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەشكە تەكلىپ قىلغان. مىلادى 385-يىلى كۇماراجىۋا لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي)غا كەلگەندە، چىن خانلىقى ئوردىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن لياڭجۇدا 15 — 16 يىل تۇرۇپ قالغان. ئۇ بۇ جەرياندا خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىگىلەپ، كېيىنكى ۋاقىتتا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئاساس سالغان. كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ياۋشىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەنگە كېلىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

كۇماراجىۋا كىچىكىدىن تارتىپ سانسكرىت (قەدىمكى ھىندى) تىلى، توخرى (قەدىمكى كۇچا) تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولغاچقا، سانسكرىتچە بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى تارىخىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. مىلادى 401-يىلى كۇماراجىۋا چاڭئەن شەھىرىدە 500 چە ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ تەرجىمانلىق مۇئەسسەسىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 400 جىلدتىن ئارتۇق بۇددا نوملىرىنى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلەپ ، بۇددىزمنىڭ كەڭ

① كۇماراجىۋ — ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىنىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن، مەنىسى«گۆدەك ھايات» دېگەنلىك.

تارقىلىشى، بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە ئېلىمىزنىڭ ياپونىيە، چاۋشيەن، غەربىي، شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان[7]. كۇماراجىۋا سانسكرىتچە بۇددا نوملىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ، سانسكرىتچە بۇددا نوملىرىدىكى مۇزىكا چۈشىدىغان قەسىدىلەرنىڭ گۈزەل تىل ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان. بۇ يېڭىلىق كېيىنچە خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە، ناخشا تېكىستلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

كۇماراجىۋا مىلادى 413-يىلى چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەر ئېلىمىزنىڭ بۇددا دىنى تارىخى ۋە غەربىي رايوننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

كۇماراجىۋا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ پەقەت «ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە» ( 赠沙门法和 ) بىلەن «ئون تەمسىل» ( 十诗喻 ) دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭ ئۇستازىنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىرى مۇنداق:

يېتىشتى ئېپپەتۇ دەنا بىلىك بابىدا سىز زەركان،
تاراتقان مۇشكىڭىز پۈتمەس جاھاندىن ئۆتسە مىڭ دەۋران.
بولۇپ ئاق قۇ پىغان چەككەن بىلەن تەنھا چىنار ئۈزرە،
سۆزۈڭ ئاۋازىڭىزدىن لەرزە قىلدى يەتتە قات ئاسمان.

بۇ شېئىردا ئۇستازىغا چوڭقۇر مەدھىيە ئوقۇلغان.

4. ۋېيسا كۇيچى

ۋېيسا كۇيچى (Visa Kuychi، 尉迟窥基، 598—682) ئۇدۇن بەگلىكىدە خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. «سوڭ راھىبلىرى تەزكىرىسى» ۋە «بۇددىستلارنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئەھۋالاتى» ( 佛祖历代通载 ) قاتارلىق كىتابلاردا ۋېيسا كۇيچى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلگەن.

ۋېيسا — فامىلە، كۇيچى — ئىسىم بولۇپ، ئۇ خوگداۋ (تاشقىن) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان. دادىسى ۋېيسا جىڭزۇڭ، چوڭ دادىسى ۋېيسا جىگدې ئىدى.

ۋېيسا كۇيچى ئۇدۇن ئېلى گۈللەپ ياشناۋاتقان بىر شارائىتتا، مەرىپەتلىك ۋە ئاقسۆڭەك ئائىلىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپلا مەشھۇر بۇددا ئۆلىمالىرىدىن تەلىم ئالغان ۋە پات پۇرسەتتىلا مەشھۇر بۇددىست ھەم بۇددا رەسسامى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئەينى چاغدا ئۇدۇن ئېلى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا دىنىي ۋاستە قىلغان قويۇق ئالاقە مەۋجۇت ئىدى. بۇددىستلار ئەركىن ھالدا بېرىپ كېلىپ، دىنىي ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باراتتى؛ بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىش شۇ زاماندىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ بىر خىل ئىشلەشكە تېگىشلىك زۆرۈرى ئىشى بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق تارىخىي ئېقىمنىڭ تۈرتكىلىكىدە ۋېيسا كۇيچى مىلادى 615-يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سەپەر قىلىپ، مەشھۇر چاڭئەن شەھىرىگە يېتىپ بارغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.

ۋېيسا كۇيچى ئاتاقلىق بۇددا نەزەرىيىچىسى، تەرجىمانى ۋە رەسسامى ئىدى. ئۇ بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل مەزھەپلىرى، ئەقىدىلىرىنى شەرھلەيدىغان بىرمۇنچە كىتابلارنى يېزىپ چىققان. ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

— «نوقۇل تونۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلار»
（成唯识论述记）
— «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدە»
（杂集论述记）
— «سەۋەب-نەتىجە بىلەن ھەقىقەتنى تېپىش ھەققىدە»
（因明入正理论疏）
— «سىرلىق نىلۇپەر سۇترىسىغا مەدھىيە»
（法华经玄赞）

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[8].

ۋېيسا كۇيچىنىڭ ئىككىنچى ئىجادىي تۆھپىسى تەرجىمىچىلىك ۋە شەرھشۇناسلىق ساھەسىدە ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ نومشۇناس شۈەن جۇاڭ بىلەن بىرلىشىپ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، شەرھى يېزىپ چىققان. بۇلار:

— «بەس-مۇنازىرىنىڭ چېكى ھەققىدە»
（辩中边论）
— «بەس-مۇنازىرە چېكى نەزەرىيىسىگە مەدھىيە»
（辩中边论颂）

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت [9].

ۋېيسا كۇيچىنىڭ ئۈچىنچى ئىجادىي تۆھپىسى رەسساملىق ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىرمۇنچە داڭلىق رەسىملەرنى سىزىپ، چاڭئەندە شۆھرەت قازانغان.

ۋېيسا كۇيچىنىڭ ئىلىمىزنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن چوڭ. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ غەرب-شەرق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ئىلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان رولىنى ھەمىشە تىلغا ئېلىپ تۇرۇشقا تېگىشلىك. جۇڭگو بۇددىزم دۇنيا بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ۋېيسا كۇيچىنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار، ئەلۋەتتە.

5. سىكسانان‌دا

سىكساناندا① (652 — 710، 实叉难陀，施乞叉难陀) داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى. «سوڭ راھىبلىرى تەزكىرىسى» (传僧高宋) دە يېزىلىشىچە، سىكساناندا ئۇدۇن ئېلىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن بۇددا مۇھىتىدا يېتىشكەن بولغاچقا داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى بولۇپ تونۇلغان. بۇ مەشھۇر ئۆلىمانىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە تەرجىمانلىق ۋە رەسساملىق ماھارىتى كۆرۈنگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇزېتيەن (690 — 705) «نىلۇپەرسۇترىسى» «华严经» (Buddhatam Samahavai pulyf sutra» دېگەن 60 جىلدلىق كىتابنى تەرجىمە قىلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆز جايىدا تولۇق نۇسخىسىنى تاپالمىغان، كېيىن خوتەندە ئۇنىڭ سانسكرىتچە تولۇق نۇسخىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، تەرجىمان تەكلىپ قىلغان. نەتىجىدە، نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر ئارىسىدا

① سىكساناندا — سانسكرىتچە ئاتالغۇ. مەنىسى «ئىلىمخۇمار» دېگەنلىك.

شۆھرەت قازىنىپ تۇرغان سىكساناندا «Buddhatam Samahavai pulya sutra»نىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىنى ئېلىپ لوياڭغا بارغان. مىلادى 695-يىلى بۇددا خىروس، يىجىڭ، فۇلى، فازاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە دابىئەنكوڭ ئىبادەتخانىسىدا «نىلۇپەر سۇترىسى»نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، 699-يىلى فۇشۇۋجى ئىبادەتخانىسىداتاماملىغان. بۇ كىتاب خەنزۇ تىلىدا 80 جىلد بولۇپ چىققان. بۇ ئىشلاردىن كېيىن يەنە بىرقانچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان.

«كەييۈەن يىللىرىدىكى خاتىرە» ( 开元录 )① دېگەن كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر جەمئىي 19 قىسىم، 107 جىلد بولغان، «Buddhatam Samahavai pulya sutra» ، «لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى» قاتارلىقلار كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان كلاسسىك كىتابلاردىن بولۇپ قالغان[10].

سىكساناندا بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى ئوخشاشلا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان. سىكساناندا مىلادى 708-يىللىرى، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنە تەكلىپ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونىغا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇددىزم تەرجىمىچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 710-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى 59 يېشىدا لوياڭدا ۋاپات بولغان.

سىكساناندانىڭ تارىختىكى تۆھپىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، بۇددا سۇترىلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تولۇقى بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ سانسكرىت تىلىدىن بىۋاسىتە قىلغان خەنزۇچە تەرجىمىسى ساقلىنىپ قېلىپ، بۈگۈنكى بۇددا مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى نەق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، كىشىلەرنى ئىنتايىن سۆيۈندۈردى. مانا بۇ سىكساناندا ئىشلىگەن كارامەت چوڭ خىزمەت.

6. خۇيلىن

خۇيلىن ( 慧琳 ، مىلادى 737 — 820-يىللار) قەدىمكى كاشبالىق بەگلىكىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ فامىلىسى «فېي» ( 裴 ) بولۇپ، يەنە فېي خۇيلىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە كاشبالىق بەگلىكىنىڭ خان جەمەتى «فېي» سۆزىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان، مۇشۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، خۇيلىن كاشبالىق (سۇلى) بەگلىكىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە، ئۇ بۇددا ئىلمىي ساھەسىدە بىلىملىك بولۇپ تونۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن بۇددا خۇيلىن ياكى «پىر خۇيلىن» ( 释慧琳 ) دەپمۇ ئاتالغان.

خۇيلىن كىچىكىدىن بۇددا مەزمۇنىدىكى بىلىملەر بىلەن پۇختا تونۇشقان. ئۇ دەسلەپ شىنجاڭدا قوللىنىلغان ھەر خىل تىللارنى ئىگىلىگەن، كېيىنچە سانسكرىت تىل-يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرىۋالغان②.

خۇيلىن بىلىمى تولۇۋاتقان، نەزەر دائىرىسى ئېچىلىۋاتقان بىر شارائىتتا، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن③ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونىغا بېرىپ چاڭئەندىكى داشىڭشەن ئىبادەتخانىسىدا

---

① بۇ كىتاب «كەييۈەن يىللىرىدىكى بۇددا دىنى خاتىرىسى» ( 开元释教录 )دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپتورى جىزشىڭ ( 智星 ).

② شۇ شىيى «خۇيلىننىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدىنىش» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 1989-يىلى 2-سان، 43-44-بەتلەر).

③ خۇيلىننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونىغا بېرىشىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق ھەر خىل پەرەزلەر بار. بىر خىل قاراش مۇنداق: ئىسلام دىنى خۇيلىن ياشىغان يىللاردا قەشقەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە شۇ چاغدا قەشقەردە بىر قىسىم توپىلاڭ بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن خۇيلىن ئىچكىرىگە كېتىپ قالغان، دېگەن قاراش بار (ئى. مۇتىئى «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى» ، «بۇلاق» ، ژۇرنىلى، 1989-يىلى 3-سان).

كېيىنچە شىمىك ئىبادەتخانىسىدا تۇردۇ.

تاڭ سۇلالىسى جۇڭگونىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى راسا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. نۇرغۇن نوم-سۇترىلار كۆچۈرۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغان، رەتلەنگەن، كىتاب قىلىنغان. بۇ جەرياندا ئۇتۇقلار قولغا كېلىش بىلەن بىرگە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، كىتابلارنى تەھرىرلەشتە بۇددا نوم-سۇترىلىرىدىكى سۆز-ئاتالغۇلارنى ئىزاھلايدىغان لۇغەتنىڭ بولۇشى بىر خىل ئىجتىمائىي ئېھتىياج بولۇپ قالغان. خۇيلىن ساقلىنىۋاتقان مۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر لۇغەت تۈزۈش ئىرادىسىگە كەلگەن. مىلادى 783-يىلىدىن 807-يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە بۇددا نوملىرىدىن 1300 قىسىم، 5700 جىلدتىن ئارتۇقنى باش چۆكۈرۈپ، ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلىپ، 100 جىلدلىق «بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى»① دېگەن قامۇسنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى»دە يەنە شىنجاڭ بولۇپمۇ كاشبالىق بەگلىكگە دائىر بەزى مەسىلىلەرمۇ سۆزلەنگەن. خۇيلىن 84 يېشىدا چاڭئەندە ۋاپات بولغان.

ئىزاھاتلار:

[1] قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەر توغرۇلۇق چەت ئەللەردە نەچچە ئون ئالىم كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىرمۇنچە ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خ. بىلىنىڭ «ئىلگىرىكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان رومانىنىڭ ئەدەبىياتى» (1963-يىلى)، «ساكلارنىڭ لىرىكىلىرى» (1964-يىلى)، «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرى» (1972-يىلى)؛ ر. ئې. ئىمرىكنىڭ «ئۇدۇن ئەدەبىياتىغا مۇقەددىمە» (1979-يىلى)، ياپونىيىلىك شىيايشۇگىنىڭ «ئۇدۇنچە رامانىڭ ھېكايىسى» دېگەن ماقالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يىپەك يولى تارىخى» دېگەن كىتابى، ئېلىمىز ئالىملىرىدىن خۋاڭ جېن خۇانىڭ «ئۇدۇنچە ھۆججەتلەر تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

[2] چەت ئەللەردە بېلى ۋە شىيايشۇگىلارنىڭ تەتقىقاتى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئېلىمىزدە جى شەنلىن ئەپەندى راما ھېكايىلىرىنىڭ ئۇدۇنچە تەرجىمىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى.

[3] بۇددا نوملىرىدىن بىرقەدەر مەشھۇرراقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: « ۋىمالا كىرتى — نىردېسا سۇترا»، «ۋيۇخا سوكخاۋاتى»، «سۇرانچاما سامادخى سۇترا»، «ئاپارىمىتايۇر سۇترا»، «پراژنا پارامىتا خىردايا سۇترا»، «ئاسۇكاخان تەمسىللىرى»، «پۇسارنىڭ ئىستىقامەت ئارزۇسىغا مەدھىيە»، «قىسمەت ۋە دانىشمەنلىك سۇترىسى» (بخادرا كالپا سۇترا)، «بخائى سايافۇرۇۋائى دۇريات راپخاسا سۇترا»، «دھارماكايا سۇترا»، «جاتاكا سۇترا»، «پاراسەتلىك تولۇنا سۇترىسى»، «كالا پادرا سۇترا»، «ماخاپرالنا پامتا سۇترا»، «مانجۇسرى سۇترا» (شېپالىق ۋە سائادەتلىك مەبۇدە سۇترىسى)، «ياخشىلىق، شادلىق تەمسىللىرى»، «دەۋرلىك نوم»، «كارامەتلىك نىلۇپەر سۇترىسى» (سادخارما پۇنداۋىكا سۇترا)، «سانگاتا سۇترا »، « سۇدىخانا ھەققىدىكى تەمسىللەر »، «ئامىتامخا سۇترا»، «سۇرانپاما سامدخى سۇترا»، «سۇرارناپرابخا سوتتىما سۇترا»، (ئالتۇن يارۇق سۇترىسى)، «ۋاجراككخېدىكا پراجنا پارامىتا سۇترا» قاتارلىقلار.

---

① « بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى » خەنزۇچە « بارلىق نوملارنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى — 切经音义 »، «ئۇلۇغ نوملارنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى — 大藏音义»، «خۇيلىننىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى — 慧琳音义» دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە خىل نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

[4]يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مۇنۇلارنى ساناشقا بولىدۇ. «ئالتە چىشلىق پىلنىڭ ئەھۋالاتى» ( 六牙象本
生 )، «گاچا، تۆكۈر ئەۋلىيانىڭ ئەھۋالاتى» ( 痖壁贤者本生 )، «باش كاھىن ئارىنەمىنىڭ ئەھۋالاتى» (
阿离念弥长者本生 )، «كۇدى بالىنىڭ تەمسىللىرى» ( 俱低童子喻 )، «پادىشاھنىڭ ئەھۋالاتى» ( 国王
本生 )، « ساقاللىق شاھزادە دانانىڭ ئەھۋالى » ( 须大拏太子本生 )، «پۇنياۋانتا ھېكايىسى» ( 福力本
子的故事 ) قاتارلىقلار.

[5] يەنە تۆۋەندىكىلەرمۇ بار. «ئون بايانلىق بىكشۇلارنىڭ پراتىموكسا Pratimoksa — قانۇننامىسى» (
十诵比丘波罗提木叉戒本 ).

[6] خې تونىڭ ئەسەرلىرى: « ‹ جۇ پالنامىسى › گە لېكسىيىلىك شەرھى » ( 周易讲疏 ) 13 جىلد،
«‹ يوسۇۋنامە› گە مەنىلىك شەرھى» ( 孝经义疏 ) ئىككى جىلد، «‹ جواڭزى› غا مەنىلىك شەرھى» ( 庄子义
疏 ) تۆت جىلد، «فىڭ چەننامە» ( 封禅书 ) بىر جىلد، «مۇزىكا رىسالىسى» ( 乐要 ) بىر جىلد ماقالىلار
توپلىمى ( 文集 ) 10 جىلد، ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن.

[7] كوماراجىۋا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن داڭلىقلىرى «پىراجنا پارامىتا ھىرداىا» («قەلبى ئېتىقاد
ئەقىدىلىرى»)، «ساددا ھارما پۇنداريكا» (ئېتىقادنىڭ ئالىيلىقى ۋە ساپلىقى ئەقىدىلىرى)، «ئامىتابھا سۇترا»
(ئېتىقادنىڭ پاكلىقى ۋە شادلىقى ئەقىدىلىرى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[8] ۋېيسا كۈيىچىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن يەنە مۇنۇلار بار:

— « ئەقىل-پاراسەتلىك ۋاجراپىجنا سۇترىسى ھەققىدىكى تەپسىر»

(金刚般若经会释)

— « مائىترىنىڭ دۇنياغا كېلىشى توغرۇلۇق سۇترا»

(弥勒上生疏经)

— «بۇددا تەلىماتىدىكى پاك نوملارغا ئوقۇلغان مەدھىيە بايانلىرى» ( 佛说无垢称经赞经 ) قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت.

[9] تەرجىمە ئەسەرلىرىگە يەنە مۇنۇلار كىرىدۇ:

— «غەيرىي مەزھەبلەرنىڭ ئاساسىي مەقستى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى ھەققىدە»

(异部宗轮论)

— «نوقۇل 20 تونۇش توغرىسىدا»

(二十唯识论)

— «تەڭداشسىز قانۇننىڭ چەك-چېگرىسى ھەققىدە»

(阿毗达磨界身保论)

بۇ كىتابلارنى سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

[10]سىكسانانda تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر:

— «لانكادراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى»

(大乘入楞伽经)

— «مانجۇ سىرىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش خاتىرىسى ھەققىدىكى سۇترا»

(文殊师利授记经)

— «تاتخاگاتا (بۇددا)غا كىرىپ ئەقىللىق بولغاندىن كېيىن ئويلىماسلىق سۇترىسى»

(入如来智德不思议经)

— « سامانتابخادرا بۇدساتۋانىڭ دېگەنلىرى ھەققىدىكى سۇترا»

(普贤菩萨所说经)

[11] ئۇ «كەييۈەن يىللىرىدىكى بۇددا خاتىرىسى» ( 开元释教录 ) دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن بۇددا
نوملىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئەينى چاغدا بۇددا نوملىرىنىڭ قىسىم-جىلدلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ

سانى جەھەتتىكى رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئۇ، قىسىم، جىلدلارغا ئاساسەن بۇددا نوملىرىدىكى قىيىن سۆزلەر، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىسىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ توپلانغان سۆز 31 مىڭ ماددىدىن ئارتۇق، ئىزاھلانغان تاق سۆز تەخمىنەن 60 مىڭدىن ئارتۇق بولغان.

بۇ كىتاب ئېلىمىز بويىچە بۇددا دىنى ۋە قەدىمى خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (لىيۇزىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 267-بەت).

# IV باب. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1 - § . ئومۇمىي ئوبزور

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى يەنى توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇرلار 5-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىن 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئورقۇن-سېلېنگا دەريالىرى ساھىلىنى ئاساسىي بازا قىلغان ھالدا ھازىرقى ئىچكى-تاشقى موڭغۇلىيە رايونلىرى، ئالتاي، تەڭرىتاغ رايونلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇلار قېرىنداش قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىرمۇنچە يىرىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە سىياسىي گەۋدىلەرنى ھاسىل قىلدى. مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى. دەسلەپ ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقىنى (487 — 541) قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانلىقى (552 — 745) تەركىبىدە بولدى، كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىنى (745 — 840) قۇردى.

ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك يېزىق ئىشلەتتى. بۇ يېزىق تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دېيىلىدۇ. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە دەسلەپ شامان دىنى، كېيىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. بۇ جەرياندا بۇددا دىنىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە خانلىقى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى مەركىزىي خاندانلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۇزۇن يىل ئىناق ئۆتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ۋاستە قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدى. مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بارلىققا كەلدى. بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ۋاستە قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن ئەدەبىياتقا ئايلىنىشىنىڭ جانلىق سىگنالى بولۇپ قالدى.

بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمە ئەدەبىياتى (دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش) مۇ تەرەققىي قىلدى. تەرجىمە ئىشلىرىدىن بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. ئېنىق بولغىنى مۇنداق، تۈرك خانلىقىنىڭ تاسپار خانى (572_581) دەۋرىدە بۇددا دىنى تۈركىي قەبىلىلەرگە تەسىر قىلغان. شىمالىي چى بەگلىكىدىن بولغان خۇيلىن ( 慧琳 ) تۈرك خانلىقىغا بېرىپ بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلغان①. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە ئىبادەتخانا (Samgharama) بىنا قىلىنغان. لىيۇشىچىڭ ( 刘世清 ) دېگەن كىشى يارلىققا ئاساسەن «نىرۋانا نومى» ( 涅盘经 )نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تاسپار خاقانغا تەقدىم قىلغان②. لېكىن، ئۇ كىتاب قايسى تىلدا ۋە قايسى يېزىقتا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. گىڭ شىمىن ئەپەندى خەنزۇ تىلىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان دېسە③، گابائىن خانىم سوغدى تىل-يېزىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەيدۇ④.

---

① «سۇينامە، 84-جىلد، تۈركلەر تەزكىرىسى».

② «شىمالىي چى خانلىقى تارىخى»، 20-جىلد، «قوغۇرسۇ چىياگجۇ تەزكىرىسى» ( 斛律羌 传 ).

③ تۈرك خانى شىمالىي چى خانلىقىدىن ئالدۇرغان كىتابلار ئىچىدە يەنە « 净名经 »(چىڭمىڭ سۇترىسى) « 华严经 » (نىلۇپەر سۇترىسى) قاتارلىق سۇترالار ۋە « 十诵律 » (ئون بايانلىق قائىدە) دېگەنلەر بار.

④ بەزى ئىلمىي خادىملار، مەسىلەن، گابائىن خانىم سوغدى تىل-يېزىقىدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «سامانىلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىرانلىقلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرى» ژۇرنىلى، 1987-يىلى 5-سان، 14-بەت.

بەزى ئالىملار، تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت تەرەپ سوغدى يېزىقى ۋە تىلىنى قوللانغان دەپ ھېسابلاپ كېلىشمەكتە. بۇنىڭغا مىلادى 577 — 580-يىللار ئارىلىقىدا تىكلەنگەن «بۇغۇت مەڭگۇ تېشى»نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ھۆججەت بىرقەدەر قەدىمىيرەك بولغان دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى روشەن. ئەمما تۈركلەرگە مەنسۇپلىقىدا شۈبھە يوق.

ئورقۇن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەڭگۇ تاشلار ئەدەبىياتى ۋە «بۆگۈخان رىۋايىتى»نى ياراتقاندىن باشقا يەنە داڭلىق «تېلې قوشىقى»نىمۇ ئاللىبۇرۇن مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ قوشاق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئورقۇن-سېلىنگا دەريالىرى ۋادىلىرىنى ئاساسىي بازا قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن سەل ئىلگىرى، يەنى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يىڭشەن تېغى (چۇغاي تېغى) باغرىلىرىدا ياشاپ تۇرغان مىلادى 5 — 6-ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن.

شىمالىي قۇملۇق ۋادىسىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇ قوۋملىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش جەريانىدا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، بۇنىڭ كونكرېت نىشانىسى شۇكى، خەنزۇ تىل-يېزىقى، بەزى ئەمەلدارلار ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئەنئەنە خېلى بۇرۇن باشلانغان.

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساسىي مەنبە بولغان قوۋملەرنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ھونلاردا ئەدەبىيات مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە مەلۇم ساندا يېتىپ كەلگەنلىرى بار. خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە ئاشۇ ھونلارنىڭ بىرقانچە ئەپسانە-رىۋايەتلىرى، خەت-مەكتۇپلىرى ۋە قوشاقلىرى كىرگۈزۈلۈپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى مىسال قىلىپ سۆزلىسەك، «ئېگىز قاڭقى قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە»① ۋە «مۇدۇ تەڭرىقۇت توغرىسىدىكى رىۋايەت» ② قاتارلىقلار قىممەتلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. خەت-مەكتۇپ ئەدەبىياتىغا ھون خانلىقى خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يوللىغان مەكتۇپلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز. ھۆججەتلەردە بۇ خەت-مەكتۇپلارنىڭ ھون تىلى ئارقىلىق يوللانغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق. ئەمما خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ھون خانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ خاس پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن ھون تىلى بىلەن تەييارلانغانلىقىدا شۈبھە يوق. بۇ خەت-مەكتۇپلار چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ئۇلاردا ھون ئېلىنىڭ خانلىق ئەمىر-مەرۇپلىرى، چارە-تەدبىرلىرى ۋە دىپلوماتىك كۆز قاراشلىرى جانلىق، تەسىرلىك ۋە روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن.

ھونلارنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرىدىن زامانىمىزغا پەقەت مۇنداق بىر كۇپلېت يېتىپ كېلەلىگەن.

ئايرىلىپ قالغاندا چىلىيەن تاغىدىن،
ئاۋۇماس بوپ قالدى چارۋا-مالىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا يەنجى تاغىدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز-ئايالىمىز.

---

① «ۋېينامە»گە قاراڭ.
② «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

بۇ هونلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 121-يىلى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، چىلەن ۋە يەنجى تاغلىرى① دىن ئايرىلىپ قېلىپ، توقۇلغان قوشاق بولۇپ، خەلق ئارىسىدا تارقالغان.

هونلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىنمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەر بار. بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغانلار بىرقانچە يازغۇچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي شارائىتى تۈپەيلىدىن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىگىلەپ، خەنزۇچە ئەسەر يازغان. بۇلار:

لىيۇسوڭ ( 318 — ؟) ئالدىنقى جاۋ بەگلىكى زېمىنىدا ياشىغان داڭلىق هون يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «دەر-گۇمانىنى ئىپادىلەش» ( 述怀诗 ) دېگەن شېئىرى 100 نەچچە پارچە، باشقا مەدھىيە (قەسىدە)لىرى 50 نەچچە پارچە ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن.

قۇتقۇمۇڭسۇن (368 — 433) هون قوۋمىدىن.ئەجدادى قۇتقۇ قەبىلىسىنىڭ ئاتامانلىرى ئىدى. ئۇ شىمالىي لىياڭ بەگلىكىدە ياشىغان ۋە بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان.

خې لىيەن بوبو ( 425 — ؟) ئۇ هونلارنىڭ توغ خانى چۇبېينىڭ ئەۋلادى. مىلادى 407-يىلى ئۆزىنى تەڭرى خان ئۇلۇغ تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، دۆلىتىنى «داشيا» دېگەن، 13 يىل تەختتە ئولتۇرغان. «ئومۇمىي جىن ماقالىلىرى» ( 全晋文 )گە قىسقىراق تۆت پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

لىيۇيۇشى ( 禹刘锡 ) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن هون ئەۋلادىدىن بولغان داڭلىق ئەدىب. ئۇنىڭ «لىيۇبىنكې ماقالىلىرى» دېگەن ئەسىرى بولغان. بۇ «لىيۇمىڭدى ماقالىلىرى توپلىمى» ياكى «لىيۇمىڭدى ماقالىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىـــدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يازغان بىرقانچە ئاپتورلار بولغان. بۇلاردىن قوغۇر سۇشىئەن ۋە قوغۇز سۇ ئالتۇن قاتارلىقلارنىڭ نامى بىزگە مەلۇم. يەنە تۈركلەردىن قوشۇخان دېگەن بىر شائىرمۇ بار.

قوغۇر سۇشىئەن ( 解律羡 ) قوغۇرسۇ فېڭيۈ ( 解律丰乐 ) دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ چىلى (تېلى) قوۋمىنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن ئىدى. دادىسى قوغۇرسۇ ئالتۇن، شىمالىي ۋېي خانلىقى دەۋرىدە قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغان. فېڭيۈ قوغۇر سۇ ئالتۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇمۇ دادىسى، ئاكىسىغا ئوخشاش، شىمالىي چى خانلىقىدا مۇهىم ھەربىي ھوقۇق تۇتقان.

قوغۇرسۇ ئالتۇن شىمالىي چى خانى گاۋخۇەننىڭ ئالدىدا داڭلىق «تېلى قوشىقى»نى ئېيتىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئوغلى قوغۇرسۇ فېڭيۈمۇ گاۋخۇەننىڭ بىر قېتىملىق كاتتا زىياپىتىدە ناخشا ئوقۇپ بەرگەن. «شىمالىي چى نەزمىلىرى» ( 北齐诗 )دە فېڭيۈنىڭ «ناخشا» ( 歌 ) دېگەن بىر كۇپلېت قوشىقى ساقلىنىپ قالغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ فېڭيۈنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى.

قوشۇخان تۈركلەردىن بولۇپ، ئەسلى غەربىي تۈركلەرنىڭ قوشۇ قەبىلىسىدىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن تۇتۇق بېگى بولغان. قوشۇ قەبىلىسى هازىرقى شىنجاڭ زېمىنىدە ياشايتتى. «تاڭ شائىرلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى» ( 全唐诗 )دا ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان:

① چىلەن، يەنجى تاغلىرى — بۇلار هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خې شى كارىدورىدا.

ئېگىز ساما قەرىدە يەتتە تىكەن چاقنايتتى سۈتۈن،
قولىدا ئۈتكۈر قىلىچ، تۈن ئارا كېزەتتى قوشۇخان.
بېقىپ يىلقىلىرىنى قارا خۇلار① يىراقتىن بۇگۈن،
قىلالماس جۇرئەت ئۇلار قەدىم بېسىشقا لىنتاۋ② تامان.

شائىر بۇ شېئىرىدا چېگرا رايوندىكى بىر زامان ئۇرۇش بالايىئاپەتلىرىگە ئۇچرىغان خەلقلەر نامىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئالەمگە تارالغان مەشھۇر بىر سەركەردىنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ. ئەمدىلىكتە خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. شېئىردا ساماۋى ئاسماندىكى يەتتە تىكەن يۇلتۇزى تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى مۇھىت گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى قوشۇخاننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى يۈكسەك ئابرويىغا ئىشارەت قىلىنىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ، كېچىچە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى يېزىلىپ، پاراكەندىچىلىك بولۇۋاتقان ئالدىنقى سەپتە جەسۇرلۇق ۋە جاپالىق بىلەن ئەل يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداۋاتقانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كېيىنكى ئىككى مىسرادا قوشۇخاننىڭ تۆھپىسى تۈپەيلىدىن خېشى رايوندىكى خەلقلەرنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى، قوشۇخاندىن قاقشاتقۇچ زەربە يېگەن تۇبۇت قۇلدارلىرى ۋە باشقا قارانىيەت مالىمانچىلارنىڭ ئۇزۇنغىچە بۇ رايونغا كىرىپ يەنە مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ③.

دېمەك، ئورقۇن ۋادىلىرى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتكەن، ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىللىرىنى ئىشلەتكەن. بەزى ھۆججەتلەرنى مۇشۇ تىللاردىمۇ خاتىرىگە ئالغان. مەسىلەن، داڭلىق «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» سوغدى يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان.

ئورقۇن دەۋرىدە بەزى دىنىي، تارىخىي (تەزكىرە خاراكتېرلىك) ۋە ئۆرپ-ئادەتكە دائىر ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىقلىرىدىن مانى دىنىغا دائىر ھۆججەت «خۇئاستۇ ئانفت»، تەزكىرە خاراكتېرلىك ھۆججەت «تەڭرى قاغاننىڭ دىنغا كىرىشى»، ئۆرپ-ئادەتكە دائىر ئەسەر «ئىرق بىتىك» قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورقۇن دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىغان.

① بۇ يەردە تۇبۇت قۇلدارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② لىنتاۋ — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە.
③ م. نىزامى «قوشۇخان ۋە قوشۇخان قوشۇقى»، «شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەن ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991-يىلى 4-سان.

## 2 - § . «تېلى قوشقى» ، «خۇئاستۇئانفت» ، «ئىرق بىتىگ» ، «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»

1. «تېلى قوشقى»

تېلى قوشقى — شىمالىي ۋېي خانلىقى ( 386 — 534 ) دەۋردە بارلىققا كەلگەن چىلى ( 敕勒، يەنى تېلى)لەرنىڭ خەلق قوشقى بولۇپ، مىلادى 5 — 6-ئەسىرلەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا تارقالغان، ھازىرغىچە 1400 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولدى. چىلىلار (تېلىلار) ئۇزۇن تەرەققىيات جەريانىدا ئاساسەن شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا ئايلانغان. شۇڭا، بۇ بىر كۇپلېت قوشاق، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قوشقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ①.

تېلى قوشقى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە « چىلىگې — 敕勒歌 » يەنى چىلى قوشقى دەپ يېزىلغان . چىلى — « تېلى » ( 铁勒 ) دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىمىغان رايوندا ئوخشىمىغان تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى . مەسىلەن ، « شىمالىي سۇلالىلار تارىخى » 98 - جىلد « ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى» دە « ئېگىز قاڭقىلار قەدىمكى قىزىل دى ( 赤狄 )لارنىڭ نەسلىدىن . ئۇلار دەسلەپ دىلى ( 狄勒 )لار دېيىلەتتى. شىمالدىكىلەر چىلىلار دەپ ئاتايدۇ . شيا قوۋمىدىكىلەر (خەنزۇلار) ئېگىز قاڭقى دىڭلىڭلىرى دەيدۇ » دەپ يېزىلغان . دېمەك ، بۇ يەردە ئېيتىلغان چىلى (تېلى) ئۇيغۇرلار بولۇپ ، غەربكە يۆتكىلىپ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر تارمىقى②. «تېلى قوشقى» قەدىمكى تېلىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

تېلىلەر دەسلەپ دىڭلىڭ، كېيىن ئېگىز قاڭقى دىڭلىڭلىرى، كېيىنچە تېلىلەر دەپ ئاتالغان. دەسلەپ بايقال كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. خەن دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206-مىلادى 220-يىللار)نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇلار شىمالىي قۇملۇق — گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىغا سۈرۈلدى ۋە سىيانپىلارغا يېقىن جايدا تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا، تېلىلارنىڭ كۆپ قىسمى سىيانپىلار بىلەن ئېلىشىپ تۇردى. پەقەت قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقلىق بولدى.

شىمالىي ۋېي خانلىقى (386 — 534)نىڭ خانى داۋۇدى زامانىغا كەلگەندە، (مىلادى 5-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) قوغۇرسۇ قەبىلىسى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگ قۇلى باشچىلىقىدا سىيانپىلارغا بەيئەت قىلدى ۋە يىڭشەن (چوغاي) تېغى ئېتىكىدىكى شۇجۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەگ قۇلى باتۇر، پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، 20 — 30 يىل ئىچىدە قوغۇرسۇ قەبىلىسى قۇدرەت تېپىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق بولغان تۇراقلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويدى. 5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن سەل كېيىنرەك تېلىلەر ھەر جەھەتتىن خېلى تەرەققىي قىلدى . بۇنى « ۋېي خانلىقى تارىخى »دىكى مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

---

① لىيۇجىڭ مىن، شىڭ خەن شۇلەر تەييارلىغان «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شېئىرلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 14-بەت.

② ۋاڭ شۇگۇاڭ «‹چىلى قوشقى›نىڭ ئاپتورى ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى ھەققىدە مۇھاكىمە» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر» خەنزۇچە، 1984-يىلى 4-سان، 125-بەتكە قارالسۇن.

ئۇنىڭدا «گاۋزۇڭ پادىشاھ زامانىدا، ئىگىز قاڭقىلارنىڭ بەش قوۋمى جەم بولۇپ، تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇ چوڭ يىغىلىشتا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىلىدۇ، قۇربانلىققا ماللار سويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپنى ئايلىنىپ، ناخشا ياڭرىتىپ، شاد-خۇرام بولۇشىدۇ. ئېيتىشلارچە، ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇراسىمى ھېچقاچان بۇ قەدەر تەنتەنىلىك ئۆتمىگەن ئىدى» دېيىلىدۇ.

روشەنكى ئىگىز قاڭقىلار تېلى دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. دېمەك، بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشنى قىلغانلار تېلىلار ئىدى. يىگىشەن تېغى ئېتىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشقا قوغۇرسۇ قەبىلىسىمۇ قاتناشقان بولۇشى كېرەك.

پادىشاھ شاۋۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە، شىمالىي ۋېي گۈللەنگەن دەۋرگە كىرىدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. بۇ چاغدا قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ دادىسى شىمالىي ۋېي خانلىقىدا «گۇاڭ لۇدافۇ» دەرىجىلىك ئەمەلگە تەيىنلىنىدۇ. قەبىلىنى باشقۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي خانى ئۇنى رەسمىي تۈردە بىرىنچى ئەل باشلىغۇچى قەبىلە ئاقساقىلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ چاغدا بۇ قەبىلىنىڭ يىگىشەن تېغى ئېتىكىدە ماكانلاشقىنىغا بىر ئەسىر بولىدۇ. بۇ جاي يەنى «تېلىلەر تۈزلەڭلىكى» دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەم چارۋىچىلىقمۇ بولغان تۇرمۇشقا ئۆتىدۇ. «تېلى قوشىقى»دا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش مەنزىرىسى بىلەن كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات، ئۆز يۇرتىغا بولغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ قوشاقنى دەل مۇشۇ مەزگىلنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ چاغ مىلادى 5-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، قوغۇرسۇ ئالتۇن بۇ چاغدا تېخى بالا ئىدى①.

چېلى ۋادىسى، چوغاي ئېتىكى،
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۈپسۈزۈك چەكسىز تاغ-دالا،
گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي، كالا.

بۇ قوشاقتا قەدىمكى تېلىلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتى، سۆيۈملۈك ماكانى، تۇرمۇش شارائىتى، ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئىخچام يەنى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا، تېلىلارنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ياشىغان سۆيۈملۈك ماكانىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ ئارقىلىق تېلىلەرنىڭ ئاسايىشلىقتا ياشاۋاتقان گۈللەنگەن تۇرمۇشى مەدھىيىلىنىدۇ. بۇنداق گۈللەنگەن يۇرتىغا بولغان سەممىي تۇيغۇسى، چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ.

قوشاقنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى گەۋدىلەنگەن. ئۇ قويۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان. كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات ۋە مەردانە خىسلەت بىلەن تولغان. ئۇ ئەينى چاغدىكى گۈللىنىۋاتقان تېلى قوۋمىنىڭ ھېس تۇيغۇسىنى، شادلىقى ۋە ئىپتىخارىنى ئىپادىلىگەن[1].

---

① م.نىزامى «‹تېلىلەر قوشىقى› بىر پارچە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر خەلق قوشىقى»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990-يىلى 1-سان.

## 2 . «خۇئاستۇئانفت»

«خۇئاستۇئانفت»نى بوتۇرمىش تارقان دېگەن بىر كىشى خاتىرىگە چۈشۈرگەن.

بوتۇرمىش تارقان قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئوقۇمۇشلۇق زات. بوتۇرمىش مەزكۇر كىشىنىڭ ئىسمى، تارقان — «تارخان»مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنسەپ نامى. بۇ «بوتۇرمىش»نىڭ شۇ خىل نامىلىق مەنسەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. «خۇئاستۇئانفت» ناملىق يازما يادىكارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «بوتۇرمىش تارقان» نامى مۇئەللىپ ئىمزاسى سۈپىتىدە قەيت قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئۆز قولىدا تامام بولغانلىقى پۈتۈلگەن. باشقا مەلۇماتلار ئايدىڭ ئەمەس.

ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن مۇئەللىپ بىبلوگرافىيىسىنى قىياس قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولسا، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ تۇرمۇش تارقاق ئۆز دەۋرىنىڭ سەزگۈر بىلىمدانلىرىدىن بولغان، مانى دىنىغا ئىخلاس قويغان. مانى دىنىنىڭ كالاملىرىنى پىششىق ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرگەن. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى چۈشەنگەن. بەلگىلىك بەدىئىي ماھارەت، شېئىرىي ئىقتىدارغا، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ھېس-تۇيغۇغا ئىگە ئىنسان بولغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇ قالدۇرغان مەنىۋى ئەمگەك زامانىنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى ئاستىدا قىلىپ، نابۇت بولۇپ كەتمەستىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەن.

«خۇئاستۇئانفت»① قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى موھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئەسەرنىڭ تولۇق ئىسمى « Nihusarlarnin suyinyaz uqin okungu huastuanft » قىسقارتىلىپ «Huastuanft» دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنە تەرجىمىسى «نىساربىلار (مانى مۇخلىسلىرى)نىڭ تۇۋا دۇئانامىسى» قىسقارتىلىپ «دۇئانامە» دېيىلىدۇ.

«خۇئاستۇئانفت» (دۇئانامە) چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن[2].

ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدا قەلەمگە ئېلىنغان[3]. 221 مىسرالىق داستاندىن ئىبارەت[4].

بۇ ئەسەرنى ئىلمىي خادىملار مىلادى 5-ئەسىردىن 7-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قەلەمگە ئېلىنغان دەپ قاراشماقتا[5]. ئەمما ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىشلەنگەن ئورنى توغرۇلۇق سۆز بولغاندا س. ئې . مالوۋ ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى ئۆزبېكىستان ياكى قازاقىستاننىڭ بىر ئورۇنلىرىدا بولغان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، مەزكۇر جايلاردا قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ياشىغانلىقى ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ ئەسكەرتىدۇ.

«خۇئائاستۇئانفت»نىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ، بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى دەسلەپ قەدىمكى بىر خىل پارس تىلىدا بارلىققا كەلگەن ھۆججەت بولۇشى مۇمكىن. كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن پارس تىلىدىكى ئەسلى ھۆججەت نۇسخىسى تا ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق[6]. شۇڭا پارس تىلىدىكى ھۆججەتتىن تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز

① بۇ «خۇاست نەھفت»تىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «يوشۇرۇن تىلەك» دېگەنلىك.

قاراشنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك.

دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ھۆججەت ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورقۇن دەۋرىدىكى ھالىتىگە يېقىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «خۇئاستۇئانفت» تىلى قوچۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ھازىرلىغان[7]. «خۇئائاستۇئانفت»نىڭ مەزمۇنى مانى دىنىغا ئالاقىدار بولۇپ، ئۇنىڭدا بوتۇرمىش تارقاننىڭ تىلى ئارقىلىق 15 نۇقتىدىن مانى دىنىدا گۇناھ دەپ قارىلىدىغان ئەقىدىلەر تەۋبىنامە تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يورۇقلۇق تەڭرىسى بىلەن قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلار مانى دىنى چۈشەنچىسىدىكى ياخشىلىق-يورۇقلۇق تەڭرىسى ئاخۇرامازدا (ئەسلى تېكىستتە خورمۇز تەڭرى دېيىلگەن) بىلەن قاباھەت-ياۋۇزلۇق تەڭرىسى ئاگراماينيۇ ئىدى. بۇ ئاساسىي ئوبرازلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىن باشقا خورمۇز تەڭرىسى بىلەن بىرگە تىنىق (ھاۋا) تەڭرىسى، شامال تەڭرىسى، نۇر تەڭرىسى، سۇ تەڭرىسى ۋە ئوت تەڭرىسى قاتارلىقلارنىڭ جىن-يېكلەر بىلەن بولغان جەڭگى-جېدەللىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى كىتابخانلاردا تەبىئىي يوسۇندا يورۇقلۇق كۈچلىرىگە سۆيۈنۈش، قاباھەت تەرەپلىرىگە يىرگىنىش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ.

ھۆججەت قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ دىنى، پەلسەپىۋى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بەدىئىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ دەرىجىسىنى مۆلچەرلەشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرغان.

«خۇئائاستۇئانفت»نىڭ دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ توغرۇلۇق بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىخشۇناسلارنىڭ تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، ئوتتۇرىغا قويۇشىچە: مىلادى 4 — 5-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور سىياسىي كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان رورەنلەر ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇرلار بۇ دەۋردە خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئېگىز ھارۋىلىقلار — 高车 دەپ يېزىلغان — نەقىلچىدىن)نىڭ ھۆكۈمدارى بەگ قۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆز قوۋمىنى باشلاپ، رورەنلەر بىلەن قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى؛ «ۋېينامە»، 103-جىلد «ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى»دە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «بەگ قۇلى باتۇرلۇقتا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدۇ، سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باشقىلارغا باشلامچى بولىدۇ. شىماللىقلار يىغلاۋاتقان بوۋاقنى ‹بەگ قۇلى كەلدى› دەپ توختىتىدۇ. توي قىلمىغان قىزلار: ‹يىگىتىم بەگ قۇلدەك بولسىدى› دەپ قوشاق ئېيتىدۇ.»

مانا مۇشۇ تارىخىي ئەھۋالنى «خۇئائاستۇئانفت» مەيدانغا كەلگەن دەپ پەرەز قىلىنغان دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلسە، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھۆججەتتە ئەنە شۇ بەگ قۇلى يېتەكچىلىكىدىكى ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ بەخت ۋە ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى سىيۇژىت قىلىنغان. يەنى، ئەينى تارىخىي ئەھۋال ئەسەردە مانى دىنى تۈسى بېرىلگەن ھالدا تەسۋىرلەنگەن. ئىجتىمائىي كۈچلەر تۇغۇلۇشى مانى دىنى چۈشەنچىسىنىڭ ترادىتسىيىسى (ئەنئەنىسى) بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان. بەگ قۇلى رەھبەرلىكىدىكى ئەركىنلىك جەڭچىلىرى يورۇقلۇق، نۇر تەڭرىسى ئوبرازىدا، رورەن ئاقسۆڭەكلىرى ياۋۇز جىن-يېكلەر ئوبرازىدا كۆرسىتىلگەن ھەم نۇر يورۇقلۇقنىڭ قاباھەتلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن، بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئەركىنلىك، باتۇرلۇق روھىغا ئىگە بەگ قۇلدەك قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان①.

---

① شېرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرىگە قاراڭ.

«خۇئاستۇئانىفت»نىڭ مانى دىنى چۈشەنچىسىنى ئۆگىنىشتە ماتېرىياللىق قىممىتى خېلى زور. مەلۇمكى مانى دىنى ئىراندا بارلىققا كېلىپ، كېيىنچە باشقا جايلارغا جۇملىدىن شىنجاڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقىلىپ، خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان. لېكىن، ئەينى چاغدىكى ھەر قايسى خەلقلەردە ئېتىقادتىكى چوڭقۇرلۇق پەرقلىق بولغان. بۇ خىل پەرقلەرنى نەزەرگە ئالغان ئېنگلىز تەتقىقاتچىسى لىئون كوخۇن (Loan Cokhun) «خۇئائاستۇئانىفت» «4 — 5-ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ۋە تەپەككۇر (قابىلىيىتى) جەھەتتە ئىران، جۇڭگو ۋە بىزانتىيىلىكلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھۆججەت»① دەپ يازغان. بۇ يەردە دېيىلگەن «گۈزەللىك ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى» مانى دىنى چۈشەنچىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

«خۇئاستۇئانىفت»تىن پارچە:

ئەسلى تېكىستى:

1. خورمۇزتا-خ تەڭرى-ئد بىش ت (ە)ڭرى- ـ
2. بىرلە قام(ا) غ ت (ە) ڭرىلەر سۈزىنلۈگ (ۈ)ن
3. يەككە سۈڭۈش كەلى- ـ ك (ە)لتى- ـ - خ
4. ئىنتى-ـ ئانىغ قىلىنچل (ـ)غ شىمنۇلۇغۇن
5. بىش تۈرلۈك يەكلەرلۈگۈن سۈڭۈشدى[9]

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى

1. خورمۇزتا تەڭرى بەش تەڭرى
2. بىلەن بىللە بارلىق تەڭرىلەرنىڭ پاكلىقىغا تايىنىپ
3. جىنلار بىلەن سوقۇشقىلى كەلدى
4. (ئاسماندىن ...) ... چۈشتى. يامان قىلىقلىق شىمنۇ (جىن) بىلەن
5. بەش تۈرلۈك جىنلار بىلەن سوقۇشتى

### 3. «ئىرق بىتىگ»

بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇئەللىپلىرىدىن ئىسىگ سانغۇن ۋە ئىتاچۇك قاتارلىقلار خاتىرىگە چۈشۈرگەن.

«ئىرق بىتىگ» — مەزمۇنىغا قاراپ «تەبىرنامە»، «پالنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمما، ئەسەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر پارچە شېئىرىي ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«ئىرق بىتىگ»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئىلمىي خادىملار ئۇنى تەخمىنەن 9-ئەسىرگە ئائىت، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قەلەمگە ئېلىنغان، دەپ قاراشماقتا.

«ئىرق بىتىگ»نىڭ تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرقانچە نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. تىل بولسا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ. ئەسەرنىڭ تۈرك يېزىقىدىكى

---

① «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىرى»، 1947-يىلى، ئالمۇئاتا، ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى كىتابقا ۋە سۇبىيخەينىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشقان گەۋدىلىك تۆھپىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىغا كەلتۈرگەن نەقىل.

نۇسخىسى تولۇقراق بولۇپ، ئۇ 65 بابتىن تۈزۈلگەن. ھەربىر باب «بۇ ئەزگۈ ـ ياخشى» ياكى «بۇ يامان» دېگەن خۇلاسە ھۆكۈم بىلەن ئاياقلاشقان.

«ئىرق بىتىگ»نىڭ مەزمۇنى[8].

ئۇنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئادەم ۋە ھايۋانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ سۆزلەشكە بولىدۇ. — ئېيىق بىلەن قاۋان داۋاندا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلدى، قاۋاننىڭ چىشى سۇندى، ئېيتىدۇر (بىلىڭلار)كى بۇ يامان (42 — 38-مىسرالار) يەنە مەسىلەن، ئىنچىكىلىك بىلەن ئېنىقلىقنىڭ مىسالى بولغان بۇ بىر مىسرانى كۆرەيلى:

— لاچىن كۆكتىن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، دېدى:

‹ توشقان!› ، (ئۇنى) تۇتتى، لاچىن پۇتلىرىنى بىردە سۇنۇپ، بىردە يىغدى. لاچىننىڭ تىرناقلىرى (توشقاننى) قامالىدى، ئۇ كۆككە كۆتۈرۈلدى، ئۇچتى. توشقاننىڭ تېرىسى پارچە-پارچە بولۇپ، كۆكتە ئۇچتى، ئۇ، شۇنداق قاچتى، ئېيتىدۇر (بىلىڭلار)كى، بۇ يامان.

(251 — 243-مىسرالار)

«ئىرق بىتىگ»تە ھەر خىل ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تەسۋىرى بېرىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەرنىڭ تەسۋىرىنىمۇ بەرگەن. مەسىلەن، شىكار ياكى جەڭگە ئاتلانغان خان، ئىش ئىزلەپ ماڭغان گاداي، تاۋىكاغا چۈشكەن قىمارۋاز، ئەيىنكىنــــى كۆلگە چۈشۈرىۋەتكەن خوتۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

ئىككىنچى، «ئىرق بىتىگ»نىڭ 2-گۇرۇپپا تېكىستلىرىگە ئەپسانىۋى (مىفلىق) سيۇژىتلار ۋە تەڭرىلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئادەملەرگە بەخت بېغىشلايدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر شۇ تەڭرىلەرگە ئېتىقاد قىلغان، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۇتۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

— قۇل بەگكە ئىلتىجا قىلدى، قۇزغۇن ئاسماندا يالۋۇردى. ئاسماندا تەڭرى ئۇنى ئاڭلىدى، يەردە ئادەم ئۇنى بىلدى. (306 — 303-مىسرالار) دېگەن مىسرالارنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ باش تەڭرىسى كۆك تەڭرىسگە قارىتىلغان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ئىرق بىتىگ»نىڭ 209-مىسراسىدىكى «ئاسمان ئۇنىڭغا پاناھ بولمىغاچ...» دېگەن مىسرامۇ ئۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئىرق بىتىگ»تىكى ھېكايە سيۇژىتلىرىدىن تۆۋەندىكى ئىككىسى ئالاھىدە قىزىقارلىــــق. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە ئىران ۋە ئەرەب ئەپسانىلىرىدىكى ھېكمەتلىك قۇشلارنىڭ ئوبرازلىرى مۇقىم ئورۇننى ئىگىلىگەن (تۈركىي خەلقلەردىمۇ ھېكمەتلىك قۇشلار ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ) بۇ قۇشلار (كۆپۈنچە سۇمۇرغ بىلەن زۇمرەت) ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى ئىزدەش يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھېكمەتلىك قۇشلار توغرىسىدىكى بۇ ئېپىزوتلار مۇقىم شەكىل بويىچە بىر چۆچەكتىن يەنە بىر چۆچەككە يۆتكىلىدۇ. بۇ ئېپىزوتلارنىڭ بىرىنچى قىسمىدا قەھرىمان سۇمۇرغ (ياكى زۇمرەت)نىڭ باللىرىنى قۇتۇلدۇرسا، ئىككىنچى قىسمىدا ئۇلار تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قەھرىماننى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى قانداقتۇر بىر خىيالىي دۇنيادىن ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ قويىدۇ، مەسىلەن، «ئىرق بىتىگ»نىڭ

35-بابىدا شۇنداق مىسرالارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن:

— ئادەم جەڭگە ماڭدى (يولدا ئىتى ھالىدىن كەتتى). ئۇ، ئاق قۇ بىلەن ئۇچراشتى (ئاق قۇ ئۇنى قانىتى ئۇستىگە ئېلىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، يولغا راۋان بولدى) ئاق قۇ ئۇنى ئاتا-ئانىسى يېنىغا يەتكۈزۈپ قويدى (ئاتا-ئانىسى خۇشاللىقتا چۆمدى.) تاماشا قىلدى، ئېيتىدۇر (بىلىڭلار)كى، بۇ ياخشى، بۇلاردىن سىيۇژىت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى كۆرىۋېلىش قىيىن ئەمەس. تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت چۆچەكلىرىدە نامى تۈركچە بولمىغان ھېكمەتلىك قۇشلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلاردىكى «قۇش — ئاق قۇ» (قوغۇ قۇش) بېجىرىدۇ. بۇلاردا پەقەت ئۇنىڭ ئادەمگە ئات ئورنىدا خىزمەت قىلىشى خىياللاشتۇرۇلغان. ئەپسۇسكى، تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئىران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى ۋە تولۇق تەتقىق قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىي چۆچەكلەردىكى بۇ قۇشلار ئوبرازىنىڭ قانچىلىك مۇستەقىللىقتا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىش ناھايىتى قىيىن. لېكىن، شۇنداقتىمۇ، بۇ قۇشلار ئوبرازىنىڭ تۈركىي خەلقلەر مۇھىتىدا تۇتېمىزىمنىڭ ئېلېمېنتلىرى سۈپىتىدە خېلىلا مۇستەقىللىقتا ئىگە ئىكەنلىكى، ئەڭ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلى ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» نىڭ 40-بابىدىكى:

— «جەسۇر يىگىت (بالا) نەيزە (ۋە) ئوقيا بىلەن، قىيا تاشلارنى يېرىپ، تەنھا يول يۈردى. ئېيتىدۇر، ئۇ شۇنداق جەسۇر ئىدى! بىلىڭلاركى بۇ ياخشى!» دېگەن مىسرالاردىن، بىز بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەك، قىسسە، ئېپوسلىرىدىكى تەنھا نى نى باتۇرلۇقلارنى قىلىدىغان قەھرىمانلار ئوبرازى بىلەن ئوخشىشىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۈچىنچى «ئىرق بىتىگ» تىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرى

— تاڭ ئېتىپ (يەر يورىدى) كۈن چىقتى، جىمى جاھان نۇرغا تولدى، ئېيتىدۇر (بىلىڭلاركى) بۇ ياخشى (26-باب) بەزى يەرلەردە ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئادەملەر توغرىسىدىكى ئوي-پىكىرلىرىنى بايان قىلىشتىكى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغان. مەسىلەن: — ئادەم قايغۇغا چۆمدى، ئاسماننى بۇلۇت باستى. ئارىدىن كۈن چىقتى. (قايغۇ ئارا خۇشاللىق كەلدى) بىلىڭلاركى، بۇ ياخشى (52-باب).

تۆتىنچى. « ئىرق بىتىگ » نىڭ ئاخىرى ، يەنى ئاخىرقى گۇرۇپپىدىكى تېكىستلەر تەربىيە تۈسىنى ئالغان . مەسىلەن، — كۆر مىڭ ئاتقا ئىگە بولما ، ئۇنىڭدىن ساڭا خۇشلۇق يوق . (ئاتىسىز سەن ئەندىشىدىن خالىي ) مەرتىۋە قوغلاشما ، ئۇنىڭدىن ساڭا بەخت يوق ، بىلىڭكى ، بۇ يامان (36-باب).

«ئىرق بىتىگ» — پال كىتابى يەنى چۈش تەبىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تېكىستلىرى بىلەن ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر داستانلىرىنىڭ يەنى مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ نەزمى شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، «ئىرق بىتىگ» نىڭ بىزگە تونۇش بولغان شېئىرىي فورمىسىنى ھاسىل قىلغان ۋە ئورخۇن-يېنسەي يېزىقىدىكى تېكىستنى شېئىرىي مىسرالارغا ئايرىغاندا، خۇددى كۆلتېگىن، تونيۇقۇق ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىگە ئوخشاش، ئاساسەن ئۈچ مىسرا ۋە تۆت مىسرالىق بېيتلارغا ئايرىلغان. بۇنىڭدا يەنە خېلى كۆپ

ساندا بەش مىسرالىق بېيىتلارمۇ بار. ئومۇمەن بۇ ئەسەر «بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ (ياكى يامان)» دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاياقلاشقان، بىر پۈتۈن پىكىرنى بىلدۈرىدىغان تۆت مىسرالىق شېئىرلاردىن ئىبارەت. بۇ تەبىرنامە تېكىستلىرىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى داستانلارنىڭ تېكىستلىرىغا ئوخشىشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەربىر بابىنىڭ بايان قىسمىدا ئالاھىدە ئېنىق كۆرىلىدۇ. مەسىلەن، 15-بابى «يۇقىرىدا بۇلۇت، تۆۋەندە توزان» دېگەن ئىككى مىسرادىن باشلانغان. ئارقىدىن «قۇشلار ئۇچتى، يولدىن ئازدى، ھايۋانلار قاچتى، يولدىن ئازدى. ئادەملەر ماڭدى، يولدىن ئازدى» دېگەن ئۈچ مىسرالىق بېيىت بىلەن ئاساسىي مەزمۇن بايان قىلىنغان ۋە ئاخىر مۇرۇۋۋەتلىك خۇلاسە-ھۆكۈم: «قايتا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچىنچى يىلى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساق-سالامەت، ئامان-ئېسەن بىر-بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشتى. ھەممە شادلىقتا چۇمدى ۋە ئوينىدى، ئېيتىدۇركى، (بىلىگلاركى) بۇ ئەزگۇ» (85 — 77) دېگەن تۆت مىسرالىق بېيىت بىلەن ئاياقلاشقان. بۇنى كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشىدىكى جۈملىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇ «بۇ، تۈرك خاقانى ھازىرقىدەك چىرىكلەشمىگەن ئىدى. تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تاغدا ئولتۇرىۋەرسە، ئەلدە مۇڭ-قايغۇ بولمايدۇ» دېگەن مىسرا بىلەن باشلىنىپ، ئارقىدىن: «لەشكەر تارتىپ، شەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە باردىم، دېڭىز بويىغا ئازلا قالدىم. ئوڭ تەرەپتە، توققۇز ئىرسەنگىچە باردىم. تىبەتكە يېتىشكە ئازلا قالدىم» دېگەن ئۈچ مىسرا بىلەن ئاساسىي مەزمۇن-ھەربىي يۈرۈشلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت مىسرادىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى سۆزلەنگەن ۋە ئاخىرى «ئارقا تەرەپتىن يىنچۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتىم، سول (شىمال)دىن بايىرقۇ ئېلىگىچە قوشۇن تارتتىم، مەن شۇنچىلا كۆپ ئەللەرگە باردىم» دەپ ئاياقلاشقان. «ئىرق بىتىگ»نىڭ 17-(102 — 94-مىسرالار)، 24-(140 — 135-مىسرالار)، 28-(160 — 155) بابلار (تېكىستلىرى)نىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىشىدۇ. بەزى چاغلاردا تېكىستى ئىككى ئەمەس، ئۈچ مىسرا بىلەن باشلانغان: «ئادەم ئۇرۇشقا ئاتلاندى. يولدا ئېتى ھالىدىن كەتتى. ئۇ (ئادەم) ئاق قۇ بىلەن ئۇچراشتى» (35-باب، 194 — 192-مىسرالار) ئارقىدىن ئۇلۇشۇپ كەلگەن تۆت مىسرادا ئاق قۇنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆز قانىتى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە ئاخىرىدا: «بىلىگلاركى بۇ ئەزگۇ» دېگەن خۇلاسە مىسرا بىلەن ئاياقلاشقان. بەزى ئەھۋاللاردا تېكىستنىڭ باشلىنىش مىسرالىرى ئاخىرىدىكى مىسرالار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆت مىسرا بىلەن بېرىلگەن. «ئەركەك بۇغرامەن، باكتېرىيە-ئەرەب نەسلىدىن. پورقۇيمەن ئاغزىمدىن ئاق كۆۋۈك. يۇقىرىدا پەلەككە يېتەر، تۆۋەندە يەرگە كىرەر» (20-باب، 118 — .115-مىسرالار). ئايرىم بېيىتلاردا باشلىغۇچى مىسرالارنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ۋە بابلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باب تېكىستلىرىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى تامامەن ئوخشاش.

(1) باشلىغۇچى مىسرا، (2) تىڭشىغۇچىنى ئاخىرى ياخشى ياكى يامان يەكۈنگە يېتەكلىگۈچى بايان، (3) يەكۈن. مەسىلەن، پۈتۈن باب تۆت مىسرالىق بېيىتلاردىن تەركىب تاپقان ئەھۋالنى كۆرەيلى:

«بىر قىرى ئۆكۈزنى چۈمۈلىلەر يەپتۇ. ئۇ، يۆتكىلىشكە مادارى يوق، ئورنىدا تۇرۇپتۇ، بىلىگلاركى، بۇ يامان.» (207 — 204-مىسرالار)

ئەندى ئۈچ مىسرالىقلاردىن تۈزۈلگەن بابنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئاتنىڭ پۇتىنى خاتا چۈشەپ قويۇپتۇ.
ئېيتدۇر، ئۇ قوزغىلالماي تۇرۇپتۇ. بىلىڭلاركى،
بۇ يامان.» (212 — 214-مىسرالار)

«ئىرق بىتىگ»تىكى بېيىت مىسرالىرىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭدا يەتتە بوغۇملۇق ۋە سەككىز بوغۇملۇق مىسرالار كۆپ سانلىق ئىگىلەيدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغانلىرى تۆت بوغۇمدىن، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن (13 بوغۇملۇق مىسرا پەقەت بىر يەردە ئۇچرايدۇ). بېيىت مىسرالىرى نىسپىي تەڭ بوغۇملۇق پرىنسىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان. ئارىلاپ يەنە تەڭ بوغۇملۇق مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 41-باب مىسرالىرى ئاساسەن ئالتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن.

قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى داستانلاردىكىگە (مەڭگۈ تاشلار) ئوخشاش، «ئىرق بىتىگ» تېكىستىدىمۇ بېيىتلارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى ئاللىتراتسىيە① سىستېمىسى بويىچە بېرىلگەن. تېكىستتىن قارىغاندا، بېيىت بېشىدىكى ئاللىتراتسىيىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشى ئۇلارنى بېيىتلارغا ئايرىش رولىنى ئۆتەيدىغانلىقى ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ. ئاللىتراتسىيىنىڭ ئۆلچەملىك رولى شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، بېيىتلارنىڭ رىتمى بېيىت مىسرالىرىنىڭ تاۋۇش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى داستانلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ كىتابتىكى بېيىت مىسرالىرىنىڭ ئاللىتراتسىيىلىنىشى بىرقەدەر تەدرىجىي بولۇپ، بىر ئىككى مىسرا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

4. «بۇگۇخان رىۋايەتلىرى»

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇگۇخان توغرۇلۇق رىۋايەتلەر تارقالغان ئىكەن، ئۇنىڭ تارقالغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان. ئىلمىي خادىملارنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا تارقىلىش ۋاقتى 500 يىلغىچە سوزۇلغان.

بۇگۇخان رىۋايەتلىرى دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن تارقالغان، كېيىن يەنى 12 — 13-ئەسىرلەردە ئارقا-ئارقىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ساقلىنىپ كەلگەن بىرقەدەر تولۇق تۆت خىل نۇسخىسى (ۋارىيانتى) بار[9]. يەنە بىرمۇنچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن ئېپىزوتلار، ئېنىقلىمىلارنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ②.

بۇگۇخان رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي جەريانىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەكس ئەتتۈرۈش بۇگۇخان ئوبرازىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان.

رىۋايەت قارىماققا بىر تارىخىي تەزكىرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇ قويۇق ئەدەبىي تۈس ئالغان بىر بەدىئىي ئەسەر③.

---

① ئاللىتراتسىيە — شېئىر مىسرالىرىدا سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ باش ھەرپىنىڭ ئوخشىش ياكى ئاھاڭداش تاۋۇشلار بىلەن كېلىشى.

② «بۇگۇخان رىۋايەتلىرى» ھەر خىل كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، مۇنداق ماۋزۇ قويۇلمىغان، رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، ئىلمىي خادىملار مۇشۇ نامنى قوللىنىشماقتا.

③ «بۇگۇخان ھەققىدە رىۋايەتلەر»گە قاراڭ. (غەيرەتجان ئوسمان تەرجىمىسى) «مىراس» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 3-سان.

بۆگۈخان رىۋايەتلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى. بۆگۈخان رىۋايىتى بەلگىلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، رىۋايەتنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن. رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۆگۈخان ۋە ئۇنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى، ئەتراپتىكى قوشنا قوۋملار ۋە ئەللەر بىلەن بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقە، خانلىقنىڭ ئاجىزلىششى، ئاخىرى پارچىلانغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر تارىخىي پاكىتلارغا خېلىلا يېقىن تۇرىدۇ. بۇ توغرۇلۇق «يېڭى تاڭنامە»، «كونا تاڭنامە» لەرنىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارغا تارىخىي بايانلار بار.

رىۋايەتتىكى بۆگۈخاننى كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار ئۇرۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا 759 — 779-يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئىدىكىن (سەلتەنەت نامى تەڭرى قاغان، مەڭگۈ تاشلاردا «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئىل تۇتمىش قۇچ بىلگە كۆلۈك قاغان» دېيىلگەن.) دېگەن خاقاننى شۇ كىشى بولسا كېرەك دەيدۇ ، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئېلىدە ئاجايىپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە مول مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. دۆلەت تېررىتورىيىسى بەكلا كېڭەيگەن، خەلق خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن. مولچىلىق-پاراۋانلىق كىشىلەرنى رازى قىلغانىدۇ. دۆلەت ئىقتىسادى يۈكسىلىپ، مەدەنىيەت ئۆز زامانىسىغا يارىشا تەرەققىي قىلغان، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپلا قالماستىن، ئايرىم دۆلەتلەر قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ھەتتا دۆلەت تەختى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشتەك ھايات ماماتلىق پەيتلىرىدە ئۇلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن خالىسانە ياردەملەرنى كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ تۈپ ئۆزگىرىشلەر رىۋايەتتىكى باش قەھرىمان بۆگۈخاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا ئاللىبۇرۇن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان يېزىقلارنى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يېزىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، گۈزەل شەكىللىك ئەدەبىياتىنىمۇ خاتىرىلەشكە باشلىغانىدى. بۆگۈخان رىۋايىتى مانا مۇشۇنداق ئاسايىشلىق دەۋرنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان يېرىك خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدۇر.

ئىككىنچى، رىۋايەتتە رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئارىلاش قوللىنىلغان. بۇ رىۋايەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئالاھىدە بىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بەزى ئوبراز ۋە ئايرىم ۋەقەلىكلەر رېئاللىقنى چىقىش قىلغان. ئەمما ئۇلارغا كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، ھەيرانلىق بېغىدا سەيلە قىلدۇرىدىغان، شۇنداقلا تېڭىرقاش گىرۋىكىدىن سىلجىتىپ، ھاياتقا ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى ئۇرغىتىدىغان تەركىبلەرمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن.

قەدىمكى ئىنسانلار بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىق چۈشىنىپ كەلگەنىدى. بەزىلەرنىڭ مۇنداق قارىشى ئاڭسىزلىقتىن بولغان بولسا، بەزىلەر قەستەن مۇشۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى بولۇشنى ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ۋەزىپە قىلىۋالغان. بۆگۈخاننىڭ نۇر، دەرەخ، دۆڭلەردىن تۇغۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بۇ پەردە نوپۇز، ئابروي مەسىلىسىلا مەۋجۇت. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر خەلق ئارىسىدا رەھبەر ۋە كاھىن قەدىمدىن بېرى ھامان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇنغا

ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىم ئۆلۈغۋار سىمالىق ئورۇنغا، كاتتا نوپۇزغا، مۇقەددەسلىك ۋە ئەيمەندۈرۈشلۈك ئىلاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئىدىيىنى مۇتلەق كۆپچىلىك قوبۇل قىلاتتى. پەقەت ئاشۇ سىمانىڭ ھەقىقىي سىرىنى جۇملىدىن ئۇلۇغۋارلىقىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان زەررىلىرىنى بىلىپ قالغان كىشىلەرلا ئايرىم جايلاردا، مەلۇم ۋاقىتلاردا قوبۇل قىلمايتتى. ۋەھالەنكى، بۇنداقلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ غالىب كېلىشى نىھايەت يۈز بېرىپ قالمىسا، ئومۇمەن ئەمەلگە ئاشمايتتى. بۆگۈخاننى سىرلىقلاشتۇرۇش قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، خەلقنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۈپ ئاساس ئىدى. بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت دىن ۋە ئەدەبىياتلا چىقالايتتى. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى جەريانلىرىدا ئۇزاق دەۋرلەرنى بېسىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ئەلۋەتتە قەدىمكى دەۋردىن ئۆز كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. شۇڭا ئىنسان باللىرىنىڭ ھاياتى قانداق مۇرەككەپلىكلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ دىنىمۇ شۇنداق غەلىتىلىكلەرگە سۈۋۈشۈپ بارغان. بۆگۈخان داستانىدا ئىپتىدائىي دىنلاردىكى توتېمغا چوقۇنۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۆسۈملۈك — دەرەخلەرگە چوقۇنۇش، ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى خەلقلەرگە خاس بولغان شامان دىنى ۋە بۆگۈخان ئۆز 763-يىلىدىن باشلاپ، دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلغان مانى دىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى تاپقانلىقى ئاشۇ غەلىتىلىكنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

شۇنداق ئىكەن، بۆگۈخان مۇبادا ئادەملەردەك، ئىنساندىن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دەپ قارالسا، باشقىلار ئۆزى بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك بۇ كىشىدىن قانداقمۇ ھېيىقسۇن. ئەمدى ئۇنىڭ ئىلاھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولمىسا، ئەيمىنەتتىمۇ؟ بۇ، ئەلۋەتتە، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. مۇشۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنىڭ قىلىنغانلىقى رىۋايەتنىڭ ئۆزىدە ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىسىنى تاپقان. بۆگۈخاننىڭ دەرەختىن تۇغۇلۇشى، مانا مۇشۇ ئەپچىل چارىدۇر. بۆگۈخان تۇغۇلغان دەرەخ مۇقەددەس دەرەخ ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس شەيئىلىرىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى. تەبىئەتتىكى ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرنىلا كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ تۈگەۋاتقانلىقى، بىراق بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرقانچە يۈز يىل، بىرقانچە مىڭ يىلغىچە كۆكىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىتا ئاشۇ كىشىلەردە مۇئەييەن ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى. ئۇلارغا ھەتتا، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى كېسىۋەتسە، يىلتىز-غوللىرىنىڭ يەنىلا كۆكلەۋاتقانلىقى، مېۋىسىنىڭ ئوزۇق، دورا بولۇۋاتقانلىقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دەسلەپ قىلىپ مۇقەددەس بولۇشىغا سەۋەب بولغان ھەم بۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان خەلقلەردە ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىقنىڭ ئايرىم تەركىبلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، داۋاملىق ئۆز رولىنى يوقاتمىغان. شۇنداقلا باشقا دىنلارنىڭ مەزمۇنلىرىغا قېتىلىپ، يېڭى شەكىللەرگە كىرگەن ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان.

بەدىئىي ئەدەبىيات مۇنداق ئاجايىپلىقنى ئۆز ھۆجەيرىلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، نەپىسلىك، جەزبىدارلىق ئاھاڭلىرىغا جۆر قىلىپ، كىشىنىڭ زەۋقىنى قوزغاتقۇچى ئاملغا ئايلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ھۇزۇر ئالغۇچى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ قالغان.

ئومۇمەن، رىۋايەتتىكى ئاجايىپ-غارايىبلىق، بۆگۈخان ئوبرازىدىكى سىرلىق تەپسىلاتلار ۋە دىنىي

مەزمۇنلار رومانىنىڭ دىتىنىڭ مەھسۇلى. يۇقىرىقى ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەر رىۋايەت بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا رېئالىزم بىلەن رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىــجادىيەت مېتودى تەڭ قوللىنىلغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كۈچەيتكەن.

ئۈچىنچى، بۆگۈخان ئوبرازى ئىندىۋىدۇئاللىقتا، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتىدە بىر ئاقساقالنىڭ بولمىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن، ئىناقلىق، بىرلىكتىن سۆز ئېچىش تەس ئىكەنلىكى، كېڭەشچىلەر ئارقىلىق داھىيلار سايلانغاندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشكە باشلىغانلىقى، بولۇپمۇ، بۆگۈخاننىڭ خان بولۇشى بىلەن پاراۋانلىق ئۈستىگە پاراۋانلىق قوشۇلغانلىقى قاتارلىق ئېپىزوتلارنىڭ بۆگۈخان رىۋايىتى ۋە باشقا تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەردە قەيت قىلىنغانلىقى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە قەستەن قۇراشتۇرغان غايىبانە پەرىزىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

ئىنسانلار ئومۇمەن ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ بىرەر يولباشچىنى ئۆزلىرىگە ھامىي قىلىپ كەلگەن، بۇ — دۇنيادىكى ھەرقانداق خەلقلەرگە ئورتاق قانۇنىيەتلىك ئادەت. كىمكى، بىرەر تەشكىل قويىندا نەپەسلىنىشنى خالىسا ئۇ ياشاپ قېلىش پۇرستىگە ئېرىشەلىگەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار كۆپ بولمىغان، بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، پەقەت رەھبەر سايلانغاندىن كېيىن گۈللىنىش ۋەزىيىتى ھازىرلانغان، ئۇرۇق-قوۋم ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ قويىنىغا جەلپ قىلىنغان، بويۇنتاۋلۇق قىلىقلىرى چەكلەنگەن، ئاقساقالنىڭ يېتەكچىلىكى قوبۇل قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مۇراد-مەقسەت ئەمەلگە ئاشقان. يەنە رىۋايەتتە باشباشتاق جەمئىيەت ئۆرنەك سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىــــپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن بىرلىك، سادىقلىقنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

قانداقلا بولمىسۇن، بۆگۈخان ئوبرازىدا ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك بار. ئۇ يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەملىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاتامانىدەك قاراملىق، باتۇرلۇق، فېئودال خانلاردەك سالاپەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئەل باشقۇرۇش ماھارىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭدا باتۇرلۇق بىلەن پاراسەتلىك خاراكتېر بىرلىشىپ كەتكەن. يات قوۋملەرگە قارشى ئۇرۇشقا بۆگۈخاننىڭ ئۆزىنىڭ قوشۇن قوماندانى بولۇپ سەپەرگە چىقىشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاتامانىنىڭ ئوبرازىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يەنە باشقا يەردىكى بويسۇندۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى ئەۋەتىشى ۋە تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك خانلىق تەختى ئارقىلىق باشقۇرۇش، سوۋغات قوبۇل قىلىش، نايىپ قويۇش قاتارلىقلار قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت خاقانلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئادەملەر سەمىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

رىۋايەتتە بۆگۈخان ئوبرازى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. بۇ ئوبراز ئالدى بىلەن تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىلىق تەرتىپى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭىدۇ. رىۋايەتتىكى بۆگۈخان ئوبرازى تارىختىكى بۆگۈخاننى پروتوتىپ قىلغان دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پائالىيەت جەريانىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا زور ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ بىرقانچە دەۋر كىشىلىرىنىڭ

ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە يىغقان. بۆگۆخان ئوبرازىدا غايىۋىلىك، قەھرىمانلىق، پاراسەتلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىپىكلىك قاتارلىق ئامىللار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

بۆگۆخان ئوبرازى ئوغۇزخان، ئالپ ئەرتوڭا ئوبرازىغا ئوخشاش ۋاقىت ۋە بوشلۇقتىن ھالقىپ كەتكەن، كەڭ خەلقنىڭ مىللىي قىزغىنلىقى، ئورتاق غايىگە تەلپۈنىشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ھاسىل قىلغان، ھەممىنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئۆزىگە تارتقان يۈكسەك ئوبراز.

ئۈچىنچى، رىۋايەتنىڭ كومپوزىتسىيىسى ئورگىناللىققا ئىگە. ۋەقەلىك تەپسىلاتى خرونولوگىيىلىك تەرتىپتە بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈشلىرى، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، بەزىسى غىل-پال، بەزىسى خېلىلا قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. يەنى تەرتىپلىك بايان شەكلى قوللىنىلغان. رىۋايەت ئېنىق باشلىنىش نۇقتىسىغا، كولمىناتسىيىگە ۋە ئۇتۇقلۇق يېشىمگە ئىگە. كىشىلەرگە روشەن ئېستېتىك گۈزەللىك زوقى ئاتا قىلالايدۇ. رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پاجىئەلىك پارچىلىنىشى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ خىل پاجىئەنىڭ ئاخىرىسىدا بېرىلگەن قىسقىچە يېشىم خاراكتېرلىك خاتىمە كىتابخانغا كۈچلۈك ئىلھامبەخش تەسىراتىنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتابخان بەلگىلىك تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ، ئۈمىدكە تولىدۇ.

دېمەك، بۆگۆخان رىۋايىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانى، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. رىۋايەت ئىپتىدائىي ئېپوسلۇق ئامىللىرىنى ھازىرلاپ، قەھرىمانلىق داستانلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخىي رىۋايەت شەكلىدىلا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىيالى، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە بەزى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 3 ـ § . مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

### 1 . قىسقىچە چۈشەندۈرمە

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى ھەر خىل شەكىلدىكى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان ھەم ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا «مەڭگۇ تاش» لار دەپ ئاتىغان. مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەندە مانا مۇشۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەڭگۇ تاشلار سان جەھەتتە خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلاشقا بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسەن تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىرى دەۋرىدە ئاشۇ دۆلەتلەر تېررىتورىيىسىدە بارلىققا كەلگەن مەڭگۇ تاشلار سۆزلىنىدۇ. بۇلار «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»[10]، «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»[11]، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»[12]، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»[13]، «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»[14]، «تەس مەڭگۇ تېشى» ، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى»[15]قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆپ چاغلاردا باشقا تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ياشىغان، ئورتاق ئەدەبىيات مەدەنىيىتى ياراتقان. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مەڭگۇ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، ناھايىتى ئاز سۆزلەردىكى فونېما پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىل جەھەتتە پەرق يوق؛ ئۇيغۇر خانلىقى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇ خانلىقنىڭ زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، بىرمۇنچە تۈركىي قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، شۇنداقلا تۈرك خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۇ تاشلارمۇ سۆزسىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدا ئىختىلاپ يوق. بىز بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تۈركلوگى گېڭ شىمىننىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز:

«‹ تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى› نىڭ تەۋەلىكى ئۈۋياڭشۈەنىڭ ‹ گۇاجەي توپلىمى. قوچۇلۇق شى جەمەتى تەزكىرىسى› دىكى تونيۇقۇق شى جەمەتىنىڭ ئەجدادى دېيىلگەن خاتىرىگە ئاساسەن تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ مەشھۇر ‹ تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى› نى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ‹ كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى› ، ‹ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى› ، ‹ ئۇنگۇن مەڭگۇ تېشى› ، ‹ كۆلچۇر مەڭگۇ تېشى› قاتارلىقلار تىل جەھەتتە ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۇ تاشلار بىلەن ھېچقانداق پەرق يوق.»① .

يۇقىرىقى مەڭگۇ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

مەڭگۇ تاشلار سان جەھەتتە كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن ، ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان يازما ئەدەبىياتىنىڭ

---

① «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» ، 658ـبەت.

رەسمىي شەكىللىنىشىگە باشلىغانلىقىنى ئېنىق پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ.

## 2. مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى

### 1 - تونيۇقۇق

تونيۇقۇق (? 688 — ?788)نىڭ پەخرىي نامى بويلا باغا تارقان بولۇپ، ئۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىئون، ھەربىي ستراتېگىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. تونيۇقۇق① ئاشىد قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلە قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئاشىدلار تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاشىنا قەبىلىسىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككى يېتەكچى ئاقسۆڭەك قەبىلىنىڭ بىرى ئىدى. تونيۇقۇق ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا خەنزۇ تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىلگەن. تۈركىي تىل ۋە يېزىقىدا يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان. ياش چاغلىرىدىن باشلاپ، ھەربىي تەلىم تەربىيە، ئەل-ئۇلۇس باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، ئۆز قوۋمى ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، بىلگە تونيۇقۇق (ئوقۇمۇشلۇق تونيۇقۇق) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ تەخمىنەن مىلادى 679-يىللىرىدىن باشلاپ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارغا قاتناشقان. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئېلتېرىش (691 — ؟) قاغاننىڭ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەمدەم بولغان ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى (683 — 691)دىن تارتىپ، قاپاغان قاغان (716 — ؟)نىڭ سەلتەنەت دەۋرى (691 — 716)، بىلگە قاغان (684 — 734)نىڭ سەلتەنەت دەۋرى (716 — 734)گىچە بولغان ئۈچ تۈرك قاغانىغا باش ۋەزىر بولغان. ئۇلاردىن كېيىنكى بىرقانچە قاغانلار دەۋرىدىمۇ ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ تۇرغان. تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىش ھېسابىغا ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، تونيۇقۇق ئاۋۋالقىدەكلا ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەيدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا باش ۋەزىر بولغان دېيىلىدۇ. «قوچۇلۇق شي جەمەتىنىڭ نەسەبنامەسى» دېگەن خەنزۇچە ھۆججەتتە «تونيۇقۇقنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى ئىزچىل يوسۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ كەلگەن» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرى (742- 756)دا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونىدا سىياسىي توپىلاڭ بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، تەكلىپكە بىنائەن ئۇيغۇر خانلىقى دەرھال سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تونيۇقۇق بىلەن ئۇيغۇر خانزادىسىنىڭ (ئىدىكىن) قوماندانلىقىدا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تونيۇقۇقنىڭ شانلىق تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئۇستاز ۋە ئەمەلگە سادىق ۋاڭ»(大师忠武王)دېگەن شەرەپلىك نامنى تارتۇق قىلىپ «ئەمرى مىمار»② (司空) دېگەن ئەمەلنى بېرىدۇ.

788-يىلى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى خەنزۇ يېزىقتا قايسى خەتلەر بىلەن يېزىش ھەققىدە بىر كېلىشىم تۈزۈلۈپ، «回纥» (خۇيخې) دېگەن خەتلەر «回鹘»غا ئۆزگەرتىلگەن، «شۇڭقار» دېگەن قۇشنى بىلدۈرىدىغان «鹘» (خۇ، گۇ) دېگەن خەت «چەبدەس، ئالغۇر» دېگەن مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ

---

① تونيۇقۇق — قەدىمكى تۈركچە ئىسىم بولۇپ، مەنىسى «ئۇلۇغ ئاقساقال، تۈنجى كاتىباش» دېگەندىن ئىبارەت.

② خانلىقنىڭ قۇرۇلۇش مەھكىمىسىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى.

ئەسلى مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ دەۋردە بۇ كېلىشىمنى تۈزۈش

ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ دەۋردە بۇ كېلىشمىنى تۈزۈش ئىشىنى باشقۇرغان كىشى قەدىمكى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدىن يۇقىرى مەلۇمات ئىگىسى بولغان تونيۇقۇق بولغان①.

تونيۇقۇق قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن رېئالىزمچى يازغۇچى ئىدى. ئۇ «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»نى ئۆزى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەڭگۇ تاشنىڭ مەزمۇنى نەسرىي ۋە نەزم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» تۈركىي تىلدا، يازما ھالەتتە مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى رېئالىزملىق ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىئوگرافىيىلىك (تەرجىمھال خاراكتېرلىك) ئەسەر. شۇنداقلا ھەربىي ئاخبارات يەنى خەۋەر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان يازما ھۆججەت. ئۇنىڭ ئاپتورى تونيۇقۇق تۈركىي تىل-يېزىقتا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان تۇنجى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ پېشىۋاسى. ئۇ يەنە ھەربىي يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ داڭلىقتۇر. تونيۇقۇق تارقاق، باشباشتاق، قومدەك چېچىلىپ كەتكەن تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىماي، كۈندۈزلىرى بىخارامان يۈرەلمەي، ھارماي-تالماي تىرىشىپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئاقتۇرۇپ، تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلەشكە، مۇستەھكەملەشكە كۈچ چىقارغان. ئۇ يىراقنى كۆرەر، ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە شەخس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئادالەت ۋە تىنچلىقنى سۆيگۈچى ئەرباب ئىدى. ئۇ نۇرغۇن يات قەبىلىلەر، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە پىداكارلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ، توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇشتەك قانلىق جەڭگە ئاتلانغان. تونيۇقۇق ئۆز قوۋمداشلىرىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلغۇچى مىللىي زات ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشتا كۆرسەتكەن جاسارىتى ۋە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدا سۆز تاللاشتىكى ئەقىللىقلىقى بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ. تونيۇقۇق ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر خانلىقىدىن تارتىپ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغىچە بولغان ئۇزۇن يىللار ئىچىدە باشتىن-ئاخىر خانلىقنىڭ باش ۋەزىرلىك خىزمىتىنى جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇلار كېيىن موڭغۇل-يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا جەلپ قىلىنىپ، ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسىسىنى قوشقان. تونيۇقۇق ئەۋلادلىرى ئاساسىي جەھەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا تونيۇقۇق 120 ياش ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇ تەخمىنەن مىلادى 668-يىلىدىن 788-يىللىرىغىچە ياشىغان دەپ پەرەز قىلىمىز. بەزى ماتېرىياللاردا 80 ياش دېيىلگەن. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە تېگىشلىك.

## 2 - بىلگە قاغان

بىلگە قاغان (684 — 734)، ئەسلى ئىسمى بۆگۈ. تۈرك خانزادىسى، ئاشىنا قەبىلىسىدىن، دادىسى قۇتلۇق ئىلتېرىش قاغان. ئۇ مىلادى 716-يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ۋە «بىلگە قاغان» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئوردىدا ئاقسۆڭەكلەر تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ھەربىي ستراتېگىيە، دۆلەت باشقۇرۇش ۋە تۈركىي تىل-ئەدەبىيات، مەدەنىيىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بىلگە قاغاننىڭ پائالىيىتى كۆپرەك ھەربىي ھەرىكەت ۋە دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئىپادىلەنگەن.

① ئى. مۇتىئى «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى.

ئۇ تارقاق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 18 يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە تۈرك خانلىقى قۇدرەتلىك خانلىق سۈپىتىدە تونۇلدى. بىلگە قاغان ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە ئىدى. تىنچلىق ۋە ئادالەتنى ئىزدەيتتى، بىرلىكنى، تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئۆز قوۋمىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ قوشنا ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي تىرىشقان. 734-يىلى بىلگە قاغان قازاغا ئۇچرىغاندا تۈرك خانلىقى داغدۇغىلىق تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى لى چۈەن دېگەن ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، تەزىيە مۇراسىمغا قاتناشتۇردى. بىلگە قاغان ھايات چېغىدا ئاغزاكى ئېيتىپ قالدۇرغان ئۆمۈر بايانى خاتىرىگە ئويۇلۇپ، ھەيۋەتلىك «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ئورنىتىلغان.

3 - يوللۇغ تېگىن

يوللۇغ تېگىن (652 — 744)، يوللۇغ قەدىمكى تۈركىي سۆز، قۇتلۇق، يوللۇغ، دېگەن مەنىلەردە، ئۇ، تارىخشۇناس ۋە ئەدىب. ئاشىنا قەبىلىسىدىن، ئاشىنا يوللۇغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىنلەرنىڭ جىيەنى (يىگەنى). تۈرك خانلىقى ئوردىسى تەرىپىدىن «تېگىن» ئۇنۋانى بېرىلگەن. بۇ تۈرك خانلىقىدا قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ۋە بابغۇ (باش ۋەزىر) بىلەن تەڭ ئۇنۋان ئىدى. يوللۇغ تېگىن تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. بىرقانچە تۈرك قاغانلىرىغا ياردەملىشىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈردى. ئۇ تارىخ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەربابلارنىڭ بىرى ئىدى. «كۆلتېگىن① مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلارنى بىلگە قاغاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن رەتلەپ، تاش ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، يادنامە قالدۇردى. بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۆزىنىڭ تارىخى، تىل-ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەت جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. يوللۇغ تېگىن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئۇ مەنسۇپ بولغان قەبىلە تۈركىي قوۋملەر ئىچىدە جەڭگىۋار، ئالدىن يۈرەر قەبىلە ئىدى. ھەربىي تۈرمۇش ئۇ قەبىلىنىڭ دائىملىق پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى، لېكىن، يوللۇغ تېگىن قەبىلىداشلىرىنىڭ ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىشتىن باشقا، قەلەم بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈردى.

4 - مويۇنچور

مويۇنچور② ( 759 — ؟)، قارا قاغان، دەپمۇ ئاتىلىدۇ[16]. ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىدىن، ئۇيغۇر قاغانى كۆل بىلگەنىڭ ئوغلى. 747 — 759-يىللىرىغىچە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. مويۇنچور ھەربىي ئىشلار ۋە ئەل باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن قەلەم ۋە ئەلەمگە ماھىر خانزادە ئىدى. ئۇ توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىشلىگەن پىداكار جەڭچى ئىدى. 756 — 758-يىللىرى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 4000 ئاتلىق قوشۇنغا ئوغلىنى قوماندان قىلىپ، ئەنلۇشەن توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا ئۆچمەس ھەسسە قوشقان. 758-يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدا باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ھەيۋەتلىك، دانىشمەن باتۇر بىلگە كۆلقاغان»

---

① بۇ بەزى ماتېرىياللاردا «كۈل» دەپ ئېلىنىدۇ.

② بەزى ماتېرىياللاردا «بايانچور» دەپمۇ ئېلىنىدۇ. مويۇنچۇر — ئالىي، يۇقىرى ئەمەلدار، بايانچۇر — باي، بەختلىك دېگەن مەنىلەردە.

دېگەن بەخرىي نامنى بەرگەن. مويۇنچور بالاساغۇن، بايىبالىق (سېلېنگا دەرياسى ياقىسىدا) قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلغۇزۇپ، شىمالىي قۇملۇقتىكى كۆچمەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ شەھەرلىشىشىگە ئىمكانىيەت ياراتقان. مويۇنچور تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى» (759)نى تەييارلىغان. ئۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. 49 قۇر خەت بار. «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىنىڭ بىرمۇنچە ئەھۋاللىرىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنى بۇ ئارقىلىق بىز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دەسلەپتە تۈرك يېزىقى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، (شېئىرىيىتى)نىڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىدىن خەۋەر تاپىمىز. يەنە قەدىمكى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى كۆرۈۋالالايمىز. مويۇنچور بۇ تەرەپتىكى تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە.

5 - ئىدىكىن

ئىدىكىن ( 779 — ؟)، ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىدىن، ئەسلى ئىسمى ئىدىكىن① ئۇيغۇر قاغانى مويۇنچورنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، 759-يىلىدىن 779-يىلىغىچە قاغان بولغان ۋە تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان[17]. ئىدىكىن جاسارەتلىك قوماندان، تەدبىرلىك خان، يىراقنى كۆرەر سىياسىئون، يېتىلگەن ئەدىب ئىدى. ئىدىكىن ئۆز قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، كۈچەيتىش، خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە ئۇيغۇر خانلىقى مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي جەھەتتە كۈچلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە 763-يىلى ئىپتىدائىي شامان دىنىنى تاشلاپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئىدىكىن تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە قوزغالغان ئەنلۇشەن-شىسىمىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن. ئىدىكىن قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. تەخمىنەن 753-يىللاردىن كېيىن، دادىسى مويۇنچورنىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرىنى تارىخىي مۇھىت بىلەن باغلاپ، خاتىرىگە ئېلىپ، مەڭگۈ تاشقا ئويغۇزغان. بەزى جايلىرىنى ئۆز نامىدىن بايان قىلغان. بۇ ئىلمىي ساھەسىدە «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى»(2) ياكى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»(2) دەپ ئاتىلىدۇ. مەڭگۈ تاش قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئويۇلغان. بۇ مەڭگۈ تاش «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى»(1)نىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى يەنى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى، تارىخىنى، شۇ دەۋردىكى تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى ئىدىكىن قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك يادىكارلىقى بىلەن ئۇيغۇر تىل-يېزىق، ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس ئورۇنغا ئىگە تارىخىي شەخستۇر.

6 - تۇپەك ئالپ شۇل

① كىچىك جاناب، جاناب كىچىك مەنىسىدە.

تونيۇكۇق① ئالپ شۇل، قەدىمكى ئۇيغۇر ياغلىقار قەبىلىسىدىن، مويۇنچۇر ۋە بۆگۈخان (ئىدىكىن) بىلەن زامانداش ھەم ئۇلار جەمەتىدىن.تونيۇكۇق ئالپ شۇل ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋە ئەدىب ئىدى. ئۇ «تەس مەڭگۈ تېشى» (761 ؟ — 762 ؟)نىڭ ئاپتورى. «تەس مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدا مويۇنچۇر، بۆگۈخان (ئىدىكىن) قاتارلىق 2-، 3-ئەۋلاد ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بايانلار ئاپتور تىلىدىن بېرىلگەن. «تەس مەڭگۈ تېشى»نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى نىسبەتەن يۇقىرى. ئۇ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»(1)، (2)نىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال سانىلىدۇ. مەڭگۈ تاشتا ئىدىكىن-تەڭرى قاغاننىڭ ئالدىنقى ئەۋلادى (دادىسى مويۇنچۇر) ئەل ئىتمىش بىلگە قاغانغىچە بولغان ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخى يورۇتۇلغان. ئىلمىي خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، «تەس مەڭگۈ تېشى»دا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840)دىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ 280 (380 يىل ؟) يىل داۋام قىلغان ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە 150 يىل جەريانىدىكى خارابىيلىشىشقا يۈزلەنگەن ھەم يات قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى دەۋر ھەققىدىكى خاتىرىلەر تىلغا ئېلىنغان ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى، «تەس مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى زامان تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىسى. ئۇنىڭ ئاپتورى تونيۇكۇق ئالپ شۇل ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتىنى پۇختا ئىگىلىگەن داڭلىق شەخس ئىدى.

7 - ئېل ئۆگۈسى، ئىنانچۇر مۇقان تارقان

ئېل ئۆگۈسى، ئىنانچۇر مۇقان تارقانلار 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 9-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ياشىغان تارىخچى ۋە ئەدىبلەر. ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھىم ئەمەل تۇتقان، ئوردىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى يېزىقلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»نى② يېزىپ، خاتىرە قالدۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش ئۈچ خىل يېزىقتا، ئۈچ خىل تىلدا خاتىرىلەنگەن. بىر تەرىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپى سوغدى تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپى خەنزۇ تىل يېزىقىدا يېزىلغان، خەنزۇچە قىسمىنى ئىنانچۇر موقان تارقان ئويغان. مەڭگۈ تاشنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئېل ئۆگۈسى تىكلىگەن. ئۇنىڭدا 22 قۇر خەت بار. 814-يىلى تىكلەنگەن. مەڭگۈ تاش مىلادى 808 — 821-يىللاردىكى ئۇيغۇر قاغانى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان»نىڭ دەۋرىدىكى ئىشلارنى مەركەز قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، مويۇنچۇر، تەڭرى قاغان (بۆگۈخان)لارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ، ئەنلۇشەن-شىسىمىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىش يولىدىكى تۆھپىسى سۆزلەنگەن. بۆگۈخاننىڭ مانى دىنىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشى، 808-يىلىدىن 821-يىلىغىچە خان بولغان تەڭرى قاغان③ (باۋيى قاغان-ئادالەتنى قوغدىغۇچى)غىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن. مەڭگۈ تاش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، يېزىق مەدەنىيىتى ئالاقە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشتىكى ياخشى ماتېرىيال. ئېل ئۆگۈسى،

---

① «تونيۇكۇش» دېمۇ ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلار بار.

② بۇنىڭ تولۇق نامى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى».

③ ئۇيغۇر خانلىقىدا بىر قانچە خان تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان.

ئىنانچور مۇقان تارقانلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۇنىڭغاشاھىت بولغان مەدەنىيەت ئەربابلىرى.

3. مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

مەڭگۇ تاشلارنى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر تۈرىگە تەئەللۇق قىلىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بار. شۇڭا ئۇلارنى بەدىئىيلىك ئۆلچىمىگە سېلىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

مەڭگۇ تاشلار ھەر قايسىسى ئايرىم-ئايرىم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانلىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن كونكرېت ۋەقەلەر ۋە سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرىي ۋاستىلار جەھەتتىن ئومۇملۇققا ئىگە. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جۈملىدىن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش مۇمكىن.

مەڭگۇ تاشلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، مەڭگۇ تاشلارنىڭ تۈر-ژانىر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. بىز مەڭگۇ تاشلارنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرسەك، ئالدى بىلەن ئۇلارنى بىر «ئەدەبىي ئەسەر» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا خېلىلا مۇكەممەل كومپوزىتسىيىگە ئىگە، يەنى باشلىنىش، راۋاجلىنىش ۋە تۈگەللىنىش جەريانى كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ.

مەڭگۇ تاشلاردا نەسىر ۋە نەزىم شەكلى ئارىلاش قوللىنىلغان. يەنى قەدىمكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېپوسلىرى شەكلىدە يېزىلغان. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دىكى نەسرىي مىسرالار مۇنداق:

تورۇق بۇقالى سەمىز بوقالى ئىراقتا بوگسەر، سەمىز بۇقا تورۇق بۇقا تېيىن بىلمەز ئەرمىس تېيىن ئانچە ساقىندىم»

يەشمىسى:

«ئورۇق بوقا بىلەن سېمىز بوقا يىراقتا ئۇسۇشسە، ئورۇق بوقا بىلەن سېمىز بوقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ» مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم.

«تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دا شېئىرىي مىسرالارمۇ ھەلۇم ھەجىمدە بار.

«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دىكى شېئىرىي مىسرالار مۇنداق:

ئىلگەرۇ شەنتوڭ يازىقا تەگى سۇلەدىم،
تالۇيقا كىچىگ تەگمەدىم،
بىرگەرۇ توقۇز ئەرسەنكە تەگى سۇلەدىم،
تۆپۆتكە كىچىگ تەگمەدىم.» (3-قۇر)

يەشمىسى:

«ئالدى تەرەپ (شەرق)تىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز (ساھىلى)غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئوڭ (جەنۇب)تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم. تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم.»

كېيىنكى بۇ مىسال ئېنىق شېئىرىي مىسرالاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تۆتلا مىسراسى قاپىيىداش كەلگەن. 1-، 3-مىسرالىرى 13 بوغۇمدىن، 2-4-مىسرالىرى سەككىز بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ 1-، 3-مىسرالىرىنى 8 + 5، 2، 4-مىسرالىرىنى 5 + 3 بوغۇم قىلىپ ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ بىر كۇپلېت شېئىر رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە. ئاياق قاپىيە ئاساس قىلىنىپلا قالماستىن ، بەلكى ،

2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى « ت » ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئارقىلىق باش قاپىيە شەكلىنى كۆرسىتىلگەن①. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنىدۇكى، بۇنداق مىسرالار تاسادىپىي ماسلاشقان نەزمىي جۈملىلەر بولماستىن، بەلكى، ئۇ ئۆز دەۋرىدە شەكىللەنگەن بىر خىل شېئىرىي ئۆرنەكتىن گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتىدۇ. مەڭگۈ تاشلارنى يەنە قەدىمكى زامان قاغانلىرى ۋە خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن بايان قىلغان تەزكىرە ئەدەبىيات ياكى دەسلەپكى بىبلوگرافىيىلىك (تەرجىمىھال خاراكتېرلىك) ئەسەر دېيىشمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەڭگۈ تاشلارنى نەسىر ۋە نەزىم شەكلىدە يېزىلغان، قەدىمكى تۈركىي، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىق داستانى ياكى تارىخىي ئېپوسى دەپ بىلىش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە شەخس خاراكتېرلەر تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. ئۇلار بايان قىلىش ئۇسۇلىدا 1ـشەخس (مەن)، 2ـشەخس ( سەن )، 3 ـ شەخس (ئۇلار) تىلىدا ئىپادىلەشنى ئېلىپ بارغان②.

ئىككىنچى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

مەڭگۈ تاشلار بەلگىلىك بىر مەقسەتتە يارىتىلغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇددىئا ناھايىتى ئېنىق. ئومۇمەن، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىلغارلىققا ئىگە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى ئوچۇق رېئالىزم مېتودىنى قوللانغان. رومانتىزملىق مېتودىمۇ بەلگىلىك رەۋىشتە ياندىشىپ ماڭغان. ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا ھەقىقىيلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان ياكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى، چىن، تەسۋىرىي بوياقلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

① مەڭگۈ تاشلاردا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتا ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

(1) تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۇرۇق-قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، قاغان قارارگاھلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىپ، (تەڭرىنىڭ خاقانلارغا كۆرسەتكەن ھامىيلىقى بىلەن) دۆلەت-خاقانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى سۆزلەنگەن؛ خاقانلارنىڭ تەختكە چىقىپ، غەيرىي-رەسمىي قانداش ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلار بايان قىلىنغان؛ ئىچكى نىزا، ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، خەلقنى باي-پاراۋان قىلىش، ياخشى قانۇن تۈرغۇزۇلۇپ، خاقانلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىش يولىدىكى ئىستەك-خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ خاقانلىق قۇرۇش، مۇستەھكەملەشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن؛ خاقانلىقلارنىڭ بەزى چاغدا مۇنقەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى، تەجرىبە-ساۋاق، بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەسرەت-نادامەت، ئۆكۈنۈش ئىپادىلەنگەن.

(2) خاقانلىقنىڭ خاراكتېرى، سەلتەنىتى، كۈچ-قۇدرىتى، ئەل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى، ھەربىي ئىشلار قۇرۇلمىسى، مەنسەپ، دەرىجىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ خاقانلىقتا تۇتقان ئورنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كېلىشىش-كېلىشمەسلىكى، توپىلاڭلىرى، بېسىقتۇرۇلۇش ئەھۋالى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئىسىملىرى كۆرسىتىپ

---

① بۇ شېئىر بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان، مىسرالىرى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان شېئىرىي پارچە دەپ چۈشىنىش مۇمكىنچىلىكى بار.

② ھەر قايسى مەڭگۈ تاشلار ئۆز ئالدىغا پېرسوناژ تىلىنى قوللانغان.

بېرىلگەن؛ خاقانلىقنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى چۈشەندۈرۈلگەن؛ خاقانلىقتا نەۋە زېمىنلارنىڭ (تاغ-دەريا، يايلاق-تۈزلەڭلىكلەر، تەبىئىي شارائىتلار) نىڭ تەسۋىرى، يەنى پۈتۈن ئەلنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەشكە دائىر ئىشلار، توپىنىمىلىك مەلۇماتلار سۆزلەنگەن.

(3) خاقانلارنىڭ تەختكە چىققاندىكى سەۋەب، ۋاقىت، خاقانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ئاساسى، يۈكسىلىشى بايان قىلىنغان؛ خاقان، ۋەزىر، تېگىنلەر، قانۇنلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى، تىرىشچانلىقلىرى، ئاتاق (نام) لىرى، كۈچ-قۇدرىتىنىڭ تەرىپى، ئۇلارغا مەدھىيلەر، خاقانلىقنىڭ نەسەپنامىسى، مەڭگۈ تاشلارنى ئورنىتىشتىكى مەقسەت ۋە مۇراسىم، رەسمىيەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن؛ خاقانلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلار قۇرغان، باشقۇرغان ئەلنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى، ھاياتىدا قىلغان چوڭ ئىشلار، ئۇرۇشلار، خاقانلىقنى قۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن.

(4) ئورقۇن دەۋرىدىكى تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش، ھوقۇق، سىياسىي، ئەخلاق، تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت، قانۇن-نىزام، ھەربىي سەنئەت، تاكتىكا، بىلىملىرى قىسقىسى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى، تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەنزىرىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن.

② قەھرىمانلىق روھ ئىپادىلەنگەن. بۇنى مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىلىرىدىن بىرى دەپ بىلىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇلاردا قەھرىمانلىق روھقا مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ خىل روھ ئەلۋەتتە شەخسىي قەھرىمانلىق روھ ۋە قەبىلىنىڭ كوللېكتىپ قەھرىمانلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

قەھرىمانلىق روھ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئالىيجانابلىقى، ئادەملىكى، ئەل يۇرت سۆيەرلىكى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي بەلگە ئىدى.

③ ئەل يۇرت سۆيەرلىك ياكى مىللەتپەرۋەرلىك. مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى بۇ خىل ئىدىيىنى زور جەلپ قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئوتلۇق مىسرالار، چىن تەسۋىرىي ۋاسىتىلار ۋە سىناقلاردىن ئۆتكەن كەچۈرمىش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆز ئۇلۇس-قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى، ئۆتتۈكەننى[18] نىشان (مەركەز) قىلغان تۈركىي، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ۋە يۇرتنى سۆيۈشنىڭ پايدىسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كۈچلۈك ئەل يۇرت سۆيەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردىكى ئەل يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىدا مۇنداق بىر ئالاھىدىلىككە بەلگىلىك دەرىجىدە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەل يۇرت سۆيەرلىك كونكرېت ئىبارىلەر ۋە روشەن تەسۋىرىي ۋاسىتىلار بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا، تۈرك، توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر، ئۇيغۇر، ئۆتتۈكەن تېغى، تۈرك ئېلى، ئۇيغۇر يېرى دېگەنگە ئوخشاش كونكرېت ئاتالغۇلار زوق بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئورقۇن دەۋرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خەلق-مىللەت سۈپىتىدە شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى، بەلگىلىك تېررىتورىيىنى ماكان قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى دائىملىق تېما سۈپىتىدە راۋاجلاندۇرۇشقا ئاساس بولۇپ قالغان.

④ تەرەققىيپەرۋەرلىك. بۇ خىل ئىدىيە تەرەققىيات، يۈكسىلىش، گۈللىنىشنى ئارزۇ قىلىش، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىش، چېكىنىش، پارچىلىنىش، ھالاك بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قاتارلىق ئىدىيىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىدىن

ئىبارەت.

مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىنى قەھرىمانلىق ۋە ئەل-يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئاملى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بولمىسا، قەھرىمانلىق مەنىسىز ھەرىكەتكە، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ھەربىر پۇقرا باشاش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان مۇھىتنى ۋە روناق تاپقان قوۋم كوللېكتىپىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم ئىدى.

⑤ ئۈمىدۋارلىق. ئۈمىد — قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىنسانلاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئۇلۇغ ئىنسانىي خىسلەت.

مەڭگۈ تاشلاردا بۇ خىل ئىدىيە ئەمەلىي كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق يارقىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەسەردىكى قەھرىمانلار كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، قوۋملەر پىتىراپ، چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردا چوڭدەك پىلىنجاپ تۇرغان ئۈمىدۋارلىق روھ. قەھرىمانلىق روھقا ئىلھام بېرىپ، ئەل-يۇرتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سانسىزلىغان قەھرىمانلارنى كۆكرەك كېرىپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىشقا ئۈندەپ كەلگەن ۋە تەكرار-تەكرار مەغلۇبىيەتلىك تىركىشىش، تەكرار-تەكرار ئۇيۇشۇشقا، روناق تېپىشقا ئېلىپ بارغان.

مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادە قىلىنغان يۇقىرىقى بەش خىل ئىدىيە ئۆزئارا ئورگانىك باغلىنىپ، پىكىردە مەنتىقىي تەرتىپنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يارقىن، ئاكتىۋئال قىياپەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتقان.

ئۈچىنچى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي شەخسلەر ئۈچۈن ئورنىتىلغان. ئۇلاردا مەلۇم بىر شەخسنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، پائالىيەتلىرى، قاغان، ۋەزىر، قوماندان، قاتۇن قاتارلىقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەڭگۈ تاشلار پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

① پېرسوناژلار ئوبرازى رېئال تۇرمۇشتىن يەنى تارىخىي شەخسلەردىن تاللىۋېلىنغان. يەنى مەڭگۈ تاشلار رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار ئاساسىدا يارىتىلغان. تۈرك خانلىقىغا تەۋە مەڭگۈ تاشلاردا ئۇماي، بۇمىن، ئىستەمى، تونيۇقۇق، تۈرك ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن قاتارلىق ئوبرازلار، ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلاردا يولىغ قاغان، بۇمان-بۇمىن قاغان،① كۆل بىلگە قاغان،② ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچور)، ئىدىكىن (تەگرى قاغان، بىلگە تارقان) قاتارلىق ئوبرازلار تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇماي ئوبرازىدىن باشقا ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى (ئۇماي ئوبرازىنىڭ ئەسلى زاتىدا رېئاللىق ئېلېمېنتلىرى بولغان) دېگۈدەك تارىختا ئۆتكەن شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئوبرازلار، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا دەسلەپ قىلىپ يارىتىلغان مىللىي ئوبرازلار جۈملىسىگە تەئەللۇق.

---

① بۇمىن قاغان — «تەس مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا بولىغ قاغان ۋە بۇمىن قاغان دېگەن ئەجداد قاغانلىرى ئۆتكەن. بۇ يەردىكى بۇمىن قاغان تۈرك قاغانى بۇمىن قاغاندىن باشقا كىشى ئىدى، ئەلۋەتتە.

② ئۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغۇچى كۆل بىلگە بەگ قاغان دېيىمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئوبرازلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئالىمشىش جەريانى قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ياخشى ماتېرىيال.

② مەڭگۈ تاشلاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى خاسلىقا ئىگە. مەڭگۈ تاشلاردا نەچچە ئون پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاغان، ۋەزىر ۋە تېگىن، شاھزادىلەردىن ئىبارەت ياكى خانلىقنى تىكلىگۈچى، قۇدرەت تاپقۇزغۇچىلار. ئومۇمىي نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاشتەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن، ئايرىم كۆزەتكەندە، ھەربىر ئوبراز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ تونيۇقۇق، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن، قاراقاغان، مويۇنچور، ئىدىكىن قاتارلىق پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

③ مەڭگۈ تاشلاردىكى ئوبرازلار تىپىكلىككە ئىگە. مەڭگۈ تاشلاردىكى ئاساسىي پېرسوناژلار يەنى تونيۇقۇق، كۆلتېگىن، بىلگە قاغان ، مويۇنچور ، ئىدىكىن دەسلەپ ئادەتتىكى شەخسلەر سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ (ياكى شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ)، ئەمما ئەمەلىي جەڭ قايناملىرى ئۇلارنى ئەقىل-ئىدراك ۋە جىسمانىي كۈچ جەھەتتە قوۋمىنىڭ سەركەردىسى ئورنىغا چىقىرىدۇ، ھەممە دىققەت قىلىدىغان شەخسلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. نۇيۇسى كۆپەرەك، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىگىلىگەن ئاشنا ۋە ياغلىقار قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بۇ ئوت يۈرەك قەھرىمانلار ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرەلىگەن، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئىش-ئىزلىرىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈككەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلھامبەخش ۋەسىيەتلىرىنى قوبۇلنامە قىلغاچقا، ئۇلار قېرىنداش قەبىلە ئەزالىرىنى، كەڭ خەلقنىڭ سەپەرۋەر قىلىنىشىنى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلىشكەن. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ روھىيىتىگە ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن كۆپ قېتىم مۇراجىئەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، يەڭنى تۈرۈپ، كۆكرەك كېرىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا سەپنىڭ ئالدىدا كۆرەش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار چاقىرىق ۋە قەھرىمانانە ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن قوۋم ئەزالىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، بىرلىشىپ سەپ ھاسىل قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي ئۇيۇلمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، مەڭگۈ تاش ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار كۆرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، پۈتۈن خەلقنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئارزۇ ئۈمىدلىرىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىپىك شانلىق قەھرىمانلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئوبرازلار ئەسىرلەر مابەينىدە خەلققە ئىلھام بېغىشلاپ كەلمەكتە.

④ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىل ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. مەڭگۈ تاشلاردا قەدىمكى زامان تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىلى ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆزلەر قېلىپلاشقان يەنى ئەدەبىي تۈس ئالغان ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى ساپ تۈركىي سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىلى شەكلىدىن ئىبارەت. سۆز-جۈملىلەر بەلگىلىك گراماتىكىلىق قائىدە ئاساسىدا بىرىكتۈرۈلگەن. تەسۋىرلەر، ئىپادىلەش شەكىللىرى روشەن ۋە ئېنىق، بايان قىلىش ئۇسۇلى تەرتىپلىك، ئوي-پىكرى ئۇققۇشلۇق، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەدەبىي تىل شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان شېۋە پەرقلىرىنى ئازايتىپ، ئورتاق سىلىي تىل بەرپا قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز-جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. كېيىنكى تەرەققىياتلار مۇشۇ مەنبەنى بويلاپ، چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلىپ كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى خېلىلا يۇقىرى، بۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىرقانچە نۇقتىلار ئارقىلىق ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا ناھايىتى مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويساق، بەزى مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. مەسىلەن، مەڭگۈ تاشلار ئايرىم كۆزىتىلگەندە، پىكىردە دەماللىققا ئىزچىللىق كەم، بەزى پىكىرلەر چولتا. بۇلار تاش ئۈستىگە خەتنى ئويۇشنىڭ تەسلىكى، كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت مابەينىدە ئۇيۇراش قاتارلىق ئامىللار بىلەن قوشۇپ تەھلىل قىلىنسا ئۇلارنىڭ بەنىلا خېلىلا ئۈستۈن بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئىزاھلار :

[1] «تىلى قوشىقى»غا دائىر مەلۇماتلار مۇنداق. «شىمالى چى تارىخى» «خانلار نەسەبنامىسى I » (《北齐书。帝纪第 ) يەنى «شېن ۋۇدى نەسەبنامىسى» (كېيىنكى قىسمى)دا (شەرقىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى ۋۇدىڭنىڭ 4-يىلى — 546-يىلى 11-ئاي) «شىنۋۇدى (گاۋخۇەن) غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى قوزغىتىپ بەڭگە تارتىش ئۈچۈن يۇبى شەھىرىنى قورشاۋغا ئالدۇ... 50 كۈن ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ، شەھەرنى ئالالمايدۇ. 70 مىڭ ئادىمى ئۆلىدۇ. ھەممىسىنى يىغىپ بىر يەرگە كۆمىدۇ. بىر كۈنى شېن ۋۇدىنىڭ بارگاھىغا بىر يۇلتۇز كۆچۈپ چۈشىدۇ. پۈتۈن ئىشەكلەر ھاڭرىشىپ كېتىدۇ. لەشكەرلەر ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ. شېن ۋۇدى كېسەل بولۇپ قالىدۇ ... 11-ئاي ... كېسەل بولغانلىقتىن قوشۇننى چېكىندۈرىدۇ ... بۇ چاغدا غەربىي ۋېي خانلىقى، شىنۋۇدى خانغا ئۇرۇشتا ئوق تەگدى، دىگەن سۆزنى تارقىتىدۇ ... شىنۋۇدى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەيرەت قىلىپ سورۇنغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، مەرتىۋىلىك مەھرەملىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. قوغۇرسۇ ئالتۇنغا «تىلى قوشىقى»نى ئېيتقۇزىدۇ. شىنۋۇدى ئۆزىمۇ ناخشىغا قوشۇلىدۇ ۋە قەلبى ھەسرەتكە تولىدۇ، كۆزىدىن ياش تۆكىدۇ». بۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇمات «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»غىمۇ كىرگۈزۈلگەن. «تىلى قوشىقى»غا دائىر ئىزاھات خاراكتېرلىك بۇ مەلۇمات خېلى بۇرۇنقى تارىخىي ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، قوشاقنىڭ ئەسلى تېكىستى سوڭ سۇلالىسى (960 — 1279) دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن توپلاملارغا كىرگۈزۈلىدۇ (بۇرۇن قەلەمگە ئېلىنغان نۇسخىلىرى يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن). مەسىلەن، سوڭ دەۋرىدىكى گومائۇچىيەن «كۈيغا ئېلىنغان شېئىرلىرى» (乐府诗集) دىگەن كىتابىغا «تىلى قوشىقى»نى كىرگۈزگەن، ھەم ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىدۇ، بۇ ئىزاھاتنى بولسا ئۆزى بىلەن زامانداش يەنە بىر مۇئەللىپ شىن جىئەننىڭ «كۈيغاندىكى كەڭ دائىرىلىك ئىزاھات» (乐府广题) دىگەن كىتابىدىن ئالىدۇ. ئۇ ئىزاھات مۇنداق:

شىمالىي چى خانى شېن ۋۇدى جوۋ خانلىقىنىڭ يۇبى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا لەشكەرلىرىنىڭ ئوندىن تۆت-بەشى قالىدۇ. شېن ۋۇدى قاتتىق قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە قالغاچقا، كېسەل بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا جوۋ خانلىقى پەرمان چۈشۈرۈپ، ‹ئەسلى چاشقان بەسلىدىندۇر گاۋخۇەن دىگەن، تەپتارتماي يۇبى شەھىرىگە قىلدى ھۇجۇم، ئىشقا سېلىنسا گەر قېلىچۇ ساداقلار، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولار ئۇ قاتىل چوقۇم› دەيدۇ. شېن ۋۇدى بۇنى ئاڭلاپ، غەيرەت قىلىپ سورۇنغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، لەشكەرلىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. ئەترابىدىكى بارلىق مەرتىۋىلىك ھەمراھلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە قوغۇرسۇ ئالتۇنغا ‹تىلى قوشىقى›نى ئېيتقۇزىدۇ. شېن ۋۇدى ئۆزىمۇ ناخشىغا قوشۇلىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ ئەسلى تېكىستى سىيانبى تىلىدا بولۇپ، چى تىلى (خەنزۇ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ —نەقىلچىدىن)غا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. شۇڭا مىسرالىرىنىڭ بوغۇم سانى تەكشى ئەمەس.»

گوماۋچيەن يازغان بۇ ئىزاھات تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ئەمەلىيەتتە خېلىلا ئۇيغۇن دەپ قارالسىمۇ، لېكىن، «بۇ ناخشىنىڭ ئەسلى تېكىستى سىيانبى تىلىدا» ئىدى، دىگەن سۆزىنى دىققەت بىلەن مۇھاكىمە قىلىدۇ. تەتقىقاتچىلار، شۇنداق ھېسابلايدۇكى، بۇ سۆز ئەسلى ئىلگىركى تارىخىي ماتېرىياللاردا يوق، قوغۇرسۇ ئالتۇن ئۇنى سىيانبى خانى ئالدىدا ئېيتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن شىن جىئەن قىياسەن بۇ سۆزنى قوشۇپ قويغان. بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق تەھلىل قىلساق مۇنداق بولىدۇ. تارىخشۇناس جوۋ ۋېيجۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سوڭ دەۋرىدە ئۆتكەن

گوماۋچىئەن تۈزگەن «كۈيخانا شېئىرلىرى»نىڭ 86-جىلدىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي خانلىقلار دەۋرىدىكى تېلىلەرنىڭ بىر مەشھۇر خەلق قوشىقى — «تېلى قوشىقى» ساقلىنىپ قالغان ... «كۈيخانا شېئىرلىرى»دا شىن جىئەننىڭ «كۈيخانىدىكى كەڭ دائىرىلىك ئىزاھلار» دېگەن كىتابىدىن نەقىل ئېلىنىپ، بۇ خەلق قوشىقى شىمالىي چى دەۋرىدىكى تېلى مىللىتىدىن بولغان قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ گاۋخۇەننىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقانلىقى، [شىن ۋۇدى (گاۋخۇەن) ئۆزىمۇ ناخشىغا قوشۇلغانلىقى] ئېيتىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭدا «بۇنىڭ ئەسلى تېكىستى سىيانپى تىلىدا بولۇپ، چى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. شۇڭا مىسرالىرىنىڭ بوغۇم سانى تەكشى ئەمەس» دېيىلىدۇ. قوغۇرسۇ ئالتۇن ئەسلى تېلىلەرنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگ قۇلى ئىدى. بۇ ناخشىدا سەھرانىڭ جەنۇبىدىكى يىگشەن (چوغاي) تېغى ئېتىكىدىكى تېلىلەر تۇرالغۇلىرىنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ناخشىنىڭ تىلى دەسلەپتە تېلى تىلى، يەنى تۈركىي تىلى بولۇشى كېرەك. بۇ تىل موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە كىرىدىغان سىيانپى تىلىغا ئوخشىمايدۇ. ئەينى چاغدا شىمالىي چى خانلىقى تەۋەسىدە سىيانپى تىلى ھۆكۈم سۈرگىنىگە قارىغاندا، بەلكى، بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى بۇرۇنلا سىيانپى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېرەك، كېيىن بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى (چى تىلىغا ) يەنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭا «كۈيخانىدىكى كەڭ دائىرىلىك ئىزاھلار»دا، بۇ ناخشا ئەسلى سىيانپى تىلىدا ئىدى، كېيىن چى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، دېيىلگەن». .

[2] ئەسەرنىڭ تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ئۈچ خىل نۇسخىسى تېپىلىپ، چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ۋە بېرلىن، لوندون، لېنىنگراد مۇزېيلىرىغا قويۇلۇش بىلەن، ئىلىم پەن ساھەسىدە «خۇئاستۇئانىفت»نىڭ بېرلىن نۇسخىسى، لوندون نۇسخىسى، لېنىنگراد نۇسخىسى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن.

[3] ھۆججەتنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان، يەنى بېرلىن نۇسخىسى ۋە لوندون نۇسخىلىرى مانى يېزىقىدا، لېنىنگراد نۇسخىسى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ئۈچ خىل نۇسخا يەنە ھەجىم جەھەتتىمۇ پەرقلىق. مەسىلەن: بېرلىن نۇسخىسى 118 قۇر، لوندون نۇسخىسى 338 قۇر، لېنىنگراد نۇسخىسى 160 قۇر.

[4] سابىق سوۋېتلىك L. W. Dmitreyeva 1963-يىلى ھۆججەتنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇق-كەم يەرلىرىنى ئۆزئارا تەڭشەپ، بىرقەدەر تولۇق بولغان نۇسخىسىنى تىكلەپ چىقىپ، 221 قۇرلۇق ھۆججەت شەكلىگە كەلتۈرگەن. ھەر قايسى نۇسخىلاردىكى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك بولسا ساقلاپ قىلىنغان. بۇ نۇسخا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئىلمىي نۇسخا دەپ قارالماقتا.

[5] «خۇئاستۇئانىفت»نىڭ يېلىنامىسى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. بۇ توغرۇلۇق پەقەت دەۋر ئالاھىدىلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تەرەپلەرگە ئاساسەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

س. ئى. مالوۋ ھۆججەتنىڭ مەيدانغا كېلىش دەۋرى توغرۇلۇق توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «7-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى بىلەن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئالمىشىش ھادىسىنى نەزەرگە ئالغاندا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «خۇئاستۇئانىفت» ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. شۇنداقلا 5-ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى (ئۇيغۇر يېزىقى)دا تەرجىمىسىنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. («ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983-يىلى ئالمۇتا، «پەن» نەشرىياتى 8-بەتكە ئېلىنغان نەقىل.)

ئېلىمىز جۇڭگو مۇتەللىپلىرىدىن سۇبىيخەي ئەپەندىمۇ يۇقىرىقى پىكىرگە قوشۇلۇپ، «خۇئاستۇئانىفت» «5—4 -ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئىشەنگەن ۋاقىتتا مانى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا خاتىرىلىگەن دىنىي توۋا دۇئانامىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. (سۇبىيخەي «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جوڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشقان گەۋدىلىك تۆھپىسى ھەققىدە» ( « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، خەنزۇچە، 1987 - يىلى، 1 - سان.)

يادىكارلىقنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، تولۇقلاپ، رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان سابىق سوۋېت تىلشۇناسى دىمىترىيېۋا قول يازمىلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، يادىكارلىقلارنىڭ 5-، 6-، 7-ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەنلىكىدە شەك يوق،

دمپ تۈزسەتكەن (دىمىترىيېۋا «خۇئاستۇئانفت» ، «تۈركلوگىيىسى تەتقىقاتى» ، 1963-يىل، رۇسچە نەشرى، 214-بەت.
بۇ ھەقتە ئا.ياقۇپنىڭ 9-ئىزاھاتتىكى ماقالىسىغا قاراڭ.)
[6] لى جىڭۋېي «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت ‹خۇئاستۇئانفت›» «دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» ژورنىلى،
خەنزۇچە، 1982-يىل، 3-سان.
[7] ئابدۇرېشىت ياقۇپنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
بىرىنچى، ئورقۇن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ھالىتىگە يېقىن دېيىشتىكى سەۋەب.
1. جاراڭلىق، چىش ئارىلىقى تاۋۇشى d ساقلانغان. مەسىلەن: ئاداق (ئاياق)
2. ‎/ad — da‎-چۈشۈم كېلىش ئورنىدا قوللىنىلغان. مەسىلەن: يازۇقدا بوشۇنۇ (گۇناھدىن بوشۇنۇش)
3. ‎/gma — gma‎-بىلەن ياسىلىدىغان سۈپەتداشلار قوللىنىلغان. مەسىلەن: يورىغما (يۈرىدىغان)، ئۇچۇغما
(ئۇچىدىغان).
ئىككىنچى، قوچۇ ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى)نىڭ بەزى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ھازىرلىغان
دېيىشتىكى سەۋەب.
1. ئورقۇن تىلىدا سۆز ئاخىرىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان b تاۋۇشى vغا ئۆزگىرىشكەن. سېلىشتۇرۇڭ:

| ئورقۇن تىلىدا | «خۇئاستۇئانفت»دا | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| sab | sav | سۆز |
| Sub | Suv | سۇ |
| yablak | yavlak | يامان |

2. ئورقۇن تىلىدىكى كەلگۈسى يامان سۈپەتدىشى — ‎sik—/sik‎قوللىنىلمىغان.
3. ئورقۇن تىلىدىكى ny ئورنىدا باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاش بەزىدە n بەزىدە
y قوللىنىلغان. مەسىلەن: 4-؛ 28-؛ 18-قۇرلاردا «ئانىغ» (يامان 125-، 171-قۇرلاردا «ئايىغ» قوللىنىلغان.)
يۇقىرىقىلاردىن باشقا «خۇئاستۇئانفت» تىلىدا يەنە S بىلەن Xنى ئارلاش قوللىنىش (بەزىدە bis, بەزىدە
bix)، a بىلەن iنىڭ ئۆزگىرىشى (bix—bax)، بوغۇملارغا ئايرىلىدىغان يېلتىزلاردىكى lt, rt, nt لارنىڭ
مەۋجۇتلىقى (مەسىلەن: كەلتى، ئىنتى) قاتارلىق ھادىسىلەر، شۇنىڭدەك «فەرزىند» (پەرزەنت)، «فىرىشتى»
(پەرىشتە)، «ماناستارخىرزا» (گۇناھتىن ئۆتمەك) دېگەندەك خېلى كۆپ پارسچە سۆزلەر كۆرۈلگەن. بۇ ھەقتە قاراڭ
ئاپتورنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىق — ‹خۇئاستۇئانفت›» دېگەن ماقالىسىغا.
«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993-يىلى، 1-سانى.
[8] «شەرق بېتىگ»نىڭ 1-، 2-ماۋزۇلىرى ۋ. ئې. ستىبىلىۋا (W. E. Stibiliva) نىڭ «قەدىمكى تۈركىي
تىلىدىكى ‹تەبىرنامە› — نەزمى ئەسەر» دېگەن ماقالىسى ئاساسىدا يېزىلدى. ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىسى 1970-يىلى
موسكۋا، شەرق ئەدەبىياتى باش رېداكسىيىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، رۇسچە نەشر قىلىنغان. «شەرق خەلقلىرىنىڭ
تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. رۇسچىدىن تۇرسۇن رىشاتنىڭ
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمىسى. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1985-يىلى، 4-سان، (ئۈرۈمچى)
76-86-بەتلەر.
[9] بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تۆۋەندىكى كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.
① پىرسىيىلىك تارىخچى جوۋاينى (Juwaini‏ 1226 — 1286)نىڭ «تارىخي جاھان گوشاي — «Tarikh
—i—Jahan Gusha» («جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى») دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا.
② پىرسىيىلىك تارىخچى راشىدىددىننىڭ (Rashid [illegible]، 1247 — 1318) ([illegible])
«جامىئۇتتەۋارىخ — (Jami'al—Tawarikh، 1304 — 1316) دېگەن ئەسىرىدە.
③ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق خەنزۇ يازغۇچى يۈجى (虞集، 1272 — 1348) رەتلەپ چىققان «
داۋيۈەن يادنامىلىرى 道园学古录 — » دېگەن مەجمۇئەنىڭ 24-جىلد «قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تۆھبە مەڭگۈ تېشى

— 高昌王世员力之碑» دېگەن قىسمىدا.

④ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «ئىدىقۇت قوچۇ خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى 亦都护高昌
— 王世勋碑» دېگەن يادنامىدە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركوپولو (marco polo، 1254 — 1324)مۇ بوگۇخان رىۋايىتىگە مۇناسىۋەتلىك قىسقىچە ئېپىزوتنى خاتىرىلەپ قويغان.

بوگۇخان رىۋايىتىگە ئالاقىدار ئەدەبىي پارچىلار 13–14-ئەسىرلەردىن كېيىنكى تارىخىي ھۆججەتلەردە بار ئىكەنلىكى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداقلا، بۇنىڭ ئەسلى مەيدانغا كەلگەن دەۋرى ناھايىتى بۇرۇن ئورقۇن-ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسەن خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرۈپ، 12-ئەسىرلەردىن كېيىن يازما ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىق، ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇ دەۋردىن بۇرۇنمۇ يازما نۇسخىلىرى بار ئىكەنلىكىنى نەزەردىن يىراقلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. 13-ئەسىرلەرنىڭ ئالدى-كەينىدە خاتىرىلىگەن ئاپتورلار خەلق ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىرىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرلىكتە يازما نۇسخىلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن، ھېچ بولمىغاندا بەزىلەر شۇنداق قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

بوگۇخان رىۋايىتىنىڭ يۇقىرىقى بىر قانچە خىل ۋارىيانتلىرى ئىچىدە جۇۋەينى خاتىرىلىگەن نۇسخىسى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئۇنى ئوقۇغان كىشىدە بۇ تەپسىلرەك ئىكەن دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. «ئىدىقۇت قوچۇ خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» تېكىستىنىمۇ يۈجى يازغان، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن غەربىي رايونلۇق ئاتاقلىق خەتتات ناۋناۋ ئۇنى يېزىپ چىققان، جاۋشىيەن (赵世延) تاشقا ئويۇپ چىققان ئىكەن، ئەمما مەزكۇر يادنامىنىڭ تېكىستى بىلەن يۈجىنىڭ «داۋيۈەن يادنامىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «قوچۇ ئىدىقۇتنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دېگەن قىسمىدىكى تېكىستتە ئوخشىماسلىقلار بار.

ماركوپولو بەرگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ «ئۇلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى)نىڭ دېيىشىچە، ئۇلارغا ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلمىغان ئىكەن، ... ئۇ ئېسكا (esca) دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغان ئىكەن».

(بېنېدېتتو؛ Benederto — «M. P»، 73-بەت. جۇۋەينى: «تارىخىي جاھان گۇشاي»، 1-قىسىم، 68-، 69-بەتلەردىكى، تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھاتتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆججەتلەردىكى بوگۇخان توغرۇلۇق رىۋايەتلەرنىڭ تەپسىلاتىدا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان بوگۇخان رىۋايىتىنى ئاساس قىلغان (ئابىتاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 217 - بەتلەر).

كىشىگە تەسىر قىلىدىغىنى شۇكى، بوگۇخان ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ئۇيغۇرلارمۇ يازما ھۆججەتلەرگە كىرگۈزگەن. مەسىلەن: يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلىرىدىن تۆمۈربۇقا (贴 儿补化) يېزىپ چىققان «قوچۇ ئىدىقۇتنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» (《高昌王世勋之碑》)غا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ باش قىسمىدىمۇ بوگۇخان تىلغا ئېلىنغان.

دوساڭ «موڭغۇل تارىخى»غا پارس تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ھۆججەتلەردىكى بوگۇخانغا ئائىت مەلۇماتلارنى تاللاپ ئىشلىتىلگەن؛ بۇ ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىدى.

خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىگىمۇ پارسچە ماتېرىياللاردىن، بولۇپمۇ راشىدىددىننىڭ كىتابىدىن، بوگۇخان رىۋايىتىگە ئائىت ئايرىم پارچە، يەنى «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇرلار»نىڭ ئاق ساقىلى يوق ئۇزۇن مۇددەت باشغانلىقى ۋە كېيىن ئىككى رەھبەر سايلىنىپ، مۇشۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزۇن يىل دەۋران سۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەمما ئۇ بوگۇخاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن پارس ۋە ئەرەبچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر»

لارغا ئائىت قىسقىچە، ئاساسەن ئوخشاش مەزمۇندىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن خەنزۇچە، پارسچە، تۈركچە، ئەرەبچە ماتېرىياللارغا خاتىرىلەنگەن «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر»لارنىڭ ئۆزلىرىگە رەھبەر تىكلەپ، ناھايىتى ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىر. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىپ يۈرگەنلىرىنىڭ مەنبەسى راشىدىددىن ۋە جۇۋاينىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما كېيىنكىلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى سىڭگەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

[10] «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» — تۈرك قاغانلىرىدىن ئېلتېرىش قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى شەرىپىگە تىكلەنگەن. بۇ تاش تۆرت تەرەپلىك، 71 قۇر خەت بار.

[11] «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» — بۇ ئېلتېرىش قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى شەرىپىگە ئورنىتىلغان. تاشتا 80 قۇر خەت بار.

[12] بۇ تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىدا باش ۋەزىر بولغان تونيۇقۇق شەرىپىگە ئورنىتىلغان. تاش ئىككى بۆلەك، جەمئىي 62 قۇر خەت بار.

[13] «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى» — ئۇيغۇر قاغانى تەڭرىدە بولمىش ئېل ئىتمىش بىلگە قاغان شەرىپىگە ئورنىتىلغان، ئۇ 747-759-يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان. تاشتا 59 قۇر خەت بار. «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى» تۈركلوگىيە ساھەسىدە بىر قانچە خىل نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى»، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»(1)، «شىنە-ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى»، « قارا قاغان (ئېل قاغان) مەڭگۈ تېشى»، «تەڭرىدىن بولمىش ئېل ئىتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «قۇتلۇق قاغان مەڭگۈ تېشى»، «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دېگەنگە ئوخشاش . بۇ مەڭگۈ تاش قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. تاش ئۈستىدە 49 قۇر خەت بار.

[14] بۇ مەڭگۈ تاشتا مويۇنچورنىڭ پائالىيەتلىرى سۆزلىنىدۇ. ئۇ «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى» ياكى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاش ئۈستىدە 31 قۇر خەت بار.

[15] بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تولۇق نامى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، بۇ تاش يەتتە پارچە، 22 قۇر خەت بار.

[16] مويۇنچور — ھەر خىل تىلدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، سەلتەنەت نامى، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنكى نامى ۋە پەخرى ئۇنۋانلىرى بولۇپ، بىر مۇنچە ئىسىملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: قارا تېگىن، (ئېمىل تېگىن)، تۇريان دېگەنگە ئوخشاش. تولۇق سەلتەنەت نامى تەڭرىدە بولمىش ئەل ئېتمىش بىلگە قاغان — تەڭرىدىن تۆرەلگەن، ئەلنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىسى، ياكى قۇتلۇق قاغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ھەيۋەتلىك، دانىشمەن، بىلگە كۆل قاغان» دېگەن پەخرى نامنى بەرگەن.

[17] بۆگۈخاننىڭ ھەر خىل ماتېرىياللاردا ئۇچرايدىغان ئىسمى، سەلتەنەت نامى، پەخرىناملىرى مۇنداق: بۆگۈ — بۇقا دەپمۇ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. يەنە بىلگە تارقان، قۇتلۇق بىلگە تارقان سانغۇن، ئېڭگى ياغلىقار، خەنزۇچە موۋيۇ قاغان ( 牟羽可汗 ) دېيىلىدۇ. سەلتەنەت نامى «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش، ئېل تۇتمىش قۇچ كۆللۈگ بىلگە قاغان»، «تەڭرى ئەل تۇتمىش ئالپ كۆللۈگ بىلگە قاغان»، «ئۇيغۇر قاغان ئۇلۇغ ئېلىگ تەڭرىدە قۇت بولمىش، ئەردەمىن ئەل تۇتمىش ئالپ قۇتلۇق كۆلۈگ بىلگە زاھاگى مانى»، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن پەخرى نامى «دانىشمەن — باھادىر، تۆھپىكار بىلگە قاغان».

[18] ئۆتۈكەن تېغى — تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس تاغ. بۇ تاغنىڭ كونكرېت قايسى تاغنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا تارىخشۇناسلار ئارىسىدا تالاش-تارتىشلار بار. بەزىلەر بۇ تاغنى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى خاڭگاي تېغى ياكى ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى دەپ ھېسابلايدۇ. ئايرىم كىشىلەر بولسا ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ، دېيىشىدۇ.

# ٧ باب. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت

## 1 - § . ئومۇمىي ئوبزور

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى① (850؟ — 1250؟) دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ھاياتىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولغان دەۋرلەرنىڭ بىرى. تۇرپان ۋادىسى ئاشۇ دەۋرلەردە شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى بۇ رايوندا يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى. ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل-پاراسىتى ئارقىلىق رەڭگا رەڭ ۋە مول مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ تاكامۇللاشقان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردە، ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىك رايونىدا تاڭ سۇلالىسى ئىچكى ئىسيانى تىنجىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربكە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز دەۋرىدە خېلىلا كۈچلۈك ھېسابلانغان تىبەتلىكلەر ئىچكى توپىلاڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، قوشنا خەلقلەر بىلەن كارى بوق بولۇپ قالغان. تۇرپان ۋادىسى، جۈملىدىن كۇچانىڭ يۇقىرىسىدىن باشلاپ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەڭ كۈچلۈك خەلق بولۇپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە خىرىس قىلىش ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئىچكى-تاشقى ئامىللاردىكى مۇنداق پايدىلىق شەرت-شارائىتلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى جانلىنىپ، ئاسىيادىكى سالاقلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي، شەرقتە لياۋ (قىتان)، شىمالىي سۇڭ، تاڭغۇتلار بىلەن غەربتە رىم، ئىران، ئەرەب، ھىندىستانلار بىلەن سودا ئالماشتۇرۇشنى جانلاندۇردى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ئەركىن قانات يېيىشىغا يول قويۇلدى. بۇددا، مانى، خرىستىئان قاتارلىق دىنلار خالىغانچە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. يەرلىك مۇتەپەككۇر ۋە ئىجادكارلارلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم-مەرىپەت ئىزدەپ كەلگۈچى سىرتقى كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىش، مېھنەتلىرىمۇ ئالاھىدە قەدىرلىنىشكە مۇيەسسەر بولۇپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا مول مەزمۇنلۇق ، رەڭگارەڭ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

---

① بۇ خانلىقنىڭ نامى مەنبەلەردە ھەر خىل ئېلىنىدۇ. مەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قوچۇ-ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ بەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» («دىۋان»، 3-توم، 302-بەت) دېگەن بايانىغا ئاساسەن يۇقىرىقىدەك ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تېز بولدى. بۇ چاغدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنى دىنىي ئەدەبىيات ۋە ئاممىباب ئەدەبىيات تەشكىل قىلاتتى. دىنىي ئەدەبىيات بۇددا، مانى، خرىستىئان ۋە باشقا دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ چاغدا ئەدىب ۋە ئۆلىمالار دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقاتاتتى، تەرجىمە قىلاتتى. ئەسلى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تەقلىدىي ئەسەر يېزىپ چىقاتتى؛ دىنىي مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلارنى يازاتتى. دىنىي تەشۋىق قىلىدىغان مەدداھلىق، دىرامچىلىق يولغا قويۇلاتتى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار دىنىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئاممىباب ئەدەبىياتقىمۇ يۈزلەنگەن. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئاممىباب ئەدەبىياتتا بىلىم، پەندى-نەسىھەت، مۇھەببەت قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار خاھىشچانلىققا ئىگە ئەسەرلەرمۇ بار.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللەشتى، لېكسىكىسى بېيىدى، نازۇك مەنە-تۇيغۇ، قېيىن دىنىي ئاتالغۇ، ئابستراكت سىياسىي ئۇقۇم، مۇرەككەپ نەزەرىيىۋى ئىبارىلەرنى نىسبەتەن توغرا ئىپادىلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي، سىياسىي، دىنىي، ئىقتىسادىي، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلار مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىلىمىزنىڭ شان-شەرىپىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بىر ئۆلۈش ھەسسە بولۇپ قوشۇلدى.

## 2 . § . شېئىرىيەت

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت تەرەققىي قىلغان. ئۆز دەۋرىدىن يېتىپ كەلگەن ئەسەرلەرنى دەسلەپ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئەڭ ئاۋۋال 1919-يىلىدىن باشلاپ، لېكوك ۋە بانگا رەشىد رەھمەتى ئاراتلار تەتقىق قىلىپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ ر. ر.ئاراتنىڭ 1965-يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرغان «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابى قەدىمكى تۇرپان شېئىرلىرى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇرىيەتكۈزىدىغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلانغان ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئىچىدىن شېئىرغا ئائىت قىسىملىرىنى مەخسۇس ئايرىپ 649 كۇپلېت تېكستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، تۈركچە تەرجىمىسى، مۇھىم ئىزاھلار ۋە فاكسىمىلى بېرىلگەن. بۇرۇن نەسرىي تەرجىمە قىلىنغان بىر مۇنچە تېكستلەرمۇ ر.ر.ئاراتنىڭ كىتابىدا شېئىر (نەزمى) ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن①. ئېلىمىزدا، گېڭ شىمىن، ئى. مۇتىئى، ئا. خوجا، ت. ئايۇپ، ئى. يۈسۈپ، د. قەمبىرى، ق. بارات، ئى. تۆمۈرى قاتارلىقلار بۈگۈنكى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشتا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى.

قوچۇ شېئىرلىرى ئاپتورلارغا تەۋەلىك جەھەتتە خەلق ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق شېئىرلار ۋە ئىمزالىق شېئىرلارغا بۆلۈنۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر بىر شېئىرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

دالا ناخشىسى

ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا

تېكستى:

1. ئادقاشۇ تۇرۇر قات-قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانىيادانتا
ئارتۇچ سوگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئارانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئادىنماقسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

2. ئىچ تەرىنىڭ قات بۇك تاغدا
ئىرتەكى سوكى ئارانىياتاندا
ئىدىز تىكىم قايالىق باسغۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدى تىكىسىزدە
ئىمىرت چوغۇرت سوگۈت ئاراسىنتا
ئىنچگە-كىيە سۇۋ قىدىغىندا
ئىلىنمەكسىزىن ديان ئولۇرغۇلۇغ ئول

① ئى. تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 151-بەت.

ئانى تەگ ئورۇنلارتا

يەشمىسى

1. تۇتاش كەتكەن قاتمۇ-قات تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئارانيا-دانتا①
ئارتۇچ سوگۇت② ئاستىدا،
(شارقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا.
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان جايدا
هېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي هۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

2. قاتمۇ-قات بۈك-باراقسان ئورمانلىق تاغلاردا،
قەدىمىي بۇرۇنقى ئارانياتاندا،
ئېگىز، تىك قىيالار تۇۋىدە،
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چۆككەن،
بۈك-باراقسان دەرەخزارلىقتا.
يېگىچكە (ئېقىن) سۇلارنىڭ بويىدا،
پۈتۈن دىققىتى بىلەن دياندا③ ئولتۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

تېكىستى:

3. سەلىڭ بۇلۇڭ تەرىڭ تاغدا
سەۋىنگلىگ ئارانياتاندا
ساۋرالىپ ئاقار سوۋلۇغ ئەرىپ
سەپ-سەم ئاغلاقتا
سەكىز تۇرلۇگ يىللەر ئۇزە تەبرەنمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالكۇزۇن نوم مەكسىن تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

4. كوكەرىپ تۇرۇر كورىكلۇگ تاغدا
كوكۇل ياراشتى ئاغلۇق ئورۇنتا
كوپ يىگى تەلىم سوگۇتلۇگ ئەرىپ
كوپىرىپ تۇرۇر كولمەن سۇۋلۇقتا
كوز باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ

① ئارانيا — سانسكرىتچە (Aranya)دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «ئورمانلىق، ئورمانلىق تاغ» دېگەن مەنىدە.
② ئارتۇچ سوگۇت — قارا ئارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.
③ ديان — سانسكرىتچە (Dhyana)دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، چوڭقۇر خىيال قىلىش، ئىستىقامەت دېگەن مەنىدە.

كۆزنىمۇ بىلىنمىشچە ئۇرۇنلارتا
كۆسەنچىگسىزىن مەڭى تەڭىنگۈلۈك ئۇل
ئانى تەگ ئۇرۇنلارتا

يەشمىسى:

3. يىراق جىلغا، قاتمۇ-قات تاغلاردا،
سۆيۈملۈك ئارانىياتاندا،
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا،
ئۇن-تىنسىز خالىي يەردە.
سەككىز تۈرلۈك بوراندىمۇ تەۋرەنمەي،
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە،
سەبىر بىلەن يالغۇز نوم ھۇزۇرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان،
ئەنە شۇنداق ئۇرۇنلاردا.

4. كۆكسىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا
كۆڭۈلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئۇرۇندا،
شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا،
داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا،
كۆز قاتارلىق قاچىغلاردىن① خالىي بولۇپ،
(ھەممە نەرسە) كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان ئۇرۇنلاردا
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئۇرۇنلاردا②.

1. قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرى

ئاپرىنچور تېگىن. بۇ مانى دىنى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر. مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭكىدىن بۇرۇنراق، 9 — 10-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالماقتا. شۇ سەۋەبتىن، ئاپرىنچور تېگىننىڭ ياشىغان ۋاقتى باشقا شائىرلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇلاردىن كېيىنكىلەر «مانىغا مەدھىيە» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان شېئىرنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

ئەسلى تېكىستى:

مۇھەببەتنامە③

---

① قاچىغ — بۇددا دىنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئالتى قاچىغ».

② (يۇقىرىدىكى شېئىر پارچىسى ھازىر ئەنگلىيىدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن. بۇ شېئىر، ستەيىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن). بۇ كىتابقا ئا . خوجا، ت . ئايۇپ، ئى . يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

③ بۇ شېئىر پارچىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «توكەدى ئاپرىنچور تېگىن» ( ئاپرىنچور تېگىننىڭ ناخشىسى تۈگىدى. ) دېگەن سۆزلەر بار. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ شېئىرنى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچور تېگىن يازغان بولۇشى مۇمكىن.

تېكستى:

1. ئا ... ... ... ... ... ... ①
ئادىنچىغ ئامراق ...
ئامراق ئۆز-كىيەم ...

2. قاسىنچىغىمىن ئۈيۈ قادىغۇرۇرمەن
قادىغۇردۇقچە ئىلىنى كورتىلەم
قاۋىشىغىمايۇرمەن

3. ئۆز ئامراقىمىن ئۈيۈرمەن
ئۈيۈ ئەۋىرزۇرمەن ئۈدۈ ... چۈن
ئۆز ئامراقىمىن ئۈپۈكسەيۈرمەن

4. بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۇ يەمە ئۇمازمەن
باغىر ساقىم

5. كىرەيىن تىسەر كىچىكيەم
كىرۇ يەمە ئۇمازمەن
كىن يىپار يىدلىغىم

6. يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە
ياقىشىپان ئادرىلمالىم

7. كۈچلۈگ پىرىشتىلەر كۈچ بەرزۈن
كۈزى قارام بىرلە
كۈلۈشۈگىن ئۈلۈرالىم

يەشمىسى:

1. ئا... ... ... ... ...
بەكمۇ ئامراق ...
ئامراق نىگارىم ...

2. بايىرىمنى ئۈبلاپ قايغۇرىمەن،
قايغۇرغانسېرى قېشى گۆزىلىم (بىلەن)،
قوۋۇشقۇم كېلىدۇ.

---

① «...» چېكىت قويۇلغان قۇرلاردىكى سۆزلەر ئەسلى تېكستە ئۈچۈپ كەتكەن.

3. ئۇز ئامرىقىمنى ئۇيلايمەن،
ئۇيلاپ، ئۇيلاپ تۇرغانىمىرى،
ئۇز ئامرىقىمنى سويگۇم كېلىدۇ.

4. باراي دېسەم (يېنىغا) ئامرىقىم،
بارالمايمەن (بېرىشقا ئىمكانىيىتىم يوق)،
مېنىڭ باغرىم.

5. (سېنىڭكىگە) كىرەي دېسەم ئۇماقىم،
كىرەلمەيمەن (كىرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق)،
ئېپار ھىدلىغىم.

6. يورۇق تەڭرىلەر ساقلىسۇن،
باۋاشىم (مۇلايىمىم) بىلەن،
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى.

7. كۇچلۇك پەرىشتىلەر كۇچ (مەدەت) بەرسۇن،
قارا كۆزلۈكۇم بىلەن،
كۇلۇشۇپ ئولتۇرايلى①.

پراتىيا ياشىرى. بۇ كىشىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇلار «ئون تۇرلۇك نەزىر ئۇسۇلى»، «خانلىقلارغا پايدا يەتكۇزمەك»، «ئېتىراپ»، «توغرا يول»
بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەزگۇسى رەدنى تىبور،
بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەزگۇسى رەدنى تىبور.
رەدنىدە يىگ مەنىڭ ئەزگۇ تەڭرىم ئالىپىم بەكرەكىم،
رەدنىدە يىگ مەنىڭ تەڭرىم ئالىپىم بەكرەكىم.

بۇگۇنكى تىلىدىكى يەشمىسى:

تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ،
تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ.
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم-باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم،
گۆھەردىنمۇ ئېسىل،
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم-باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم گۆھەردىنمۇ ئېسىل.
«ياخشى تىلەك»، «ئىشەنچ»، «ياخشى نىيەت»،

---

① يۇقىرىدىكى شېئىر — لىكوكنىڭ 1919-يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۇرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابقا يۇقىرىدا ئېيتىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

«ھېكمەت پەزىلەتلىرى» (بۇنى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال.

ئەسلى تېكستى:

ئالقۇ ئۆدتە سۆزلەر ئۈچۈن كەنتۇ ئۆزۈم،
ئادىنلارقا كەرگەك بولغاي ساقىنچ ئۆزە.
ئانچا مۇنچا يىغىپ قوشتۇم پراتىيا ياشىرى،
ئاسىغ بولۇپ تىنلىغلارقا بوزقان بولسونلار.

بۈگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى:

مەن پراتىيا ياشىرى، ھەر زامان تىلغا ئېلىنىش ئۈچۈن،
باشقىلارغا كېرەك بولۇر دېگەن چۈشەنچە بىلەن،
بۇلارنى ئانچە-مۇنچە يىغىپ توپلاپ، نەزمە ئەتتىم؛
جانلىقلارغا پايدىلىق بولسۇن، ئۇلارمۇ بورقان بولۇشسۇن.

بەزىلەر پراتىيا ياشىرىنىڭ يەنەئاسىغ تۇتۇڭ دېگەن ئىسمىمۇ بولۇشى مۇمكىن دەپقارايدۇ①
ئەمما بۇنى داۋاملىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

چىسۇيا تۇتۇڭ. بۇ شائىرنىڭ 16 كۇپلېتلىق بىر شېئىرى يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭغا «ياڭشاماقلىق بۇدۇغى» (تەكەببۇرلۇق بويىقى) دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ئۇنىڭ ياشىغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس. تۆۋەندە بىر كۇپلېت شېئىرىنى مىسال قىلىمىز.

ئۆڭ باشلاپ ئادقانغۇلارغا بىلىگلەر قاچار،
ئۆكۈش قارا ئايىغ يوللۇغ ئۇرۇغۇغ ساچار.
ئۆگلۈك كىشى ئىستىم تۇتچى ياشماقسىز باچار،
ئۆشەلىكسىز يىگ نىرۋاننىڭ قاچاغىن ئاچار.

بۈگۈنكى تىلدىكى تەخمىنەن مەنە يەشمىسى:

ئالدى بىلەن ئازغاشقانلاردىن بىلىملەر قاچار،
كۆپلىگەن قارا، يامان يوللارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچار.
ئەقىللىق كىشى ھەر ۋاقىت يېڭىلمەسكە دىققەت قىلار،
مۇشۇنداق قىلىپ ئەڭ يۈكسەك نىرۋاننىڭ قاپقىسى ئاچار.

قالىم قايشى. بۇنىڭ شېئىرلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرچە ئۇنىڭغا تەۋە 30 كۇپلېت شېئىر ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ماۋزۇسى «سامانتا بادراغا نەزىر» (Samantabhadra) بولۇپ، ئاخىرقى كۇپلېتى خاتىمە دۇئاسى تەرزىدە يېزىلىپ، شائىرنىڭ ئىسمى قەيت قىلىنغان.

---

① . . . ئا.ات «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» 161-بەت.

بۇيان قاياقال. بۇ كىشىنىڭ شېئىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، كېيىنكىلەر TD80 نومۇر
قويۇپ ساقلىغان ۋە بۇ شېئىرغا خاتىمە دۇئاسى دەپ ئىسىم قويغان. 59 مىسرالىق بۇ شېئىرنىڭ
ھەممىسىدە «A» ھەرپى باش قاپىيە قىلىنغان. شائىرنىڭ ياشىغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس.
كى كى I . بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرى تۇرپاندىن تېپىلىپ، گېرمانىيىدە ساقلانغان. كى‌كى I
ئىمزاسىدا ئالتە كۇپلېت، تۆت پارچە شېئىر بار. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ شېئىرلار
خاتىرىلەنگەن ياپراقچىنىڭ كەينىگە يەنە بىر شېئىر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ 62 كۇپلېت ھەجىمدە.
بۇ ئەسەرلەرنى رەتلەپ تەكشۈرگۈچىلەر بۇنىمۇ كى‌كى I يازغان بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان①.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بۇ 62 كۇپلېت شېئىرنى ئابىتاتەگرى مەدھىيىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن،
ئۇنى بۇددا دىنىدىكى باشقا شېئىرلاردىن كونا، 10-ئەسىرلەردە يېزىلغان، دەپ ھېسابلاشقان②.
ئاتساڭ. بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «ئون ساۋاپلىق
ئىشقا مەدھىيە» دەپ ئاتاپ كېلىشكەن. ئۇنىڭدىن بىر كۇپلېت كۆرۈپ ئۆتىمىز:

ئەسلى تېكستى: .

ئاياغۇلۇغ ئومۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا،
ئادىنلارنىڭ ئايغى ئۇچۇن كۇئۇ كەلىگ ئۇز.
ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇز تاغلار قانى تەگ،
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كۆرۈكلە ئەتئۆز بەلگۇرۇر.
ئازۇ يىمە ئول قاڭىمىز باغلاشىئۇ،
ئامرىلىپ ئىنچ تەررەمەدىن ئولۇرمىش ئۆدتە،
ئارىتى نەڭ سىمەكسىزدىن ئالقۇتىن سىڭار،
ئاڭىسىز ئۆكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇ كۆزۈنۈر.

بۈگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى:

ھۆرمەتلىك پاسبانىمىز ھەر پەيتلەردە،
باشقىلار ئۈچۈن بەخت ئىزلىگەندە،
گويا ئاسمانغا تاقاشقان سۇمۇز تېغىدەك،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ.
يەنە ئۇ ئاتىمىز شۇك ۋە جىمجىت، چازا
قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا،
ھەر قايىسى ئۇلۇسلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈنىدۇ.

بۇ كۇپلېتتا شائىر ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە
ئوخشىتىشلارنى خېلى جايىدا قوللانغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

① ر . ر . ئارات «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» 189-بەت.
② ... 164 ... شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 19[illegible]-يىلى نەشرى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ دەۋردە يەنە كۆل تارقان، قارۇنداز، كۇنچۇك ئىدۇق-قۇت، كامالا ئانانتا قاتارلىق شائىرلار ئۆتكەنلىكى، مەنبەلەردە كۆرسىتىلمەكتە.

شېئىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مانى يېزىقى ئىشلىتىلگەن.

## 2. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

### 1 ـ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ دەۋر بىلەن ئالاقىدار بولغان شېئىرلار قوچۇ-تۇرپان، بەشبالىق ۋادىلىرىدا يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن. بۇلار سان جەھەتتە كۆپ①. ھەجمى زور بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىلىرى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ئېلىمىزدە ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار.

شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان شائىرلار ئىجاد قىلغان ۋە رەتلىگەن. يەنە بىر قىسمىنى بولسا، باشقا تىللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغىيان. بۇنداق شېئىر، قوشاقلار شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان ياكى كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى شېئىر، قوشاقلار دىنىي كۆز قاراش ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئىپادىلىگەن ئاممىباب شېئىرلاردىن ئىبارەت.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا شېئىرلاردا دىنىي ئەقىدىلەر، بىلىم قارىشى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، ئۆگۈت-نەسىھەتلەر، ھېكمەتلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

كونكرېت تەسۋىرلەر: دىنىي ئەقىدىلەر، غايىۋى مەنزىلگە ئىنتىلىش، جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك، ياخشىلىق قىلىش، دىن پېشىۋالىرىنىڭ پەزىلەتلىرى بويىچە كىشىلەرنى تەربىيىلەش، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسان روھىي مۇناسىۋىتىنى باغلاشتۇرۇپ، ھاياتلىقنىڭ قىممەت-ئېتىبارىنى ئۇلۇغلاش (قىسمەن ئەھۋالدا تەركىدۇنيا، چىنلىقنىمۇ، كەلگۈسى دۇنيانىمۇ تەرىپلەش) يۇرت-ۋەتەن سۆيگۈسى قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن چېتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا تەبىئەت مەنزىرىلىرى، دوستلۇق رىشتىسى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى، تەۋسىيىلەر، قەسىدىلەر، مەرسىيەنامىلەر، تىلەك-ئارزۇلار، جەڭ تەسۋىرلىرى، جۇدالىق زارى ۋە باشقا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كىچىك ھالقىلىرى تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلارمۇ ئۇچرايدۇ②.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى مەزمۇنىغا قاراپ، ئومۇمىي جەھەتتىن دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلار ۋە رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئاممىباب شېئىرلار دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلىمىز.

1) رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئاممىباب شېئىرلار

بۇ يەردە ئېيتىلغان «رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئاممىباب شېئىرلار» ئادەتتە دىنىي تۈس بولمىغان شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلار ئۆزىنىڭ تىل، تەسۋىرىي ۋاسىتىلار، مەزمۇندىكى كۆپ قىرلىق ۋە موللۇق، تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىنلىق، شەكىللىرىدىكى خىلمۇ-خىللىقى

---

① ئەنگلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇددىزم مۇھىتىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرى 949 كۇپلېت.

② ئى . تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 152-بەتلەر.

بىلەن قەدىمكى زامان شېئىرىيەت سەھنىسىدە كۆزنى چاقنىتىدۇ. بۇ خىل شېئىرلاردا ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى، بىلىم قارىشى، مۇھەببەت قارىشى، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار بىلەن دوست بولۇش، ھەققىدىكى توغرا تەشەببۇسلىرى، ئاياللارنى قەدىرلەش توغرىسىدىكى قاراشلىرى، سۆز-نۇتۇقنىڭ گۈزەل بولۇشى توغرىسىدىكى ئۆلچەم-پرىنسىپلار، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى تۆۋەندىكىدەك بەش خىلغا بۆلۈپ، قىسقىچە سۆزلەيمىز.

(1) بىلىم مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

بىلىم مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلاردا ئىنساننىڭ بىلىم ئۆگىنىشى كېرەكلىكى سۆزلەنگەن. پەقەت بىلىم ئىگىلىگەندىلا ئادەم بەختلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ ھەم ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن بىلىملىك ئەر بېلىگە بىر قارا تاش قىستۇرىۋالسا، ئاق قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىز ئالتۇن قىستۇرىۋالغان بولسا، تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ① دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، بىلىملىك بىلەن نادانىنىڭ پەرقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

(2) پەندى-نەسىھەت مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

پەندى-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردا گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاق مەدھىيىلەنگەن، ناچار قىلىقلارنى قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. بۇلارنىڭ تېمىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى گويا ئۆتۈك ئىچىدىكى ئۇلپاق (پىتەك)كە ئوخشايدۇ» دېگەن بۇ شېئىردا ئىنسان بالىسىغا ئومۇمىي بولغان شەخسىي خاراكتېر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلگەن بولسا، «ھەقىقەت توغرا بولسا، ئۇنىڭغا جاننى بېرىش كېرەك. ھەقىقەت مەڭگۇ ھەقىقەتتۇر. ھەقىقەت ئاتقان ئوق، ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىش كېرەك»② دېگەن شېئىردا رېئال تۇرمۇش لوگىكىسى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈلگەن. ئەندى «ئەيىبسىز ئاياللارغا، ئەرلەر بويىنىنى ئېگىش كېرەك. ئۇنداق ئەخلاقلىق ئايال بىلەن ئۆمۈربويى ئۆتۈش كېرەك»③ دېگەن مەزمۇندىكى شېئىردا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلىدىكى ئەر-ئايالنىڭ ئىناق ۋە باراۋەرلىك ئەخلاقى نورمىسى ئاساسىدا ھايات ئۆتكۈزۈش تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان.

(3) مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

روشەنكى، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئىنسانىي خۇسۇسىيەت، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھېس-ھاياجىنىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى شېئىرلار ئەنئەنىۋى تېما سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز يارىتىلىپ كېلىنمەكتە. مۇھەببەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ. قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئۆزى ھېس قىلغان بولغان تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ھادىسىلەرگە چوڭقۇر ۋە سەمىمىي مۇھەببەتتە بولۇپ كەلدى. بىز بۇ يەردە ئاساسەن قىز-يىگىت، ئەر-ئاياللارنىڭ سۆيگۈ (ئىشقى) مۇھەببەت مەسىلىسىگە بېغىشلانغان شېئىرلار توغرىسىدا توختىلىمىز. بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلار، جۈملىسىگە ئايرىنچور تېگىننىڭ «مۇھەببەتنامە» دېگەن شېئىرىنى

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 304-بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 306-بەت.
③ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 306-بەت.

سانانشقا بولىدۇ. بۇ شېئىردا جۇدالىق ئازابىنى تارتقان ۋاپادار ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنى ئەسلەپ، ۋىسال كۈنلىرىگە ئىنتىزار بولغانلىقى، ئۆز نىگارىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى، سېغىنىش تۇيغۇسى، شۇنداقلا ئۆز مەھبۇبىنىڭ ۋىسالىغە يېتىپ، خاتىرجەم، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تەڭرى ۋە پەرىشتىلەردىن مەدەت تىلەشتەك بىر خىل ئىلتىجاسى، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتەك ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىر ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئەر ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئايىلىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى بايان قىلىپ يازغان، دەسلەپكى يىگانە شېئىر بولۇش بىلەنمۇ قىممەتلىكتۇر.

(4) ئادىل شاھ مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

ئادىل شاھ مەزمۇنىدىكى شېئىر-قوشاقلار قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئادىل شاھ مەزمۇنىدىكى شېئىر-قوشاقلار قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. قەدىمدىن ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن ئېلىمىزگىچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەقدىرى ئادىل شاھنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس ئالاقىدە بولۇپ كەلدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئادىل شاھقا باغلاپ، تۇردى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئادىل شاھنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقىنى ئاشۇرغان. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، پادىشاھقا مەدھىيە ئوقۇغانىدا قۇرۇق، كۆپتۈرمە مەدھىيە ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ ئىززەتلىنىشىگە تېگىشلىك رولى قەيەردە، بۇ مەسىلە روشەن ئوبرازلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن①.

مەسىلەن، «سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھىمىز» دېگەن شېئىردا ئۇ پادىشاھنىڭ قۇدرەتلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ «ئالتۇندەك پاكىز»، «مەرۋايىتتەك ساپ»، «رەنا» مېھرىبانلىقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىلگەن②.

(5) تەبىئەت تەسۋىرى مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

تەبىئەت تەسۋىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىۋاسىتە، ۋەتەننى تەسۋىرلەش يەنى مەدھىيىلەش، كۈيلەش دېگەنلىك. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، ۋەتەننىڭ تاغ-دەريالىرى، ئورمان-يايلاقلىرى، ئېكىنزار-بوستانلىقلىرىنى ۋە خەلقنى سۆيۈشتىن ئىبارەت. قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرى، دىنىي نۇقتىدا تۇرۇپ، ئىستىقامەت قىلىدىغان ئورۇنلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، بۇنىڭغا يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «دالا ناخشىسى، شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ شېئىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كونكرېت ئىبارىلەر، جانلىق تەسۋىرلەر ۋە ھېسسىياتلىق مىسرالار بىلەن كۈيلىگەن نەمۇنىلىك شېئىرلارنىڭ بىرى. بۇ خىل پىزاژ تەسۋىرىدىكى شېئىرلار كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بەلگىلىك رول ئوينىغانلىقىدا گەپ يوق.

2) دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلار

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دىنىي ئېتىقادتا ئەركىن بولغان. بۇ يەردە بىرقانچە دىنلار، جۈملىدىن شامان دىنى (قالدۇق تەسىرى) بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، نىسۇرىيان دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى (بەزىدە چەكلەشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ) قاتارلىقلار بەلگىلىك تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرغان.

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 300-بەت.

② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 299-300-بەتلەر.

ئەدبلەر ئەينى دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيىسى بولغان دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى نورمال هادىسە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋقە، دۇنيا قاراشلىرىنى كۆپ چاغلاردا دىنىي ئېتقاد نۇقتىسىدىن تۇرۇپ بەلگىلەشكەن. كىشلىك دۇنياسىدا ياشىغان ھەربىر ئادەمگە ئۆز دەۋرىنىڭ سىنىپىي تامغىسى بېسىلىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىدا ئۇلار ئېتقاد قىلغان دىنلارنىڭ پۇرىقى بولۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى «خۇراپىي نەرسە» دەپ چەتكە قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ئۇلاردىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

(1) بۇددا دىنىي مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىي ئەقىدىسى بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، كۆپچىلىك شېئىرلار بۇددا دىنىي مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل شېئىرلار ئاساسەن، بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرىنى، دىن پېشۋالىرىنى مەدھىيىلەش (شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش)، غايىۋى مەنزىلگە ئىنتىلىش، شۇنداقلا تەركىيدۇنياچىلىقنى، كەلگۈسى دۇنيانى تەربىيىلەش قاتارلىق مەزمۇنلار تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاتساڭنىڭ بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى بولغان «بۇددا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سودۇر»غا مەدھىيە ئوقۇپ يازغان 14 كۇپلېتلىق شېئىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئاۋاتانساكا سۇترىسىنىڭ پەزىلىتىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە مەدھىيە ئوقۇش ئارقىلىق، جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك، ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنىكۆزلەش، بىلىمگە ئىنتىلىش، قەيسەر بولۇش ئىدىيىسىئىلگىرى سۈرۈلگەن. چىسۇياتۇتۇڭنىڭ «رەڭۋاز سۆزمەنلەر»① (32 مىسرا) دېگەن شېئىرىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇنى شائىر قويۇق دىنىي ئاتمۇسفېرادىن نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ يازغاندەك قىلىسمۇ، لېكىن، ئۇنى دىققەت بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا، كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا، بىلىملىك ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق بولۇشقا، باشقىلارغا تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا باھا بەرمەسلىككە، ئىشنى ئويلاپ قىلىشنىڭ لازىملىقىغا ئۈندەشتىن ئىبارەت مەزمۇنلارنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

«دالا ناخشىسى، شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىرنى مىسال قىلىدىغان بولساق، بۇ شېئىرمۇ قارىماققا بۇددا مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىردەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا، دىنىي كۆز قاراشلا ئەمەس، بەلكى، تەبىئەت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆزلەنگەن. ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان زاھىدلارنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئۇ زاھىتلار ئىستىقامەت قىلىدىغان جىلغىلار، ئورمانلىقلار، دەريا بويلىرى ۋە كۆل بويلىرىنى بەكمۇ چىرايلىق، جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ شېئىر ئەينى چاغدىكى تۇرپان بېزەكلىك قاتارلىق جايلارنىڭ مەنزىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى (بولۇپمۇ ئۆلىمالار ھاياتىنى) كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىدۇ.

(2) مانى دىنىي مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا قارىغاندا مانى دىنىنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان. شۇڭا، مانى دىنىغا نىسبەتەن بىرقەدەر چوڭقۇرراق ئىخلاسى بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى مانى دىنى مۇھىتىدا يورۇقلۇققا چىققان. «تەڭرى» («ئىلاھىيە» دەپمۇ ئېلىنغان) ناملىق شېئىردا تاڭ تەڭرىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش مەزمۇن قىلىنغان. ئاپرىنچور تېگىننىڭ «مەدھىيە» دېگەن شېئىرى تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇش ، ئۇنىڭغا تېۋىنىش ،

---

① ش . ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئۇچېركلار»، 97-98-بەتلەر.

ياللۇۋرۇشنى مەزمۇن قىلغاندىن سىرت، ئۆلۈمنى، دوزاخنى تەسۋىرلەشنىمۇ مەزمۇن قىلغان. يەنە بەزى شېئىرلاردا ئوبرازلىق تىل، تەسۋىرىي ۋاستىلار ئارقىلىق مانى دىنى ئەقىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان. بويسۇنمىغان، گۇناھكارلارنىڭ ئۆلۈمنى، دوزاختىكى ھالەتلىرىنى بەكمۇ دەھشەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. كىشىلەرنى مانىغا تېۋىنىشقا، تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇشقا چاقىرغان. دېمەك، دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان يۇقىرىقىدەك شېئىرلاردىن قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دىنىي قارىشى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

2 ـ قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە شېئىرىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، نەچچە ئون شائىرلار ئۆتكەن، نۇرغۇن لىرىك شېئىرلار ۋە داستانلار، ئېپوسلار يېزىلغان، توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان، رەتلەنگەن. بىز بۇ ماۋزۇدا ئاساسەن لىرىك شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز. لىرىك شېئىرلارنى ئىمزالىق شېئىرلار ۋە ئىمزاسىز شېئىرلار دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىمزالىق شېئىر دېگىنىمىز يۇقىرىقى ماۋزۇلاردا سۆزلەپ ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسمى بىلەن باغلانغان شېئىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمزاسىز شېئىر دېگىنىمىز ئاپتورى نامەلۇم شېئىرلارغا قارىتىلغان. ئىمزاسىز شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى خەلق قوشاقلىرى تۈركۈمىگە تەئەللۇق، بەزىلىرىنىڭ ئاپتورى ئېنىقلانمىغان.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ھەجمى كۆپ، مەزمۇنى مول، شەكلى تۈزىلىشى كۆپ خىل بولغاچقا، ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىرمۇنچە تەرەپلەرگە باغلاپ، چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىز ئىخچاملىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتا ئارقىلىق قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي يوسۇندا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى ئاممىباب شېئىرلار بولسۇن، مەيلى دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلار بولسۇن، ھەممىسى رېئاللىقنىڭ يا ئۇ يول بىلەن، يا بۇ يول بىلەن ئىپادە قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن «قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى» دېگەن ماۋزۇدا تەپسىلىي سۆزلىدۇق. ئومۇمەن، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى كىشىلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

2) ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى مەزمۇن يېقىدىن ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇلاردا تەبىئەت، جەمئىيەتنى سۆيۈشكە، كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەشكە؛ ئۆز ئەقىدىسى، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە سادىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان نۇرغۇن ئېسىل مەزمۇنلار بار. بىلىم، ئىجاد، ئەمگەك، ئادالەت، مۇھەببەت، ئەخلاق كۈچەپ تەرغىب قىلىنىدۇ. بۇ خىل مەزمۇنلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىدىكى شېئىرلاردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى، دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ بار. دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ ئېتىقاد، ساپ دىللىق، ئەزگۈلۈك، ۋاپادارلىق قاتارلىق پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان قىممەتلىك مەزمۇنلار بار. شۇڭا، ئۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇقىرى ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

3) مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن①، ئېپىك شېئىر ۋە لىرىك شېئىر دېگەن ئىككى ژانىر بويىچە تەرەققىي قىلىپ بارغان. بۇ يەردە دېيىلگەن ئېپىك شېئىر داستانچىلىققا قارىتىلغان. لىرىك شېئىرلار بېيىت ، غەزەل ، ئۈچلۈك (يەنى ئۈچ مىسرالىق شېئىر) ، تۆتلۈك، قەسىدە، مەرسىيە، رۇبائى، ناخشا-قوشاق قاتارلىق شەكىللەرگە ئىگە.

بۇ شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بەزىلىرى يەنە بىرمۇنچە شېئىرىي خىللارغا ئايرىلغان. مەسىلەن، ياش قاپىيىلىك شېئىرلار، ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلار، مىسرا بوغۇملىرى ئەركىن شېئىرلار ياكى چاچما شېئىرلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا «شېئىر-قوشاق» دېگەن ئاتالغۇنىڭ 11 خىل ئاتىلىشى يەنى ۋارىيانتى بولغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

(1) قوشۇغ — بۇ قوشاق، شېئىر، قەسىدە مەنىسىنى بەرگەن. بۇ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدۇر.

(2) قوژان — ناخشا مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان.

(3) قوشىا — شېئىر تۈزمەك مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان.

4) تاقماق — تۈزمەك، قوشاق مەنىسىدە.

(5) تاقشۇت — يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

بۇ ئىككى ئاتالغۇ يەنە بېيىت ، ئىككىلىك مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

(6) ئىر (يىر) — ناخشا، ئىرلىماق، ناخشا ئېيتماق مەنىسىدە.

(7) كۆگ ① — شېئىرنىڭ ۋەزنى مەنىسىدە؛ ② كۈي، ئاھاڭ مەنىسىدە؛ ③ ھەر يىلى شەھەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرىدىغان ھەزىل، قىزىقچىلىق، كۈلكە مەنىسىدە؛ ④ ناخشا؛ ⑤ ساز مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنغان؛ (8) پاداك؛ (9) شلوك؛ (10) كاۋى قاتارلىقلار چەت ئەل تىللىرى، (سانسكرىت تىلىدىن بولۇش ئېھتىمال)دىن كىرىپ، ئۆزلەشكەن. ئۇلار ئوخشاشلا نەزمە، شېئىر، مىسرا دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنغان؛ (11) باش، باشىق — بۇلار ئىلاھ (ئىلاھقا مەدھىيە ئوقۇيدىغان شېئىر مەنىسىدە) مەدھىيە، قەسىدە مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنى، تۈراق، بەھر، قاپىيە، رىتىملىرىمۇ كۆپ خىللىققا ئىگە. شېئىرلار كۆپىرەك بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىرىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا،قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى «ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرى»، «ئىرق بىتىگ» « ئوغۇزنامە » قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ شېئىرىيەت شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن①، بەلكى، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا زور يېڭىلىنىشقا ئىگە بولغان . ئۇ « دىۋانۇلۇغەتت تۈرك » تىكى شېئىر - قوشاقلار بىلەن پاراللېل ھالدا تارقىلىش بىلەن بىرگە « قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق »② قاتارلىق داستانلارنىڭ يارىتىلىشىغا، ئەنئەنىۋى شېئىرىي مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. ئومۇمەن، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىلغار مەزمۇننى ئىپادىلەشتە پۇختا، كۆركەم ۋە تۇراقلاشقان شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلانغان.

4) تىلنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاسىتىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

---

① بىز ئادەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى شېئىرىيەت، پروزا ۋە دراماتورگىيە دېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلگەن.

② بۇ ئىككىلا يادىكارلىقتا شېئىرىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن.

③ بۇ ئىككى داستاننىڭ بىر مۇنچە مىسرالىرى باش قاپىيىلىك شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا نەچچە مىڭ سۆز-ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئۇقۇملاردىن تارتىپ، ئەخلاقىي، پەلسەپۋى، دىنىي جەھەتلەردىكى نازۇك، ئىنچىكە، مۇرەككەپ ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەشكىچە بولغان جەرياندا ئۆز رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرغان. بۇ سۆزلەر شېئىرلارنىڭ مىسرا، رىتىم، قاپىيە، بوغۇم، بەھىر، ئىنتىزام، ۋەزىنلىرىگە تولىمۇ ماسلاشتۇرۇلغان. شېئىرلاردىكى سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يەنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق ۋە كىتابىي سۆزلىرىنىڭ تاۋلانغان لەھجىلىرىدىن كەلگەن. بەزى سۆزلەر مەدەنىي ئالاقە، ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن قوشنا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، سانسكرىت، خەنزۇ، سوغدى تىللىرىدىن كىرگەن. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ سۆز ئاتالغۇلىرى قىسقا، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق، جۈملە تۈزۈلىشى تەرتىپلىك ۋە مەنتىقىي راۋانلىققا ئىگە. شېئىرىي سۆز-ئاتالغۇلار ئېنىقلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۆز-جۈملىلەر ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلاردىن ئۇنۇملۇك، جايىدا پايدىلىنىلغان. ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك سوراق، ئىغىمىزىم، سۈپەتلەش، سىپلىشتۇرۇش، تەكرارلاش قاتارلىقلار شېئىرىي پىكىرنى ئېخىمۇ جانلىق، ئېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مىلادى 9-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

## 3 ـ § . نەسرىي ئەسەرلەر

1 . قىسقىچە چۈشەندۈرمە

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئاساسەن تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇنداق دېگەنلىك، بۇ دەۋردە نەسرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلمىدى دېگەنلىك ئەمەس. «ئوغۇزنامە» (ئۇنىڭ بەزى ئابزاسلىرى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان) ۋە نەچچە ئونلىغان لىنگۋىستىكا (خەت-چەك ھۆججەت) خاراكتېرىدىكى يازما ماتېرىياللار بۇ دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان، كۆچۈرۈلگەن، تارقىتىلغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەتنى، جۈملىدىن دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشقا خەلقلەرنىڭ شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا قاتنىشۋاتقان غەيرىي تىللىق بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكى ئاممىباب ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدى. بۇنداق ئەسەرلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئائىتلىرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇندىن قالسا، مانى دىنى ۋە نىستۇرىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. تېپىلغان بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردە ساقلانماقتا. قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىغان بۇددىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى كاتتا ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايە قىسسىلەر، رىۋايەتلەر ۋە تەمسىللەر بايان قىلىنىش ئارقىلىق بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرى تەشۋىق قىلىناتتى. ئۆز زامانىسىدا بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش سانالغاچقا، بۇ ئەسەرلەر قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور رول ئوينىدى.

بۇ دەۋردە خرىستىئان دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرمۇ تەرجىمە قىلىنغان. خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە پارچىلىرى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇلار ھازىر چەت ئەللەردە ساقلانماقتا.

قوشنا خەلقلەرنىڭ ئاممىباب ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمى مۇشۇ قوچۇ ئۇيغۇر دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ھىندى خەلق رىۋايەتلىرىدىن «ياغاچچى بىلەن رەسسام» قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئىزوپ مەسەللىرى»① مۇشۇ دەۋرىدىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

2 . سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ

1) سىڭقۇ سېلىنىڭ ھايات پائالىيىتى

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىب، جۈملىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى. يىرىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى. سىڭقۇ سېلى بەشبالىق (ھازىرقى جوڭغارىيە ۋادىسىدىكى جىمسار تەۋەسىدە)تا تۇغۇلۇپ، 10-ئەسىرلەردە ياشىغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ②. ئۇ قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بۇددا نوملىرى

---

① بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلدى.

② بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قاراشماقتا.

ھەققىدە مول مەلۇماتى بار، تەرجىمانلىقتا ياخشى ماھارەت يېتىلدۈرگەن، ئەدەبىياتتىن ئوبدان خەۋىرى بار كىشى ئىدى. سىڭقۇ سېلىنىڭ تۆھپىسى ئاساسەن تەرجىمە ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «سەككىز يۈگمەك» (؟)، «ئەت، ئۆزۈك كۆڭۈل-ئۆگ كۆرمەك. ئاتلىق نوم-تەننى، كۆڭۈلنى كۆرمەك ئاتلىق نوم» (پارچە) يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە نوم پارچىلىرىمۇ تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنى ئۇ تەرجىمە قىلغان. سىڭقۇ سېلى بۇ تەرجىمە ئەسىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتىشكەن ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق»نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىكى ماخاساتۋى تېگىننىڭ ئاتا-ئانىسى ئوقۇغان ھەر مىسراسى يەتتە خەتلىك بىر كۇپلېت مەرسىيە شېئىرىنى ئۆلۈك تەرجىمە قىلماستىن، قەدىمىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قوشاق شەكلىگە سېلىپ، تۆت مىسرالىق ئىككى كۇپلېت، تىلى ساددا، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىيات تولۇق ئەكس ئەتكەن قوشاق قىلىپ ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. رىۋايەتتىكى ئوبرازلار ئاغزىدىن ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، جۈملىلىرىنىڭ ئاخىرى كۆپىنچە قاپىيىداش بولۇپ، شېئىرىي تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەسەر گەرچە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن سانسكرىتچە نام ئاتالغۇلار قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا توغرا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قاراپلا تەرجىمان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا يالغۇز خەنزۇچە نۇسخىغىلا ئاساسلانماي، بەلكى ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى؛ توقرى تىلىدىكى نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلانغان دېگەن خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

2) «ئالتۇن يارۇق» ھەققىدە.

«ئالتۇن يارۇق» قىسقارتىلغان ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يالتىرىقلىغ كوپتا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق-يالتىراقلىق، ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك)».

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ 10 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى، 397 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى قاتارلىق بىرقانچە نۇسخىسى بار. بۇ ئەسەر خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىي ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنىدىغان ھېكايىلەر، قىسسىلەر سۆزلەنگەن. ئەسەردىكى مۇھىم رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە چامبۇدىۋىپ (سانسكرىتچە jambudripa) ئېلىنىڭ خانى ماخارادى (Maharatha)نىڭ كەنجى ئوغلى ماخاساتۋى (Mahasattva) تېگىننىڭ يەتتە ئەنۈكى (ئەنۈك-قەدىمىي ئۇيغۇرلار يولۋاس بالىسىنى شۇنداق ئاتايدۇ) بىلەن جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن چىشى يولۋاسنى ئۆز جېنىدىن كېچىپ گۆش ۋە قېنىنى ئۇلارغا ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسىرلىك بايان قىلىنغان. رىۋايەتتە، بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئەقىدىسى ئابستراكت سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلار، چۆچەك ھەم راۋان تىل، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

### «ئالتۇن يارۇق»تىن پارچە

(607) ئانتا ئوترۇ تەڭرى تەڭرىسى بورقان ئىنچاتىپ يارلىقادى: ئانانتا! ئۆڭرە ئەرتمىش ئۈندە بۇ چامبۇ

-نۇپ ئۇلۇستا ماخارادى ئاتلىغ ئىلىگ قان بار ئەرتى. ئول يمە ماخارادى ئىلىگ قان ئەرتىنگۈ ئۇلۇغ باي بارىملىغ تىساگلارى ئاغىلىقلارى ئى تارىغ ئەد تاۋار ئۆزە تولۇ،

ئالپ ئاتىم سۈلۈگ كوچىگە تۈكەللىگ، تۆتتىن سىگارىپىر ئوزۇنۇغ ئىيمىش باسمىش، ئۆكۈشكە ئاياتمىش ئاغىرلاتمىش، ئۇرۇك ئۇساتى كونى نومچە تورۇچە باشلاتاچى، ئىمەرىگمە قاماغ بودۇنىن قاراسىن ئاشمىش ئۆكلىتمىش، قوپتىن سىگار ياغىسىز ياۋلاقسىز ئەرتى. ئول ئاناتاغ ئوشۇغلۇغ چوقلۇغ يالىنلىق كوچلۈگ ئىلىگ قاننىڭ ئۇلۇغى قاتۇنىنتا توغمىش كۆرگەلى سەۋىگلىگ كۆرگلۈگ، مەڭزلىگ ئۈچ ئوغلانى ئەرتى. ئاڭ ئىلكى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخابالى ئەرتى. ئىككىنچى ئورتۇن ئوغلىنىڭ ئاتى ماخادىۋى ئەرتى. ئۈچىنچى ئاڭ كىچىكى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخاستۋى ئەرتى.

## ھازىرقى زامان تىلىدىكى تەرجىمىسى:

ئاندىن كېيىن تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بۇرقان مۇنداق دېدى: ئانانتا!① بۇرۇن بۇ چامبۇدۋىپ② ئېلىدە ماخارادى③ ئاتلىق ئىلىك خان بار ئىدى. ئۇ ماخارادى ئىلىگ خان ناھايىتى كاتتا باي بولۇپ، ئامبارلىرى ئاشلىق، خەزىنىلىرى مال-دۇنيا بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ باتۇر، مەرگەن، قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە تۆت ئەتراپىدىكى يەر-زېمىننى بويسۇندۇرغان. ھەممىنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. ئۇ دائىم توغرا نوم بويىچە، قانۇن-تۈزۈملەر بويىچە ئەلنى باشقۇرۇپ، ئەتراپتىكى پۇقرالارنى ئاۋۇتقان، ھەممە ئەتراپنى دۈشمەنسىز قىلغان ئىدى. مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، كۈچ-قۇدرەتلىك ئىلىك خان چوڭ خوتۇنىدىن ئوماق، چىرايلىق، كۆركەم ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخابالى، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخادىۋى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخاستۋى ئىدى④.

3. ئىككى تېگىن ھېكايىسى

«ئىككى تېگىن ھېكايىسى»[1] نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق:

سەيلىگە چىققان ئاق نىيەت تېگىن كۆپلىگەن جاپاكەش جانلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتىسى ماخارىتتىن ئىلىگنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. لېكىن خەزىنىدىكى بايلىق بىلەن پۈتۈن جاپاكەشلەرنى قۇتقارغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ مال-دۇنيانىڭ مەنبەيى بولغان دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ئەڭگۈشتەر، ئۈنچە-مارجانلارنى ئېلىپ چىقىپ نامراتلارغا تارقاتماقچى بولۇپ دېڭىزغا بارىدۇ ھەم نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ چىقىدۇ. بىراق ھەسەتخور ئىنىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاكىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ، ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسىنىڭ يېنىغا مەن تاپتىم دەپ ئاپىرىدۇ، ئاكىسىنى بولسا ئۆلدى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن بىر پەرىشتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن خەلق ئارىسىغا كىرىپ بىر تەرەپتىن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، پۇل تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەدىقە يىغىپ پۇل تېپىپ كۆپلىگەن نامراتلارنى ئاچ-زارلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئەقىل-پاراستى بىلەن نۇرغۇن

---

① ئانانتا — ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ قابىل شاگىرتى.

② چامبۇدۋىپ — دۆلەت نامى.

③ ماخارادى — سانسكرىتچە سۆز.

④ بۇلار ئا . خوجا، ت . ئايۇپ، ئى . يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

كىشىلەرگە يول باشلاپ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، قارا نىيەت تېگىننىڭ سۈيىقەستىدىن گۇمانلانغان ئاتىسى ماخارىتتىن ئىلىگ ئۇنى زىندانغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكايە ۋەقەلىكى ئاخىرلىشىدۇ.

باش قەھرىمانى باراناس شەھەر دۆلىتىنىڭ خانى ماخارىتنىڭ چوڭ ئوغلى ئەدگۈ ئۆگلى تېگىن (ئاق نىيەت شاھزادە) بۇددا دىنىنىڭ «باشقىلارنى قۇتقۇزۇش» ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسى سۈپىتىدە ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئەقىل-پاراسەتلىك، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى ئايىغ ئۆگلى تېگىن (قارا نىيەت شاھزادە) بولسا، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، سۈيىقەستچى، ھىيلىگەر ۋە قەبىھ ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدا بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىشى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاق نىيەت تېگىن ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھېكايىنىڭ جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. ھېكايە تىلىنىڭ ناھايىتى راۋانلىقى، قەدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، نۇرغۇن جۈملىلەرنىڭ قاپىيىلىك ۋە ئاھاڭدار چۈشۈرۈلۈشى ھەم ئاساسلىق ئىككى ئوبراز نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىغا قاراپ، بۇ ھېكايىنى توخرى تىلى (قەدىمكى كۇچا ياكى قەدىمكى قارا شەھەر تىلى)دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن دېيىش مۇمكىن①.

4. چاستانا ئىلىگ بەگ

ئەسەرنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق[2]. قەدىمكى ھىندىستاندىكى ئۇچايان (Ujjayini) بالىق دېگەن شەھەردە تەلەتى قورقۇنچلۇق ياۋۇز يەك شەيتانلار ئادەملەرنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ۋەھشىيلىك بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ. خەلق بېشىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەر كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئۇققان شەھەرنىڭ ئىلىگ بېگى چاستانى (Caastna) بارلىق كۈچىنى يىغىپ، ياۋۇز يەكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ يۈرىكىنى توختىتىپ، باتۇرلار بېگىدەك قورقمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان جاسارەتكە كېلىدۇ-دە، قەبىھ يەكلەرنىڭ سۈيىقەست، تەھدىتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ. بارلىق يەكلەرنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزىدۇ. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى چىستانى ئىلىگ بەگ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايىئاپەت ۋە كېسەللىك ئاپىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ھەم ئۈمىد-ئىشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسەردە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي ۋە ئىنتايىن ھىيلىگەر يەكلەر ئۈستىدىن پاراسەت، باتۇرلۇق بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋە جانلىق بايان قىلىنغان.

«چىستانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان. كېيىن بۇددا قىسسىلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئۇيغۇرلار بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگۈچى مەنىۋى قورالغا ئايلانغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

---

① توخرى تىلىدىن دېيىلىشىدىكى سەۋەب «باراناس» دېگەن شەھەرنامى توخرى تىلىدىكى « Baranas . » دېگەن نامدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، «Baranas» سانسكرىتچە Varanasi («دەريا ئايلىنىپ ئۆتكەن شەھەر» دېگەن مەنىدە)دىن كەلگەنلىكىدىندۇر.

«چاستانى ئېلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇددىزم ئەقىدىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن، دىنىنىڭمۇ ئەسلى مەنبەيى رېئال ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، بۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلەرمۇ رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. قەدىمىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بولۇپ تۇرغان، ئەلۋەتتە. بۇنداق شارائىتتا، كىشىلەر ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنى، شۇنداقلا بىرەر قۇتقازغۇچىنىڭ بەختكە ئېرىشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. دىنغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلغان خەلق ئاممىسى، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋېتىپ، غايىۋى مەزمۇنلىرىدىن چەكسىز زوقلانغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇددىزم ھېكايىلىرىدىكى قەھرىمان چىستانى ئېلىگ بەگنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسى ئۇيغۇرلارنى ئىلھاملاندۇرغان، ئاخىرى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بولغان. دېمەك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىيجانابلىق، ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش، باتۇرلۇق ۋە ئۈمىدۋارلىق بولۇش روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان. «چاستانى ئېلىگ بەگ ھېكايىسى» ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئوبدان ئۈلگىسى بولالايدۇ.

5. خەت-چەك، ھۆججەت ئەدەبىياتى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى بەلگىلىك ئەخلاقىي، قانۇنىي تەرتىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ دەۋردە كىشىلەر ئەنئەنىۋى، مەھەللى مۇناسىۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى بىر خىل كەڭ ئىجتىمائىي قىياپەتكە ئىگە قىلغان، بۇ، كىشىلەرنىڭ شەھەر تۇرمۇشىنى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي ئەتتۈرگەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە دائىملىق بولۇشنى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئادىل، توغرا ۋە باراۋەر بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەت-چەك، ھۆججەت شەكلىگە بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئادەتنى يۇقىرى دەرىجىدىن تۆۋەن دەرىجىگە، تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگىچە تەدبىقلىغان.

تۇرمۇشتا خەت-چەك، ھۆججەت شەكلىنى قوللىنىش كىشىلەر ئارىسىدا يېزىقنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقىنى، شۇنداقلا يېزىقچىلىق جەھەتتە مۇئەييەن ماھارەتنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

خەت-چەك، ھۆججەت يېزىقچىلىقى ئەدەبىياتنىڭ بىر شەكلى. ئۇ نەسرىي ئەسەرلەر تۈرىگە تەئەللۇق. بۇ جەھەتتە قاراپ، ئۇنى «خەت-چەك، ھۆججەت ئەدەبىياتى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا خەت-چەك، ھۆججەت ئەدەبىياتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. شۇ دەۋرگە مەنسۇپ خەت-چەك، ھۆججەت يازمىلىرىدىن دەۋرىمىزگە 400 پارچە ئەتراپىدا يېتىپ كەلگەن①.

ئالىملار بۇ يازمىلارنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە خىل بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ھازىرچە، بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز مۇنداق ئۈچ خىل بۆلۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

تۇگىشۋانىڭ بۆلۈش ئۇسۇلى.

بىرىنچى، ھۆججەت، بۇ تۈرگە كىرىدىغانلار پۈتۈم، توختام، كېلىشىم، قەرز ھۆججىتى ۋە

---

① ياڭفۇشۆ «چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر مۇندەرىجىسى»، «جۇڭگو دۇڭخۇاڭ، تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات خەۋەرلىرى» ژۇرنىلى، 1990-يىلى 1-سان.

ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر.
ئىككىنچى، خەت چەك، پەرمان-يارلىقلار.

ياپونىيىلىك شەن تىيەن شىنفۇ (يامادا نوبۇئو) قاتارلىقلار بۇلارنى، بىرىنچى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، ئىككىنچى، خۇسۇسىي ھۆججەتلەر، دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن. ئۇلار يەنە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى بولسا سەككىز خىلغا، خۇسۇسىي ھۆججەتلەرنى ئالتە خىلغا ئايرىغان①.

ئامېرىكىلىق كىلارك بولسا، بۇ ھۆججەتلەرنى دىنىدىن تاشقىرى، دىنغا ئائىت ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر ھۆججەتلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن②.

بۇ ئالىملارنىڭ بۆلۈش ئۇسۇلىدىكى پەرقلەر شۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، دەپمۇ پەرەز قىلىمىز.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبى يەر، گەزمال، قۇل قاتارلىقلار سودىسى: پۇل-ئاشلىق، توققۇلمىلارنى قەرزگە ئېلىش ۋە بېرىش، مال-مۈلۈكلەرنى ئىجارىگە ئېلىش، قۇل ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى ئىجارىگە بېرىش؛ بالا بېقىۋېلىش، مال-مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىش ۋە باشقا مال-مۈلۈكلەر ھەققىدە توختام تۈزۈش؛ ئىقتىسادىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خەت يېزىش شەكلى بىلەن نېمىنى ئۇقتۇرۇش ياكى نېمىلەرنى دېيىشتىن ئىبارەت خەت-چەكلەر ئىكەن.

بىرىنچى تۈرگە كىرىدىغان ھۆججەتلەر ئومۇمەن قاتتىق بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىلەن يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەت، خەت-چەكلىرىنىڭ شەكلى توغرىسىدا ئالىملار ئىنچىكە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. بۇ ھۆججەتلەر تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

سودا-سېتىق، پۈتۈم توختاملىرى مۇشۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاساسىي تىپلىرىنىڭ بىرى.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېزىقىدا كۆچمەس مۈلۈك، قۇل، چارۋا مالغا دائىر پۈتۈم-توختاملارلا شەكىللىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئاشلىق، گەزمال، ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىق نەرسە-كېرەكلەرنىڭ سودا-سېتىق ھۆججەتلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. ھۆججەتلەر ئىچىدە يەنە ۋەسىيەتنامىمۇ بار.

خەت-چەكلەر بولسا بىر يۈرۈش ئالاھىدە ھۆججەتلەر بولۇپ، ئۇلار پۈتۈم-توختاملارغا ئوخشىمايدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ۋەسىيەتنامىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرمۇنچە پارچە خەت-چەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدە ئانچە قاتتىق بەلگىلىمە يوق.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇ خەت-چەكلەر بىلەن ھۆججەتلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئومۇملىشىپ، خەت بىلەن ئالاقىلىشىش كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىدا بارلىق قانۇنىي ھەرىكەتلەر يېزىق ئارقىلىق بەلگىلەنگەن.

---

① شەن تىيەن شىنفۇ (يامادا نوبۇئو) قاتارلىقلار «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1992-يىلى 3-4-سانلار.

② كىلارك 1975-يىلى ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يازغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى — «شىنجاڭدىن تېپىلغان 13-(؟ 8) — 14-ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دىنىدىن تاشقىرى ھۆججەتلەرگە كىرىش سۆز».

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بەزى بۇيۇملار (ئاشلىق، هاراق، توقۇلما قاتارلىقلار)غا چېتىشلىق بولغان سودا-سېتىق توختاملىرىنى تۈزۈش بەلگىلىمە بولۇپ شەكىللەنگەن.

هۆججەت توختاملاشقۇچىلار بىلەن شاهىدلار قاتناشقان ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىدۇ. مۇنداق شەرتلەرگە رىئايە قىلىغان هۆججەتلەر ئاساسىي، ھەقىقىي هۆججەت (باش بىتىگ، ئۇلۇغ بىتىگ، چىن بىتىگ، چىن باش بىتىگ) دەپ ئاتالغان. قەرز ئالغان مال-مۈلۈكلەرنى قايتۇرغاندا ئىسپات ئۈچۈن «يانتۇت» (تاپشۇرىۋالغانلىق هۆججىتى) يېزىپ بېرىلەتتى. ئاساسىي هۆججەت يىتىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان قوشۇمچە نۇسخا هۆججەت يېزىلسا بولاتتى. بۇنداق قوشۇمچە نۇسخا «بۇچۇق بىتىگ» دېيىلەتتى.

هۆججەتلەرنىڭ ئاخىرىدا دائىم «نىشان» بىلەن «تامغا» ئاتالغۇسى ئارقىلىق ئىمزا قويۇش ئىپادىلىنىدۇ.

دىندىن خالىي بولغان هۆججەتلەردىكى تىلنى شۇ چاغدىكى دىنىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

هۆججەتلەردىكى بىرمۇنچە ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىنىشىچە، دىندىن خالىي بولغان هۆججەت تىلى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ يازما تىلنىڭ ئالاھىدە فورمىسى ئىدى. دىندىن خالىي بولغان هۆججەتلەردە ئەكس ئەتكەن پاكىتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يازما تىل بىلەن ئاغزاكى تىل بولغان. يازما تىلنىڭ ئۆزى بىردەك بولمىغانلىقتىن، ئەھۋال تولىمۇ مۇرەككەپلەشكەن. يېزىق تىلى بىر تەرەپتىن دىنىي ۋە تەبىئىي ئەسەرلەرنىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك» فورمىسى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «دېپلوماتىيە شەكلى»دىكى فورما ئىدى. دېپلوماتىيە شەكلىدىكى ئۇقۇملار سىستېمىسى ئۆز رولىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۈندىلىك تىل سىستېمىسىغا يېقىنلىشاتتى. بۇ خىل يېقىنلىشىش «دېپلوماتىيە شەكلى»دىكى تىلدا ئىشلىتىلگەن بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ[3].

تۆۋەندە هۆججەتلەردىن كۆرۈپ ئۆتەيلى:

(1) يەرنى ئىجارىگە ئېلىش هۆججىتى
بىچىن يىل ئارام ئاي ئىكى
يـ (ا) ڭى-قا ماڭا تەمۇر-بۇقا-قا
تارىغ تارىغۇ يىر كەرگەك بولۇپ
قايىمتۇ-نىڭ چانگىت-تاقى ئىلچى
بىرلە كىـ تاڭ ئۆلۈش-لۈگ يىرىن
ئىكى سىغ ياڤا-قا تۇتتۇم بۇ
يىر-كە ئاكىن تۇتسا بىرىم
ئالىم كەلسە مەن تەمۇر-بۇقا بىلۇر
مەن قيىمتۇ بىلمەز يۇلۇغ بىرىم
كەلسە ئول ئىقالىق بولۇر تانۇق
مىسىر تانۇق سەڭە بۇ نىشان
مەن تەمۇر بۇقا-نىڭ ئول
قيىمتۇ تەمۇر بۇقا-قا
ئايىتىپ بىتىدىم

هازىرقى زامان تىلىدىكى تەرجىمىسى

مايمۇن يىل بىرىنچى ئاينىڭ 2-كۈنى
مەنكى تۆمۈر بۇقىغا
تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەر كېرەك بولغىنى ئۈچۈن،
قايىمتۇنىڭ تاقى ئىلچىدىكى يېرىدىن ئىككى تاشلىق (ئۇزۇقلۇق)
يېرىنى ئىجارىگە ئالدىم. بۇ
يەرگە ھاكىم ئىجارە ئېلىش ئۈچۈن كەلسە مەنكى
تۆمۈر بۇقا مەسئۇل بولمەن.
قايىمتۇ مەسئۇل بولمايدۇ. باج تاپشۇرۇشقا توغرا كەلسە (ئىككىمىز) ئۇستىمىزگە ئالىمىز. گۇۋاھچى:
ىسىر. گۇۋاھچى. ساڭا بۇ ھۆججەتنى مەن تۆمۈر بۇقا يازدۇردۇم.
قايىمتۇ ئۆزى تۆمۈر بۇقىغا ئېيتقۇزۇپ بىتتىم①

(2) سالام خەت

بىمە توغا تۇزۇن قىلىنۇ بىلگە تۇزۇن قىلىنچلاغ بىلگە
بىلىگلىگ ئەدگۇ ئاتى يەڭگەچىمىز ئالتۇن يەڭگەچكە ئۇرى.
سىلىگ قارچور يازىردىن ئىراق يېردەن ياغۇق كۆڭلىن
ئىسىنۇ ئامرانۇ ئىسەنگۇ-لەيۇ ئۇكۇش كۆڭۈل ئايىتۇ ئىدۇر
بىز بىمە بۇ بىتىگ بىتىگىنچە ئەدگۇ ئىسەنئە ئېرۇر بىز
ئامتى ئېسەنگۇ بىتىگدە نە ئۇكۇش ساۋ ئايۇ ئىدالام
كۇرەگ كىشى كەلىپ بىزىڭ ئېچىك ئۆلتى ئېشىدتىمىز
ئانى ئۆلۇر-دى تېپ ئېشىدتىمىز ئانى كەرىكدە تۇرۇر
ئېردى سىغىتقا ئۆنتۇمۇز يازىر بىمە ئۆتۇكەنكە
كېتىن كەلتى مۇنچاق (دا) تەگى ئەدگۇ-ئە ئېسەننە ئېرۇر بىز سىز
نىڭ بىتىگىڭىزلەر كەلتى يۇگۇرگەن-تە بۇلتۇمۇز ئېسەنىڭىز-
لەرنى ئېشىتىپ ئۇكۇش سەۋىنتىمىز ئېردى بىنە كۇرەگ
ئاغزىنتا مۇنتاغ ساۋ ئېشىدىپ ئايى بۇسانتىماز ئالتۇن
يەڭەچ قاتىغلانىڭ ئەۋ بارق ئۇزقىيا باشلاپ تۇرۇڭ
ئايىغ ئاتلاغ بولماڭ قاتىغلانىڭ مېن بىمە قار
چور بىرلە چۇگۇلتىن ياڭى ئايقا تەگى قامچىۇ-
قا كەلگەي بىز بىپاراغ ئېلى يارۇقۇغ ئاچىناڭ

هازىرقى زامان تىلىدىكى تەرجىمىسى
مېھرى شەپقەتلىك يارىتىلغان، ئاق كۆڭۈل ئەقىل-

---

① بۇ ھۆججەتنى ئا . گرۈۋېدېل 1903-يىلى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان ۋە «ئىدىقۇت شەھرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ۋە 1902 — 1903-يىلى قىش پەسلىدىكى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (1905) دېگەن كىتابىدا ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ئۇيغۇر كەسپداشلىرىمىز ئىشلىگەن.

پاراسەتلىك ئابرويلۇق يەڭگىمىز ئالتۇن يەڭگىگە، ئوغلى ...
سىڭلىگ، قاچور، يازىرلاردىن يىراق يەردىن يېقىن كۆڭۈل بىلەن
سېغىنىپ ئەسلەپ ئامانلىق تىلەپ كۆپتىن كۆپ سالام.
بىزمۇ بۇ خەتنى يازغانغا قەدەر ساق-سالامەت تۇرۇۋاتىمىز
(ئەمدى سالام خېتىمىزدە نېمىلەرنى ئېيتساق بولار؟) ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك.
قاچقۇن كىشىدىن ئاكىمىزنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلىدۇق.
ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭ ھەسرىتىدە
ئۆزىمىزنى باسالماي يىغىغا چۈشتۇق. يازىرمۇ ئۆتۈكەنگە-
بېرىپ كەلدى. مۇشۇ كەمگىچە ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتىمىز. سىز-
نىڭ خېتىڭىز كەلدى ۋاقىتدا تاپشۇرۇپ ئالدۇق
ئامان-ئېسەن تۇرغانلىقىڭلارنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇق، بىراق
قاچقۇن كىشىنىڭ ئاغزىدىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بەكمۇ
قايغۇردۇق. ئالتۇن يەڭگە تىرىشىڭ ئۆي-ۋاقنى ياخشى باشقۇرۇپ تۇرۇڭ
يامان ئاتلىق بولۇپ قالماڭ. مەنمۇ قار-
چور بىلەن بىللە چۆگۈلدىن كېلەر ئايغىچە گەنجۇغا
كېلىمىز. ئىپار بىلەن ئەل ياروۇقا كۆيۈنۈڭ①.

① بۇ ھۆججەتنى پىللىئوت 1914-يىلى دۇڭخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرىۋالغان. خامىلتون «دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان 10-ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» (1986) دېگەن كىتابىدا ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى گۈلشەن ۋاھىت ئىشلىگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1988-يىلى 1-سان.

## 4 - § . دراماتورگىيە

### 1 . قىسقىچە چۈشەندۈرمە

شىنجاڭدا سەنئەت ئويۇنلىرى، سېھىرگەرلىك ۋە دراماچىلىق قەدىمكى دەۋرلەردىلا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

دراماچىلىقنىڭ ئىپتىدائىي ئالامەتلىرى سېھىر-سېھىرگەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار بار. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تاغ-قىيالىرىغا يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە ئون مىڭ پارچە قىيا تاش رەسىملىرى بايقالدى. بۇلارنىڭ تارىخىنى تاش قورال قوللىنىلغان نەچچە ئون مىڭ يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ[4]. مانا مۇشۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئىچىدە ئۈزۈن مۈڭگۈزلۈك ھايۋان سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئادەملەر، قانات-قۇيرۇقلۇق ئادەملەر، موللاق ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان، سەكرەۋاتقان ئادەملەر، پۇت-قولىنى كېرىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەملەر ۋە بېشى ئادەم، تېنى ھايۋان قىياپىتىدىكى ئادەملەر ئوبرازى قاتارلىقلار بار.

قورۇقتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە رەسمىي سېھىر ئويناۋاتقان ئادەم رەسىملىرى بولغان. مەسىلەن، بىر رەسىمدە بىر ئادەم چېپىپ كېتىۋاتقان تۆگە ئۈستىدە تىك ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، قانداقتۇ قىزىق بىر خىل سېھىر ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر رەسىمدە، بەستلىك بىر ئادەم ئىككى پۇتىنى سەل كېرىپ، سول قولى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بېشىنى يەرگە، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بېشىدىن ئېگىز تىك كۆتۈرۈپ تۇرغان؛ ئۈستىدىكى ئادەم ئىككى قولى بىلەن پەستىكى ئادەمنىڭ بىر (سول) قولىنى چىڭ تۇتۇپ، باش ۋە بېلىنى تۈز قىلىپ، ئاسمانغا قارىتىلغان ئىككى پۇتىنى چىرايلىق ھەرىكەت شەكلىدە ئېگىپ تۇرغان[5]. ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ بېشىدا پۇتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قارىتىپ، قىزىقارلىق سېھىر ئويناۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش — بۈگۈنكى كۈندىكى مۇشۇ خىلدىكى سېھىر نومۇرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بەدەن شەكلى، ھەرىكەت قىياپىتى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن چوڭ پەرق يوق.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا بايقالغان سېھىرگەرلىككە دائىر قورچاقلار ئوبرازىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. مەسىلەن، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن سېھىر-سېھىرگەرلىك ئويناۋاتقان «سېھىرگەرچى قورچاقلار»دىن خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇلارنىڭ بىرى بېشىدا ئېگىز بىر خادىنى تىك تۇرغۇزۇپ، ئىككى غولىچىنى كەڭ كېرىپ، (بىر قولى سۇنۇپ كەتكەن)

، تىزلىنىپ ئولتۇرغان جايىدىن ئاستا ئۆرە تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان، بۇ سېھىرگەرچى ماھىر سەھنە ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىدە بولۇپ، ناھايىتى زېرەكلىك ۋە پەم بىلەن قىزىق سېھىر ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە ئىككى سېھىرگەرچى قورچاقنىڭ بىرى ئۈزۈن سوزۇلغان ئىككى قولىدا يەرگە تايىنىپ، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك ئېگىز كۆتۈرۈپ موللاق ئېتىشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىرى (ئىككى قولى سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەينىدىكى مۈرە ئېگىزلىكىدىكى توساقتىن كەينىچە تىك موللاق ئېتىپ ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقان جىددىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر ساقال-بۇرۇتلۇق قېرى سېھىرگەرچى قورچاق (بىر قولى مۈرىسىدىن سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرگە دەسسەپ، بىر پۇتى ۋە قولىنى تۈز، ئۈزۈن سوزۇپ سول تەرەپكە

قاراپ قويۇندەك تېز پىرقىرىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن.

بۇلاردىن سىرت كۇچادىن تېپىلغان ئاسار-ئەتىقىلەر ئىچىدە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بەزى پاكىتلارمۇ بار. بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىز ئىككى پارچە سۈرەت بولۇپ، ئۇ ئويۇن ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن سۆڭەك كۈلى كومزىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىرسىنى ياپونىيىنىڭ ئۇتانا (大面) شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1906-يىلى قولغا چۈشۈرۈپ، 1957-يىلى ئېلان قىلغان. يەنە بىرىنى فرانسىيىلىك پېللىئوتنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1907-يىلى قولغا چۈشۈرگەن. ئالدىنقى كومزەكتە بىرقانچە كىشىنىڭ مەيداندا ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەم يۈزىگە نىقاپ تاقىۋالغان، رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، دراما ئويناۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى كومزەكتە تۆت ئادەمنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇلارمۇ نىقاپ تارتىۋالغان، رەڭگا رەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش، بۇلار قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدا دراما ئويناشتەك بىر خىل سەنئەت شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ [6]. شىنجاڭنىڭ تارىم ۋادىسى قەدىمكى زاماندا يالغۇز ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ بۇرۇن دراما ئوينالغان جايلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. تارىختا شىنجاڭ درامىلىرى ئىچكىرىدىكى خەنزۇ درامىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. « خەننامە . جاڭ چيەن تەزكىرىسى » دە خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا سېرىك - سېھىرگەرلىك (角觝,奇戏) بارلىقى ئېيتىلغان. «جىننامە. لۈگۇاڭ تەزكىرىسى» دە ئەينى چاغدا «سېرىك ئويۇنى» (奇伎异戏) بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ئومۇمەن خەن دەۋرىدىن باشلاپ، سېرىك، سېھىرگەرلىك ۋە باشقا ھەر خىل سەھنە ئويۇنلىرى، درامىلار غەربىي يۇرتتىن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ سېھىرگەرلىك، درامىچىلىق ئىشلىرىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن[7]. بۇ ھال سېھىرگەرلىك، درامىچىلىقنىڭ پۇختا ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە جۇڭگو ئالىملىرىدىن ۋاڭ گوۋېي قاتارلىقلار بىر قاتار ئىزدىنىشلەردە بولغان ۋە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلغان. لوشاۋۋېىن ئەپەندى بولسا مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى غەربىي يۇرت سېرىك-سېھىرگەرلىكىنىڭ شەرققە سىلجىشىنى جۇڭگو سېرىك-سېھىرگەرلىكىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ... غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلار قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئاساسلىق دىنلار ئەڭ ئاۋۋال گۈللەنگەن رايون ھەم دۇنيا سېرىك-سېھىرگەرلىك يۇرتى» دەپ كۆرسەتكەن[8].

سوڭ سۇلالىسى (960 — 1279) ئەلچىسى ۋاڭ يەندى (939 — 1006) «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا «توققۇزىنچى ئايلار ئىدى. پادىشاھ، شاھزادە ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بىزنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزنى ئويۇن بىلەن قارشى ئالدى، پادىشاھ بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ سەيلە ئويۇن كۆردى، كۆكۈللۈك زىبايەت تاكى گۈگۈم چۈشكىچە داۋاملاشتى» دەپ يېزىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا ھازىر ساقلىنىپ قالغان تىبەت يېزىقىدىكى «ئودۇن ئېلىدىن تەلىم ئېلىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا قەدىمكى ئودۇن رايونىدا دراما ئوينىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان (قەدىمكى ئودۇن تىلىدا دراما دېگەن سۆز «nataa» دېيىلگەن).

يېقىنقى يىللاردىن بېرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن قەدىمكى كۇسەن - ئاگنى تىلى ۋە سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان دراما پارچىلىرى (مىلادى 618 — 907 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە

مەنسۇپ) تېپىلدى . ئالدىنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپلىرىدىن « مايتىرى ـ سىمىت » Maitreya samiti)
nataka) « ناندا ھەققىدىكى دراما » ( Nandacarianataka ,难陀本行集剧本)، ئۇنىڭدىن
باشقا ئارانېمى ( Aranemi ) پادىشاھقا مۇناسىۋەتلىك دراما پارچىسى ؛ كېيىنكى دەۋرلەرگە
مەنسۇپلىرىدىن تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ماسگىنىڭ « سارىپۇترا پراكارانا » (马鸣著 , « 舍
利弗篇 » Prakarana Sariputra) دراما ئەسىرى قاتارلىقلار①.

2 . «مايتىرى سىمىت»

1 ـ پرتانراكشىت

پرتانراكشىت قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمانى، جۈملىدىن «مايتىرى سىمىت» ناملىق يىرىك سەھنە ئەسىرىنى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان كىشى.

تەرجىماننىڭ تولۇق ئاتىلىشى پرتانراكشىت كرماۋازىك (Prajtanaraksita karmavasuka)② تەتقىقاتچىلار پرتانراكشىتنى 8 — 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان ئادەم دەپ قارىشىدۇ، شۇنداقلا بەزىلەر ئىلى رايونىدا دېسە، بەزىلەر قوچۇ (تۇرپان) رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەپ ھېسابلايدۇ. پرتانراكشىت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، توخرى تىلى سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى، پىشقان ئەدەبىي تەرجىمان، بۇددىزمدىن ئوبدان خەۋىرى بار بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

بۇ ئەسەرنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش بېگەن تۆتۇق ئايىلى تۇزۇن بىلەن بىرگە كۆچۈرتكۈزگەن.

2 ـ «مايتىرى-سىمىت»

«مايتىرى-سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر.

ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق بۇددا دىنى نەزەرىيىدىكى قۇتقازغۇچى تەڭرى — كەلگۈسى بۇرقان مايتىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

«مايتىرى-سىمىت» قول يازمىسىدا ئۇنىڭ قايسى تىللاردىن ۋە كىملەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن 3 ـ بۆلۈمنىڭ خاتىمىسى مۇنداق چۈشۈرۈلگەن:

ئالقۇ شاساتارلا رىغ ئۆتكۈرمىش تۇپكەرمىش
ۋايىباش شاشتر بوشغۇنمىش ئارياچىنترى بودىس (ا) تۋا
كىشى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن توقرى تىلىنچە
ياراتمىش پرتاراكشىت (ك) رماۋازىك توقرى
تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئەۋىرمىش مايتىرى سى

① گېڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى درامىسى ‹مايتىرى سىمىت› (قومۇل نۇسخىسى) تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ دراما مەدەنىيىتى»، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا، 147 ـ بەت.
② پىرتانراكشىت — بۇ لەقەم بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ مەنىسى «ئەقىللىق ئەۋلىيا» دېگەنلىك.

مىت نوم بىتىگدە ئانىروتى ئارخانتىنىڭ
ئاۋدانى ئاتلىغ ئۈچۈنچ ئۈلۈش تۈكەدى.

هازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسى

بارلىق شاستىرلارنى①، پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان
ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچىنتىرى بۇدساتۋا
ئۇستاز ئەنەتكەك② تىلىدىن توقرى تىلىچە
ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتانراكشىت كرماۋاژىك توخرى
تىلىدىن تۈرك تىلىغا③ تەرجىمە قىلغان مايتىرى سى
مىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ
ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.

دېمەك، ئالدى بىلەن سۇلمى④ لىق ئارياچانتىرى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«مايتىرى-سىمىت»نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسى⑤ (قول يازما نۇسخىسى) بارلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1959-يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان نۇسخا بىرقەدەر تولۇق⑥.

دراما قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان[9].

«مايتىرى-سىمىت» بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىگە مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ، ئارياچانتىرى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرىچە نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان. يەنى سانسكرىتچىدىن توخرىچىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن. توخرىچە نۇسخىلارنىڭ بىرىدە ئەسەرنىڭ نامى⑦ «Maitreya samiti nataka» دەپ يېزىلغان. توخرىچە نۇسخىلاردا يەنە ۋەقەلىك ئورنى، پېرسوناژلار ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەر كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ توخرىچە نۇسخىسىنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا بىلەن توخرىچە نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن مۇتەخەسسىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىنىڭ توخرىچە نۇسخىغا مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۇسلۇب جەھەتتە پەرق قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىدا، ھەربىر بۆلۈم (پەردە)نىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىلا كۆرسىتىلگەن. ھەربىر بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا شۇ بۆلۈمنىڭ نامىمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى-سىمىت»نىڭ توخرى تىلىدىكى سەھنە ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ ھەر بۆلۈمنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەنلىكى، ھەربىر بۆلۈمنىڭ

---

① شاستىرى ـ سانسكرىتچە ئاتالغۇ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان سۇترانىڭ تەپسىرى.
② ئەنەتكە تىلى ـ سانسكرىت تىلىنى كۆرسىتىدۇ.
③ تۈرك تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ.
④ سۇلمى — ھازىرقى قارا شەھەرگە توغرا كېلىدۇ.
⑤ ئالتە خىل نۇسخىسى بار دېيىلىدۇ.
⑥ بۇ نۇسخا جەمئىي 586 بەت، ئەمما ئۇمۇ تولۇق ئەمەس.

ۋەقەلىكى كونكرېت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسەرنىڭ نامى «مايتىرى-سىمىت سۇدۇر (سۇترا)» دەپ يېزىلماي، بەلكى «مايتىرى-سىمىت نوم بىتىگ»① دەپ يېزىلغانلىقى ۋە بۇ ئەسەردە ئۇچرايدىغان «كۆرۈنۈچ» (كۆرۈنۈش) سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى-سىمىت»نىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ[10].

«مايتىرى-سىمىت»نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق:

«مايتىرى-سىمىت» درامىسى سەككىز ياشلىق مايتىرىنىڭ[11]. ئۇستازى باذارى براھماننىڭ چۈشىدە «ۋايشىراۋانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ.

قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرۇلۇق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ-غارايىب تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ[12].

«مايتىرى-سىمىت»نىڭ قومۇل نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىشتا ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ئا. خوجا، ئى. يۈسۈپ، د. قەمبىرلەرنىڭ ئەمگىكى چوڭ بولدى. بىزنىڭ بۇ ئەمگىكىمىزگە ئاساسەن شۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ، بەزى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى. ئوقۇغۇچىلار، بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي ماتېرىياللارنى شۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن كۆرسە بولىدۇ.

ئىزاھات:

[1] «ئىككى تېگىن ھېكايىسى» (كالياناماكارا ۋە پاپاماكارا)نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىنى فرانسىيىلىك پېللىئوت (P. Plliot) 1907-، 1909-يىللىرى ئارىلىقىدا دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىن تاپقان بولۇپ، ھازىر «پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسى»دا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا كىچىك كىتابچە شەكىللىك قول يازما بولۇپ، ھەجىمى 11×14 سانتىمېتر، جەمئىي 80 بەت. ھەر بىر بېتىگە 7 — 8 قۇر خەت يېزىلغان، لېكىن باش-ئايىغى تولۇق ئەمەس. شۇڭا بۇ ھېكايىنىڭ قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

[2] «چىستانى ئىلىگ بەگ»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى گېرمانىيىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىدى (1905-، 1907-يىللار ئارىلىقىدا) تۇرپاندىن تاپقان بولۇپ، ھازىر غەربىي بېرلىندە ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ باش-ئايىقى تولۇق بولمىغاچقا (ساقلىنىپ قالغىنى 318 قۇر)، قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

[3] بۇ ماۋزۇ ل. يۇ. تۇگۇشېۋا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)نىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان 8-، 14-ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار» دېگەن ماقالىسى ئاساسىدا يېزىلدى. («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1990-يىلى، 2-3-بىرلەشمە سان.)

[4] ئا . م . سايرامى «تارىختىكى ئۇيغۇر سېرك سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1994-يىلى 4-5-بىرلەشمە سان.

[5] خۇباگجۇ «قۇرۇقتاغ قىياتاش رەسىملىرى» «يىپەك يولىدىكى تەسۋىرى سەنئەت» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 158-159-بەتلەر.

---

① نوم بىتىگ — نوم پۈتۈك: كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق دىن تەرغىب قىلىدىغان ئەسەر دېگەن مەنىدە.

[7][6] «شىنجاڭنىڭ دىرامىچىلىق مەدەنىيىتى» «شىنجاڭ دىرامىچىلىق تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن. 1988-يىلى خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا، 1-توپلام، 148-، 147-بەتلەر.

[8] لوشاۋۋېن «غەربىي تۈرك سىركىچىلىكىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1988-يىلى، 5-سان، 62-بەت.

[9] ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قارشى ھەر خىل. كۆز قاراشلار مۇنداق: گېرمانىيىلىك لىكوك ئەسەرنىڭ سىڭگىم نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى 8-، 9-ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. گاباﺋىن خانىم 1957-يىلى ئەسەرنىڭ سىڭگىم نۇسخىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ماقالىسىدا ئۇنى 9-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، دەپ قارايدۇ ۋە «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىردە «مايترى سىمىت»نى «ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن» دەپ كۆرسەتتى. فرانسىيىلىك خامىلتون گاباﺋىننىڭ ماقالىسىغا باھا بېرىپ يازغان ماقالىسىدا ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدىكى نۇسخىسىنىڭ خەت شەكلىنىڭ دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى 10-ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. تۈركىيىلىك سىناشى تېكىن 1970-يىلى ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» كىتابىنىڭ پۈتكەن دەۋرى» دېگەن ماقالىسىدە گاباﺋىن 1961-يىلى ئېلان قىلغان فوتو نۇسخىسىنىڭ 219-نومۇرلۇق ۋارىقىدا تىلغا ئېلىنغان كالپاترى (سانسكرىتچىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاق كۆڭۈل ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە)نى، تۇرپاندىن تېپىلغان دەۋرى 767-يىلىغا توغرا كېلىدىغان ئىبادەتخانا تۈۋرۈكىگە ئىسمى يېزىلغان كالپاترى ئىسىملىك سەدىقىچى بىلەن بىر ئادەم ھېسابلايدىغانلىقىنى شۇنداقلا بۇ نۇسخىنىڭ خەت شەكلىنى ئاساس قىلىپ، 7-، 8-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەملىكەت ئىچىدە پروفېسسور فېڭ جاشېڭ 1962-يىلى ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى توغرىسىدا «مەدەنىي يادىكارلىقلار» 7-،8-بىرلەشمە سان. ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا باشقا كۆز قاراشلارنى رەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە ۋاقتى بەك بالدۇر بولۇپ كەتكەن چۈنكى، بىر توقرى ئادىمى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئالدى بىلەن زور بىر تۈركۈم بۇددا نومى ئوقۇيدىغان ئوبيېكتنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى بۇ بىر تۈركۈم بۇددا نومىنىڭ تۈركىي تىلدىكى قايسى مىللەتلەر ئۈچۈن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم؟

ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشى ئاساسىدا ئەسەرنى 10-، 11-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ. گېڭ شىمىن 1980-يىلى ئەسەرنى 10-ئەسىر ئەتراپىدا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارىغانىدى. 1982-يىلى ئۇ كۆز قاراشلىرىنى بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىپ ئەسەرنىڭ قۇمۇل تۆمۈرتى نۇسخىسىنىڭ بىرقەدەر قەدىمىي يازما خەت نۇسخىسى ئىكەنلىكى ۋە ئەينى دەۋردە بۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسەرنى كېچىككەندىمۇ 8-، 9-ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قۇربان ۋەلى 1982-يىلى «‹مايترى سىمىت› ۋە ‹توخرى تىلى›» دېگەن ماقالىسىدە 9-ئەسىردىن ئىلگىرىكى تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى، يېزىقلىرى ۋە گۈللەنگەن مەدەنىي ھاياتىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئەسەرنىڭ مىلادى 7-ئەسىرلەردىلا

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوينالغان مەشھۇر درامىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئىسرائىل يۇسۇپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىقلار بولسا «مايترى سىمىت»نىڭ 1-تومىنىڭ «كىرىش سۆز»ىگە يازغان ماقالىسىدە بۇ درامىنى 8-ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئەسەر قوچۇ ئۇيغۇر قاغانى ئىدىقۇت ئارسلانخان (948-984-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭغا پاكىت قىلىپ، يۇگۈنچ بۆلۈم 14-ۋاراقتىكى «تەڭرى بۆكۈ ئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى ئۇيغۇر تەركەنىمىز» دېگەن مەدھىيە ۋە بېغىشلىما جۈملىلەرنى مىسالى قىلىدۇ. (مۇھەممەد ئېلى؛ «‹مايترى سىمىت› دراممىسى توغرىسىدىكى يېڭى بايقاش»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1992-يىلى، 3-سانىغا قارالسۇن)

[01] ئىسرائىل يۇسۇپ، ئابدۇقېيىم خوجا، دولقۇن قەمبىرى «‹مايترى سىمىت›قا ‹كىرىش سۆز›» «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايترى سىمىت›» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 6-بەت.

[11] بۇددىزم تەلىماتىدا چۈشەندۈرۈلىشىچە، بۇددا (ساكيامۇنى) نىرۋانا (بۇددىزمچىلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئەڭ يۇكسەك مەنىۋى مەنزىل، يەنى بۇددىزم يولىدىكى ئۆلۈم)غا كېتىش ۋاقتىدىكى قىلغان ۋەسىيىتىدە مايترىنىڭ كەلگۈسىدە بۇددا بولىدىغانلىقىنى مۇنەججىملىك بىلەن ئېيتقانمىش.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تارىم ۋادىسىدىكى كۇچا، قارا شەھەر قاتارلىق قەدىمكى يۇرتلاردا ياشىغان كىشىلەر مايترىغا چوقۇنغان. بۇ شۇ چاغدىكى مىڭ ئۆي رەسىملىرىدە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. شۇ زاماندىن تېپىلغان «مايتىر- سىمىت» بۇنى يازما ھۆججەت سۈپىتىدە ئىسپاتلىدى.

[12] قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار — ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى.

# VI باب. قىتان — لىياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## 1 - § . ئومۇمىي ئوبزور

قىتانلار ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالى تەرىپىدە ياشىغان مانجۇ-تۇڭغۇس تىللىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. مىلادى 4-ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى خۇاڭخې دەرياسى (سارمورېن دەرياسى) ۋە تۇخې دەرياسى (لوخا دەرياسى) ۋادىلىرىدا قىتانلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان. قىتانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر تۇڭغۇس تىپىدىكى خەلق دېسە، بەزىلەر موڭغۇل تىپىدىكى قەبىلە، يەنە بەزىلەر تۈرك تىپىدىكى قەبىلە دەپ قارايدۇ①.

قىتانلار تارىخىي تەرەققىياتتا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز زورىيىپ تۇرغان. 552-يىلى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندا، بىر قىسىم قىتان قەبىلىلىرى بۇ خانلىق تەۋەسىدە بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، قىتانلار بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يۈز يىلغىچە ياشىغان②. ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قىتانلار بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. 901-يىلى ئاپاگىنىڭ قىتانلارغا ھۆكۈمران بولۇشى بىلەن قىتان مىللىتىنىڭ تارىخى يېپيېڭى سەھىپىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قىتان خانلىقى (916 — 1125) ۋە غەربىي لىياۋ سۇلالىرىنى قۇرۇپ، ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى.

قىتانلار خانلىق قۇرغان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى غايەت زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئاساسى ۋە سەۋەبى بار. گەپنى يەنىلا قەدىمكى دەۋرىدىن سۆرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

موڭغۇل دالىسىدا ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، قىتانلارنىڭ بۇ خانلىققا قارىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. دەل شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقى رۇسى دېگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارنى قىتانلارغا نازارەتچى ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن يەنە زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارمۇ ئۇ يەرگە بارغان. 840-يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن قەبىلىلەر تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ كەتكەن. قىتانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار موڭغۇلىيىدىكى ئورقۇن دەرياسى ساھىلىگە قايتىپ كەتمەي، ئاۋۋالقىدەكلا قىتانلار يېرىدە قېلىپ، قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. بىر مەزگىللىك ياشاش ۋە تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۇيغۇرلار بىر قەبىلە بولۇپ زورايغان ۋە بىر قانچە جەمەتكە بۆلۈنگەن، «شۇلۇ» بىر جەمەتنىڭ ئىسمى بولغان. قىتانلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن قۇدا-باجا بولۇشالايدىغان يۇقىرى ئىمتىيازنى مۇستەھكەملىگەن. شۇلۇ يۆلىدۇ خانىشنىڭ ئوغلى، قىتانلارنىڭ تەيزۇڭ خانى بولمىش ياللۇغ دېگۇڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ، «خانىش (ئانىسى شۇلۇ يۆلىدۇنى دېمەكچى-نەقىلچىدىن)نىڭ جەمەتى چوڭ كونا ئارچىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس» («ئومۇمىي ئۆرنەك»، 286-جىلد،

① ئە . بايتۇر، خ . سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 721-بەت.

② فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، 6-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 23-بەت.

«كېيىنكى خەن تەزكىرىسىنىڭ بىرىنچىسى» «通鉴» 286 卷 «后汉纪一» دېگەن.

«لىياۋ تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «تەيزۇنىڭ چۇنچىن خانىشى شۇلۇ ئۇرۇقىدىن، يوشۇرۇن ئىسمى يېك، ئەركىلەتمە ئىسمى يۆلدۈر. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى (مۇنۇلار)، ئۇيغۇر رۇسى ۋېي نىڭشىلىنى تاپقان، ۋېينىڭ (شىلى) جىنسىمپىلىنى تاپقان، جىنسى (مېيلى) پوگۇمپىلىنى تاپقان، پوگۇ (مېيلى) يۇندې جىياۋاڭ (لىياۋ تەيزۇ ياللۇغ ئاباگىنىڭ بوۋىسى يۈندىشى — نەقىلچىدىن)نىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇلار قىتانلارنىڭ ئۇك تەرەپ قەبىلىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۆگۈنىڭ ئىسمى يۆۋەن بولۇپ، ياۋلىيەن ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى بولغان.» دېمەك، شۇلۇ يۆلدۇ مىلادى 879-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، رۇسى ئۇنىڭ چوڭ بوۋىلىرى يەنى تۆتىنچى بوۋىسى بولۇپ، ئارىلىقتا ئۈچ ئەۋلاد ئۆتكەن. ھەربىر ئەۋلاد 30 يىلدىن ھېسابلانغاندا، بۇنىڭغا تەخمىنەن 100 يىل بولغان. يەنە بۇنىڭغا رۇسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈپ، يۆتكىلىپ ماكانلاشقان ۋاقتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئومۇمەن شۇلۇ يۆلدۇ خانىشىنىڭ ئەجدادى قىتانلارغا بېرىپ ماكانلاشقان ۋاقتى مىلادى 750 — 760-يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن چاغلىرى ئىدى.

شۇلۇ يۆلدۇ قىتانلارنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى خانى لىياۋ تەيزۇ ياللۇغ ئاباگىغا ياتلىق بولغان. دادىسى يۆۋەن ياۋلىيەن قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئازاگېزىسى (ئەمەل نامى — ئاتامان مەنىسىدە بولسا كېرەك) بولغان. ياللۇغ ئاباگى 907-يىلى خان دەپ ئاتالغاندا، ئۇ «زېمىن خانىش» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرنى توپلاپ، ھەربىي تەييارلىقلارنى ئىشلىگەن. 913-يىلى 3-ئايدا ئاباگىغا قارشى ئىنىسى لاگى ئىسيان كۆتەردى. ئىسيانچىلار بىرقانچە قەبىلىلەرنى ئەگەشتۈرىۋالغان بولغاچقا كۈچىمۇ خېلى زور ئىدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە ئاباگى ئالدىن يۈرەر قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، لاگى قاتارلىقلارنى قوغلاش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. شۇلۇ يۆلدۇ ئوردا مۇھاپىزەت لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، يىندىشى باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. يەنە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئاباگى خانلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ-سۇتۇقىنى ۋە ئاباگىنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «قۇتلۇق چېدىرى»نى قايتۇرۇپ كېلىدۇ①.

916-يىلى ئاباگى (لىياۋتەيزۇ) قىتان قۇلدارلىرىنىڭ باش رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى خانلىق تۈزۈمىنى تىكلىدى، پادىشاھلىق نامىنى قوللىنىپ، «ئۆزىنى تەڭرى خان» دەپ ئاتىدى، خوتۇنى شۇلۇ يۆلدۇنى «لاياقەتلىك، دانىشمەن زېمىن خانىش» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قىتان پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي، دۆلەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا شۇلۇ خانىش قاتنىشىدىغان بولغان ۋە سىياسەت-تەدبىر بەلگىلىگەن.

ئۇ ئەقىللىق، باتۇر، لەشكىري ئىشلارغا پىششىق بولغاچقا، يېڭىدىن تىكلەنگەن ئاباگى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن لەشكىري تەييارلىقلارنى پۇختىلىغان. ئەينى چاغلاردا قىتانلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلىغان. قەبىلىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمنى ئاساس قىلغان. قىتان ئارمىيىسىنىڭ غوللۇق قىسمى پادىشاھنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى زەربىدار قوشۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاباگى بۇ

① «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، 6-توم، 40-بەت.

قوشۇننى «پىشى قوشۇن» («پىشى» قىتانچە سۆز بولۇپ، قەيسەر، باتۇر دېگەن مەنىدە) ۋە «خاس قوشۇن» دېگەن قىسىملارغا بۆلگەن، «پىشى قوشۇن»، «زېمىندىكى نادىرلاردىن تاللانغان» بولۇپ، 30 مىڭ چەۋەندازدىن تەشكىل تاپقان. «خاس» ( 珊属 ) «ئەتىۋارلىق» دېگەن مەنىدىمۇ بولۇپ، بۇ شۇلۇ خانىش تەرىپىدىن تاللانغان 20 مىڭ چەۋەندازدىن تەشكىللەنگەن. ئەمەلىيەتتە «خاس قوشۇن» شۇلۇ خانىشنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا بولاتتى.

شۇلۇ يۆلىدۇ ئاساسىي قوشۇننى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقتىن لياۋ تەيزۇ ئاباگى داڭ شاڭ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان، بۇ چاغدا سىرۋېيلارنىڭ خۋاڭ تۇ (سېرىق باشلار)، چوپو ئىككى ئۇرۇقى مەخپىي پىلان تۈزۈپ، قىتانلارنىڭ خان ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شۇلۇ خانىش خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىپلا دەرھال قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، قەھرىمانلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇننى تارمار كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ قەبىلىداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

شۇلۇ يۆلىدۇنىڭ قىتان خانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلىگەن خـــــزمەتلـــــرى سان-ساناقسىز. بۇنىڭ ئىچىدە 925-يىلى قىتانلارنىڭ شەرقىي بوخەيگە يۈرۈش قىلىشىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. شۇ يىلى قىتان خانى ئاباگى، خانىش شۇلۇ يۆلىدۇ، شاھزادە بېيبېي، ئىككىنچى ئوغلى دېگۇاڭ قاتارلىقلار بىرگە بارغان. بۇ ئۇرۇش دەھشەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇرۇشقا قىتانلار پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىغان. ئاخىرى قىتان قوشۇنى غەلىبە قىلغان. خانىش بۇ ئۇرۇشتا كۆپ ئەقىللەرنى كۆرسەتكەن.

926-يىلى 7-ئايدا لياۋتەيزۇ ئاباگى بوخەيلىكلەرنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، فويۇ دىيارىدا ئۆلدى. ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن، خانىش شۆلۇ يۆلىدۇ نايىپ شاھ بولۇپ، خاقانلىقنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتتى. 927-يىلى 11-ئايدا ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان ئەمىر لەشكەر ياللۇغ دېگۇاڭ خانىش شۇلۇ يۆلىدۇنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. خانىش شۇلۇ يۆلىدۇ 953-يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن ئوي-پىكرى قىتانلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىش، ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسىتىش، ھالقىلىق پەيتلەردە تەدبىر بەلگىلەش بىلەن بولدى. بۇنىڭغا مۇناداق بىرقانچە مىسال كۆرسەتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. خانىش ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى يېشىپ ۋە باشقا تېگىنلەرنى قايرىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئوغلى ياللۇغ دېگۇاڭنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇزدى، شۇ چاغدا ئاباگىنىڭ يەنە بىر ئوغلى يېلۇبېي ھەم خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. دېيلى قاتارلىق يۇقىرى ئابرويلۇق قىتان ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى قوللايتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، خانىش دېيلىنى «شەرقىي قىتان خانىغا يان باستى» دېگەن پەرمانىنى چۈشۈرۈپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، دېگۇاڭنىڭ ئورنىنى ئۈگۈشلۈق قوغداپ قالدى. دېگۇاڭ تارىختا لياۋ تەيزوڭ دەپ ئاتىلىپ، 947-يىلغىچە خان بولدى. بۇ جەرياندا، خانىش ئوغلىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتتە كۆپ مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇردى. دېگۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، خانىش ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئارزۇلۇق ئوغلى لىخۇنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولۇپ، نۇرغۇن ھەرىكەت قىلدى. ھەتتا لىخۇ بىلەن ئىككىسى سارمۇرىن دەرياسى بويىدا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، ئۆكتىچى گۇرۇھ بىلەن ھەل قىلغۇچ ئېلىشماقچى بولدى. ئەمما قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئارىغا چۈشىشى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى سەۋەبلىك، چوڭ شاھزادە يوكاگۇاڭ (بۇنىڭ ئانىسى باشقا. لىخۇ بىلەن دادا بىر) تەختكە ئولتۇردى ۋە لياۋشىزوڭ دەپ ئاتالدى.

لياۋ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاباگى خان دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا شۇلۇ خانىشىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ پاكىتى يەنە مۇنداق. «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 6-توم. 68 بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن. «خانىشىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئايماق-ناھىيىلىرى بولاتتى. خانىش شۇلۇ (يۆلدۇ — نەقىلچىدىن) كۈنچىقىشتىكى جايلارنى ئىستىلا قىلىش جەريانىدا، ئەسىر ئالغان قۇللارغا يىكۈن ئايمىقىنىڭ گۇاڭيى ناھىيىسىنى قۇرۇپ بەرگەن ئىدى (ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يايلىقى ئىدى). بۇ ئەسىرلەر شۇلۇ خانىشىنىڭ ‹خۇسۇسىي قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان› ئىدى»، «پادىشاھ ۋە خانىشىنىڭ قول ئاستىدىكى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭمۇ ‹قارام› قۇللىرى بولاتتى».

لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ياللۇغ ئاباگى قىتانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ھەسسىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، ئەمما، ئەينى تارىخىي شارائىتتا قىتان جەمئىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، شۇنداقلا قىتان خەلقىنىڭ قىزغىن ۋە ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، قىتانلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ قالماستىن، بەلكى، خانلىق تەۋەسىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ئارىلىشىشىنى ياخشىلىدى ۋە تېزلەتتى. ئاباگىنىڭ ئايىلى شۇلۇ يۆلدۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، باشتىن-ئاخىر خان بىلەن بىرگە بولدى. چارە-تەدبىرلەرنى بىرلىكتە تۈزدى، ئالدىنقى سەپتە بىللە جەڭ قىلدى، قىتانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى قاتتىق ۋە دەھشەتلىك توساقلارنى باتۇرلارچە بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىتانلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تېزلەتتى. ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن، لياۋ سۇلالىسىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەم ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى داۋاملىق ئىلگىرىلەتتۈرگەن. پروفېسسو سۇبېيخەي خانىشقا باھا بېرىپ «بولارنىڭ ھەممىسى ئۆچمەس تۆھپىدۇر، ئۇيغۇرلار تارىخىدا (ئۇ) ئۇنتۇلمايدىغان مۇھىم ئايال سىياسىئون، ھەربىيشۇناس، بىر ئەۋلاد مەشھۇر ئاياللار سەھىپىسىنى ئاچقۇچى.»① .

شۇلۇ يۆلدۇدىن باشقا، يەنە نەچچىلىگەن ئۇيغۇرلار قىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سەھنىسىدە پائال تۈردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تارىخ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان.

---

① دىققەت يۇقىرىقى ماۋزۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى، ئىمتىھانغا چىقىرىلمايدۇ.

## 2 ـ § . شياۋگۇنيىن، شياۋسېسي

قىتان خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئىككى ئاتاقلىق شائىر يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار شۇ دەۋردىكى باشقا ئۇيغۇر سىياسىئونلىرى، زىيالىيلىرى ۋە قىتانلار بىلەن بىرلىكتە قىتان دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان.

شياۋگۇنيىن (1039 — 1075)، تەخەللۇسى يى دې، ئۇيغۇر رۇسىنىڭ 11-بوغۇن نەۋرىسى. ئۇنىڭ دادىسى شياۋخۇي قىتان خانلىقىغا باش ۋەزىر ۋە زوراغا (لەشكىرىي قوماندان) بولۇپ ئىشلىگەن.

شياۋگۇنيىن قىتان خانى داۋزۇڭ — ياللۇغ خوڭجى (1055 — 1101-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غا 1043-يىلى ياتلىق بولغان. 1055-يىلى خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن.

شياۋگۇنيىن، ھۆسن-جامالدا تەڭداشسىز، كۆپ خىل سەنئەت تالانتى بار، سۆز قىلىشقا ماھىر، پىپا چېلىشقا ئۇستا، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلارنى يېزىشقا قابىل، دىرامىنىڭ كۈي-نەغمىلىرى ئۈچۈن بېيىت تۈزۈشتە چېۋەر بىر ئايال ئىدى. ئەينى زاماندا قىتانلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قويۇق ئۇچرىغان بولۇپ، شياۋگۇنيىنمۇ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، شېئىرلارنى خەنزۇچە يازغان.

قىتانلار كۆچمەن مىللەت بولۇپ، ئەر-ئاياللار ئوخشاشلا ئوقيا مەرگەنلىرى ئىدى. شياۋگۇنيىن دائىم ياللۇغ خوڭجىغا ھەمراھ بولۇپ، ئوۋغا چىقار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇلار قىتانلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايى يوڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدە) دىكى يىمۇ تېغى ئېتىكىدىكى يوۋخۇلىندا ئوۋچىلىق قىلغان. ياللۇغ خوڭجى ئەتراپقا قاراپ خۇشاللىقتىن نەزمە تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان، شياۋگۇنيىن «يوۋخۇلىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار» ( 伏虎林应制 ) دېگەن شېئىرىنى نەق مەيداندا .يازغان.

شېئىردا قىتانلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتە جەڭ قىلىپ، زەپەر قۇچقان، ھەر قانداق يەردە رەقىبلىرىنى مەنسىتمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى، سادda ۋە ساغلام ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭدىن خانىشنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى بىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى، خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنىڭ بار ئىكەنلىكىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شياۋگۇنيىننىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ دىرامىنىڭ كۈي-نەغمىلىرى ئۈچۈن بېيىتمۇ يازىدىكەن.

ئۇنىڭ «كۆڭۈل ھويلىسىغا قايتىش» ( 回心院 ) دېگەن 10 كۇپلېتلىق بىر بېيىتى ساقلىنىپ قالغان، يەنە «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» ( 怀古 )، «نامدىن جۇدا بولماق» ( 绝命词 ) قاتارلىق شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە تېرەن پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن.

شياۋ سېسي ( 1121 — ؟)، شياۋگۇنيىن جەمەتىدىن، يەنى رۇسىنىڭ نەچچىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى. ئۇمۇ قىتان ئوردىسىدا خانىش بولۇپ تۇرغان، شۇنداقلا بىر تالاي سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ بىر سىياسىئونغا خاس ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

شياۋسېسي قىتان خانلىقىنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان. ئۇ بىرمۇنچە

شېئىرلارنى يازغان، ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن «ھەجۋىيات»، «تارىخنى كۈيلەش» ( 咏史 ) دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى بار. «ھەجۋىيات» دېگەن شېئىرىدا ئېرى قىتان خانى ياللۇغ يەنشى (1055 — 1101)نىڭ زور سىياسىي مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى يوشۇرماستىن مەسخىرە قىلىدۇ، «تارىخنى كۈيلەش» دېگەن شېئىرىدا چىن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 — 206-يىللار) ئاخىرقى مەزگىلىدىكى چۈشكۈن سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئەيىبلەش ۋە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ياللۇغ يەنشىنىڭ خاتالىقلارنى تۈگىتىشكە، مەغلۇبىيەت يولىغا كىرىپ، چىن سۇلالىسىدەك ئەھۋالغا قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ شېئىرلاردىن شائىرنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە ئايلى، بەزمىخور خانىش ئەمەسلىكى، بەلكى تارىخ، سىياسىي ۋە ئەدەبىياتقا پىششىق، دۆلەت، خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بولىدىغان سىياسىي ئەرباب ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

شياۋگۇەنيىن ۋە شياۋسېبلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئېلىمىز ئەدەبىياتى، جۇملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بىر ئۇلۇش ئورۇنغا ئىگە. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشىغا قارىماي، سىياسىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دادىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتەك جاسارىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى ۋە رولىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# VII باب. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1 - § . ئومۇمىي ئوبزور

1. ئىجتىمائىي ئەھۋال

قاراخانىلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇلالە بولۇپ، تەخمىنەن 840-يىلىدىن 1212-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

تاشقىي موڭغۇلىيەنى ئاساس قىلىپ دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 840-يىلىدىن باشلاپ خاقانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بولغان ئىلى، يەتتىسۇ ۋە چۇ رايونلىرىدا يېڭى بىر ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ئۇ دەسلەپ بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بولسا، كېيىنچە، قەشقەر ئۇيغۇر خاقانلىقى تەۋەسىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇپ، بىر پۈتۈن ھاكىمىيەتكە ئايلانغان. 893-يىلىدىن باشلاپ، خاقان ئوغۇلچاق قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. شۇنداق قىلىپ 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا چوڭ بىر ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن. بۇ ھاكىمىيەت «ئۇلۇغ»، «كەڭ» ۋە «شىمال» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» نامى بىلەن «قاراخانىلار» دەپ ئاتالدى. بۇ ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچىلار خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «كۆك ئارت-پامىر ئۇيغۇرلىرى» ( 葱岭回鹘 ) دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئورقۇن، ھون، تۈرك، ئۇيغۇر خاقانلىقلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەركەزلەشكەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

قاراخانىلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدىكى چېگرىسى شەرقتە ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن جايىدىن، غەربتە ئارال دېڭىزى، شىمالدا يارىش (جۇڭغارىيە)، ئالمىلىق يەتتىسۇ رايونلىرىدىن، جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب رايونلىرىدا خوتەن ۋە چەرچەن، چارقىلىق رايونلىرىنى، ۋاخان كارىدورى ۋە ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىشلار بايانى» (« 宋会要 »)دا قاراخانىلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاتار زېمىنلىرىغىچە تۇتىشىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. قاراخانىلار كۆل بىلگە باھادىر قىدىرخان، ئوغۇلچاق قىدىرخان دەۋرىدە گەرچە سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرەئۇننەھرنى ئىشغال قىلمىغان بولسىمۇ، شەرقتە كۇسەن (كۇچا) ۋە قوچۇ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، سېرىق ئۇيغۇر رايونلىرى بىلەن تۇتاشقان ئىدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىن باشلاپ، كۇسەن ۋە قوچۇ بۇددا ۋە مانى ئۇيغۇرلىرى مۇستەقىل ھالەتتە ساقلىنىپ قالدى؛ سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماۋرەئۇننەھر سامانىلار تېررىتورىيىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى ۋە ئاخىرى 999-يىلى 23-ئۆكتەبىر بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى.

قاراخانىلار تۇتقان كەڭ زېمىن مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. بىرىنچىسى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم، بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى؛

ئىككىنچىسى، سەمەرقەند ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم؛ ئۈچىنچىسى، خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي-جەنۇبىي قىسىم، بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپلا قالماستىن①، بەلكى ئاساسىي ئاھالىسى توققۇز ئوغۇز، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەردىن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەر، سوغداق قاتارلىق ئىران تىلىنىڭ تۈرلۈك شىۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ بار ئىدى.

قاراخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە تۈپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، يەنى بۇددا، مانى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنى دەسسىدى، شىمالدىكى جەڭگىۋار كۆچمەن، چارۋىچى قەبىلىلەر ئىكىنچىلىك رايونلىرىدىكى دېھقان ۋە سودىگەر قېرىنداشلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئولتۇراق ھالەتكە ئۆتتى، يېڭى ئىسلام-ئۇيغۇرتۈركىي مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى②.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردىكى مەدەنىي مۇھىت. قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مەدەنىيەت ساھەسىدە زور بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. بالاساغۇن، كاشغەر، سەمەرقەند قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى.

12-ئەسىردە ياشىغان نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «مەجمەئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر) ناملىق ئەسىرىدە سامانىلار ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئىلىم-مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان سامانىي پادىشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانىي، غەربىي قاراخانىلار خاقانى خىزىرخان قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تىبابەت ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كاشغەردە بىر قاتار مەدرىسىلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى، بۇلار:

ساچىيە مەدرىسى (مەدرەسەئى ساچىيە). بەزى مەنبەلەردە بۇ سۇتۇق بۇغراخان زامانىدا بىنا قىلىنغان. جامال قارشى ئۆزىنىڭ «سوراخ لۇغىتى»گە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەدرىسە نامىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىنىڭ «سىھاھ» لۇغىتىنى ئۇزۇن ئىزدەپ، سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

ساچىيە مەدرىسى قاراخانىلاردىن كېيىن ، بولۇپمۇ نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر مەزگىل ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋەلى بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەمەلدار مەسئۇد بەگ 1260 - يىلى بۇ مەدرىسىنىڭ خارابىسى ئورنىغا « مەسئۇدىيە » مەدرىسىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا « سائادەت » كۇتۇپخانىسىنى سالدۇرغان . جامال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسىگە « ھەممە ئىقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان . بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھى بىلىملەرلا ئوقۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئارىستوتىل، سوقرات، فارابى، ئىبىن سىنا ۋە خارەزمى پەلسەپىلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.»③.

---

① ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىلار تارىخىدىن ئۆچېركلار»، خەنزۇچە.

② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1-توم.

③ «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخ مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، (نەنجىڭ داشۆسى)، 1987-يىلى، 10-11-سانلار.

ھەمدىيە مەدرىسى — كاشغەر دۆلەتباغدىكى مەدرىسە بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدىن تارتىپ،

ھەمدىيە مەدرىسى — كاشغەر دۆلەتباغدىكى مەدرىسە بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدىن تارتىپ، مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئاتاقلىق مەدرىسە. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە «ئۇستازىم» دەپ تىلغا ئالغان «ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى» بۇنىڭغا مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەدرىستە قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن ۋە باشقا ساھەدىكى ئادەملەردىن نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققان.

مەھمۇدىيە مەدرىسى — قاراخانىلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يازلىق سەيلىگاھ بولغان ئوپالدا، «مەھمۇد كاشغەرى» مازىرى يېنىدا خارابىسى بولۇپ، شۇ يەردە بىنا قىلىنغان. مەزكۇر مازار تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ مەدرىسە قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەھمۇد كاشغەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتقاندىن كېيىن، مۇشۇ مەدرىستە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

قاراخانىلار دەۋرىدە كاشغەردە قۇرۇلغان مۇشۇ مەدرىسلەردە ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار، ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەركەزگە ئايلانغان. شۇڭا جامال قارشى ئۆز زامانىسىدىكى كاشغەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر — كاشغەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەھەر بولغان» دەپ يازىدۇ.

باشقا تارىخچىلارمۇ ئۆز دەۋرىدە كاشغەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى (بولۇپمۇ خاقانلار، مەشھۇر ۋەزىرلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مەدرىسە بىنالىرى) خېلى ھەشەمەتلىك سېلىنغان.

ئادەتتە چوڭ مەدرىسلەردە نۇرغۇن ئادەم سىغىدىغان دەرسخانىلار، مۇدەررىسلەر دەم ئالىدىغان ھۇجرا، ئوقۇغۇچىلار ياتاقخانىلىرى بولغان.

مانا مۇشۇنداق مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان ئىسلام مۇدەررىسلىرى بۇددا دىنىنىڭ خۇپپىيەچىلىك مەزھىپى تۇپەيلىدىن مەنىۋى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تامامەن يېڭى بىر مەنىۋى دۇنيا ئېلىپ كەلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا يالغۇز بىر خۇدالىق دىنىي ئېتىقادىنىلا ئېلىپ كېلىپ قالماي، بەلكى يېڭى بىر مەدەنىيەتنىمۇ ئېلىپ كەلدى①.

2. ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدە

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى. كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە قاراخانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي خەلقلەر (قەبىلىلەر) ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتىسۇ، خارەزم ھەتتا ئوغۇز دالىسىدا بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلاندى. بۇ ھال چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ئۆگۆدەي ۋە چاغاتاي دەۋرلىرىدە

---

① كاشغەردىكى مەدرىسلەر توغرىسىدىكى بۇ بايانلار ئى . مۇتىئى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989-يىلى 3-سان.

داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇردى.

قاراخانىلار دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » ئەسىرى ، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » ناملىق داستانى ، ئەبۇناسىر فارابى ۋە مۇھەممەد مۇسا خارەزم ( 850 — 780 ) نىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرى ، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ « ئەتەبەتۇلھەقايىق » ناملىق داستانى مەيدانغا كەلدى . بۇ ئەدىبلەردىن ئىلگىرى چۇچۇ ، تۈركىي كىشى ئەيلاقى دېگەن شائىرلار ئۆتكەن. ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق . تۈركىي كىشى ئەيلاقى 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن① بۇ شائىرنىڭ پارس تىلىدا يازغان سەككىز مىسرالىق شېئىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى مەلۇم ئەمەس②.

قاراخانىلار دەۋرىدە يەنە ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن، ئامامىدىن كاشغەرى، مەجىدىدىن بىننى ئەدنانى، مۇھەممەد ئەل سەمەرقەندى، نارشاخى، ئەبۇسەئىد ئەل ئىدرىسى قاتارلىق ئالىم-ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن.

ئابدۇل غاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرى (؟ — 1082) قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم . ئۇ « تارىخىي كاشغەر » (كاشغەر تارىخى) « مىسكەنى ئۇستادىيان »③ (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى) دېگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. « تارىخىي كاشغەر » قاراخانىلارنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا دائىر تارىخ ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار④.

مەجىدىدىن مۇھەممەد بىننى ئەدنانى «تۈركىستان ۋە چىن تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى. بۇ كىتابتا قاراخانىلار قاغانلىرىنىڭ نەسەبلىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان.

ئەبۇ رەيھان بىرونى تولۇق ئىسمى ئەبۇرەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرونى (973 — 1050) قاراخانىلار سۇلالىسىغا قاراشلىق ئۆرگەنچ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىرون يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ⑤، ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئەبۇ رەيھان بىرونى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان ئاتاقلىق ئالىم، مەشھۇر ئاسترونوم، ماتېماتىك، جۇغراپىيىچى، گېئولوگ، فىلولوگ، تارىخچى، ئېتنوگراف، دورىگەر ۋە شائىردۇر.

بىرونى «الاثارۇلباقىيەعىن القرۇن الخالىيە» (بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئىزلار، بىزگە يەتكەن سۆزلەر) ناملىق ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىملىرى ئېنسكلوپېدىيىسىنى يازغان. «ھىندىستان»، «ئېسىل تاشلار»، «مەسئۇد جەدۋەللىرى» دېگەنگە ئوخشاش 150تىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلاردىن 45 پارچىسى ئاسترونومىيە ماتېماتىكىغا بېغىشلانغان. بىرونى گالىلېيدىن 500 يىل ئىلگىرى دۇنيا قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ نيۇتوندىن 600 يىل ئىلگىرى جىسىملارنىڭ يەرگە قاراپ تارتىلىش قانۇنىنى كەشىپ قىلغان. دۇنيا ماددىدىن ئىبارەت، ماددىلار دائىم ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىرونى

---

① مەنبەلەردە بۇ شائىرنىڭ تاجىك-پارس شائىرى روداكى (865/855 — 941)غا زاماندالش ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇئاتا، 1983-يىلى نەشرى.

③ بۇ ئەسەرلەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، ئەمما ئۇ ئەسەردىن پارچىلار كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ساقلانغان.

④ ئاۋفى (؟ — 1233) بۇ توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن.

⑤ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 713-بەت.

تىللارنى «ياخشى تىل»، «يامان تىل» دەپ بۆلۈشكە بولمايدۇ. ھەربىر خەلق ئۆز تىلىنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ تىلغا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالىشىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا تىللارنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىردەك دېگەن خۇلاسە كەلگەن.

بىرونىنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆز قاراشلىرى شۇ دەۋردە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان كۆز قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ بەرگەن①.

ئەبۇ رەيھان بىرونى ياشىغان تۈركىي خەلقلەر يۇرتى خېلى ئۇزۇن زامانلار قاراخانىلار تېررىتورىيىسىگە تەۋە ئىدى.

ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەلفارابى ( مىلادى 966 ـ يىلى) فاراب شەھىرىدىن بولۇپ ، ئۇ « دىۋانۇلئەدەب فى بايان لۇغەتۇلئەرەب » ناملىق بىر ئەرەبچە لۇغەت تۈزگەن. تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان بۇ ئالىمنىڭ كىتابىدىن مەھمۇد كاشغەرى پايدىلانغان. « دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك »تە تۈركىي سۆزلەرنى رەتكە تىزىشتا قوللىنىلىدىغان سىستېما ئەرەب لۇغەتچىلىكىدە ئەنە شۇ ئالىم دەسلەپ قوللانغان سىستېما بولۇپ ، شۇ دەۋردىكى باشقا ئەرەبچە لۇغەتلەردە بۇ سىستېما ئۇچرىمايدۇ ( دانكوۋنىڭ « دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك » نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىدىكى «مۇقەددىمە» سىگە قارالسۇن.)② .

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى (973 — 1093) مەھمۇد كاشغەرى بۇ كىشىنى «شەيخ ئىمام زاھىد ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى» نامى بىلەن ئاتاپ، «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. بۇ كاشقەردىكى «ھەمىدىيە» مەدرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە ھۇسەنىفى (يازغۇچىسى) ئىدى. ئۇ «قۇرئان»نى تەپسىرلەپ، ھەدىس شەرھلەپ ئەسەرلەر يازغان③. قاراخانىلارنىڭ بىرقانچە قاغانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگويىمىز» دەپ ھۆرمەت قىلغان.

مەھمۇد كاشغەرىدەك چوڭ ئالىمنى يېتىشتۈرگەنگە قارىغاندا، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدىن، بولۇپمۇ، ئەرەب تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى بولغان قابىلىيەتلىك مۇدەررىس ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل جاپپار ئەل كاتىب ئەل سەمەرقەندى مەشھۇر سەمەرقەند تارىخچىسى ۋە يازغۇچىسى ئىدى. مەسئۇد بىننى ئەلى قىلىچ تاۋغاچ خانغا (1156 — 1162) بېغىشلاپ «ئەرەزۇل سىياسەت فى ئەغرەزۇل رىياسەت» (دۆلەت سىياستىنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىرى) ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە سۇلتان سەنجەر، قىلىچ تاۋغاچ خاننىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى جاپپار نارشاخى ( 959 — ؟) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى بولۇپ، مەشھۇر «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989-يىلى 3-سان.

② ئى . مۇتئى «مەھمۇد كاشغەرى» رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانى.

③ جامال قارشى «سوراخ لۇغىتى»گە ئىلاۋە» .

ئەبۇ سەئىد ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى ( 115 — ؟) «قەندىيە» (تولۇق ئىسمى «كىتابول قەندخى تارىخ سەمەرقەند») ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

بۇ چاغدا ماۋەرئۇننەھر رايونلىرىدىن ئەمەك بۇخارى (1149 — ؟) سوزان سەمەرقەندى (173 —؟ )، رەشىدى سەمەرقەندى قاتارلىق شائىرلار يېتىشىپ چىققان.

رىۋايەتلەردە رابىيە كاشغەرى دېگەن شائىرەنىڭ ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

قاراخانىلارنىڭ قاغانلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان①( 9 / 888 — 6 / 955 )مۇ قەلەمكەشلەردىن ئىدى . مەنبەلەردە ئۇنىڭ بىرقانچە پارچە تەزكىرە خاراكتېرىدىكى تارىخىي كىتابلارنى يازغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ②.

بۇغراخان ھەسەن يەنى ھارۇن (991 — 993-يىللىرى قاغان بولغان)③ ئەدەبىيات خۇمار كىشى ئىدى. موللا ھاجى «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە ئۇنىڭ ئېيتقان بىرمۇنچە نەزمىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ نەزمىلەرنى ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە ئىككى تىلدا ئېيتقان. ئۇ سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى ئىدى.

ئەلى ئارسلانخان — بۇ كىشمۇ قاراخانىلار نەسلىدىن، خانلىقنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ئىدى. ئۇ شېئىر ئوقۇشقا ماھىر بولغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بار.

يۈسۈپ قادىرخان (1024 — 1032-يىلغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىــــدە ئولتۇرغان)، قاراخانىلارنىڭ ئۇلۇغ خانلىرىدىن يەنى ھەسەن (بۇغراخان)نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا نەزمە ئوقۇپ كىرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بىرقانچە مىسرا شېئىرلىرى «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن.

نىزامى ئەروزى سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ 12-ئەسىردە يازغان «مەجمەئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر) ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئىلىم-مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان سامانى پادشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانىي، غەربىي قاراخانىلار قاغانى خىزىرخان قاتارلىق بىــــرمۇنچە ھۆكۈمرانلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تىبابەت ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتەيلى: غەربىي قاراخانىلارنىڭ قاغانى خىزىر بىننى ئىبراھىم (1079 — 1081-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سەمەرقەندتىكى ئوردىسىدا ھەر دائىــم شائىرلارنىڭ شېئىر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن، تالانتلىق شائىرلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شېئىر مۇسابىقىسىدا خىزىر بىننى ئىبراھىم بىر شائىردىن «سەن ئابدۇسەئىد رەشىدنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن» دەپ سوراپتۇ. ئۇ شائىر «رەشىدنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە راۋان يېزىلغان، ئەمما سەل تۇزى كەمرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

قاغان شائىرلارنى بەس مۇنازىرىگە سېلىپ قويماق بولۇپ، يەنە باشقا بىر شائىردىن «رەشىدنىڭ شېئىرلىرى قانداق» دەپ سورىغان. ئۇ شائىر «ياخشى، ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا قاغان شائىر رەشىدگە «سەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر-ئىككى بېيىت ئېيتىشقا توغرا كەلدى»

---

① سۇتۇق بۇغراخان 930-يىلدىن 955/6-يىللىرىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان.

② ئا . سابىت «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئىسلام دىنى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989-يىلى 2-سان.

③ بەزى مەنبەلەردە مىلادى 992-يىلدىن 998-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان دېيىلىدۇ.

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى تۈزى يوقلۇقدا ئەيىكە بۇيرۇدۇڭ راستتۇر، بۇگۇمان،
شېئىرلىرىم شېكەر، ھەسەلگە ئوخشايدۇ، ھەسەل بىلەن شېكەردە تۈز بولسا يامان!
سېنىڭ چامغۇرۇڭ، ئوت-چۆپۈڭ ئوخشاش،
دېمەك سەن ئۈچۈن كېرەك تۈز، ئەي نادان!

دېمەك ، شائىر رەشىد ئوقۇغان شېئىر قاغانغا ياققان . شۇنىڭ بىلەن خىزىر بىننى ئىبراھىم ھەر بىرىگە 250 دىنار قويۇلغان تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنار ( تىللا ) نى شائىر رەشىدكە بېرىشكە بۇيرىغان①.

شائىر رەشىد ئوقۇغان شېئىردا قاغاننى ماختىغان ئەمەس، پەقەت، قاغان شائىرنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى تارتۇق قىلغان.

بىز بۇ تارىخىي مەلۇماتتىن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بىلۋالىمىز. بىرى، قاراخانىلارنىڭ قاغانلىرى ۋە خانلىق ئوردا ئەدەبىيات ئەھلىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان، ئىككىنچى، شۇ دەۋردە داڭلىق رەشىد دېگەن شائىر ئۆتكەن.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئىلمىي خادىملار ئۇيغۇر تىلىنى ئىجادىيەت قورالى قىلىشتىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قوللانغان. فارابى ئەرەبچە، پارسچە تىلنى ئىشلەتكەندىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرى ئەرەبچە ئەسەر يازغان، يەنە بىرمۇنچە مۇئەللىپلەرمۇ شۇنداق قىلغان.

جەۋھەرىي (ئەبۇناسىر ئىسمائىل، 11-ئەسىر) فارابتا تۇغۇلغان. تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان چوڭ تىلشۇناس ئىدى. ئۇ «ئال سىخاھ»② (تاجوللۇغە ۋە سىھاھۇلئەرەبىيە — تىللارنىڭ تاجى ۋە ئەرەب تىلىدىكى گۈزەللىك) دېگەن كىتابنى ئەرەبچە يېزىپ چىققان. ئەبۇ ناسىر ئىبىن مۇھەممەد ئەسسائالىبىن (961 — 1038) «يەتىمە تەددەھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە يىگانە دۇردانىلار) ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر ۋە يازغۇچى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن[4].

① نىزام ئەروزى سەمەرقەندى «مەجمە ئۇننەۋادىر» ، ئۆزبېكچە نەشرى، 46 — 47-بەتلەر.
② «ئال ساخاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەنىسى «گۈزەل» .

## 2 ـ § . فارابى①

### 1 . فارابىنىڭ هايات پائالىيەتلىرى

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى فامىلىسى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئىبنى تارقان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئېتى مۇھەممەد فارابى.

فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قاراخانىلارنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بولغان بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 339 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 950 ـ يىلى) ماھى رەجەپتە (12 ـ ئايدا) سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

فارابى نەسەپ جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىگە مەنسۇپ ئىدى. فارابىنىڭ يۇرتى ئۇيغۇر قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە بىلكەكۆل باھادىر قىدىرخان يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سىر دەريا يەتتىسۇ ئارىسىدىكى مۇھىم قارارگاھلىرىدىن بىرى ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقى سۇتۇق تۈركلىرى يۇرتىغا قايتقان 15 قەبىلە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن كۆچەيتىلىپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ماۋەرەئۇننەھرنى ئىشغال قىلغان مۇسۇلمان سامانىلار خاندانلىقىغا قارشى ئاساسىي ئىستىھكام بولۇپ قالغان ئىدى. فارابىنىڭ دادىسى ۋە بوۋىلىرى بىلكەكۆل باھادىر قىدىرخاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بولغان.

تۇنجى قاراخانىلار سۇلتانى بىلكەكۆل باھادىر قىدىرخان بىلەن سامانى شاھى نۇھ ئىبنى ئەسئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىسپىجاپنى تالىشىش جېڭىگە فارابىنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق قاتناشقان. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانىنىڭ 893 ـ يىلى باھار پەسلىدە تالاس ـ بالاساغۇنغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى ۋاقتىدا فارابىنىڭ دادىسى تارقان ئوغۇلچاق ـ قىدىرخاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسمائىل سامانى تالاستىن چۇ دەرياسىغىچە بولغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك جايلارنى ئىگىلىۋالدى. فاراب شەھىرى شۇ قاتاردا سامانىلار قولىغا ئۆتتى. بۇ جايلاردىكى 15 مىڭ كىشى («ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»دا 10 مىڭ كىشى دېيىلگەن) ئەسىر سۈپىتىدە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەر (ئوردا كەنت)كە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھال فارابى ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئوغۇز ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىۋېتىشكە ئېلىپ كەلدى.

قاراخانىلار بىلەن سامانىلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاراخانىلار مۇسۇلمانلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى «قولدىن كەتكەن ماكاننى قايتۇرۇۋېلىش» يولىدا كۆپ قېتىم سامانىلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقىۋەتتە سامانىلار قاراخانىلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەتتىسۇ رايونى ۋە ماۋەرەئۇننەھر قاراخانىلارنىڭ غەربىي شىمالى ۋە غەربىي قىسمى بولۇپ قالدى.

---

① «فارابى» دېگەن بۇ ماۋزۇ پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن يازغان ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتى ئۆز يۇرتىدا ئۆتتى. ئۇ قارلۇق ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى توققۇز ئوغۇز تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ھۆلى ھېسابلىناتتى. كېيىنچە فارابى تاجىك- پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بۇ چاغدا شەكىللەنگەن پارس ئەدەبىي تىلى پرسىيە ئاخمانىلار سۇلالىسىنىڭ شۆھرەتلىك شاھى دارانامىدا «دارا تىلى» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئىسلام شەرقىدە ئەرەب تىلى، «دارا» نامىدىكى پارس تىلى، «خاقانىيە» نامىدىكى ئۇيغۇر-تۈركىي ئەدەبىي تىلى يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ۋاستىسىگە ئايلانغانىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېغىدا گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئەخلاق، ماتېماتىكا، مۇزىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھىنىڭ تەبئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىغا مايىل ئىدى. فارابى ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن 30 يىلى فارابى دۇنيا قاراشىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى.

فارابى تەخمىنەن 30 ياش ئەتراپىدىكى يېتىلىش دەۋرىدە، 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەينى زامانى ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئوچىقى-باغدادقا كەلدى. فارابى ئەرەب تىلىنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سىراجىدىندىن تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئارقىدىنلا باغدادتا ياشايدىغان مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تىبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەندى.

فارابى داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە باغدادتىن ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئاتاقلىق خرىستىئان ئالىمى يۇھەننا بىننى ھەيلان جىلەدىن لوگىكا، ئارىستوتېل پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تىبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكىسىغا ئائىت تەلىم ئالدى.

فارابى تەخمىنەن 921 — 922-يىللىرى ھەرراندىن باغدادقا كەلدى. ئۇ 10-ئەسىرنىڭ 20-، 30-يىللىرى باغدادتا شەرقنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سۈپىتىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بىر قاتار مۇھىم ئەسەرلىرى شۇ يەردە يېزىلغان.

فارابى 941-يىلى باغدادتىن ھەلەپ (شام) شەھىرىگە، ئاندىن دەمەشققە كېتىپ قالغان. دەمەشقتە شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە (915 — 967) فارابىنى ئۇستاز تۇتقان، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلىگەن ئىدى.

فارابى 948-يىلى دەمەشقتىن مىسىرغا بېرىپ ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇپ، زور ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، 949-يىلى دەمەشققە قايتىپ كەلدى.

فارابى شۇندىن كېيىن دەمەشقتە 10 يىلچە ياشىدى. بۇ ئالىمنىڭ ئاخىرقى تەۋەرۈك دەۋرى ئىدى.

مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە فارابى باغدادتىن ھەلەپ شەھىرىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆز ماكانى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كېلىپ قايتقان. ئۇ چاغدا بۇخارادا مەنسۇر ئىبنى نوھ باشچىلىقىدىكى سامانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. فارابى مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» (ئەتتەلىمات ئەسسانى) دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان.

فارابى 950-يىلى 12-ئايدا دەمەشق سىرتىدا بىر قىسىم قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىتىنى سەيپۇل دەۋلە دەمەشق شەھىرىنىڭ «بەبەس سەخىر» ناملىق دەرۋازىسى يېنىدىكى سېپىل تۈۋىگە دەپنە قىلدۇرغان.

ئەبۇ ناسىر فارابى 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان①.

## 2. فارابىنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى

فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شېئىرىي مىراسلىرى ئۇنىڭ پىكرىنى شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەشتىكى ماهارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ناتۇرال پانتېئىزملىق، گۇمانىزملىق ئىدىيىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىي هاياتى، ۋەتەنگە بولغان سېغىنچى ۋە روهىي هالىتىنى ئىپادىلىگەن. فرانسۇز ئەرەبشۇناسى، كاررا دېئوونىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەۋلانى دەرۋىشلىرى ئوقۇيدىغان خانىقا ناخشىلىرى ئارىسىدا فارابى نەزمىلىرى ساقلانغان. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ هازىرغىچە هەرقايسى ئەللەردە ساقلانغان بىر قىسىم شېئىرىي مىراسلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

فارابى شېئىرىي ئەسەرلىرىدە يالقۇنلۇق ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆز خەلقى ۋە يۇرتىغا بولغان سەمىمىي مۇهەببەت هەم سېغىنىشى، ئىلىم-پەنگە بولغان تەشنالىق، ئالەم توغرىسىدىكى ئۆزىگە خاس پانتېئىزملىق ئىدىيە گۈزەل ئىبارە ۋە رىتىمدا مىسرالار بىلەن ئىخچاملاشتۇرۇلغان.

«هەم چېكىنگەن هەممە تەتۈر بۇ زامان دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆهبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا.
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قاتقان تۈگەل،
هەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا.

هاجىتىم بىلسەم ئۆزۈمنىڭ خانىغا راهەت كېرەك،
نۇر چۈشۈپ تۇرماق ئۈچۈن مەندەك پېقىر ئالقانىغا.
بىر نىدا كەلدى ماڭا ئىلكىمدىكى نۇر بەرقىدىن،
زوق هۇزۇرى ئوخشىغان مىسلى ساما جەۋلانىغا.

يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،
مېۋە تەرگەندەك قەدىم قويدۇم جاۋاهىركانىغا».

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېيىتى ئەينى زامان فېئوداللىق پارچە هاكىمىيەتچىلىك مۇهىتىنىڭ قاراڭغۇ تەسۋىرىنى ئىپادىلىسە، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بېيىتلىرى فارابىنىڭ مۇشۇنداق قاراڭغۇ جاهالەتلىك مۇهىت ئىچىدە تېگىرقىماي ئىلىمدىن نۇر ئىزلىگەنلىكىنى، بۇ ئىلىم نۇرىنىڭ مەنىلەر خەزىنىسى بىلەن نىدالىشىۋاتقانلىقىنى. بۇنىڭغا گويا ساما ئۇسسۇل بەزمىلىرىدىنمۇ كۆپرەك هۇزۇر بېغىشلىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى بېيىتى فارابىنىڭ قەدىمكى بابىلئون ۋە گرېك-رىم ئىلىم-مەدەنىيىتىنى مۇهاكىمە قىلىۋاتقانلىقىغا بىشارەت قىلىنغان.

بۇ شېئىر فارابىنىڭ جاهالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۆزلىكىدىن ئىلىم تەهسىل قىلغان ئىزدىنىش يولى ۋە ئۆگىنىش روهىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«ئىككى شىشە جام بىلەن بولدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئادا،
هەممىلا مەشغۇللىقىمنى تولدۇرۇپ قويغان ئاڭا.

---

① ئا . م . ئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.

بىر قەدەھدە قاپقارا تۇرسا سىيايىم لىپمۇ-لىق،
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان شارابىمدۇر يانا.
بىرسىگە تولدۇرغۇنۇم گەر بولسا ھېكمەت گۆھىرى،
بىرسىدىن غەم-قايغۇنى يۇيىدۇم پۈتۈن قەلبىم ئارا»

فارابى بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئەينى زامان مۇھىتىغا نارازىلىقىنى، غەم قايغۇلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتىغا بېرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. فارابى سىيادان (دۆۋەت) بىلەن قەدەھنى ماجازى ۋاستە قىلىپ، ئىلىم بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ھەمجەھەتلىكىگە بىشارەت قىلغان.

«ھەي قېرىنداش خالىي تۇر، ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا،
ھەق ئادالەتنىڭ قېشىدىن سەن ماكان تۇت دائىما.
بۇ جاھان مەڭگۇ تۇرار ساڭا مەقام-جايمۇ ئەمەس،
زەربى قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھەممۇ يانا.

قالغۇسى مۆجىز بولۇپ ئىخچام تەۋەرۈك سۆزلىرىڭ،
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تېرەن مەزمۇت پاراسەتلەر ئاڭا.
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە،
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا» .

فارابى ئالدىنقى بېيىتتا ئۆزى نەزەردە تۇتىدىغان كىشىلەرگە ناھەقلىقتىن چەتنەپ، ھەق-ئادالەت مەيدانىدا مەڭگۈ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلسا، ئىككىنچى بېيىتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، مەيلى ھەر قانداق كاتتا ياكى ئاددىي كىشى بولمىسۇن ئۆلۈم مۇقەررەرلىكىدىن، ھاياتىدىن ئايرىلىش ۋە زەربە قىسمەتتىن خارابلىنىش مۇمكىنلىكىدىن خالىي ئەمەس دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ ئۈچىنچى بېيىتىدا، پەقەت مەزمۇنى تېرەن، ئۆزى ئىخچام پاراسەتلىك سۆز، ئەسىر مەڭگۈ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تەۋەرۈك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئۆزى نەزەردە تۇتقان كىشىنى سەگەكلىتىدۇ. تۆتىنچى بېيىتىدا، ئوچۇق ئاشكارە ھالدا ھەر قانداق كاتتا زاتنىڭ ھەتتا پۈتۈن زېمىننىڭ پايانسىز كائىناتتا پەقەت بىر تامچە سۇ ياكى بىر نۇقتىچىلىك كىچىكلىكىنى، شۇڭا كىشى ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى ماكان ۋە زامان قەدىر-قىممىتىنى تولۇق چۈشىنىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ شېئىر تەبىئەت پەلسەپىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك كىشىلىك قارىشى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادنى نەزەردە تۇتۇشنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، كۆپ قىرلىق كرىستالدەك مول مەنە بىلەن تولغان.

فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتىكى ناتۇرال پانتېئىزملىق قاراشلىرى ئۇنىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

«يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبەيى نۇر رەببىيا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.
ھەر بىرى سەييارىنىڭ سىمائى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
ماددا جەۋھەر خىسلىتى بىر. ئەسلى ھەم جەمدۇر ماڭا.

هەي زۇھەل ھەم ئاتارۇد ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،
مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزلەپ ھامان سۆھبەت ساڭا.

فارابى بۇ شېئىرىدا تەڭرى-رەببى نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئەينى زاماندىكى يەتتە پلانېت ھېسابلانغان قۇياش، ئاي، زۇھەل، ئاتارۇد، موشتەرى، مىررىخ، زۆھرە يۇلتۇزنىڭ ھەربىرى بىر زاتقا (ئۇنسۇرغا) سىما ئىكەنلىكىنى، بۇ زاتلارنىڭ ھەممىسىمۇ يەنىلا تۆت زات (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) جەۋھەرلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. فارابى ئۇلۇغۋار گۇمانىست سۈپىتىدە بۇ يۇلتۇزلاردىن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەلۇمكى، ئەينى زاماندا يەتتە يۇلتۇز ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ھېسابلانغان (بۇ ئادەت ھازىر ياپونىيەدە ئەينەن قوللىنىلماقتا) ھەربىر يۇلتۇز ئوت، سۇ، ئالتۇن، ياغاچ، تۇپراق قاتارلىق نەرسىلەرگە سىما قىلىنغان. بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى ئىنسانىيەتكە ئاپەتلىك ۋە بەزىلىرى مەنپەئەتلىك دەپ قارالغانىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ قاراشنى ئىزچىللاشتۇرغان. ئەلىشىر نەۋائى «سەبئەئى سەييارە» (يەتتە سەييارە) داستانىدا بۇ قاراشنى تېخىمۇ بەدىئىي يوسۇندا گەۋدىلەندۇرگەن.
فارابى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ يەنە مۇنداق شېئىرىي مىسرالارنى قالدۇرغان.

«شەيئىلەر مەۋجۇتلىقىدىن ھەم سەۋەبلىك كائىنات،
ھەم سەۋەبلىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق ئۇندىن نىجات.
يەر بىلەن بەھرى دېڭىزلار تۇرىدۇ ھەمراھ بولۇپ،
رەببىنا، ئاسمان-دېڭىز مەركەزلىرىمۇ قاتمۇ-قات.
قايدا سەن، بولدى ماڭا نوقسان گۇناھ ئۆلپەت بۈگۈن،
پەيزى رەھمەت بەخش ئېتىپ قىلغىن گۇناھىمدىن ئازاد.
رەببى، شەيئىم پاكلىقىن بولسا مەگەر مۇمكىن مېنى،
ئانا سىر ئۇنسۇرلىرىدىن قالمىسۇن جىسمىمدا دات».

فارابى بۇ شېئىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېيىتىدا شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، سەۋەبىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك مۇمكىنلىكلەرنىڭ بارلىقى، قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ ھەمجەھەتلىكى ۋە ئالەمنىڭ كۆپ سىستېما، كۆپ مەركەزلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ ئالەمنىڭ كۆپ مەركەزلىك ئىكەنلىكى قارىشى پەقەت پلانېتلار سىستېمىسى ۋە يەر مەركەزلىك قاراشلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان شارائىتتا غايەت زور ئالدىن كۆرۈش ۋە ئىلمىي قاراش ئىدى.
فارابى بۇ شېئىرىنىڭ كېيىنكى ئىككى بېيىتىدا ئۆزىنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدە سۆزلەپ گۇناھكار بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، تەڭرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن تۆت زات ۋە ئۇنىڭ داتلىرىنى تازىلاش مۇمكىن بولسا، شۇنداق تازىلاپ بۇ گۇناھكارلىقتىن خالاس قىلىشنى كىنايە ۋاستىسى بىلەن تەلەپ قىلغان. روشەنكى ئىنسان ماددىي تۈزۈلمىدىن خالاس بولۇش مۇمكىن ئەمەس.
فارابى ئۆز يۇرتىنى ئۆمۈر بويى قەلبىدە تۇتقان. ئۇ مىللىي كىيىنىش ۋە ئۆز مۇزىكىسىنى چېلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئادىتىنى تاشلىمىغان. ئۇ تۆۋەندىكى شېئىرىدا ئۆزىنىڭ قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

«چەكسىمۇ زەخمەت، مۇلاقەت سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان.
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مېنى،
زوق ئۇمىد ئىككى سەۋەب دەل سىز تەرەپكە دائىمان.
قوزغىلىپ چىقسام ئىزىمدىن سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.
سىزدىن ئەۋزەلرەك دىيار-ئەل گەر تەئەررىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان»

فارابى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، ئەينى زامان فېئوداللىق جاھالىتىدىن تولىمۇ بىزار بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان.

«قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزار مەن كۆڭۈلسىز ئەمدى،
بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تېز ئەمدى.
بەخت باشلانسا يەتكەيلەر زاۋاللىققا بەختسىزلىك،
تەبىئەت جىنسى بىز ئۆز جىنسىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.

شېئىرنىڭ كېيىنكى بېيىتىدە ئۆلۈم روھىنىڭ ئاسمان دەرگاھىغا قايتىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى تەبىئەت جىنسلىرىنىڭ تەبىئەتكە قايتىشى دېگەن ئىلغار ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

فارابى ئۆمۈر بويى ئالەم قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇ تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقىلاردا پېشىلمەي كەلگەنلىكىنى، ئۆزىمۇ بۇ سىرنى ھەقىقەتەن تولۇق يېشەلمىگەنلىكىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

«پىشمايىن سىرى ۋۇجۇدى خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھەرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ مەنە ئېيتسىمۇ ھەركىم ئاگا،
ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.

فارابى شېئىرلىرى تېرەن مەنە، گۈزەل شەكلىنىڭ ئاجايىپ ياخشى ئۈلگىسى بولدى. ئۇنىڭ يەنە كۆپلىگەن شېئىرلار يازغانلىقى مەلۇم. فارابى ياراتقان پەلسەپىۋى-شېئىرىيەتنىڭ ب نادىر ئۈلگىلىرى ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئۆمەر ھەييام شېئىرىي ئىجادىيىتىگە ئىلھام بولغان①.

3. فارابى شېئىرىيەتتە ۋەزىن، قاپىيە ۋە تىل توغرىسىدا

فارابى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق پەلسەپىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، شائىربولۇشى بىلەن بىللە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئىدى. ئۇئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت «كىتابۇششېئىر» (شېئىر

① بۇ ھەقتە «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» گە قارالسۇن. ( ئا . م . ئىمىن تەرجىمىسى)، «تارىم» ژۇرنىلى، 1981-يىلى 4-سان.

كىتابى)①، «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششئىر» (شېئىرىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە)②، «كالام لەھۇفى ئەششئىر ۋەلقەۋافىي» (شېئىر ۋە قاپىيىلەر توغرىسىدا سۆز)③ قاتارلىق خاس ئەسەرلەر يېزىشتىن تاشقىرى ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىملىك ئەسەرلىرى «ئىھسالۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى) ۋە «كىتاب ئارەئى ئەھلۇلمەدىنە تىل فەزىلەت» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىقاراشلىرى توغرىسىدا) ناملىق ئەسەرلىرىدە تېماتىك يوسۇندا توختىلىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىدا شېئىرىيەت ئىلمىنى تىل ئىلىملىرى تۈركۈمىنىڭ 7-قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇندىن كېيىن تىل بىلىمگە يېقىنلىقى دەرىجىسى بويىچە شېئىرىيەت (پوئېتىكا) تۇرىدۇ. ئۇ ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى — ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولغان شېئىر ۋەزىنلەرنى»، «ئىككىنچى قىسمى — ھەر قانداق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيىدارلىقى» ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، «ئۈچىنچى قىسمى — شېئىرىيەتتە قانداق نەسرىي سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى ۋە قانداق سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ»④ فارابىنىڭ قارىشىچە، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەينى زاماندا تىل سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان شېئىرىيەت ئىلمى ۋە شېئىرىي شەكىل، ۋەزىن-بەھرىلەر، قاپىيە شەكىللىرى ۋە شېئىرىي تىل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەتقىق قىلاتتى.

فارابى شېئىرى ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. فارابى: «قايسى بىر سەنئەتتە بولمىسۇن قانداق مۇھاكىمە قانۇن دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ تىلغا ئېلىنغان سەنئەتنىڭ ھەممە تەرىپى ئۈچۈن خۇددى قانۇن دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكىلەر مىقدار، سۈپەت ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلغان بارلىق قوراللارنى قانۇن دەپ ئاتاشقان»⑤، «شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىنىدىغان قانۇن-قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر»، «ۋەھالەنكى بۇ قانۇن-قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش شېئىرىيەتنى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ»⑥ دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى ۋەزىن مەسىلىسىنى بېيىت شەكلىدىكى شېئىرىي جۈملە ۋە ئۇنىڭ رىتىم، تۇراق ۋە ئاھاڭدارلىقى جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ شېئىرىي جۈملىنىڭ ئوبرازلىق، تەقلىدىي سۈپەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە «ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەرنىڭ رىتىمدار، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى»، «شېئىردىكى بېيىتلارنىڭ ھەر بىر بۆلىكىدىكى ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسىمدىكى تەرتىپ ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك»، «بېيىتتىكى بىر تەرەپتىن گەپ نېمە ئۈستىدە بولسا ئۇنى ئوبرازلىق تەرزدە ئىپادىلىگەن بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن بېيىتلار ئۆزئارا ئاھاڭدار بولۇشى

---

① بۇ كىتابنىڭ قول يازما نۇسخىسى چېخسلوۋاكىيە پراتىسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتى كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

② بۇ كىتابنىڭ قول يازما نۇسخىسى لوندۇندىكى «ئىندىئان ئافىس» كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

③ بۇ كىتاب ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

④ «ئەلفارابىنىڭ پەلسەپۋى رىساللىرى»، 1972-يىلى رۇسچە نەشرى، 116 — 117-بەتلەر (1937-يىلى قازاقچە نەشرى، 125 — 127-بەتلەر).

⑤ «فارابى پەن ۋە ئەقىل توغرىسىدا»، 7-بەت.

⑥ ئەبۇ ناسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى» 16-بەت.

تەلەپ قىلىنىدۇ» ئەگەر، «سۆز جۈملىلەر بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىددىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر خىل ئاھاڭدار ۋەزىنگە چۈشۈرۈلمىگەن بولسا، مۇنداق سۆز تىزمىلىرى شېئىر ھېسابلانمايدۇ، ئۇنى شېئىرىي سۆز-مۇلاھىزە دېيىش كېرەك، خالاس»① دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ شېئىرىي تېكىست بىلەن نەغمە (مۇزىكا)نىڭ مۇناسىۋىتىدە ۋەزىن رىتىم بۇزۇلۇشىغا ئېھتىيات قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

فارابى قاپىيە مەسىلىسىنى شېئىرىيەتتىكى مۇھىم گۈزەللىك كاتېگورىيىسى تەرزىدە تىلغا ئالغان. ئۇ: « شېئىرىي سۆز - جۈملىلەردە يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنىش بىلەن بىللە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ياكى بىر خىل تاۋۇشلۇق سۆزدىن ياكى بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» ② دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى شېئىرى تىل مەسىلىسىگە ئالاھىدە توختالغان. فارابىچە، شېئىرىيەت تىلى ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىنىشى لازىم. ئۇ ئەينى زاماندىكى تەقلىدسىز، ئوبرازسىز، قۇرۇق، مەشھۇر ۋە يەڭگىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقىمۇ، شۇنىڭدەك، شېئىرىي ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ھەتتا ئۇلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ ئەينى زامان بەدىئىي ھاياتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىدى. فارابىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «خىتابە-ناتىقشۇناسلىقتىمۇ تەقلىدىي ۋاستىلار قوللىنىلىدۇ ... ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەسلى شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى بولىدۇ» ③، ئەمما ئۇلار ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە تولىمۇ ئوچۇق-ئاشكارە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىككە تەسىرى تولىمۇ مۇبالىغىلىق ئالدى-قاچتى گەپ تەسىرى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئەگەر شېئىرىي يوسۇندا، باشقىچە ئېيتقاندا يېپىق ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇلسا، ئۇ جامائەتچىلىك ئارىسىدا شېئىرىي ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. فارابى شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتابى، ئوچۇق-ئاشكارە ئىبارە ۋە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈشنى «شائىرنىڭ شېئىر يولىدىن چېكىنىپ خىتابى يولغا مايىل بولغانلىقى»④ دەپ خاراكتېرلەيدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەئى قانۇن سىنائەتئەشېئىر» (شېئىرىيە قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە) ناملىق ئەسىرىدە شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ۋەزنىگە ياكى ۋەقەلىكىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى تىلغا ئالىدۇ. فارابى ۋەزىن بويىچە تۈرگە ئايرىش جەھەتتە مۇزىكاشۇناسلار بىلەن ئارۇزچىلار ئالاھىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىلدا بولۇشىغا قارىلىدۇ؛ ۋەقەلىككە قاراپ تۈرگە ئايرىش بويىچە ھەر قايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەردىكى شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى، شېئىرىي ئىدىيىلەرنى نازارەت قىلغۇچىلار، شېئىرىي ئېقىملارنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىش ئېلىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى پارس ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى مەدھىيات، ھەجۋىيات شېئىرىي تېپىشماق، كۈلكىلىك شېئىرلار، غەزەلىيات ۋە ۋەسفى (لىرىك) شېئىرىي شەكىللەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە قەدىمكى گرېك شېئىرىيىتىدىكى تراگېدىيە، دىئاگراما، ساتىرا، پوئېما، ئېپوس، كومېدىيە، دراما قاتارلىقلار، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە تۈزۈلمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ.

---

①② يۇقىرىقى كىتاب 13 — 15-بەتلەر.

③④ يۇقىرىقى كىتاب 16 — 17-بەتلەر.

# 3 - § . يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

## 1. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ (1019/20—1085/6)① ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە دۆلەت ئەربابى، جۈملىدىن ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى.

يۇسۇپ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئازراق. «قۇتادغۇبىلىك» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ قاراخانىلارنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى، كېيىنكى ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان بالاساغۇندا، 1018—1019-يىللىرى ئارىلىقىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە ياخشى تەربىيىلەنگەن بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، يىراقنى كۆرەر، ئەخلاقلىق ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقى ۋە ئۆز ئەسىرىنى قەشقەردە تاماملىغانلىقىدىن باشقا، ئۇنىڭ قايسى شەھەرلەردە قانداق تەربىيىگە ئېرىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى زاماندا قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇخارا، سەمەرقەند، بولۇپمۇ ئەينى زاماننىڭ سىياسىي-مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە تۇرغانلىقى، ئۇ يەردە تەربىيە كۆرگەنلىكى ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمە مۇقەددىمىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «تالانتلىق»، «ئېسىل پەزىلەتلىك»، «ئەقىل-پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، چېچەن ھەم كېلىشكەن، دۆلەتمەن»، «يۈكسەك كامال تاپقان»، «بىلىملىك ۋە تەقۋادار»، «پاك بولغان سەردار» ئىدى.

ئۇنىڭ سىياسىي غايىسى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. بۇغراخان ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ—خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى» دېگەن ئۇنۋانىنى ئىلتىپات قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ نامى پۈتۈن ئالەمگە كەڭ تارقالغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋرىنى، شۇنداقلا، بىر مەزگىللىك تۇراقسىز بولغان دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە خەلقنىڭ غېمىنى ئويلايدىغان شائىر 1069—1070-يىللىرى ئارىلىقىدا②، تەخمىنەن 50 ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن غايەت زور ئۈمىد ۋە ئىلھام تۈرتكىسى بىلەن قەشقەردە ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىنى يېزىپ چىققان، ئۇنى بىر قانچە يىل ساقلىغاندىن كېيىن تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەن (ئىبنى سۇلايمان) (1074/5-1103/2-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)يەنى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان③. بۇغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ داستانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا «خاس

---

① بۇ يىلنامە ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى (19-ئەسىر) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سۇفىئاللايارلارنىڭ «بەھرۇل-ئەنساپ» (نەسەپ دەرياسى) دېگەن كىتابلىرى ئاساسىدا ئېلىندى. «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992-يىلى 3-سان، 141-142-بەتلەر.

② بەزى تەتقىقاتچىلار ئەسەرنىڭ تولۇقلىنىپ تامام بولغان يىلىنى 1074-يىلىدىن كېيىن دەپ ئېنىقلاپ چىقتى.

③ بۇ بۇغراخاننىڭ ئىسمى ھەر خىل مەنبەلەردە ھەر خىل ئېلىندى.

هاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن، شۇندىن باشلاپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا 18—20 يىل يېقىندىن قاتنىشىپ، 1085-يىلى كاشغەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى كاشغەر شەھىرى يېنىدىكى پايناپ دېگەن جايدا.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان كىشى، ئۇنىڭ تارىخ، پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ئەخلاقشۇناسلىق، تېبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل ئەدەبىيات- شېئىرىيەت، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردە بىلىمى بار ئەرباب ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

مەسىلەن، ئاسمان بوشلۇقى، يۇلتۇز ۋە سەييارىلار، 12 بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يىل پەسىللىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاسترونومىيىسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىختىكى ئۆتۈكەن بەگلىرى، ئۆچ ئوردا① بېگى، ئېلى بېگى (ئېل بېگى؟) ياغما بېگى، توڭا ئالىپ ئەر قاتارلىقلاردىن تاشقىرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇسا، ئەيسا كەبى پەيغەمبەرلەر، ئىسكەندەر، لۇقمان ھېكىم، نۇشىرۋان ئادىل، زوھاك، پەرىدۇن ھەققىدە؛ رۇم، ئىران، سوغداق، ھىندى، چىن ۋە ماچىن ھەققىدە؛«شاھنامە.. ئىبرانى (قەدىمكى يەھۇدى) ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى؛ جۈملىدىن قەدىمكى يۇنان ھېكىمى ھىپپوگرات ئوتتۇرىغا قويغان تۆت خىلىت (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە باشقىلارمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىرمۇنچە تۈركىي دىئالېكتىلارنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بىلەن، بولۇپمۇ تاجىك-پارس شائىرلىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (935—1025) ۋە ئەرەب ئالىمى خېلىل ئىبنى ئەھمەد (—؟786) نىڭ «ئىلمىي ئارزۇ» ناملىق كىتابى بىلەن يېقىندىن تونۇش ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، مۇئەللىپ، ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلىرىدىن ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، شېئىر-قوشاقلاردىن خەلقىنىڭ جانلىق تىل بايلىقىدىن كۆپ ئوزۇقلانغان ۋە «قۇتادغۇبىلىك»نى ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرى بىلەن بېزىگەن.

## 2. «قۇتادغۇبىلىك»

### 1 - «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

قاراخانىلار سۇلالىسى شەكىللىنىپ، بىر قاتار ئىلغار تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئەمەلىيلەشكەن. لېكىن، بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىجابىي رولى كېيىنكى يىللاردا ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان. يەنى دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، جەمئىيەتنى چۈشىنىپ يېتىۋاتقان چاغلاردا مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلىنىش خەۋپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلىگۈچى تارىخىي ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلىغان ئىدى. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غەۋغالار مۇشۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل ئىدى. 1032-يىلى ماۋارەئۇننەھردە تۇرۇشلۇق غەرب ۋالىيسى ئېلى تېگىننىڭ ئۆزىنى خاقان دەپ

---

① ئۆچ ئوردا ـ ھازىرقى ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېنىدىكى «ئۆچ» دېگەن جاي، قەدىمدە مۇھىم سىياسىي مەركەزلەرنىڭ بىرى بولغان.

بىلان قىلىشى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى①، غەرب خاقانى ئىبلى تېكىن 1934-يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چىققان ۋە غەربىي قىسىمدا قايتا-قايتا خاقان ئالماشقان.

شەرقىي قىسىمدا يۈسۈپ قىدىرخان (1026-1032) دىن كېيىن تا 1074/5-يىلغىچە كۆپ قېتىم خانلار ئالماشقان. جەمئىيەت خېلىلا قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان.

دېمەك، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى 1032-1074/5-يىللار ئارىلىقىدا بىر مەزگىللىك ئىجتىمائىي داۋالغۇشقا دۇچ كەلدى. كىشىلەر روھىي جەھەتتىكى ئىشەنچ ۋە يۆلەنچۈكتىن مەھرۇم قالغان. دۆلەت نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتلىگەن، ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئەسەبىيلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قالايمىقانچىلىق باسقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرلىرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، بىر پۈتۈن سۇلالىنىڭ ئىككى جەمەت خانلىقىغا ئايرىلىپ كەتكەن كېيىنكى تارىخىي مۇھىتتا ئۆتتى. بۇ دەۋر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىشقىچە ھېسابلىغاندا ئۇنىڭ 20 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان 30 يىللىق ھاياتىغا، ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن يىللار بولدى. بۇ 30 يىل ئىچىدە گەرچە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت گۈللىنىشى، ئاقچا ئىسلاھاتى ۋە لىياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن بولغان كارۋان سودىسى راۋاجلانغان، سالجۇقىلارنىڭ ماۋارەئۇننەھرگە ھەبىكە بۇدراج باشچىلىقىدىكى ياباقۇلارنىڭ ئىلى ۋادىسىغا قىلغان ھۇجۇملىرى چېكىندۈرۈلگەن بولسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇلالە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شۇنداقلا بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا جىددىي جەڭلەرمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەقدىم قىلىنغان بۇغراخان ئىبنى سۇلايمان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد سەردارى ئارسلان سۇلايماننىڭ چوڭ ئوغلى، قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ 30- ھۆكۈمرانى بولۇپ مىلادى 1074—1102/3-يىللىرى ھاكىمىيەتكە چىققان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بۇغراخاندىن بۇرۇن ھاكىمىيەت تالىشىش جىددىي بولۇپ، قاراخانىلار ئورنى تۇراقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېھتىمال شائىر كۆڭلىگە باشقا خاقانلار دېگەندەك ياقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللىقاچان پۈتكەن بۇ ئەسەرنى 4-5 يىل ساقلاپ، شەرقىي قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغان، بۇغراخانغا مەقسەتلىك تەقدىم قىلىنغانلىقى تارىخنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلسە كېرەك.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى، ئۆز دەۋرىدىن قاتتىق نارازىلىقىدىن بولغان. ئۇ ئەسىرىدە ھەممە كىشىنىڭ ياخشى ئىنسان بولۇشىنى تىلەيدۇ، پەزىلەتلىك، ئىلىملىك بىر ئىنسانلار توپى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادالەتلىك ھاكىمىيەت، ئاسايىشتا ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بۆرە بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ بىر ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى، نادانلار يوقالغان، ئالىملار كۆپەيگەن، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار دەۋرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەدەنىيەتلىك مەھسۇلى، شۇنداقلا بىر مەزگىللىك جىددىيلىك، داۋالغۇشنىڭ مەھسۇلى، يەنى ئاپتور مۇشۇنداق جىددىيلىكنى پەسەيتىشنى مەقسەت قىلىپ، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

---

① لىيوجىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 332-بەت.

## 2 ـ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

### 1) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

(1) «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق بىر ۋەھەلىك بار.

بىر زامانلاردا كۈن تۇغدى ناملىق بىر ھۆكۈمدار كەڭ بىر مەملىكەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۇنىڭ داڭقى جاھانغا يېيىلىدۇ. ئاي تولدى ناملىق ياش ئاقىل ۋە بىلىملىك بىر كىشى كۈن تۇغدى ئىلىگ (ھۆكۈمدار)نىڭ بۇ پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خالىس خىزمەت بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن يىراق يەردىن سەپەر قىلىپ كېلىدۇ. بىر زامان مۇساپىرچىلىقتا يۈرۈپ، كۆسەمىش ناملىق بىر دوستى ئارقىلىق كۈن تۇغدى ئىلىگنىڭ ھاجىپى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھاجىپ ئۇنى كۈن تۇغدىغا ئۇچراشتۇرىدۇ، بىر قانچە قېتىملىق سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەر جەريانىدا كۈن تۇغدى ئىلىگ ئاي تولدىنىڭ ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ ئۇنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئاي تولدىنىڭ ئادىل قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىپ، خەلق تىنچ، پاراۋان ياشاشقا باشلاپ، «بۆرە بىلەن قوزا بىللە ياشايدىغان» ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بىراق تېخىمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئاي تولدىنىڭ ئۆمرى يار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىل-پاراسەتتە، بىلىم-پەزىلەتتە دادىسىدىن قېلىشمايدىغان ئوغلى ئۆگدۈلمىش باسىدۇ، ئۆگدۈلمىش ئەمەلىي ئىش جەريانىدا، ھەتتا دادىسىدىن ئۇشۇقراق تۆھپە يارىتىپ، مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى ئۆگدۈلمىش مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بىرەر ياردەمچى بولغاندا، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان بولىدىغانلىقىنى، بىر غاردا ھەممە جەھەتتىن ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئودغۇرمىش ناملىق بىر زاھىدنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۈن تۇغدىغا ئېيتىدۇ. كۈن تۇغدى ئىلىگ ئۇ زاھىدنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس نامە بىلەن ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتىدۇ. زاھىد ئۆزى كەلمەي، خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت ناھايىتى قاتتىق يېزىلغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەزمۇنى بىلەن كۈن تۇغدى ئىلىگنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ مەپتۇن بولۇپ، ئۆگدۈلمىشنى ئىككى قېتىم خەت بىلەن ئەۋەتىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئارىسىدا قاتتىق مۇنازىرىلەر بولىدۇ. زاھىد يەنە كەلمەيدۇ. كۈن تۇغدى ئىلىگ «ھېچ بولمىسا دىدارىنى بىر كۆرەي» دەپ ئۆگدۈلمىشنى 3-قېتىم ئەۋەتىدۇ. زاھىد كېلىدۇ. كۈن تۇغدىغا نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر-مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلىرىنى قىلىدۇ. ئەمما سارايدا قېلىشنى خالىماي، ئۆز كۆلبىسىگە قايتىپ قازا تاپىدۇ. زاھىدتىن قالغان ھاسىسىنى كۈن تۇغدى ئىلىگ، ئورنىنى ئۆگدۈلمىش تەۋەرۈك قىلىۋالىدۇ. ئۆگدۈلمىش يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسان بەختىگە سەرپ قىلىدۇ.

شائىر يۇقىرىدىكى دراملىق ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ قۇرلار بىلەن چۈشۈرىدۇ:

«ئۇلار كەتتى، پەقەت ياخشى نامىلىرى قالدى مەڭگۈگە! بۇ ناملار ھەر زامان چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد قىلىنغۇسى! مۇنداق كىشىلەر راستىنلا ئىنسان جىنسىمدۇر ياكى قىلغان ئىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ ئىشىمدۇر؟»

(2) يۇسۇپ داستانىدا يۇقىرى ۋەقەلىكنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، بۇ ئارقىلىق يۈكسەك بىر ئىدىيە ۋە غايىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇسۇپ قاراخانلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قەدەر

وختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراستىنى «بىلىم-ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت» دېگەن تۆت ئاساسي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە «بىلىم-ئەقىل»نى ئۆگدۈلمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە، «ئادالەت»نى كۈن تۇغدى ئىسىملىك بىر كىشىگە، «دۆلەت»نى ئاي تولدى ئىسىملىك بىر كىشىگە، «قانائەت» نى ئودغۇرمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە تەقلىد قىلىپ، دېمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلىگەن.

مۇئەللىپ ئەسەرگە ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت، يەنى بىرىنچى، ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە خەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى؛ ئىككىنچى، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمگە باراۋەر قاراش» ئۈچىنچى، خان-پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا بولغان مۇنسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپەۋى قارىشىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئادالەت گەۋدە قىلىنغان باراۋەر ئىناق خاتىرجەم غايىۋى خەمئىيەت سۈرەتلەنگەن. خىسلەتلىك يېرى شۇكى، ئەسەردە مۇنداق غايىۋى جەمئىيەتنى سۈرەتلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى؛ بۇ غايىۋى جەمئىيەتكە بارىدىغان يول ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىلگەن. بۇ يول-قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمدۇر. قانۇن بۇ غايىۋى خەمئىيەتنى يۆلەپ تۇرىدىغان تىرەك؛ ئەخلاق — بۇ غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە؛ بىلىم قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى، ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈپ ئاساس①. داستان باشتىن- ئاخىر دېگۈدەك ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى تۆت پېرسوناژنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشى ۋە مۇنازىرىسى بولۇپ، مۇئەللىپ مۇشۇنداق سۆزلىشىش ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بايان قىلغان، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر قايسى تەبىقە ۋە گۇرۇھلارنىڭ ماھىيىتى ھەم ئورنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى تەھلىل قىلغان، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى-ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەدەنىيەتنىڭمۇ يۈكسەلگەنلىكىنى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قۇرۇلۇش، نەققاشلىق، رەڭدار بوياقچىلىق، قول سانائەت، چارۋىچىلىق ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەققىدە توختالغان. شۇ ئارقىلىق بۇغراخان ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، يۇرتنى، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشقا قوللىنىشى زۆرۈر بولغان چارە-تەدبىرلەرنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ، دۆلەتنى بىلىم بىلەن باشقۇرۇش، بىلىملىك كىشىلەرنى ئەتىۋارلاش، ھەربىي ئىلىم (قوماندان، خادىملارنىڭ ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىملىقى) قاتارلىقلارنى ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن. مۇئەللىپ ئەسەردە يەنە تارىخ، پەلسەپە، دىن، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئېتنوگراپىيە، ئېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرمۇ ئىخچام شەرھلەپ بەرگەن.

(3) بىز داستاننىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. شائىر 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن ئىبارەت بۇ داستاندا توققۇز نەپەر پېرسوناژ ئوبرازىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن. بۇلار قانۇن-

① بۇ ھەقتە لىيوجېزشاۋنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىغا قارالسۇن.

ئادالەتنىڭ سىمۋولى-كۈن تۇغدى، بەخت-سائادەت سىمۋولى-ئاي تولدى، بىلىم-ئەقىلنىڭ سىمۋولى-ئۆگدۈلمىش: ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى-ئودغۇرمىش پايتەختتە مۇساپىر ئاي تولدى بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان ئاددىي پۇقرا — كۈسەمىش①، بىلىملىك ئاي تولدىنىڭ پايتەختكە كەلگەننى كۈن تۇغدى ئىلكە تونۇشتۇرغۇچ تۇز كۆلۈل ئادەم ئوردا ھاجىپى، ئودغۇرمىشنىڭ مۇرىدى، خىزمەتچى بوۋاي قۇمارۇ② ئات باقار يىگىت ××؛ ئاددىي خىزمەتچى، ياش ئوغلان ×× بولاردىن ئالدىنقى تۆت پېرسوناژلار ئاساسىي قەھرىمانلاردۇر، قالغان بەش پېرسوناژ بولارغا قارىغاندا ئازراق تەسۋىرلەنگەن.

كۈن تۇغدى— ③ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى باش قەھرىمان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلەنگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقاننىڭ سىمۋولى، پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل-يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان، ئەل-يۇرتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان شەخس، شۇنداقلا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر دەپ قارايدىغان، مەملىكەتتىكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغان، يۇرت-جامائەتنىڭ دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بەدىئىي غايىۋى ئوبراز.

ئاي تولدى— ④ «قۇتادغۇبىلىك»تە بەخت سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى. بۇ ئوبراز ئەسەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىرى ئۇ غايىۋى دۆلەتتىكى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسى، يەنە بىرى بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى بىلگۈچى دانىشمەن؛ ئايتولدى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسىلا ئەمەس، بەلكى غايىۋى دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھۆكۈمدار (كۈن تۇغدى)غا ئەلنى ئادىل باشقۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى كۆرسەتكۈچى ئاقىل. بەخت-سائادەتنى مۇقىم، چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلەت ئىگىسى بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن غايىۋى قەھرىمان.

ئۆگدۈلمىش— ⑤ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەقىل-پاراسەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى ئادالەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا ئىز باسارى. پۈتۈپ ۋۇجۇدىنى ئەل-يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەر قانداق مۇشكۈل ئىشنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ھەل قىلىدىغان ھەم بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدىغان، شان شۆھرەت تالاشمايدىغان، ئۆزىدىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان چەكسىز سۆيۈنۈپ ، ئۇنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەشكە چىن كۆڭلىدىن دەۋەت قىلىدىغان ، ھەتتا ئۆزى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگىنىشنى

---

① كۈسەمىش ـ كۈسەر، كۈسەپ، ئارزۇ قىلىش، ئەزىز دېگەن مەنىدە.

② قۇمارۇ ـ تەسەللى تاپماق، خاتىرجەم بولماق مەنىسىدە.

③ كۈنتوغدى ـ كۈندىن تۇغۇلغان دېگەن مەنىدە.

④ ئايتولدى ـ تولۇن ئايدەك تولغان دېگەن مەنىدە.

⑤ ئۆگدۈلمىش ـ بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق دېگەن مەنىدە.

شىلىك بۇرچ دەپ ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب غايىۋى پېرسوناژ، شۇنداقلا، ئادالەتلىك جەمئىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان، غايىۋى دۆلەتنىڭ ئادىل خانىنىڭ سادىق ۋە ئەقىللىق ۋەزىرى. ئۆزىنىڭ دادىسى ئايتولدىدىن يۇقىرىراق ئىستىداتقا ئىگە، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز، جۇملىدىن ئادالەتپەرۋەر، ئاقىل-دانا ئالىم، ھىممەتلىك ۋە تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى.

ئودغۇرمىش① — «قۇتادغۇبىلىك»تە ئاقىبەت ۋە قانائەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسەۋۋۇرىنىڭ ياردىمى بىلەن ياراتقان ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەتتىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان بىر زاھىد ناھايىتى مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز. ئۇ بۇ دۇنيانى بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۇچۇن ئازغىنە يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە يېپىنچا ئۆلگەندە گۆرلۈككە كېتىدىغان بىر مېتىر يەر بولسىلا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق دەپ قاراپ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە، يۇرتداشلىرىنىڭ تەقدىرىگە كېچە-كۈندۈز دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئويغاق، سەگەك دانىشمەن، پەيلاسوپ، جۇملىدىن چوڭ ئالىم. ئودغۇرمىش يۇقىرى مەنسەپ، مەئىشەتلىك ھاياتنى ياقتۇرمايدىغان، ئادەمنىڭ ئادەملەرگە خىزمەت قىلىشىنى بىمەنە ئىش، تائەت-ئىبادەتلا ئىنساننىڭ ئەھمىيەتلىك مىھنىتى دەپ ھېسابلايدىغان زاھىد بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتىدە يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتىگىمۇ باشقىچە پىكىردە بولمايدىغان توغرا نىيەتلىك شەخس. ئۇ، ئاقىل ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇشى كېرەك، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت دېگەن پىكىرلىرىگىمۇ (ئاخىر) قايىل بولۇپ، سىلەرنىڭ ماڭغان يولۇڭلار توغرا ئىكەن، سىلەر شۇ يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىڭلار، دەپلا قالماستىن، بەلكى ئەل-يۇتنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئەلنى باشقۇرۇشقا دائىر بىرمۇنچە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشنىمۇ ۋىجدانى بۇرچى، دەپ تونۇيدىغان، ئىلغارلىق ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىي ئوبراز.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئارىسىدىكى دراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتنى، جۇملىدىن دۆلەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىرقاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بەزىبىر ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. رېئاللىقنى پەدەزلەپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ھەم سۆكىدۇ. ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك، بىلىملىكلەر كۆپ بولغان غايىۋى بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك»تە يارىتىلغان بۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بەدىئىي ئوبرازلار شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ بەدىئىي ئوبرازلار شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن يارىتىلغانكى، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۆزىنى مۇرەككەپ دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ.

---

① ئودغۇرمىش — ئويغاق، سەگەك دېگەن مەنىدە

(4) «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىپادىلەنگەن بىر قاتار ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلار.

① «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى

ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە ماس بولغان ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا، سۈنئىي دىنلار ئېتىقادچىلىقىنىڭ ھارپىسىغا توغرا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدا بىر مىللەتنىڭ بىرقەدەر ساپراق بولغان مەدەنىيىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ.

تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەزمۇنى كەڭ، ئۇ ئاسمان جىسىملىرى ئېتىقادچىلىقى ۋە زېمىن جىسىملىرى ئېتىقادچىلىقى قاتارلىق ساھەلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاسمان جىسىملىرى ئېتىقادچىلىقى تەڭرى، كۆك، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەڭرى — بۇ ھەم كونكرېت ھەم ئابستراكتلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇقۇمنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئېتىقاد ئوبيېكتى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىدە «تەڭرى» كونكرېتلىقتا ئىگە بولغان. يەنى ئۇلار دەسلەپ مەلۇم بىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنى تەڭرى دەپ چوقۇنغان، ئاندىن كۈن، ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى، تاغ، دەريا، كۆل قاتارلىق زېمىن جىسىملىرىمۇ تەڭرى دەپ ئاتالغان. كېيىنچە «تەڭرى» زور دەرىجىدە ئابستراكتلىشىپ كەتكەن.

بىزگە مەلۇمكى، «تەڭرى» (tangri)سۆزى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە قەدىمكى ھۇن تىلىدا قوللىنىلغان. ئۇنىڭ مەنىسىنى كېيىنكىلەر «ئاسمان، ئالەم، خۇدا» دەپ يېشىپ چىققان. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار تەڭرىنى «خۇدالارنىڭ ئومۇمىي نامى»، «كائىناتنى باشقۇرغۇچى»، دەپ تونۇغان. ئۇلار بەندىلەرنىڭ بارلىقىنى، يەنى زېمىن-تۇپراق، يېمەك-ئىچمەك، ھوقۇق-مەرتىۋە، ئۆمۈر-ھايات، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭرى ئاتا قىلغان، تەڭرىدىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ تونۇغان.

ئورقۇن مەڭگۈ تاش يازما ھۆججەتلىرىدە «تەڭرى» سۆزى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن،

«Tångri omay, iduk yår sub basa bårti årnqnå tåzår biz.»

[تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر-سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ. بىز (يەنە) نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز].

«tångri yarlikaduk üqün»

[تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن.①]

(«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، 712 — 716-يىللار)

«Tångritag tångridå bolmis Türk bilgå kagan bu udkå ulurtim.»

[(مەنكى)تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە خاقان بۇ ۋاقىتتا (تەختتە) ئولتۇردۇم②]

«Tångri yarlika dukin üqün, ozim kutim bar üqün kagan olurtim.»

[تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن③]

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 50-، 59-بەتلەر.

② يۇقىرىقى كىتاب، 64-، 77-بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 65-، 79-بەتلەر.

«Ozå kok tångri asra ya iz ẙir kilin tukta, ȁkin ara kisi ogli kilinmis.»

[ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ.①]

«Oza̋ Turk tangrisi Tűrk iduk ẙir subi anqa temis: Tűrk bodun yok bolmazun teyin.»

[ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى، (تۈۋەندىكى) تۈرك مۇقەددەس يەر سۈيى مۇنداق دەپتۇ: ‹تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن! ئۇلار خەلق بولسۇن!›②]

«ud tångri yasar, kiši ogli kop ilgäli tørmis.»

[زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ) ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن③]

(«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، 732-يىلى)

«Өza tångri, asra yir yarlikaduk üqűn.»

[ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، ئاستىمىزدىكى يەر-زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن.]

(«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، 734-يىلى)

«Olim, kongim, budunig tangri yir ayu barti.»

[قول-دىدەكلىرىم، خەلقىمنى تەڭرى ۋە زېمىن ساقلىدى]④

(«بايانچور مەڭگۈ تېشى»، 759-يىلى)

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد خانى ئىدىكىن — بۆگۈخان (مىلادى 759 — 780-يىللىرى خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان)غا دائىر «بۆگۈخاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى» دېگەن قەدىمكى ھۆججەتتە بۆگۈخاننىڭ:

«m n tangri mn (.)siz — ni birlȁ tngri yirnigårů bargaymȁn»

[(قاغان مۇنداق دېدى) «مەن تەڭرى، سىلەر بىلەن تەڭرى يېرىگە بارغايمەن⑤] دېگەن جۈملىلەردىمۇ «Tangri» سۆزى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇ مانى دىنى چۈشەنچىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دىمۇ «تەڭرى» سۆزى كۆپ ئۇچرايدۇ:

«Oguz hakan bir yȁrdȁ tȁngrunu yalbarguda ȁrdi»

[ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا]

«Tȁngri sȁngȁ yȁr bȁrip buyurmus bolup turar»

(تەڭرى ساڭا پۈتۈن زېمىننى ئاتا قىلماقتا)

«tȁngri bardi tusumda kaldursun (Banga kok)»

[كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت]

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 66-، 80-بەتلەر.

② يۇقىرىقى كىتاب، 68-، 82-بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 98-، 106-بەتلەر.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 110-، 115-بەتلەر.

⑤ ئابدۇرېشىت ياقۇپ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىق — ‹بۆگۈخاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى›، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993-يىلى 1-سان، 109-، 112-بەتلەر، ئۇيغۇرچە.

«K𝔬k tängriga män 𝔬tädim»

(كۆك تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم)①

ئەھمىيەت بېرىشكە تولىمۇ ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى خوتۇنى، ئوغۇزخان «تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا» كۆك نۇر بىلەن بىرگە زېمىنگە چۈشىدۇ. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ تەڭرىنى ئۇلۇغ بىلگەنلىكىدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدە تەڭرىگە چەكسىز چوقۇناتتى.

شامان دىنىنىڭ بۇ خىل تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاققىچە ساقلانغان.

ئۇيغۇر ... يازما يادىكارلىقلىرىدىن «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «موبۇنچور مەڭگۇ تېشى» I، II قاتارلىقلاردا «تەڭرى» نامى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد خانى ئىدىكىن — بۆگۈخان (مىلادى 759 — 780-يىللىرى خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان)غا دائىر «بۆگۈخاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، شۇنداقلا، بۇددا، مانى، خىرىستىئان دىنىغا دائىر قەدىمكى ئۇيغۇر يازمىلىرىنىڭ كۆپىدە دېگۈدەك، «تەڭرى» نامى تىلغا ئېلىنغان.

تارىختىن شۇ نەرسىنى بىلىشكە بولىدۇكى، «تەڭرى» ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ۋە ئالىي تەڭرىسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان جەريانى ئەڭ ئۇزۇن.

كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى — ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد ( ياكى شامان دىنى ئېتىقادىدىن ) دىن سۇنئىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆتكەندىن كېيىن « تەڭرى » نامى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە داۋاملىق ھەمراھ بولۇپ كېلىۋەرگەن . مەسىلەن ، « زارىئاستېر دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى ‹ Tangri tangrisi hirmuzda › دەپ ئاتىغان . بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى ‹ Tangri tangrisi burkan › دەپ ئاتىغان، مانى دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى ‹ mani burkan Tangri tangrisi › دەپ ئاتىغان، ھەر قېتىم ھەربىر دىننى تاشلىغاندا، ھامان ئۆزلىرىنىڭ ‹ تەڭرى› سىگە ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋەرگەن. ۋەھالەنكى ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق بىر خىل شەكلىنى قوللانغان»②.

«تەڭرى» سۆزى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەردىكى ھون تىلىدا قوللىنىپ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قەدىمكى تۈركلەرگە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا بىر خىل مەدەنىي مىراس سۈپىتىدە تەۋەرۈك بولۇپ قالدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان بىر شارائىتتىمۇ «تەڭرى» چۈشەنچىسى مۇشۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەركىبىگە قېتىلىپ، بىر پۈتۈن ئېتىقاد گەۋدىسى بولۇپ كەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادىدىكى «تەڭرى» چۈشەنچىسىنى ئىسلام دىنىدىكى «ئاللاھ» چۈشەنچىسى بىلەن بىرلەشتۈرىۋەتكەن. نەتىجىدە خېلىلا قويۇق ئىسلام روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان «قۇتادغۇبىلىك»تە «تەڭرى» نامى 26 بېيىتتە تىلغا ئېلىنغان③. «قۇتادغۇبىلىك» ئىسلام پۇرىقى

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى، 50-، 193-، 326-، 375-قۇر، 28-، 33-، 38-، 39-بەتلەر.

②③ قۇربان ۋەلى «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ‹ بايات › دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990-يىل 2-سان.

ويۇق ئەسەر . بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، بۇ ئەسەردىكى « تەڭرى » سۆزى
ەسلىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ، شامان دىنى ، زارئاستىر دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىدىكى
رئالەم» ، «ئىلاھ» ، «خۇدا» مەنىلىرىدىكى چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىدىكى «ئاللاھ»
نىن ئىبارەتتۇر. ۋەكالەتكى «ئاللاھ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە بىرقانچە
ئورۇندىلا «تەڭرى» دەپ قوللىنىلغاندىن باشقا ھەممە ئەسەرلەردە «بايات» دەپ قوللىنىلغان. «دىۋانۇ
لۇغەتت تۈرك»دە «بايات» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ «ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىتى»① دېگەن. بۇنىڭدىن
شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى «Tangri» ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ
چوقۇنىدىغان نىشانى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىدىكى «ئاللاخ» چۈشەنچىسى بىلەن
ئارىلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. بۇ خىل ھادىسە «قۇتادغۇبىلىك»تە گەۋدىلىك ھالدا
ئىپادىلەنگەن.

«كۆك» (K⊖k) چوقۇنۇش، قەدىمكى ئۇيغۇرلار »تەڭرى» بىلەن «كۆك ئاسمان (كۆك)
نى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ، پۈتۈن جاھاننى «تەڭرى»نىڭ نامايان بولۇشى ياكى تەڭرى تۇرىدىغان جايى
دەپ قارىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا «كۆك ئاسمان»نى بىلدۈرىدىغان «تەڭرى»
سۆزىدىن باشقا «كۆك» سۆزىمۇ بار②. «كۆك» سۆزىگە دائىر نۇرغۇن تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن،
«k⊖k tülüklüg k⊖k yallug bu bädük ärkäk b⊖ri» ، «K⊖zük⊖ktün k⊖ kräk ardi»
ئوغۇزخاننىڭ «onglugi qir... k⊖k ärdi» (75-، 155-، 5-قۇر) قاتارلىقلار. نۇرقۇن مەڭگۇ
تاشلىرىدىمۇ «كۆك» (K⊖k) سۆزى تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار «تەڭرى»نى كۆپ
چاغلاردا ئېگىز يەردە، ئاسماندا دەپ پەرەز قىلغان، نەتىجىدە، تەڭرى دەرگاھىمۇ قوشۇلۇپ «كۆك»
يەنى «تەڭرى» دەپ تونۇلغان.

بىز «قۇتادغۇبىلىك»كە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ داستاندىمۇ «كۆك» سۆزىنىڭ كۆڭۈل
قويۇپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بۇ كۆكتەكى يۇلدۇز بىر ئانچا بەزەك،
بىر ئانچا قۇلاۋۇز بىر ئانچا يەزەك.
(128-قۇر)

قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەسىرى.

ئاسمان — كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىم ھەم ئەھمىيەتلىك تەسىرىنى كۆرسىتىپ
تۇرىدۇ. ئادەملەر ئاسمان بوشلۇقىغا دىققەت قىلغان ھامان، ئالدى بىلەن كۆرىدىغىنى كۈن، ئاي،
يۇلتۇز قاتارلىق كونكرېت شەيئىلەردۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنى ياكى شامان دىنى
ئېتىقادىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسىمۇ بولغان.
خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ھونلار، تۈركلەرنىڭ كۈن، ئايلارغا چوقۇنىدىغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر
بار.

---

① شۇ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 3-توم، 235-بەت.

② غ . ئوسمان «ئوغۇزنامە»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي ئېتىقادىغا نەزەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985-يىلى 1-سانىغا قارالسۇن.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرى ئۆزلىرىنى «Kün tängrudä ulug bolmix küqlük bilgä kagan» (كۈن تەڭرىسىدىن ئۇلۇغ بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك، دانا خاقان) «Ay tängrida kut bo[illegible]kuqluk bilga kagan» (ئاي تەڭرىدىن بەختلىك بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك بىلگە خاقان) دەپ ئاتاشنى شەرەپ دەپ بىلگەن.

«تېرخىن مەڭگۈ تېشى» 3-، 4-قۇرلاردا (753-يىلى) «ongra kün togsukdaki bodun» «kisra ay tugsukdaki bödün tört bulungdaki bödün küqbarur» [ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا (ئۆزلىرىنىڭ) كۈچىنى بېرۇر] دېگەن جۈملىلەر بار. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ «قۇياش (بىزگە) تۇغ بولسۇن» دېگەن تەنتەنىلىك پەرمانىدىن باشقا، چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغلانلىرىغا «Kün» ، «Ay» ، «Yulduz» دەپ ئات قويىدۇ ۋە ئۇلارنى ئوغۇز ئېلىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. «مايتىرى-سىمىت» ([illegible])نى ئۆز دەۋرىدە كۆچۈرگۈچىلەر، ئۇنىڭغا «y)a(rna alkatmux ayka kusanqig künka ...» (يەنە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە) ئۇچرىشايلى دەپ، بىر (مايتىرى-سىمىت) نومىنىمۇ كۆچۈرتكۈزدۇق، دەپ ئىلاۋە قىلىشقان.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن، ئايغا چوقۇنۇشتەك ئەنئەنىۋى ئېتىقاد قارىشى روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ مەسىلە يۈسۈپنىڭ داستاندىكى ئاساسلىق تۆت چوڭ پېرسوناژىنىڭ ئىككىسىگە «كۈن تۇغدى» ، «ئاي تولدى» دەپ ئىسىم قويغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكلىرىدىكى ئالاھىدە بەلگىلەر ئىسپاتلايدۇ①.

كۈن تۇغدى داستاندا تەسۋىرلەنگەن غايىۋى جەمئىيەت (مەملىكەت)نىڭ ھۆكۈمدارى، شۇڭا ئۇ كۆپ يەرلەردە «كۈن تۇغدى ئىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. يۈسۈپ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن «كۈن تۇغدى» دەپ ئىسىم قويغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ:

ئەلىگ ئايدى بىلگە مەنىڭ قىلقىمى،
كۆرۈپ مەڭزەتۇ ئۇردى بۇ ئاتىمى.
(ئىلىك دېدى: ئالىم بۇ قىلىقىم كۆرۈپ
قويدى بۇ ئېتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ.)

كۈنۈگ كۆر ئارىلماز تولۇ ئوق تۇرۇر،
يارۇقلۇقى بىر تەگ تالۇ ئوق تۇرۇر.
(قارا كۈن ئۇۋالماس ھەمىشە پۈتۈن،
يورۇقى بىزدەكلا ۋە بارلاق تولۇن.)

مەنىڭ مەقىلىنچىم ئاڭار ئوقشادى،
كۆنىلىك بىلە تولدى ئەكسۇ مەدى.
(مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى كەم بولمىدى.)
(824-، 825-، 826-قۇرلار)

---

① غ . ئوسمان «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بەزىبىر ئادەم ئىسىملىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ، «ئامىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلى، 1984-يىلى 4-سانىغا قاراڭ.

يۈسۈپ بۇ مىسرالاردىن كېيىن، ئىككىنچىدىن كۈننىڭ چىقىشى بىلەن جاھان يورۇيدۇ، (يورۇقلۇقنى) بارچە خەلققە يەتكۈزىدۇ-يۇ، ئۆزى ئۆچمەيدۇ، (827-مىسرا) مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق: ئۆزۈم يوقالمايمەن، ئادىتىم ۋە سۆزلىرىم خەلق ئۈچۈن بىردەكتۇر (828-مىسرا)؛ ئۈچىنچىدىن كۈن چىقسا، يەرگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ، يەردە رەڭگارەڭ گۈل-چېچەك ئېچىلىدۇ.(829-مىسرا)؛ مېنىڭ قانۇنىم قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا ئۇ ئەل قورام-تاشلىق بولسىمۇ، ئاۋاتلىشىدۇ(830-مىسرا)؛ چىققان كۈن ياخشى ياكى يامان دېمەيدۇ، ھەممىگە(بىردەك) يورۇقلۇق بېرىدۇ،ئۆسۈپ قالمايدۇ(831-مىسرا)؛ مېنىڭمۇ ئادىتىم ئېنىق شۇنداقتۇر، مەندىن ھەممىگە باراۋەر ئۈلۈش تېگىدۇ (832-مىسرا)؛ يەنە كېلىپ، كۈننىڭ بۇرچى تۇرغۇن بولىدۇ، تۇرغۇن دېگىنىم ئۇنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم دېگىنىمدۇر (833-مىسرا)؛ ... مېنىڭ ئادەتلىرىمگە باق، دائىم بىر خىلدۇر، يورۇقلۇق بېرىشتە ھەرگىز ئۆزگەرمەيمەن (835-مىسرا) دېگەن مىسرالار بىلەن كۈننىڭ يۈكسەك ئوبرازىغا تەققاس قىلىپ ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

يۈسۈپ كۈن تۇغدى ئىلىگنى خاقان ئورنىدا تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئادىل، مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. خاقانلارنىڭ توغرا، مۇقىم ۋە نۇرلۇق يول تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى كۈنگە ئوخشاتقان ۋە «كۈن تۇغدى» دەپ ئاتىغان. قۇياش بولمىسا ھاياتلىق بولمايدىغانلىقىنى ۋە يورۇق ئالەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ھالبۇكى يۇرت-جامائەتنىڭ بىر يول باشلىغۇچىسى بولۇشى كېرەك، ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىر بېشى بولمىسا بولمىغىنىدەك شۇ چاغدىكى قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن تۈزۈلۈشكىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىغا كۈن تۇغدىغا ئوخشاش بىر سالاپەتلىك باشلىق ھۆكۈمدار بولۇشىنى توغرا تاپقان، كىشىلەرنى ئەنئەنىۋى قاراش ئارقىلىق قايىل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رايىنى تارتماقچى بولغان. بۇ جەھەتتىكى مۇنازىرە ۋە تەسۋىرلەرنى داستان سەھىپىسىدە كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ ۋەزىرنى «ئاي تولدى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايغا تەققاس قىسىپ سۈرەتلىگەن. كۈن كۈندۈزنى يورىتىدۇ. ئاي تۈننى يورىتىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئىنسانلارغا يورۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى شەيئىلەردۇر. قەدىمكى ئىنسانلار ئاينىڭ كۈندىن يورۇقلۇق ئالىدىغانلىقى ۋە كۈننى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئاساسەن چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. نېمىلىكىم بولمىسۇن، بىرىنچىدىن ئاي كۈنگە قارىغاندا كىچىك؛ ئىككىنچىدىن، ئاي دائىم بىر خىل تۇرماي كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، چوڭلۇقتىن كىچىكلەپ، ھەتتا كۆرۈنمەي قېلىپ بەزىدە شەرقتە، بەزىدە غەربتە كۆرۈنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنى بىلگەن ئىنسانلار ئۇنىمۇ كۈنگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىدا بولغان، ئەمما ئۇنىڭ كۈندىن كىچىكلىكىگە قاراپ، ئاسماندىكى ئىككىنچى تەڭرى دەپ قارىغان.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئاي تولدى ئوبرازى يۈسۈپ بەدىئىي يول بىلەن ياراتقان غايىۋى جەمئىيەت (مەملىكەت)نىڭ ۋەزىرى. بىزگە مەلۇمكى، ۋەزىر خاندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، خاننىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ، ھۆكۈم-يارلىقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ؛ شۇنداقلا خاننى قوغدايدۇ، ھىمايە قىلىدۇ. يۈسۈپ ئاي تولدىنى «بەخت-سائادەت»نىڭ سىمۋولى (ۋەكىلى) قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، بەخت ئۆزگىرىشچان نەرسە ھېسابلىناتتى. شائىر بۇ كۆز قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئاي تولدى ئايدى مەنىڭ ئاتىمى،
بۆگۈ مەڭزەتۇر ئايقا بۇ قىلقىمى

(بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئېتىم،
خۇيۇم ئوخشىتىپ ئايغا، قويىمىش ھېكىم.)
(730-مىسرا)

ئۇنىڭدىن كېيىن، شائىر ئاينىڭ ئاۋۋال كىچىك تۇغۇلىدىغانلىقى، بارا-بارا چوڭىيىپ، كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىدىغانلىقى، تازا تولۇپ، يۇقىرى ئۆرلىگەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا يۈزىدىن كۆركى كېتىپ، يورىقى ئازلاپ، يەنە يوقىلىدىغانلىقى، بەخت-سائادەتمۇ خۇددى شۇنداق بەزىدە بار، بەزىدە يوق نەرسە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق ئاينىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدىكى يۈكسەك نوپوزىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئالىيجاناب دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، كىشىلەرگە سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن بەخت-سائادەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت دىئالېكتىكىنى يۇرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

② «قۇتادغۇبىلىك»تە «بەخت» ۋە «بىلىم» قاراشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «بەخت» توغرىسىدا خېلىلا بىرلىككە كەلگەن، سىستېمىلاشقان قاراش بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى «بەخت» سۆزىنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى «قۇت» سۆزىنى قوللانغان. «قۇت» ئەسلى «قۇرت»(بۆرە) دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ،①②③ ئۇ ئىپتىدائىي تۇتېم قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا «بۆرە»نى توتېم قىلغان، ئۇنى «بەخت» ھامىيسى دەپ تونىغان، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، توتېملىق ھايۋاننىڭ نامى بەخت-سائادەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. «kut»(قۇت) سۆزى ھون دەۋرى(مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادى 2-ئەسىرلەر) دىن باشلاپ يۇقىرى تەبىقە يەنى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن شەرەپلىك نام سۈپىتىدە قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھونلارنىڭ دەسلەپكى خاقانى تۈمەن(م . ب 220 — 209-يىللاردا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان) ۋە باشقا ھون خاقانلىرى «تەڭرىقۇت» ( 撑犁弧涂, 单于 )، ھونلارنىڭ مەلۇم دەرىجىلىك ئەمەلدارى «قۇتبەگ» ( 骨都侯 ) دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى ئىسىمدىكى «kut» ( 骨都, 弧涂 ) سۆزىنىڭ بۆرە مەنىسىنى بېرىدىغان «kut» سۆزىدىن كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن «بەخت» مەنىسىنىڭ چىقىپ تۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

تۈرك خانلىقى دەۋرى (552—744)دە خانلارنىڭ بەزىلىرى «قۇتلۇق قاغان» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر خانلىقى (774—840) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىرى «قۇت» ۋە «بىلگە» سۆزلىرى بىلەن ئۆز ئىسىملىرىنى سۈپەتلەپ كېلىشنى شەرەپلىك ھادىسە دەپ بىلگەن. مەسىلەن، ئىدىكىن (759—779-يىللىرى خان بولغان) «Ay tängridä kut bolmïš eltutmis kuq kulug bilga kagan» (ئاي تەڭرىدىن بەختلىك بولۇپ تۆرەلگەن ئەلنى باشقۇرغۇچى قۇچ كۈللۈگ بىلىملىك

---

① ئى . مۇتئى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلار توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1985-يىلى 3-سان، 14-بەت.

② ئى . كافېس ئوغلى «ئەسكى تۈرك دىنى»، ئەنقەرە 1980-يىلى نەشرى، 15-بەت.

③ ئى . تېنىشۇ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى، 141-بەت.

خاقان) دەپ ئاتالغان بولسا، تەڭرى قاغان (808 — 821-يىللىرىغىچە خان بولغان) «Ay tángridä
kut bolmis kullug bilgä kagan», «Kun tangrida kut bolmis kug bilga kagan» دېگەن
شەرەپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى خانلىرى يۇقىرىقى ئەنئەنە بويىچە ئۆزلىرىنى « ئىدىقۇت » دەپ ئاتاشنى
ياخشى كۆرگەن . ئۆزى تۇرىدىغان شەھەرنى ھەم « ئىدىقۇت » (شەھىرى) دەپ ئاتاشقان. كېيىنكى
ئىلمىي خادىملار «ئىدىقۇت» (بۇ ئەسلى «ئىدى — idi» ۋە «قۇت — ķut » دېگەن ئىككى
سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە سۆز) ئاتالغۇسىنى «مۇقەددەس بەخت»①، « تەڭرى
ئوغلى »، «بەخت ئىلاھى »②، « بەخت ئىگىسى »③ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىزاھلاشقان.

بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بىر پارچە شېئىردا پادىشاھنى «قۇتلۇغ بىلگە بەگمۇز ئەرۇرسىز(قۇتلۇغ،
بىلىملىك بېگىمىز سىز)»④ دېگەن سۈپەت بىلەم مەدھىيلىگەن مىسرالار بار. دېمەك بۇ شېئىردىكى
سۆزلەر ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ سۈپەت سۆزلىرى بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكى
ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردا «قۇت» سۆزى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ
شېئىرلارنىڭ بىرىدە مۇھەببەتكە ئېرىشكىنىڭ قۇت-بەختكە ئېرىشكىنىڭ، مۇھەببەتنى يوقىتىپ
قويغىنىڭ قۇت (بەخت)نى يوقىتىپ قويغىنىڭ دەپ تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر قوشاقتا:

ئەرقۇتى بەلىك
سۇۋقۇتى تەرىك
(ئەرنىڭ قۇتى-بەختى قورقماسلىقتا،
ھەمۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا)

دەپ تەسۋىرلەنگەن⑤.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەتراپلىق مەلۇمات
بەرگۈچى ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە «ķut» بىلەن ئالاقىدار بىرمۇنچە شېئىرلار كۆزگە
چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

يىغلاپ ئۇزۇ ئارتادىم،
باغرىم باشىن قارتادىم.
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم،
ياغمۇر كۈنى قان ساچار.

① «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى، 469-بەت.
② ق . ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 52-بەت.
③ راشىدىددىن (پىرسىيە) «جامىئۇلتتەۋارىخ»، 1-توم، 1-كىتاب، 244-بەت، بېيجىڭ شاڭۋۇ نەشرىياتى،
1983-يىلى نەشرى، خەنزۇ.
④ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 300-بەت.
⑤ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 309-بەت.

[كەيندىن يىغلاپ ئاددىم،
باغرىم يارىسىنى تاتلىدىم.
قاچقان بەختنى ئىزلىدىم،
(كۆزۈم) يامغۇردەك قان چاچار.①]

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قونۇغچى — مېھماننى تولىمۇ ئىززەتلىگەن. مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئاراشنى توغرا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان ۋە ئۇنى «مېھمان كەلسە قۇت (بەخت) كېلۇر» دېگەن ھېكمەت بىلەن ئىپادىلىگەن② ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە پىكىردە بولغانلارنى مەسخىرە قىلغان.

مەھمۇد كاشغەرى «قۇت» سۆزىگە ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىگە چوڭقۇر خەيرىخاھلىق نەزەرى بىلەن مۇنداق تەبىر بېرىدۇ:

«قۇت، بەخت، دۆلەت، ‹قۇتلۇق› سۆزىمۇ شۇنىڭدىن ياسالغان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قۇت قۇۋىغ بەرسە ئىزىم قۇلىڭا،
كۆندە ئىشى يۈكسەيەن يۇقار ئاغار.
[بەخت دۆلەت بەرسە ئىگەم قۇلىغا،
كۆندە ئىشى يۈكسىلىپ يۇقىرى ئۆرلەر.③]»

بۇ مىسرادىكى «ئىگەم»نى «تەڭرى» دەپمۇ، «پادىشاھ» دەپمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار «تەڭرى» ياكى «پادىشاھ»تىن تەلەپ قىلغىنى «قۇت-بەخت»دىن ئىبارەت يۈكسەك نەرسە بولغان.

ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ «ئىرق-بىتىگ» (پالنامە)دىكى مۇنۇ ئابزاستىمۇ تەڭرىلەرنىڭ پۇقرالارغا ئاتا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ سوۋغىتى مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

«Ala atlig yol tängrimän, yarin keqa axurmän. utru aki aylig kixi oglin sokuxmix. kixi korkmix. korkma timix, kut bargayman timix, anqa bilik adgü ol»④

[ ئالا ئاتلىق يول تەڭرىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن)، ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن، ئۇتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى، ئادەم قورققاندى. ‹قورقما، قۇت (بەخت) بەرگەيمەن› دەپتۇدەكمەن، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»]

يەنە بىر تەبىردە مۇنداق دېيىلگەن:

« Ar omalayu barmix, tängrila sokuxmix, kut kolmix, kut birmix, agilingta yilking bolzun, ozunguzun bolzun timix anqa bilinglar ädgü ol. »

[ ئەر ئۆمىلەپ بېرىپ ، تەڭرىگە دۇچ كېلىپ ، قۇت ( بەخت ) سوراپتۇدەك ، ( تەڭرى ) قۇت

---

① مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 359 _ 360-بەتلەر.

②③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، 498-، 420-، 421-بەتلەر.

④ جاڭ تېشەن، جاۋيوگخۇڭ «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ‹ئىرق بىتىگ›نىڭ تەرجىمە شەرھى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993-يىلى 2-سان، 32-بەت، خەنزۇچە.

( بەخت ) بېرىپ ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن ، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول ، دەپتۇدەك ، بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۇ.①]

بۇ تەبىرلەردىكى مەزمۇنلاردا، ئادەم بالىسىنىڭ تەڭرىلەردىن باشقا نەرسە سورىماي، قۇت (بەخت) سورىغانلىقى، تەڭرىلەرنىڭمۇ، كىشلەرگە ئەڭ چوڭ نەرسە سۈپىتىدە قۇت (بەخت) بەرگەنلىكى سۆزلەنگەن.

دېمەك، «ئىرق بىتىگ» چۈش تەبىرى دەپ قارالسىمۇ، لېكىن، بىز خۇراپىيلىق ئىچىدىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش قارىشىنى بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يېرىپ چىققان نۇر شولىسىنى كۆرگەندەك، ھېس قىلىشقا قادىر بولالايمىز.

قۇت (بەخت)نىڭ ئالامىتى نېمە بولۇشى كېرەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ سوئالغا ئىنتايىن توغرا ھالدا «قۇت بەلگۈسى بىلىك — بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم» دېگەن تۇرمۇش بىلىمىنىڭ خۇلاسىسى ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن ۋە ئۇنى خەلق ھېكمىتىگە ئايلاندۇرغان②.

مەھمۇد كاشغەرى كىشلەردىن بۇ يۈكسەك نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ھەم توختىلىپ « ... قۇت ( بەخت ) تېپىپ قالساڭ ، تەكەببۇرلىشىپ ، قۇترىما»③ دېگەن شېئىرنىمۇ مىسال كەلتۈرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى ھۆججەتلىرى ۋە بۇددا ھۆججەتلىرىدە مانى ۋە بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى بۇ دىنىنىڭ ئەۋلىيالىرىدىن «قۇت» (بەخت) تەلەپ قىلىشتىكى يۈكسەك ئارزۇ-ئارمىنى ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار بار④.

بىز ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى («دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان ئەھۋالدا) دەۋرىدىكى ھەر خىل ئالامەتلەرگە ئاساسەن، شۇنى يۈرەكلىك ھالدا ئېيتالايمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىلىم، بەخت ھەققىدە، يەنى، بىلىم، بەختنى قانداق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، كىشلەرنىڭ بىلىم، بەختنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتى نېمە، ئۇنى قانداق قىلغاندا زورايتقىلى، چىڭ تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدۇ، بىلىملىك، مەرتىۋىلىك بولىدۇ، بىلىم بىلەن بەختنىڭ ئالاقىسى قانداق دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق خېلىلا بىرلىككە كەلگەن، ئومۇملاشقان كۆز قاراشلار بولغان.

«قۇتادغۇبىلىك»تە «قۇت» (بەخت) كۆز قارىشى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىدىن تارتىپ مەزمۇنلىرى، ھەربىر قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇر سىڭگەن. داستاننىڭ ئىسمى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەنىسىنى ئالىملار ھەر خىل يەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دەپ ئىزاھلاش ئەڭ توغرا ئىزاھلاشتۇر.

«قۇت» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «بايرىمىڭىز قۇتلۇقبولسۇن» ، «بۇ بايلىق سىزگە قۇتاتسۇن» ،«بۇ مال سىزگە قۇتاتسۇن» دېگەن جۈملىلەردىكى «قۇتلۇق» ، «قۇتادماق» سۆزلىرىنىڭ يىلتىزى «قۇت» سۆزىدىن كەلگەن.«قۇتلۇق» — «بەختلىك»

---

① (ئىبراھىم مۇتىئى تەرجىمە قىلغان) «ئىرق بىتىگ» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1987-يىلى 1-سان.

② مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللا دىۋانى» 1-توم، 557-بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1-توم، 660-بەت.

④ گىڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 59-، 79-بەتلەر.

مەنىسىدە، «قۇتادماق»، «بەخت كەلتۈرمەك» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

دېمەك، ئەسلى «بۆرە» مەنىسىنى بېرىدىغان «قۇت» سۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدىكى توتېملارغا چوقۇنۇۋاتقان باسقۇچلاردا قوللىنىشقا باشلىغان سۆز بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى توتېملىق مەنىسىنى كېڭەيتكەن ئاساستا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىمۇ ئىزچىل ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقى تارىخىي پاكىت.

يۈسۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى «قۇت (بەخت)» كۆز قارىشىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە كۆڭۈل قويۇپ سۈرەتلەيدۇ. شائىر «بەخت قەيەردە بولسا (ئۇنىڭغا بويۇن ئەگ، ئەپ بول، ئەگەر بەختنى رەت قىلساڭ، قايغۇ بىلەن ئېلىشىسەن» (681-مىسرالار)، «بەخت كەلسە، ئىنسان ھەقىقىي سائادەتكە ئېرىشىدۇ، تۈمەن ئارزۇسىغا يېتىپ ھالاۋەتتە ياشايدۇ» دەيدۇ. يۈسۈپ داستاندىكى ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان «ئاي تولدى»نى بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشەندۈرىدۇ (355-مىسرالار). شائىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن «قۇت (بەخت)» كۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ «بەخت (راھەت) مەن بىلەن، مۇشەققەت مېنىڭدىن تازىدۇ، خۇشاللىق مەن بىلەن، قايغۇ ماڭا يولىمايدۇ» (677-مىسرالار). مەلۇمكى بەخت مەڭگۈلۈك ئەمەس. شائىر ئۇنى ئايغا ئوخشاتقان، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، چوڭلۇقتىن كىچىكلەيدىغانلىقى، ھەتتا كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ (بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىدىكى ماۋزۇدا سۆزلەنگەن ئايتولدىنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى بايانلارغا قاراڭ).

شائىر يۈسۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بەخت كۆز قارىشىغا ۋارىسلىق قىلغان. بۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە «قۇت» دېگەن بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇنى ئىزچىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى، تېخىمۇ مۇھىم بولغان يېرى شۇكى، بۇ ئەسەردە «قۇت» (بەخت) نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلىشتا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇت» (بەخت)نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشى ۋە تونۇشى بىلەن بىردەك بولغان. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىپادىلەنگەن بەخت قارىشى ئىسلام دىنىنىڭ بەخت قارىشى ئەمەس، شۇنداقلا جۇڭيۇەن (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك)تىكى خەنزۇلارنىڭ بەخت قارىشىمۇ ئەمەس، بەلكى، يىراق يولنى بويلاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بەخت قارىشىدىن ئىبارەت①.

ئىنسانلار قەدىمدىن بېرى «بەخت»كە تەلپۈنگەن، بەخت-سائادەت ئۈچۈن ئىزدەنگەن. ئەمما بەختنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، بۇ مەسىلىدە، ئوخشىمىغان دەۋردە ھەر قايسى مىللەتلەردە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان چۈشەندۈرۈش ۋە تونۇش بولغان. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەت. ئۇلار قەدىمدىن بېرى «بىلىم»گە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. قىسقىسى، ئۇلار بىلىم بولغاندىلا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىم قارىشىنىڭ ئالامەتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلار بار. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»دىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخاننىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى ن. ئا. باسكاكوۋ «دانا، بىلىملىك» دەپ

① لاڭ يىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990-يىلى 4-سان، 53-بەتكە قارالسۇن، خەنزۇچە.

بېشىپ چىققان ۋە (ئۇيغۇرلارنىڭ) خاقانلار، ھۆكۈمرانلارنى بىلىملىك، دانا، ئۇقۇمۇشلۇق دەپ سۈپەتلەشنىڭ بىر خىل ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن①.

ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) نىڭ قورغۇچىسى ئۇلۇغ ئەجداد بويلا قاغان (744 — 747-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) «قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان» (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان) دېگەن ئاتاق بىلەن مەشھۇر بولغاندىن كېيىن، خانلىق تەختكە چىققان 14 ئۇيغۇر خاقانىنىڭ 11 نەپىرى «بىلگە» دېگەن سۈپەت (شەرەپ) نامى بىلەن ئاتالغان.② تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىدا باش ۋەزىر بولغان زات بويلا باغا تارقان «بىلگە تونيۇقۇق» دېگەن نام بىلەن تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا چوڭ شۆھرەتكە ئىگە بولغان.

تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خانلار «بىلگە» نامى بىلەن ئاتىلىشتىن باشقا «بۆگۈ» سۆزى بىلەنمۇ ئاتالغان. مەسىلەن، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە قاغان (716 — 734-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) «بۆگۈ قاغان» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد خانى ئىدىكىن تەگرى قاغان دېگەن ناملاردىن باشقا «بۆگۈ قاغان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. «بىلگە» ۋە «بۆگۈ» دېگەن سۆزلەرنى مەھمۇد كاشغەرى ئوخشاشلا «دانىشمەن، ئالىم، بىلىملىك» دېگەن مەنىلەرنى يەشكەن③.

11-ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بىر ماقال-تەمسىلدە «بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم» دېيىلگەن④. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى بىرقەدەر روشەن مىسالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بىر قوشاقتا بىلىم ئىگىلەشنىڭ پايدىسى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن⑤.

بۇ شېئىرلاردا چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئۇقۇم، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بار. بۇلارنى ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان شېئىر دېيىشكە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى بولغان ماقال-تەمسىللەردىن خېلى كۆپ تاللاپ كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇلاردىن بىلىم توغرۇلۇق ماقال-تەمسىللەر ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ھەققىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ يىغىنچاق، مۇجەسسەم ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ:

بىلگە ئەرگە ئەزگۈ تۇتۇپ سۆزىن ئەشت
ئەردەمىنى ئۆرگەنىپەن ئىشقا سورا

---

① ن. ئا. باسكاكوۋ «‹Uɣuz›، ‹Uɣuzhan› سۆزلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، «مىللىي تەرجىمىلەر» (民族译丛) ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىلى 3-سان، خەنزۇچە.

② فېڭ جىياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1-قىسىم، 21-22-بەتلەر.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، 557-بەت.

⑤ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 303-304-بەتلەر.

[بىلىملىك ئادەمنى ئۇززەتلەپ، سۆزىنى ئىشت،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.①]

بۇ ماقال-تەمسىلگە ئايلىنىپ كەتكەن قوشاقتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بىلىملىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى جانلىق كۆرسىتىلىپ، يىغىنچاقلاپ بېرىلگەن. بىلىم بىلەن قۇراللىنىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئېيتىلغان.

ئوغلۇم ئۆگۈت ئالغىل بىلىكسىزلىك كەتەر،
تالقان كىمىلىك بولسا ئاتار بەكمەس قاتار.
[ئوغلۇم ئۆگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىل،
ئۆزۈڭدىن نادانلىقنى نېرى كەتكۈز؛
تالقىنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شىرنە قاتىدۇ،
ئەقلى بولغان كىشى ئۆگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ.②]

يۈسۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمنى قەدىرلەش، بىلىملىكنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىۋى پەزىلىتىنى تولۇق ۋە ياخشى چۈشەنگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە «بىلىم» مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى. ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە «بىلىم»نى بىر قىزىل يىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى مۇشۇ ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

يۈسۈپ داستاندىكى تۆت چوڭ پېرسوناژنىڭ بىرى — ئەقىل-پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان «ئۆگدۈلمىش»نىڭ ئىسمىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىدى. بۇ ئىسىمدىكى «ئۆگ» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ «ئەقىل-پاراسەت» دېگەن مەنىدە. بۇ پېرسوناژنىڭ ئىسمىدىن تارتىپ، پۈتكۈل پائالىيەتلىرى ئەقىل، بىلىم بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

شائىر بىلىم مەسىلىسىنى كۆچەپ تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى «بەخت» بىلەن مەھكەم باغلاپ چۈشەندۈردى. بۇ ئۇنىڭ داستانغا قويغان ماۋزۇسىدا گەۋدىلىك ۋە روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن.

يۈسۈپ، بىلىم ئىگىلەشنىڭ مەقسىتىنى مۇنداق بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈردى:«بىلىم بىلسە كۈندىن-كۈنگە كۈنى قۇتلۇق بولىدۇ،قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ ئۇلۇغلۇق(مەرتىۋىسىگە) ئېرىشىدۇ. » (1814-قۇرلار) «ھەر ئىشنى ئىدراك بىلەن چۈشىنىپ، بىلىم بىلەن بىل، كۈنۈڭ قۇتلۇق، يىللىرىڭ سائادەتلىك بولسۇن» (2626-قۇرلار)، «ئەقىل-پاراسەتلىك (كىشىگە) بەخت خوپ يارىشىدۇ، ئەي ياخشى خۇلۇقلۇق، بىلىمگە ئىشەن!» (1778-قۇرلار). يۈسۈپ، بىلىمنى ئىگىلىگەن ئادەم ئۇنى ئىشلىتىش لازىم، «ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇش ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر، ئەگەر (ئۇنىڭغا) ئېرىشسەڭ ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە يەت» (215-قۇرلار) دەيدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت قارىشى ۋە بىلىم قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تەرغىب قىلىش بىلەن قالماستىن، بەلكى ئۇنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. شائىر ئەقىل، بىلىم ۋە بەخت مەسىلىسى ھەققىدە توختالغاندا، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 558-بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 574-بەت.

دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئورنىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن، شائىر «جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەركىرەك، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك» (217-قۇرلار) دەپ كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ پۇقرالاردا ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر دۆلەت ھۆكۈمرانىنىڭ پۇقرالارنى ئىدارە قىلىدىغان ئەمەلدارلىرىدا ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ بار-يوقلىقى، ئۇلارنىڭ ئەقىل ۋە بىلىمنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا تەدبىقلاش ياكى تەدبىقلىيالماسلىقى، دۆلەتنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، ئېرىشتۈرەلمەسلىك، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىش، قىلماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. شائىرنىڭ ئەقىل، بىلىم ۋە بەختتىن ئىبارەت بۇ ئېتىكىلىق، پەلسەپىۋى كاتېگورىيىدىكى ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئۇزۇن مەزگىللىك ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئامىل دەپ قاراپ، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىشىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم قارىشى ۋە بەخت قارىشىنىڭ ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى، ژانىرى، ۋەزىن ۋە بىر قاتار شېئىر ئالاھىدىلىكلىرى

(1) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالىي قۇملۇق (غوبى چۆللىكى) ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار غەربىي جەنۇبقا كۆچۈپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق يېزا تۇرمۇشىغا ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا ئاساسىي جەھەتتىن كۆچۈپ بولغان. مەدەنىيەت جەھەتتە يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنىۋى تارىملىقلار مەدەنىيىتى ھەم قوشنا خەلقلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى ئۇنۇملۇك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، قاراخانى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىگە ئۇيغۇر تىلىمۇ كىرىدۇ. بۇ دەۋردىكى تىل ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى، قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى يېزىق ۋەسىقىلىرىدە يازما ھالدا ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن، قىپچاقلاشقان، ئەدەبىيلەشكەن بىر تىل سۈپىتىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالىغا ئايلانغانىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا، تېخىمۇ بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا «خاقانىيە تۈركچىسى» ياكى «تۈرك تىلى» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان، شۇنداقلا بىر مۇنچە تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان، ھەتتا، ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى سەۋەبلىك ئەرەب، پارس تىللىرى قاراخانىلار سۇلالىسى ئاھالىسىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. مەدرىس-مەكتەپلەردە ئەرەب، پارس تىللىرى قوللىنىلىش بىلەن بىرلىكتە، قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىرلىكتە ئەرەب ۋە پارس تىللىرى قوللىنىلغان①. بۇ دەۋردە ئۆتكەن بىر مۇنچە ئۇيغۇر، تۈركىي ئاپتورلار، يەنى فارابى (870—950)، جەۋھەرى (10-ئەسىر)، مەھمۇد كاشغەرى(? 1020— ?1117) (11-ئەسىر)، تۈركىي كىشى ئەيلاقى (10-ئەسىر)، تۈركىي كىشى ئەيلاقى قاتارلىقلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەبۇ ناسىر ئىبنى مۇھەممەد ئەسسائالىبى (961—1038) نىڭ «يەتىمە تەددەھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە يېگانە دۇردانىلەر) ناملىق ئەسىرىدە ئۆز زامانىسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر ۋە يازغۇچى،

① لىن مېيسۈن ( 林梅村 ) «يەركەندىن تېپىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992-يىلى 4-سان، 113-بەت.

تەزكىرىچىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەممە ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىل ئىستمالىدا مانا مۇشۇنداق بىر قاتار مۇرەككەپ ئەھۋاللار بولغان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا يۈسۈپ قويۇق مىللىي ھېسسىياتى ۋە چوڭ جاسارەت بىلەن زور ھەجىملىك داستانىنى ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپ چىقىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بۇ ئەسەردە ئەرەب، پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن خېلىلا ئاز①. بۇ تولىمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش، تىل بىر خىل قورال، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولىدۇ. شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆز مىللىتىنىڭ پسىخولوگىيىسى، تەپەككۇرى ھەممە چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ توغرا ھالدا ئەكس ئەتتۈرەلىدى. يۈسۈپنىڭ داستانىدا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق سۆز لۇغەتلىرى قەدىمكى زامان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرى ئىدى. بولۇپمۇ بەزى مۇھىم چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدىن كۆڭۈل قويۇپ تاللاش ئېلىپ بارغان، ئاۋامغا پىششىق تونۇش بولغان ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىنى قوللانغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى خۇددى قان بىلەن گۆشتەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ نادىر ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋەتكەن.

ئومۇمەن، شائىر ساپ بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سىياسىي، پەلسەپۋى، ئەخلاقىي ھەم ئېستېتىكىلىق قارىشىنى ئىپادىلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشكە ئەگىشىپ، ئەرەب، پارس تىلىنى قوللىنىدىغان ئاپتورلار ئۆز تىلىدىن ۋاز كېچىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشىۋاتقان بىر شارائىتتا، شائىر يۈسۈپ ئۆز ئانا تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۆھرىتى ۋە ساپلىقىنى قوغدىدى، بۇ قالتىس مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك روھ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىنى خەلقئارا تۈركولوگىيە ئىلمى ئاللىبۇرۇن ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى كىشىلەر يېڭىلىق يارىتىش ئويى بىلەن، داستانىنى بىر تۇرۇپ قارلۇق تىلى بىلەن يېزىلغان دېسە، بىردە (ئايرىملار) چىگىل تىلىدا يېزىلغان، دېگەن قاراشلارنــــى ئوتتۇرىغا قويغان. قارلۇق ۋە چىگىللەرنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەر ئىكەنلىكى (تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ تىللىرىدا يېزىلغان بىرەر يازما يادىكارلىق تېخىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ زامانىسىدا قانداق شېۋىدە سۆزلەشكەنلىكى ھەم ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىلىغا قانچىلىــــك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا، داستان قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئەدەبىي تىلى

---

① «تۈرك تىلى ئارىشتىملىرى» (1987-يىلى تۈركچە نەشرى)دە داستاندا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر 2800 دېيىلگەن. بۇ تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن جاۋمىڭ مىڭ بولسا «قۇتادغۇبىلىك»تە جەمئىي 68 مىڭ سۆزلەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر پەقەت 400 نەچچىلا ئىدى» دەيدۇ («ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر» 23-بەت. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 1988-يىلى باستۇرغان. ماي بوياق باسما نۇسخا)، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يېزىلغان «كىرىش سۆز»دە بولسا پۈتۈن ئەسەردە تەخمىنەن 6000دىن كۆپ تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز بار بولۇپ، چەت تىلدىن كىرگەن سۆز 500 نەچچە » دېيىلگەن.

بولغان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، دېيىشتىن باشقا كۆز قاراشلارنىڭ بولۇشى ئارتۇقچە زورۇقۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئىلىمىز ۋە چەت ئەللەردە كۆپلىگەن پاكىتلىق ماقالىلار ئېلان قىلىنغان. شۇڭا بۇ يەردە ئومۇملاشتۇرۇلغانلا پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كونكرېت ئەھۋاللار تەپسىلىي سۆزلەنمىدى. بۇ ھەقتە تەكشۈرۈپ كۆرگۈچىلەر تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي «تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان» («تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابنىڭ 1-قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986-يىلى نەشر قىلىنغان)؛ ئىمىن تۇرسۇن «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ تىلى» («بۇلاق» ژۇرنىلى)، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپار« ‹قۇتادغۇبىلىك›تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995-يىللىق 2-، 3-سانلار)لاڭ يىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى.

(2) «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شېئىرىي خۇسۇسىيىتى

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ داستان، يەنى شېئىرىي ئەسەر ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايدىڭ بىر نۇقتا، لېكىن ئۇ چوڭ بىر ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، شائىر يۇسۇپ ئۆز ئەسىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستان ژانىر شەكلىدە يېزىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا يەنە بىر مۇنچە شېئىرىي ژانىرى ۋە شەكىللەرنىمۇ قوللىنىپ، «قۇتادغۇبىلىك»نى مۇكەممەل بىر شېئىرىيەت قامۇسىغا ئايلاندۇرغان.

بىزگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭىبىر سەھىپە ئاچتى. ئەمما بۇ خىل سەھىپە قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئېچىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرەب، پارس شېئىرىيىتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان ئاساستا مۇكەممەللەشكەن.

بىز شۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىقىمىز كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تۇپرىقىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن تۇپراق بىلەن بىخنىڭ مۇناسىۋىتىدەك زىچ ۋە قويۇق ئالاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىپادىلەنگەن، ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بۇ خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، يۇسۇپ كۆڭۈل قويۇپ ئىپادىلىگەن ۋە ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرغان نەرسىنىڭ بىرى شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدىن ئىبارەت.

تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىپادىسى ۋە راۋاجى ھەققىدە توختىلىمىز.

① داستان ژانىرى مەسىلىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا داستان بولغان. «ئوغۇزنامە» ، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دىكى ئالىپ ئەر تونگا، بىكەچ ئارسلان تېگىن ھەققىدىكى داستان پارچىلىرى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داستان پارچىلىرى، ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان داستان پارچىسى قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇلار ھەجىم جەھەتتە كىچىكرەك، ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن يىغىقدىن ئۈزەرەك (چوڭ ھەجىملىك، مول مەزمۇنلۇق داستانلار

دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى تارىخىي پاكىت) بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ داستان ژانىرىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىلمىي نۇقتىدىن تۇرۇپ دەلىللەشكە ئىمكانىيەتلەر بار، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شېئىرىي ژانىر نۇقتىسىدىن داستان ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايدىڭ بىر مەسىلە. شائىر يۈسۈپ ئالدى بىلەن بۇ ئەسىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا يېزىپ چىققان. داستانلارنىڭ تۈزۈلۈشى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش، ئاكتۇئال ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق بەر مۇنچە مەسىلىلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى تەدبىقلاپ، ئۇنى قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ئۇيغۇر داستانى ھالىتىگە كەلتۈرگەن. مەسىلەن، قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش مەسىلىسىدە «ئوغۇزنامە» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مەزمۇنداش قۇرلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى، «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن مىسرالار بار:

«ئاداغى ئۇد ئاداغى دەگ، بەللىرى بۆرە بەللىرىدەك، ياغرى قىش ياغرى دەگ. كۆرگۈزۈ ئادۇغ كۆرگۈزۈدەگ ئەردى.»

(ئايغى ئۇينىڭ ئايغىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، يەلكىسى بولغۇن يەلكىسىدەك، كۆكسى بولسا ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى.)

«قۇتادغۇبىلىك»تە ھەربىي قوماندانىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ياغىدا كۆر ئارسلان يۈرەكى كەرەك،
قارشتۇقتا ئەسرى بىلەكى كەرەك.
توڭگۇز تەگ تەتىملىگ بۆرى تەگ كۈچى،
ئادىغلايۇ ئازغىر قوتۇزدەگ ئۆچى.
تىتىر بوغراسى تەگ كۆر ئۆچ سۇرسە كەڭ،
(سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك.
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك،
توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى.
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى،
بۇ بولسۇن ھېيلىگەر قىزىل تۈلكىدەك
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك) .
(2310-، 2311-، 2312-بېيىتلار) .

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەم ئۇلار ئارىسىدا ئۈزۈلمەس بىر خىل تارىخىي باغلىنىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلماي قالمايدۇ.

يۈسۈپ، ئۆز ئەسىرىنى مۇكەممەل داستان ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىدىن ماتېرىيال ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى، پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ژانىرىغىمۇ ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز زامانىسىغا خاس داستان ژانىرىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىگەن.

بىزگە مەلۇمكى، «داستان» سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. ئەمما داستان ژانىرىنىڭ مەزكۇر ئىسىم كىرىشتىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىر شەيئىنىڭ ئىسمى بىلەن جىسمىنىڭ كۆپ ھاللاردا

جەددىي ئالاقىدە ئەمەسلىكىنى كۆپچىلىك بىلىدۇ. ئەلمىساقتىن بېرى كىشىلەر بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىسىم قويۇپ كېلىشكە ئادەتلەنگەن.

② مۇنازىرە خاراكتېرلىك داستان ژانىرى مەسىلىسى. بىزگە مەلۇمكى، شېئىرىيەتنىڭ مۇنازىرە ژانىرى (شەكلى) ئۇيغۇر-تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ژانىرى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە بۇ ژانىرغا مەنسۇپ ئۇبدان ئۆرنەك بېرىلگەن، ئۇ «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» دېگەن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى داستان ياكى ئېپىك شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. ياۋروپادا ۋۇجۇدقا كەلگەن «مايتېرى-سىمىت» مۇ مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئەرەب پارسلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇنداق شەكىل بولمىغان①. يۈسۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكلىدىن بىرى بولغان مۇنازىرە ژانىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كۆپ جايلىرىنى مۇنازىرە شەكلىدە ئىپادىلەپ، داستاننى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىدۇ. داستاندىكى مۇنازىرىلەرنىڭ سەھىپىسى بىر ئىككى ئورۇندا ئەمەس، شائىر بۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەزمۇن ئاجراتقان. ئۇ شەكىل جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ ماھىيەت جەھەتتە كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى چوڭ بەس-مۇنازىرە ئىدى. ئۇ خۇددى بىر ئالتۇن ئاچقۇچقا ئوخشاش، ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ قەلبىنى بىر-بىر ئېچىپ، كىتابخانلارنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەرخىل پېرسوناژلىرىنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىغا باشلاپ كىرىدۇ. كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىتىدۇ، كىتابخانلارنى ئۇلارنىڭ دەردى ۋە شادلىقى، خۇشلۇقى ۋە قايغۇسىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى تېڭىرقاش ۋە زىددىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ. كىشىلەر بۇ ئارقىلىق 11-ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان پەلسەپە قارىشى، ئېتىكا قارىشى، سىياسىي قاراش، دىنىي قاراشلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى كۆرۈۋالالايدۇ. شۇنداقلا بىزمۇ ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى، ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەمدە مۇشۇ ئەسەرنىڭ چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىۋالىمىز ۋە تونۇپ يېتىمىز②.

③ غەزەل-ئەدەبىياتشۇناسلارغا ئېنىق بولۇپ قالغان مەسىلە شۇكى، غەزەلچىلىك ئەرەب، پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا زور دەرىجىدە گۈللىنىش ئىمكانىيىتى تاپقان. بولۇپمۇ چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غەزەلچىلىكنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، بىر خىل كلاسسىك باسقۇچ ھاسىل قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئومۇمىي شېئىرىي رامكىسى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. لېكىن، مۇشۇ ئاساسىي شەكىل ئارىلىقلىرىغا بەزى لىرىك شېئىرىي ژانىرلار [illegible] قىستۇرۇلغان. [illegible] . يۈسۈپ داستانىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلغان ئۈچ پارچە شېئىرنى ئىلمىي خادىملار قايىل قىلارلىق پاكىتلار بىلەن « غەزەل » ژانىرىغا تەئەللۇق دەپ

---

① شى شېلوگفۇ (ياپونىيە) «قۇتادغۇبىلىك نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1994-يىلى 1-سان، 45-بەت.

② لاڭ يىڭ «قۇتادغۇبىلىك ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 164، 165-بەتلەر.

مۇئەييەنلەشتۇرمەكتە①. مەلۇمكى، غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيتىنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى بىر خىل (ئوخشاش) قاپىيىدە كېلىپ، قالغان بېيتلارنىڭ ئاخىرقى مىسراسى شۇنىڭغا قاپىيىداش يېزىلاتتى. بىزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى غەزەللەرنىڭ بىر قانچە مىسراسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

Yorigligi bulit tag yigitikni idtim,
Tupi yal kaqar tag tiriglik tug attim.
asizim yigitlik asizim yigitlig,
Tuta bilmadim man seni tark kaqittim.

(6521_6522_قۇرلار)

بىز يۇسۇپنىڭ مىسال كەلتۇرۇلگەن بۇ غەزەل پارچىسىدىن ۋە باشقا غەزەللىرىدىن شائىر زاماندىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غەزەل ژانىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىش بىلەن بىرلىكتە يۇسۇپ داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە غەزەل ژانىرى بارمۇ-يوق دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىمىز. ئالدى بىلەن بىز « Divanu Lugatit Türk » دىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىگە كۆز يۈرگۈزۈپ چىقايلى. ئۇلاردا مۇنداق شېئىرىي پارچىلار بار.

Bulga arig azgu tutup sozin axit,
arzami ogra nipan ixka sora. ②

[بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ سۆزىنى ئىشىت،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر]

Bulgak ukux bolsa kaqan biliking yitar,
Yangxak talim sayrap ani tamgak katar.

[قاچانكى ئەنسىزلىك كۆپ بولسا بىلىمىڭ يوقىلىدۇ،
قۇرۇق گەپنى تولا قىلساڭ، تاماق قاتىدۇ (قۇرۇيدۇ)]③ بۇ بېيتلارنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان غەزەل ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، بۇلارلا ئەمەس، بىز قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساقمۇ، ئۇلار ئارىسىدا غەزەللەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

Bagimsinmayuk bag bolsar baltir sayu balgasalur
Atakim sin mayuk Atig bolsar art sayu mayakayur

[بەگ بولمىغان بەگ بولسا، ھەر دوقمۇشقا بەلگە سالۇر،
ئاتىقى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا، ھەربىر تاغ ئۆتكىلىگە ماياق سالۇر.]

Yagmur yagsak apung bolsun yapingu kargak,
Yawuz kixi yakin balsa abingu kargak.

[يامغۇر ياغسا يېپىنچاڭنى يېپىنىشىڭ كېرەك.
ياۋۇز كىشى يېقىن كەلسە، ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك.④]

---

① ئا . ئۆتكۈر «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ شېئىرىي قىممىتى» ، «تارىم» ژۇرنىلى، 1993-يىلى 6-سان، 120-بەت.
② مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1-توم، 558-بەت.، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1-توم، 610-بەت.
④ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، 308-بەت.

بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، غەزەل ژانىرىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، كېيىن ئۇ ئەرەب، پارس شېئىرىيىتىدىكى غەزەل ژانىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. ۋەھالەنكى، يۇسۇپنىڭ داستانىدا كۆرۈلگەن غەزەللەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى غەزەلچىلىكنىڭ تەسىرىدە يېزىلغان.

④ شېئىرىي دراما. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي ژانىر تەرەپتىــــن ئېيتقاندا «داستان» ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئېيتتۇق. ئەمما بۇ چوڭ ھەجىملىك داستان بىر قاتار شېئىرىي شەكىل ۋە ژانىرلار ئارقىلىق مۇكەممەل داستان شەكلىنى ھاسىل قىلغان.« قۇتادغۇبىلىك »تە درامىلىق ئالاھىدىلىك بار ئىكەنلىكىنى ئالىملار خېلى بۇرۇنلا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكەن. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك مەشھۇر تۈركشۇناس ئا. ۋون. گاباتىن خانىم « ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بەزىلىرى يادقا ئېلىش ۋە سەھنىدە ئويناش ئۈچۈن يېزىلغان، بۇ تەھلىلىمىز ‹قۇتادغۇبىلىك› كىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ»① دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن بىز بۇ داستاندا درامىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭ درامىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ خانىم «شېئىرىي درامىلىق ئەسەر» دېگەن يەكۈنگە كەلگەن ھەم ئۇنىڭ بۇ تەرەپتىكى بەش خىل ئالاھىدىلىكىنىڭ بارلىقىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم مۇنداق خۇلاسە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېپوس، لىرىك شېئىر شۇنىڭدەك تىياتىر ئەنئەنىسى ئاساسىدا، پارس، ئەرەبلەرنىڭ مەنتىقىلىق شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شېئىر بىلەن تىياتىر شەكلىنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان پەلسەپىۋىلىك شېئىرىي دراما شەكلىنى ئىجاد قىلدى»②.

دېمەك، بىز شۇ نۇقتىنى دىن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، سەھنە ئەسىرى ھەم شېئىر ھەم تىياتىرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» دەل مۇشۇنداق ئەسەر③. ئۇنىڭدىكى تىياتىرلىق خۇسۇسىيەتلەر تولىمۇ روشەن. بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك» شېئىر دراما ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا سەھنىدە ئوينالغانمۇ، ياكى شائىر دەسلەپتىلا ئۇنى سەھنە ئەسىرى قىلىپ ياراتقانمۇ، دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى سەھنىدە ئويناش ئۈچۈن يېزىلمىغان. بەزىلىرى ئوينالغان بولسا، بەزىلىرىنى كىشىلەر ئوقۇپ، بەدىئىي ياقتىن زوقلانغان. «قۇتادغۇبىلىك» تىنىمۇ كىشىلەر ھۇزۇرلانغان، شائىرنىڭ ئەل يۇرتنى قانداق باشقۇرۇش لازىملىقى توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئىــزھار قىلىنغانلىقىنى ئوقۇپ ئىلھاملانغان.

درامىلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دىئالوگ، زىددىيەت، توقۇنۇشتىن ئىبارەت. بۇ بولمايدىكەن سەھنە ئەسەرلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پېرسوناژلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق توقۇنۇشنىڭ كەينىدە بىر ۋەقەلىك ئۇنى ھەرىكەتكە سېلىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئىتتەرگۈچى كۈچ مەنىۋىلىككە، كىشىلىك دۇنيا قاراشقا، ئېتىكىلىق قاراشقا ھەم دىنىي قاراشقا ئىگە. پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك دۇنيا

---

① ئا . ۋون . گاباتىن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي» ژۇرنىلى.

②③ لاڭ يىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 257-، 258-، 242-، 243-بەتلەر.

قاراش، ئېتىكىلىق قاراش ۋە دىنىي قاراشقا بولغان چۈشەنچە بىلەن بىلىش جەھەتتە ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، پېرسوناژلار ئۇچراشقان ۋاقىتتا توسقۇنلۇق مەيدانغا كېلىدۇ، زىددىيەت ۋە توقۇنۇش كېلىپ چىقىپ، درامىنىڭ راۋاجىنى ئالغا سۈرىدۇ①.

بىز «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دراملىق ئالاھىدىلىكىنى سۆزلىگەن چېغىمىزدا، ئۇنىڭ باشقا ئەدەبىي ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم. پەقەت، داستاننىڭ دراملىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلىدىكى بىر ئېلېمېنت دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى لىللا باھالاپ چىقالايمىز.

⑤ نامە ژانىرى «نامە» خەت، مۇراجىئەت، كىتاب، ئەسەر، ھۆججەت؛ ئالاقە، توختام؛ گېزىت دېگەن مەنىلەردە بولسىمۇ، لېكىن، كېيىنچە ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ۋە پارس خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا بىر ژانىر سۈپىتىدە مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ «سالامنامە» ياكى «مەكتۇپ» دېيىلىپمۇ كېلىنگەن. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئۇ دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىشقىي بېيىت شەكلىدە ئۆزىنىڭ ئوندۇرمە شەكلىنى ئىپادىلىگەن. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ قوشنا خانلارغا مەكتۇپ يوللىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە بىراۋنىڭ ئىلتىماسىنىڭ شېئىرىي نامە شەكلىدە مۇنداق بايان قىلىنغانلىقى ئېيتىلغانلىقى ئېيتىلغان:

تۈركەن قاتۇن قاتىڭا تەگۈر مەندىن قوشۇغ،
ئايغىل سىزىڭ تاپۇغچى ئۆتنۈر ياڭى تاپۇغ.
(تۈركەن خوتۇن قېشىغا مەندىن قوشاق يەتكۈز،
سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەت ئۆتۈنىدۇ، دېگىن.)

بىز يۇقىرىقى مىساللاردىن مەزمۇنى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن شېئىر ئارقىلىق سالام خەت يېزىشنىڭ خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. شۇنى قايتا تەكىتلەشكە بولىدۇكى، «نامە» نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شېئىر شەكىل بىلەن سالام خەت يېزىش دېمەكتۇر. «قۇتادغۇبىلىك»تە شېئىر بىلەن ئىپادىلەنگەن بىر مۇنچە سالام خەتلەر بار. شائىر كۈن تۇغدى بىلەن ئودغۇرمىشنى بىۋاستە ئۇچراشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇلار ئارىسىدا بىر قانچە قېتىم خەت ئالماشتۇرغۇزىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ ئىككى پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى خەت (نامە) مەزمۇنى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئوبرازلار قايتا-قايتا ئالماشقان خەت ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئىدىيىسى ۋە پەزىلەتلىرىنى بىلىشكەن، چۈشىنىشكەندىن كېيىن، ئاندىن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، يۈز تۇرانە سۆھبەتلىشىپ، تەدرىجىي يوسۇندا پىكىردە ئورتاقلىششقا قاراپ ماڭىدۇ. دېمەك، يۇسۇپ، بۇلارنىڭ ئۆتكۈر مۇنازىرىسىدە «نامە» شەكلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن.

« نامە » ژانىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا گاھى مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە، گاھى داستان ژانىرى كاتېگورىيىسىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇ يەككە ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا « مۇھەببەتنامە » ، «لەتافەتنامە» ، «دەھنامە» ، «تەئەششۇقنامە» ، «مەشۇقنامە»

---

① لاڭ يىڭ «قۇتادغۇبىلىك، ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى» ، 250-بەت.

«داراپنامە»، «مەھمۇدنامە» دېگەن خاس «نامە» ژانىرىغا تەئەللۇق ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. ھەتتا كېيىنكىلەر ئوغۇزخان دېگەن قەھرىمانغا بېغىشلانغان بىر ئەسەرنى «ئوغۇزنامە» دەپ ئاتاپ، كەڭ قوللاشقا ئېرىشتى؛ ئەندى داستان ژانىرى دائىرىسىدە مەۋجۇت بولۇپمۇ كەلگەن دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى لۇتفى، نەۋائى، ھىرقەتى، سەلاھى، ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى قاتارلىق ئاتاقلىق شائىرلار ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بىر مۇنچە داستانلىرىدا ساداقەتمەن، ۋاپادار ۋە پاك ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ دىدارلىشىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاستە سۈپىتىدە «نامە» شەكلىدىن تولىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «نامە» لەر بىلەن بۇ داستانلاردىكى «نامە» نىڭ ئورتاقلىقى شۇ يەردىكى داستان قەھرىمانلىرى كۆپ ھاللاردا بىۋاستە ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۆزئارا «نامە» ئالماشتۇرۇشىدۇ ياكى «نامە» لەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى، ئوي-پىكىرلىرىنى ئالماشتۇرۇشۇپ، ئاخىرى پىكىردە ئورتاقلىق ھاسىل قىلىپ، مۇراد-مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، يۈسۈپنىڭ داستانىدىكى «نامە» مەزمۇنى سۆيگۈ-مۇھەببەت مەزمۇنىدا ئەمەس، بەلكى بىلىم، قانۇن، ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت يۇقىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلە بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىدە. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «نامە»شەكلى ئۆزىدىن كېيىن مۇستەقىل ژانىر بولۇپ شەكىللەنگەن «نامە» ژانىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە مۇستەھكەملىنىشىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

⑥تۇيۇق. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل لىرىك ژانىر.تىلشۇناسلار بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى«تۇيۇق» يەنى«تۇتۇق، يېپىق» سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى①. بۇ سۆزنى مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق ئىزاھلىغان: «تۇيۇق: تۇتۇق تۇيۇق ئادەم، تۇتۇق ئادەم، غەمكىن ئادەم. تۇيۇق كۈن: تۇمانلىق ۋە بۇلۇتلۇق كۈن. تۇيۇق قاپۇغ: يېپىق قاۋۇق»②. دېمەك، بۇ يەردىكى تۇيۇق سۆزى ئەدەبىياتقا كىرىپ، بىر ژانىرنىڭ ئىسمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، «تۇيۇق» دېگەن بۇ ساپ ئۇيغۇرچە سۆز ئەرەبچە «تەجنىس» ، «مۇھتەملات» دېگەن سۆزلەر بىلەن پاراللېل ھالدا قوللىنىلىپ كېلىنگەن. «تەجنىس» سۆزىنىڭ مەنىسى «ئىككى بىسلىق سۆز» ، «مۇھتەملات» نىڭ «ئېھتىماللىقلار، ئىككى ئېھتىماللىق» دېگەن بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ سۆزلەرمۇ تۇيۇق سۆزى ئاڭلاتقان بىر ژانىرنىڭ ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ قوللىنىلىپ كېلىنگەن③.

ئۇلۇغ شائىر نەۋائى «تۇيۇق» قا تەبىر بېرىپ مۇنداق يازغان:

«‹ تەجنىس› تىن پايدىلىنىش شائىر-ئەدىبلەر ئىچىدە ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئەھۋال. شېئىردىكى ئالاھىدە رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۈچۈن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركىي تىلدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن ‹ ئات› سۆزىنى بىرىنچىدىن ‹ نام›مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن ‹ مىنىدىغان ئات› مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرىغاندىكى ‹ ئات› مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ سۆز شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 3-توم، 228-بەت.

② ئابدۇرۇپ پولات «چاغاتاي ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلار» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 260-بەت.

③ ئابدۇرۇپ پولاتنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 260-بېتىگە قارالسۇن.

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ بىگىم،
سۇرئەت ئىچرە دىۋ ئىررۇر ئاتىڭ بىگىم.
ھەر خىدمەتكىم ئولۇس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بىگىم.

(يېشمى: جېنىم، سېنىڭ ئېتىڭ ھۆر-پەرىدۇر، سېنىڭ ئېتىڭ سۈرئەتتە دىۋىگە ئوخشايدۇ، سەن كىشلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئوقلىرىڭنى مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا قارىتىپ ئېتىۋەرگىن). بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار (پارسلار) يازالمايدۇ، بۇ خىل شېئىر شەكلى ‹تۇيۇق› دەپ ئاتىلىدۇ.»① دېمەك، تۇيۇق دېگىنىمىز قاپىيىلىرى ئاھاڭداش سۆز ياكى گراماتىك شەكىل ئارقىلىق ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۆتلىك شېئىر دېمەكتۇر.

ئەندى بىز، بۇ قائىدىگە ئاساسەن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بەزى تۆتلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلاردا «تۇيۇق» ژانىرىغا مەنسۇپ بەزى شېئىرلارنىڭ بارلىقىنى بايقىۋالالايمىز. مەسىلەن، «قىز» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۈگۈنكى مەنىسىدىن تاشقىرى «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنى بىرەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان.

بۇ مۇنداق كىشلەر بولۇر ئىزى② قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.
(مۇشۇنداق كىشلەر بولۇر بەكمۇ قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.)

«ھېساب» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ساقىش» دېيىلەتتى. «ساقىش» سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى (كېلىپ چىقىشى) «ساق ئىش» بولغاچقا شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان.

ساقىش ساقلىغىن بولدى ئاتى ساقىش،
كۆرۈ بارسا ساقىش ئىزى ئۇلۇغ ساق ئىش.
(ھېساب ساقلىغىدىن ئاتالدى «ساقىش»،
كۆرۈرسەن ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.)

قەسىر، ساراي، ئوردا سۆزلىرى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قارشى» دېيىلەتتى، «قارشى» سۆزى يەنە بۈگۈنكى ~~بىسب~~ مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان.

بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىندىكى قارشى تۇرۇر.
(بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى «قارشى» دۇر،
بۇ «قارشى» ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر).

---

① ئەلىشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 17-بەت.
② ئىزى — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) بەك، بەكمۇ.

بىلىپ يېتەلەيمىز. «قۇتادغۇبىلىك» دەۋردىلا ئاساس سېلىنغانلىقىنى ژانىرىغا «تۇيۇق»بۇلاردىن
تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مەشھۇر ژانىر مۇھىم بۇ خىل ژانىرلارنىڭ بىر خىلى. بۇ لىرىك
⑦ قەسىدە. بۇ لىرىك ژانىرلارنىڭ بىر خىلى. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە تەنتەنىلىك ئۇسلۇبتا يېزىلىدۇ①. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
قەسىدە بولغان. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قەسىدىنىڭ مۇنداق نەمۇنىلىرىنى كۆرىمىز.

(1) Kek beritag birla yoriyin
kara kuzqguntak tuprak oza kalayin
Igga komuri
Bilaguga yaritag bolayin
(2) ariklig ulu eligimiz arursiz
Altun a tommix
Tomlunqa tom mix
kutlu bilga bagumuz arursiz
(3) Yma kalin kara budu nu nguzin
King koyn ungizda
Uzun atakingizda
Kuyu kuzadu tutup aqinu igdursiz

[(1) كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۈرەي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي،
ئاغرىققا داۋا،
بىلەي (بىلەي تاش) گە سۇ (تۇكۇرۇك) بولاي.
(2) قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئىلىگىمىز (پادىشاھىمىز) سىز،
سىز ئالتۇندەك ساپ،
مەرۋايىتتەك سۈزۈك.
قۇتلۇق، دانا بېگىمىز سىز.
(3) سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى
كەڭ قوينىڭىزدا،
ئۇزۇن ئېتىكىڭىزدە.
كۆيۈنۈپ ئاسراپ مېھرىبانلىق بىلەن باقىسىز]②. بۇ شېئىردا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېھرىبان،
دانا پادىشاھىغا چىن دىلىدىن مەدھىيە ئوقۇغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات
ھەقىقىي تەسىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئۇنى قەسىدە ژانىرىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى دېيىش
بولىدۇ.

يۈسۈپ قەسىدىلەر ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرغان. ئىلمىي خادىملار «قۇتادغۇبىلىك» تە
ئۈچ پارچە قەسىدە بارلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققان③. بۇنىڭ ئىچىدە «پارلاق ياز پەسلى

① م . زىيدى، س . دۇگايلى تۈزگەن «ئەدەبىياتى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 271-بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 299 — 300-بەتلەر.
③ مەھمۇد زىيدى «قۇتادغۇبىلىك»تىكى قەسىدىلەر توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984-يىلى 4-سان، 60-بەت.

ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى» ناملىق قەسىدە ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننىڭ يۈكسەكلىكى ۋە پىششىق شېئىرىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن داستان سەھىپىسىدە دىققەتكە سازاۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ پارچە 61 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مۇنداق باشلانغان:

Tuqardin asa kaldi ongdin yäli
Azun atguka aqti uxtmah yoli
Yaqiz yar yipar toldi kafur kätip
Bäzän mäk tilar dunya körkin ätip

(63_64_مىسرالار)

[ئىسسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشتە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.
قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.]

بۇ قەسىدىنى بەدىئىي شەكىل يەنى كومپوزىتسىيە رامكىسىغا سېلىپ تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭدا دەسلەپ باھار تەسۋىرى، گۈزەللىك لىرىكىسى، بۇغراخان مەدھىيىسى، ئاپتورنىڭ ھېكمەتلىك خۇلاسىسى، تىلەك ۋە ئارماندىن ئىبارەت بىر قانچە بۆلەكتىن بىر پۈتۈن قەسىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، شائىر بۇغراخان تەسۋىرىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن تەبىئەتنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى دەل جايىدا تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ تولىمۇ نەپىس، يېقىملىق، ئەينى چاغدا ئادەملەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئاچىدىغان ۋە ھېس تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان تەرەپلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن بۇنداق ئىجابىي، كۆتۈرەڭگۈ ۋە كۆركەم قىياپەتلىرى بۇغراخان قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇلغان. بۇ لىرىكىدا شائىرنىڭ ئىنسانلارنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۇرلۇك ھادىسلەر ۋە شەيئىلەرنى تاللاشتىكى چىۋەر ماھارىتى ۋە زېرەكلىكى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى مىسرالاردا بۇغراخان ئىزگۈ-مۇرۇۋۋەتلىك، ئادىل ھۆكۈمدار (ئادەم) سۈپىتىدە سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭ بىر مۇنچە ئىجابىي خىسلەتلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. لېكىن، بۇ خىل سۈپەتلەر بۇغراخاننىڭ كونكرېت تارىخىي شەخس سۈپىتىدىكى ئەمەس، ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي پېرسوناژ تەرىقىسىدىكى قەھرىمان تەسۋىرىدۇر. بۇ قەسىدە ژانىرىغا قويۇلىدىغان ئۆلچەمنىڭ سەمەرىسى. بۇ يەردىكى تەسۋىرىي ۋاستىلارنىڭ ھەممىسى، يەنى ھەمدۇ-سانالار بۇغراخاننىڭ ئەقىل-پاراستى، ئەدلۇ كارامىتى قاتارلىقلارنى تەرىپلەشكە بويسۇندۇرۇلغان. بۇ تەرەپتىن، مەزكۇر قەسىدىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر نەمۇنە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى، قەسىدىدىكى مۇھىم بىر تەسۋىرىي دېتال «مەدھىيىلەش، ماختاش، ئۇلۇغ سىمالار، شانلىق نەتىجىلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىش» تىن ئىبارەتتۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ھادىسە يالغۇز قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» كىلا خاس ئەمەس. «ئورقۇن مەڭگۈ تاش يازمىلىرى» ، «ئوغۇزنامە» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دىكى شېئىرىيەت نەمۇنىلىرىدە ھەم كۆرگە چېلىقىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، شائىر يۈسۈپنىڭ بىر قانچە يىرىك قەسىدىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، ئۇ تارىخنىڭ باش-ئاخىرىغا ماسلاشقان ھالدا ئىش كۆرگەن. بۇنىڭدىن بىز ئىلھاملانماي تۇرالمايمىز.

⑧ ساتىرا. بۇ ھەر قايسى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى. ساتىرىك ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى ياكى ئايرىم گۇرۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ يارىماس، سەلبىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئاچچىق كۈلۈپ ۋە ئۇنى تەنقىدىي تەسۋىرلەپ يېزىلىدۇ( ). ئۇيغۇرلارنىڭ ساتىرىك ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئورقۇن-سېلىنگا دەريالىرى ۋادىسىغا تۇرغۇزۇلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا تۇرمۇشنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى، يەنى خەلق ئارىسىدىكى چېچىلاڭغۇلۇق، باشباشتاقلىق، نادانلىق پاش قىلىنغان، ھەسرەت، غەزەپكە تولغان مىسرالار خېلى كۆپ. قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە ساتىرا ئەدەبىياتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇلارنى بىز «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە ساتىرىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مۇنچە شېئىر-قوشاقلار بار بولۇپ، بۇلاردا تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ھادىسىلەردە كۆرۈلىدىغان چاكىنىلىق، ناچار قىلىقلار مەسخىرە قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاچكۆزلىكى، پارىخورلىقى ۋە خۇشامەتچىلىكىمۇ قاتتىق قامچىلانغان. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىمۇ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەخلاقىي نورمىنىڭ ئاجىزلاپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى ئۆتكۈر سۆز-جۈملىلەر ئارقىلىق ئېچىپ تاشلانغان. «قۇتادغۇبىلىك»تە بولسا، مۇنداق ئىدىيە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىپادىلەنگەن. يۈسۈپنىڭ داستاندا مەسخىرە، كىنايە خاراكتېرىدىكى مىسرالارنى يېزىشىدا بەلگىلىك مەقسەت بار ئىدى. يۈسۈپ ئەقىل-پاراستى ئۆلغىيىپ، قۇرامىغا تولغان چاغلاردا قاراخانىلار سۇلالىسى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئون نەچچە يىل ئىچىدە، بۇلار ئارىسىدا زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھالىتىدە چېكىنىش ئالامىتى كۆرۈلگەن. 1069ـ 1070ـ يىللىرى ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ، يېنىدا 4—5 يىل ساقلاپ، ئۇنى مەشرىق خاقانى تابغاچ بۇغراقاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن (1074/5 — 1102/3) گە تەقدىم قىلدى. ھەسەن بۇغراخان تەختكە چىققاندىن كېيىن قاراخانىلار قايتىدىن جانلىنىشقا يۈزلەندى. ئەخلاق، قانۇن، سىياسىي دېگەنلەرنىڭ نوپۇزى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. يۈسۈپنىڭ كۈتكىنىمۇ مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى. شۇڭا، بىلىملىك، ئادىل ۋە قابىل شاھ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇدرەتلىك، باياشات ۋە ئەمىن بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئىستىكى «قۇتادغۇبىلىك»تە بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل «غايىۋى پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت» مودېلى ئارقىلىق غايەت زور دەرىجىدە ھالسىرىغان قاراخانىلار جەمئىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ ئوڭشىماقچى بولدى. شائىرنىڭ داستانىنى شاھقا تەقدىم قىلىشىدا يۇقىرىقىدەك چوڭقۇر مەنە بار. ئۇ ئالدى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ پىكىر بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇغراخانغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە تارىختىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئەل-يۇرت ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىشلىرىغا ئادىل باھا بېرىدۇ. بۇ ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىدا بولىدىغان ئەنئەنىۋى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆز قاراشلىرىغا كۆچىدۇ. بۇ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشتا نۆۋەتتە كەلگەندە، ئەدەبىياتنىڭ ساتىرا ژانىرىدىن ھەم ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. يۈسۈپ جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېچىپ كۆرسەتكەندە، چىرىكلىك، بۇزۇلۇشلارنىڭ باش رولچىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ھۆكۈمرانلارنى تەنقىدلىگەندە، ناھايىتى ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، بۇنى پېرسوناژلار تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. يۈسۈپ ئودغۇرمىشنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارنى

قاتتىق پاش قىلىدۇ، تەنقىدلەيدۇ ھەم ھۆكۈمرانلارغا نەسىھەت ۋە تەنبىھ قىلىدۇ.

ئۇدغۇرمىش پادىشاھ كۈن تۇغدىنىڭ قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلغان چاغدا، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاچكۆزلۈك خاراكتېرىنى قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي ئولتۇرمايلا، ئۇلارنى يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ پاش قىلىدۇ ۋە پادىشاھ كۈن تۇغدىغا مۇنداق دەيدۇ:

ئاي ئېلىگ باقا كۆرسەن ئۆزكە كۆزۈن،
بىر ئۆزكە نەچە نەڭ تەرەرسەن ئۆزۈڭ.
(ئېلىگ ئى، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كۆز قاراپ،
توپلايسەن ئۆزۈڭگە مالنى مۇنچىلاپ)
(5361-بېيىت)

تەرىلپدى تۈمەن مىڭ تالۇ كۆپ تىتىر،
يازىدا قالىن يوند ئاقۇردا قاتىر.
(تۈمەنمىڭلىغان خىل تۆگىلەرنى توپلىدىڭ،
يايلاقلىرىڭدا سانسىز ئاتلار، ئوقۇرلاردا قېچىرلار تۇرۇپتۇ)
(5370-بېيىت)

ئۇچارىغ ئۇچۇرماس سەنىڭ قۇشلارىڭ،
يورىرىغ يورىتماز كۆر ئەسرىڭ ئىتىڭ.
(قاچۇرماس ئۇچارلىقنى سېنىڭ قۇشلىرىڭ،
يۈرگۈزمەس يۈرەرلىكنى ئالغۇر ئىتلىرىڭ)
(5379-بېيىت)

ئۇدغۇرمىش بۇ دۇنيادىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن، ھۆكۈمرانلارنىڭ مال-دۇنيالىرىنىڭ ھېسابسىز ئىكەنلىكى، ئەمما پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى رېئاللىقنى بويىماستىن ئەينەن تەسۋىرلەيدۇ. ئومۇمەن شائىر ئۆز زامانىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

ئاژۇن بارچا پۇترۇ تۇكەل ئارتادى،
كۆرۈپ تاڭلاداقى قانى بىر مۇنى
(جاھان باشتىن-ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كۆرۈپ تاڭ قالغۇچى ئەر بارمۇ مۇنى؟)
(6480-بېيىت)

كۆنى باردى كەلدى نەچە ئەگرىلىك،
قانى قالمدى بىر كىشى تەگرىلىك.
(توغرىلىق يوقالدى، ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى،
قېنى بىرەر خۇداگۇي كىشى قالدىمۇ)
(6475-بېيىت)

كىچىگدە ئەرەب يوق، ئۇلۇغدا بىلىك،
ئوتونلار ئۆكۈش بولدى يىتتى سىلىگ.
(كىچىكتە ئەدەب يوق، ئۇلۇغدا بىلىك،
قوپاللار كۆپەيدى، يوقالدى سىلىق)
(6469-بېيىت)

ۋەفا كەتتى خەلقتىن جەفا ئۇردى ئىز،
ئىنانغۇ تايانغۇ كىشى بولدى قىز.
(ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا ئالدى ئىز،
ئىشەنچ ۋە تايانچقا لايىق كىشى قىز)
(6467-بەت)

شائىر يۈسۈپنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان بۇ ئۆتكۈر ساتىرىك مىسرالار ئۆز دەۋرىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، غايەت زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىدا گۇمان يوق. دېمەك، ئەدەبىياتتا ساتىرا ژانىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نۆۋەتى كەلگەندە، باشقا ژانىرلار ئوينىيالمىغان رولنى ئوينايدۇ، باشقا ژانىرلار يېتەلمىگەن مەقسەتكە ئۇ يېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ژانىرنىڭ ئورنىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىك لازىم. شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىلا بۇ ژانىرغا ئالاھىدە قارىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

⑨ ئېلگىيە، بۇ شېئىرلاردىكى بىر خىل ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ تولىمۇ مۇڭلۇق، غەمكىن، ئەلەملىك ھېس تۇيغۇلىرى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ گرېكچە ‹ elegos › شىكايەت سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قەدىمكى گرېتسىيىدە لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر خىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان①. رۇس شېئىرىيىتىدە پۇشكىن ۋە لېرمونتوۋلارنىڭ ئېلگىيىلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولغان. جۇڭگو ئەدەبىياتىداگومورومۇ بىر قىسىم ئېلگىيىلەرنى يېزىپ تەسىر قوزغىغان. 11-ئەسىر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن «ئىلاۋەلەر» دىكى «زامانىنىڭ بۇزۇقلىقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» دېگەن II ماۋزۇنى ئېلگىيەنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئۇزۇن بىر شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئادالەت، مەرىپەت، گۈزەل ئەخلاق بىلەن تولغان بىر جەمئىيەتنى ئىزدەپ كۆپ جاپا چەككەنلىكى، ھالسىرىغانلىقى ۋە چوڭقۇر قايغۇ-ئەلەم چەككەنلىكىنى ئىنتايىن موڭغۇل تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

تۇرايى بارايى ئاژۇنۇغ كەزەيى،
ۋەفالىغ كىم ئەركى ئاژۇندا تىلەيى.
(قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئېروركىم تاپاي مەن.)
(6565-بېيىت)

① م . زەيدى، س . دوگايلى تۈزگەن «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 431-بەت.

ئىدىم مۇڭغا تەگدىم ۋەپاسىزغا تۇشتۇم،
ۋەفالىغ كىم ئەركى سەۋۈگ جان بەرەيى.
(ئىگەم، مۇڭغا چۆمدۈم، ۋاپاسىزغا ئۇچراپ،
ۋاپالىق كىم ئۇلسا، شېرىن جان بېرەي مەن)
كۆڭۈل كىمكە بەرگۇ مۇڭۇم كىمكە ئايغۇ،
مۇڭا دىتىم مەن ئەمدى بىر ئازراق ئايايى.
(بېرەي كىمگە كۆڭۈل، مۇڭۇم كىمگە ئېيتاي
مەن مۇڭلاندىم ئەمدى بىر ئاز مۇڭ تۆكەي مەن)
(6574-، 6580-بېيىتلار)

مەلۇمكى، غەم-قايغۇمۇ كىشىلىك خاراكتېردىكى مۇھىم بىر فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە. ئۇنىڭسىز خۇشاللىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ك. گ. پائاستوۋسكىي «خاپا بولۇشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ خۇشاللىقنىمۇ بىلمەيدىغان ياكى كۆلكىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمگە ئوخشاش ئاچار كېلىدۇ. بۇلار ئۆتۈپ كەتكەن مەنىۋى چەكلىمىلىكتىن دالالەت بېرىدۇ»① دەپ يازغان. دېمەك غەم-قايغۇلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ھادىسە دەپ بىلىش ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى «قايغۇدىمۇ ئۇلۇغۋارلىق بولىدۇ» (سېنىكا)②. يۈسۈپ ئۆزىنىڭ غايەت چوڭ داستانىدا ئادىل پادىشاھ ھۆكۈمران بولغان، خەلقلەر پاراۋان ياشايدىغان بەختلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى زوق-شوخ بىلەن تەسۋىرلەپ كېلىپ، يەنە نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا مۇڭ-ئەلەمگە تولغان مىسرالارنى يازىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى «ھەممە تۇيغۇلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ئەستىن چىقمايدىغىنى—قايغۇ» (ئى. بالزاك) ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا «خۇشاللىق ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، ئەمما قايغۇ ھېچ ۋاقىت ئۇنتۇلمايدۇ» (م. يو. لېرمونتوۋ)③. شائىر يۈسۈپ خاننىڭ خاس ھاجىپى بولۇپ، ئوردىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان، نەچچە ئون يىل باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېشىدىن بىر تالاي ئىسسىق-سوغۇقلار، دەھشەتلىك ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەقدىرنىڭ پالاكەت ۋە قاباھەت قىسمەتلىرى قاش بىلەن كىرپىكتەك كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شائىر غەم-قايغۇسىنىڭ چېكى بارمۇ، ئەلۋەتتە بار. چۈنكى پەيلاسوپلار «كۆز يېشى تۆكۈشنىڭمۇ چېكى بار» (سېنىكا) دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ مۇڭلۇق مىسرالىرىنىڭ كەينىگە بەكمۇ تېرەن خىسلەت يوشۇرۇنغان» مەسىلەن:

نەچە سۆزلەسە مەن تۇكۇمەز تاقى سۆز،
بۇ مۇنچا تاپ ئەمدى سۆزۈڭ نە بارايى.
(نېچە سۆزلىسەم مەن تۈگىمەس يەنە سۆز،
قىلاي بەس، سۆزۈڭ بارمۇ، ئەمدى كېتەي مەن)
(6599-بېيىت)

①② ۋ. ل. ۋورونتسوۋ تۈزگەن «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1991-يىلى، 118-، 119-بەتلەر.

③ «تەپەككۇر گۈلشەنى»، 117-، 118-، 119-بەتلەر.

جەفا جەۋرى بارى ماڭا تەگمەسۇنى،
ئۇتۇن بىڭالاردىن سىڭاردىن بولايى.
(ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەۋرى-جاپالار
بو گۇستاخ، پەسلەردىن يىراقراق تۇراي مەن)
(6603-بېيت)

كىشى بولمادىم مەن مۇڭادۇرما يالگۇز،
ساقىنچىن سىزارمەن سەۋىنچىن كۆلەبى.
(كىشى تاپمىدىم مەن، مۇڭلاندىم يالغۇز،
سىزىپ كەتتىم غەمدە، سۆيۈنۈپ كۈلەي مەن)
(6587-بېيت)

دېمەك، شائىر ئايىغى چىقماس مۇڭ ئىچىدە زەرداپ يۇتۇپ، ئۆزىنى ئازابلىمايدۇ، «سۆيۈنۈپ كۈلمەك»چى بولىدۇ. مۇتەپەككۇر پىيىت «مەن باشقا تەشۋىش چۈشكەندە تەبەسسۇم قىلىدىغان، قايغۇنى يېڭىش جەريانىدا كۈچ ئالىدىغان ۋە تەپەككۇرنى مەردلىكنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىدىغانلارنى قەدىرلەيمەن»① دەپ يازغىنىدەك، ئۇلۇغ شائىرىمىز يۇسۇپ، قايغۇ-ئەلەمنى ئۆتكۈر تەپەككۇر ۋاستىسى بىلەن يېڭىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشقان، يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن پەيتكە ئۇلاشقانلىقىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۆز پىكرىنى تۈگەللەيدۇ. ئومۇمەن، شائىر يۇسۇپنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يازغان ئىلگىيسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىلگىيلەرنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

⑩ رۇبائىي. ئۇنىڭ تۆت مىسرادىن تەركىب تېپىشى يۈزەكى ئۆلچەم دەپ قارالسىمۇ، ئەمما چوڭقۇر غايىۋى مەزمۇن، يەنى بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى مۇكەممەل بەدىئىي تۈستە ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ھەر بىر رۇبائىي ئۆز تېمىسى ۋە غايىسىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە ۋە مۇكەممەل ئەسەردۇر. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى شېئىرىي ژانىرلارنىڭ بەزىلىرىنى رۇبائىينىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلاردىمۇ رۇبائىيلارنىڭ بارلىقىنى ھەتتا ئۇنىڭ 200 پارچىدىن ئاشىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ رۇبائىيلار تېرەن مەزمۇنلارنى يۇقىرى بەدىئىي شەكىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن بىر مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

نەگو ئەر بولۇر، كۆر، مىڭەر دۇشمانى،
مىڭەر سۆزلەممەسە كۈتىگە ئانى.
بۆرىمۇ بولۇر كۆرگىل ئىتتە قايار،
ئۇدۇلا ئىشتىسە مىڭ ئىتلەر ئۈنى
(ئىچۆك ئەر سانالۇر مىڭەر دۇشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.
كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى)

① «تەپەككۇر گۈلشەنى»، 119-بەت.

قۇت ئۇل بەگ، بۇدۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قۇتادسا بۇدۇن قارنى تۇدغۇ كەرەك.
بۇ بەگلەر تەگىز ئۇل توپى يىنچۈلۈگ،
تەگىزكە ياغۇغلى بايوغۇ كەرەك.

مانا بۇ كۇپلېتلاردا رۇبائىينىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى چوڭقۇر پەلسەپىلىك پىكىر، مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىق ۋە تولغۇنلۇق، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن پىششىق ۋە ئىخچاملىق، شەكىل جەھەتتىن تۆتلۈك بولۇش خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزنى «Diwanu Lugatit Tü rk» ۋە قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى خەزىنىسىگە باشلاپ بارىدىغان بولساق، ئەستايىدىل كۆزىتىدىغانلا بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزى رۇبائىي ئۈلگىلىرىنى تېپىپ چىقالايدۇ ھەم ئۇلارنى «قۇتادغۇبىلىك»تىكى رۇبائىيلار بىلەن ئىزلاشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇلار ئارىسىدا بىر خىل تارىخىي باغلىنىش، ئورتاقلىق ئادىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالايمىز.

دېمەك، رۇبائىي ژانىرى 1000 يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىل قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ غايەت چوڭقۇر بەدىئىي كۈچىنى ۋە مەنە قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. لۇتفى، نەۋائى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، ھىرقەتى قاتارلىق قەدىمكى شائىرلار، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىق بۈگۈنكى زامان ئەدىبلىرى ياخشى رۇبائىيلارنى يېزىپ ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىدا چوڭ ئورۇنلارنى ئىگىلىدى.

⑪ مەرسىيە. بۇ بىرەر مەشھۇر كىشىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن غەم-ئەلەم ۋە ھەسرەت ئىپادىلەنگەن لىرىك شېئىر، قوشاق ياكى ئۇزۇنىراق شېئىرلار، بۇ خىل مەرسىيەلەرنى رۇس ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئېلگىيە دەپ ئاتىغان.

تۇغۇلغان ئىكەن ئۆلۈش بولىدۇ. ئادەملەر كىشىلىك ھاياتىدا ياخشى ئىشلارنىمۇ، ناچار ئىشلارنىمۇ قىلىش مۇمكىن. ناچار، ئەسكى قىلىقلارنىڭ ئەسلەنمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئېسىل پەزىلەت، ئالىيجاناب ھەرىكەتلەر تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ساقلىنىدۇ. ئەجدادلار كىشىلىك تۇرمۇشتا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ھۆكۈمران ئورنىدا بولۇشىنى، ياخشى خۇلۇق-مىجەزنىڭ مەڭگۈ غالىب ئورۇننى ساقلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، داڭلىق، دانىشمەن ۋە ئالىيجاناب كىشىلەر ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇلار ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇرغان، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلىگەن. شائىرلار چىن ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيەلەر يېزىپ، بۇ كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ باھاسىنى ئىپادىلىگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە مەرسىيەلەرنىڭ ياخشى ئۆرنەكلىرى بار. بۇ داستاننىڭ 83-، 84-، 85-بابلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇدغۇرمىش ئۆلۈپ كەتكەندە قۇمارۇ، ئۆگدۈلمىش ۋە كۈن تۇغدى ئېلىكلەرنىڭ ئۇدغۇرمىشقا بىلدۈرگەن تەزىيەنامىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇدغۇرمىش «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆت ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ رېئاللىقتىن قول ئۈزۈپ، تاغ ئارىسىدىكى غاردا پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىرادە تىكلىگەن بىر زاھىد بولسىمۇ، لېكىن ئۆگدۈلمىش، كۈن تۇغدىلارنىڭ قايتا-قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن ئاخىرى ئىدىيىسى ئۆزگىرىپ، ئادەم ھايات چېغىدا ئەل يۇرت ئۈچۈن ئىشلەش ھەممىدىن شەرەپلىك دېگەن تونۇشنى قايتىدىن تىكلەيدۇ ۋە ئۆزى تولغان بىر دانىشمەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەل يۇرتنى باشقۇرۇشقا پايدىلىق نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۈن تۇغدى، ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ چىن قەلبىدىن قايىللىقىنى ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. كۈنلەرنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن ئەل يۇرتنىڭ روناق تېپىشىدا ئودغۇرمىشنىڭ ئەقىل كۆرستىشى ئۆزىنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرستىدۇ. ئەپسۇسكى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، ئەقىل-پاراستى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولىۋاتقان بىر چاغدا، ئودغۇرمىش يورۇق دۇنيادىن خوشلىشىدۇ. بۇ ھال كۈن تۇغدى، ئۆگدۈلمىش، قۇمارو قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنى قاتتىق قايغۇغا مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇنى بىز ئۆگدۈلمىشنىڭ مۇنۇ مەرسىيىسىدىن ئېنىق بىلىپ يېتەلەيمىز.

ئايۇر ئاي قاداشىم ماڭا باق تۇرۇپ،
ئۇدىكلەرىم ئۇچسۇن يۈزۈڭنى كۆرۈپ.
(دېدى: ئى قاياشىم ماڭا باق تۇرۇپ،
بۇ ھەسرەتلىرىم ئۆچسۇن يۈزۈڭ كۆرۈپ.)
كۈسەپ كەلدىم ئەردى سەنى كۆرگەلى،
نەلۈك كىزلەدىڭ يۈز ماڭا كەلگەلى.
(ئۈمىد بىرلە كەلدىم سېنى كۆرگەلى،
نەچۈن يۈز يوشۇردۇڭ، كۆرۈنمىگىلى)
ئاي كۆڭلۈم تالۇسى سەۋۈگ جانقاجان،
سەنىڭسىز نەگۈ تەگ تىرىلسۇ رىۋان.
(ئى كۆڭلۈم تاجى، بۇ شېرىن جانغا-جان
نىچۈكمۇ ياشار سەنسىز بۇ روھ راۋان)
(6300-، 6301-، 6302-بېيىتلەر)

يۈسۈپنىڭ بىر قاتار مەرسىيىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇسىبەتلىك ھېسسىيات كىشى قەلبىنى چولغىۋالىدۇ. شائىرنىڭ بۇ مەرسىيەلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا ئىپادىلىگەن ئىستىداتى ئادەملەرنى مەيۈسلەندۈرمەيدۇ، بەلكى كىشىلەردە قايغۇدىن كۈچ ھاسىل قىلىشقا، ئودغۇرمىشنىڭ ئورۇنلىيالمىغان ياخشى ئىشلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئۇقۇمنى شائىر كۈن تۇغدى ئاغزىدىن مۇنداق بېرىدۇ:

نەگۈكە ئولىرسەن نە گۈبۈ سىفىت،
بۇ قىلىق ئەدگۈ ئەرمەز مۇنى سەن ئاغىت.
(يىغا نە ئۈچۈندۇر، نەچۈن ئىڭراماق؟
ئەمەس ياخشى خۇلق بۇ، كېرەك تاشلىماق.)
تۇغۇغلى ئۆلۈر ئول ئاغىغلى ئىلۈر،
يورىغلى تىنۇر ئول بەرىگلى ئالۇر.
(تۇغۇلغان ئۆلەر ئول، چىققۇچى چۈشەر،
يورۇچى تىنور ئول، بېرۈچى ئالۇر).
(6312-، 6313-بېيىتلەر)

داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمگە ئۆگدۈلمىش ئەڭ قاتتىق ماتەم تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن كۈن تۇغدى ئېلىگنىڭ قايتا-قايتا تەسەللى بېرىشى ئارقىسىدا مۇسىبەت ھالىتىنى

ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھېرىسمەنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە كىرىشىپ، تۈننى تاڭغا ئۇلاپ ئىشلەيدۇ. بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان كىتابخانمۇ ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ سىگنالىنى ئاڭلايدۇ. يۈسۈپنىڭ داستانىدا ئىپادىلەنگەن بۇ مەرسىيە ژانىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلىلا ئومۇملاشقان ژانىرلارنىڭ بىرى. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلاردا مەرسىيە مەزمۇنىدىكى مىسرالار بار. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تىكى توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدىكى مەرسىيە قوشاقلىرى بەك داڭلىق. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىنىڭ ئۇستازى ئابدۇراخمان جامىغا يازغان مەرسىيىسى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ نەۋائىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان مەرسىيىلىرى ئۇيغۇر ئەدبىياتىدا چوڭ ئورۇنغا ئىگە. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مەرسىيە يېزىش ھېلىھەم ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ۋە يۇقىرى تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ھازىرقى زامان مەرسىيىلەردە ئۇلۇغ داھىيلارغا مەرسىيە يېزىشمۇ مۇھىم بىر ئىجادىيەت يولى بولۇپ قالدى. بۇ مەرسىيىچىلىكتىكى بىر تەرەققىيات، ئەلۋەتتە.

3) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى.

بۇ داستان ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. مەلۇمكى شېئىر مىسرالىرىدىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن ياكى ئالمىشىشىدىن ھاسىل بولغان ۋەزىن ئارۇز ۋەزنى دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە باشقا ئۆلچەملىرىمۇ بار. ئاروز ۋەزنى بىرقەدەر تەسرەك ۋەزىن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەسلەپ قىلىپ يىرىك داستان يازغۇچى شائىر يۈسۈپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇ ۋەزىن ئاساسىي ۋەزىنلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەمما شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئارۇز ۋەزىندە شېئىرلار يېزىلىپ تۇرغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلاردا بۇنىڭ ئوبدان نەمۇنىسى بار. مەسىلەن:

(1) بىلىگ بىلىك يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.
بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە،
بىر كۈن دۆلەت تۈش بولۇر.

(2) بىلىگلىگ ئەر بىلىڭە،
تاش قۇرسانسا قاش بولۇر.
بىلگىسىزنىڭ يانىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر①.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بىر مۇنچە شېئىرىي ئۆرنەكلەر بار. مەسىلەن:

تەگۈرمەنىڭ ساۋىمنى بىلگەلىگە ئاي،
تىنۇر قالى ئاتانسا قىسراق سىنى تاي.

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 303-، 304-بەتلەر.

بۇ شېئىر ھەزەج بەھرىنىڭ ئەھرەب ۋەزنىگە (مەفائىلۇن مەفئۇلۇ مەفئىلۇن فائى) توغرا كېلىدۇ.

ياغىڭ تاباتىترۇ باقىپ بۆكتۈك بىلە،
ئوغراپ قالى كەلسە ساڭا قارشۇ سۆلە.

بۇ شېئىر رەجەز بەھرىنىڭ مۇسەددەس سالىم (ئۈچ مۇستەفئەلۇن) ۋەزنىگە توغرا كېلىدۇ.

تۈركەن قاتۇن قاتىڭا تەگۈر مەندىن قوشۇغ،
ئايغىل سىزنىڭ تاپۇغچى ئۆتنۈر ياڭى تاپۇغ.

بۇ شېئىر ھەزەج بەھرىنىڭ ئەھرەم (مافائىلۇن مەفائۇلۇن، مەفائىلۇن فائىل) ۋەزنىگە توغرا كېلىدۇ.

قويغاشىپ ياتسا ئانىڭ يۈزىگە،
ئالىسقار ئۆگىن ئانىڭ سۆزىگە.
مىڭ كىشى يۈلۈغى بولۇپ ئۈزىگە،
بەرگەلەر ئۆزىن ئاخىڭ كۆزىگە.

بۇ شېئىر مۇتەقارىب بەھرىنىڭ «فائۇلەن فائۇل فائىل فەئۇلەن» ۋەزنىگە توغرا كېلىدۇ.

خەلق بېيىت-قوشاقلىرىدىمۇ، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان نۇرغۇن مىسرالار بار.

بۇلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى ۋەزنىدە ئارۇز ۋەزنىمۇ بولغان. ياپونىيە ئالىمى شى شېلوڭفۇ بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھېچقانداق ئەدەبىياتى بولمىغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يازغان بولۇپ، بۇ تۈركىيچە-ئەرەبچە لۇغەت ‹قۇتادغۇبىلىك› بىلەن بىر دەۋرنىڭ ئەسىرىدۇر. بىر مۇنچە شېئىرلار ۋە ماقال-تەمسىللەر قامۇسقا نەقىل ئېلىنغان، ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەمەس»①.

بۇ بايانلاردىن شۇ نەرسە روشەنلىشىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك»تە قوللىنىلغان ئارۇز ۋەزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ۋەزنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4) بىر قاتار شېئىرىي شەكىللەر

(1) باش قاپىيىلىك شېئىرلار. بۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن. يەنى، ئۇ قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپى دېگۈدەك باش قاپىيىلىك مىسرالاردىن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، ئۇلاردىن بىرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

---

① «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994-يىلى 1-سان، 44-بەت.

ئالقش باشىق سۆزلەنگۈگ،
ئايغ قىلىنچىغ ئۆلۈگۈگ.
ئامۇاردىشىم قىلىپ يىغىنغۇغ،
ئايۇ يارلىقا دېگىز ئۆلارقا①
[سىز(جانلىقلارغا) ئالقىش-مەدھىيە ئوقۇتتىڭىز،
ئۇلارنى ئۆز گۇناھلىرىغا تووا قىلدۇردىڭىز.
ئۇلارنى يىغىپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلدۇردىڭىز،
ئۇلارنى ئاسراپ، ساقلىدىڭىز]

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دىكى بىر مۇنچە شېئىر-قوشاقلارمۇ باش قاپىيىلىك شېئىرلارغا تەئەللۇق. مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

كەچە تۇرۇپ يورىر ئەردىم،
قارا قىزىل بۆرى كۆردۈم.
قاتىغ يانى قۇرا كۆردۈم،
قايا كۆرۈپ باقۇ ئاغدى.
[كېچىدە تۇرۇپ يۈرەر ئىدىم،
قارا، قىزىل بۆرە كۆردۈم.
قاتتىق يانى قۇرۇپ كۆردۈم،
قىيا بېقىپ دۆڭگە قاچتى②]

بۇلاردىن باشقا «ئېرىق بىتىگ» «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، «ئامىتابۇردىيانا سۇترا» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە شېئىرىيەتتىكى باش قاپىيە شەكلى قوللىنىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى شېئىرلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاياق قاپىيىلىك مىسرالار بىلەن يېزىلغان، ئەمما شائىر يۇسۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش قاپىيىلىك شېئىرىي شەكىللىرىگىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن خېلى كۆپ مىسرالارنى باش قاپىيە شەكلى بىلەن يازغان، مەسىلەن:

كىشىلىك قىلورقا كىشىلىك ئانۇت،
كىشىلىك تەگىتىچە تۆرۈ قىل يانۇت.
(1690-قۇرلار)

بىلىكسىزكە دەۋلەت ياراشسا كەلىپ،
بىلىكلىگكە ئارتۇق ياراشۇر بىلىپ.
(1709-قۇرلار)

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى.
② مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 303-بەت.

قاموغ تەڭسىز ئىشتىن يىغىغلى ئۆۋۈت،
قاموغ ئەدگۈ ئىشكە ئۆلاغلى ئۆۋۈت.
(2008-قۇرلار)

تولىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىنرەك يېزىلغان دەپ ھېسابلىنىۋاتقان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ داستانى)تىمۇ خېلى كۆپ باش قاپىيە شەكىللىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ ھال بۇ خىل قاپىيە شەكلىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى قاپىيە شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يۈسۈپنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىپادىلىنىشى چوڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھادىسىدۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىنجىلى» بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتە تامامەن يېپيېڭى ئەسەر. شۇنداقلا ئەنئەنىۋىلىك بىلەن ناۋاتۇرلۇق بىرلەشتۈرۈلگەن ئېنسىكلوپېدىيە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان چوڭ تۆھپىسى. شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ ۋە بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى. بىز ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە قايرىلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ئالدى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنۇملۇك تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ، ئۆز دەۋرى—قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت ئالىمىدە نەپەسلىنىپ، ئوزۇقلىنىپ، كۆكلەپ مېۋە بەرگەن. شۇڭا بۇ ھەر قايسى تەرەپلەرنى توغرا چۈشىنىش بەكمۇ مۇھىم.

## 4 ـ § . مەھمۇد كاشغەرى

### 1 . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

مەھمۇد كاشغەرى (? 1020 — ? 1117) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناسى، تۈركشۇناسى، مىللەتشۇناسى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى.

مەھمۇد كاشغەرى كاشغەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىدە قاراخانىلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ فېئودال خانزادە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. يەنى ئۇ ئاتا تەرەپتىن خاقان يۈسۈپ قادىر خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى. مەھمۇدنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەرى؛ ئانا تەرەپتىن ئالغاندا، ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدىكى دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى خوجاسەيپىدىن بۈزرۈكۋارنىڭ قىزى بۈبى رابىيەنىڭ ئوغلى. ئۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى كاشغەردە ئالغان. ئۇ دەۋردە كاشغەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر بىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى قاتارلىق ئالىملار بۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. كېيىن مەھمۇد كاشغەرى بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى ھەم نىشاپۇر قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان①؛ تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا دائىر مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە ئىسلام تارىخى، پەلسەپەسى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىمۇ پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن؛ ئۆز ئانا تىلىنىڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولغىنىدىن تاشقىرى يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ ئىگىلىگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. كاشغەر، بالاساغۇن، خارەزم، پەرغانە، بارساغان، تالاس، ئىسپىجاب، قوچۇ، بەشبالىق، ئىلى دەريا ۋادىلىرى ۋە موڭغۇل، گەنسۇ داللىرىغىچە بولغان پايانسىز تېررىتورىيىلەرنى كېزىپ كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادقا بېرىپ بىر مەزگىل ئىلمىي ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، كاشغەرگە قايتىپ، ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ھازىرقى كاشغەركونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىگە جايلاشقان، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇندىن بويان تاۋاپ قىلىپ كەلگەن «ھەزرىتى موللام مازىرى» مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىگاھىدۇر②.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بۇ ئەسىرىدە يەنە «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋفى لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار گىرامماتىكىسىنىڭ جەۋھىرى) ناملىق باشقا بىر ئەسىرىنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئەمما ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «پەلسەپە» تومى، 1-توم، 1987-يىلى نەشرى، 556-بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا ئىلگىرى قاراشلار بار ئىدى. 1980-يىللاردىن كېيىن، ئېلىمىزدە بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى ئى . مۇتئى، م . ئوسمانلارنىڭ «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئاساسەن مۇشۇ ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي روھى تاللاپ ئېلىندى. «تارىم» ژۇرنىلى، 1984-يىلى 3-سان.

هازىرغىچە تېپىلغىنى يوق.

## 2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى. ئۇ 1072-1075-يىللىرى يېزىلغان. مىلادى 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەركىزى باغدادتا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى»①②. مەھمۇد كاشغەرى كاشغەردىن باغدادقا بېرىپ ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»③. ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇرۇپ، بۇ ئەسەرنى يازغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە تەخمىنەن 7500 پارچىدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) كىرگۈزۈلگەن، 242 پارچە شېئىر-قوشاق توپلانغان، 200 پارچىغا يېقىن ماقال- تەمسىل يىغىلغان، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەھمۇد كاشغەرى سۆزلەم، شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىللەرنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بېرىپ، بۇلارنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان، يەنى ئەسەرنى ئەرەبچە يازغان ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»(تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويغان.

### «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى نەسرىي ئەسەرلەر ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئېيتىشىش مۇنازە ژانىرىغا تەئەللۇق پارچىلارمۇ بار.

#### 1 -نەسرىي ئەسەرلەر

«دىۋان»④ دىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە سەجئەلەر⑤ دىن ئىبارەت.

«دىۋان»دا نەچچە ئون پارچە ئەپسانە-رىۋايەت بار. ئۇلارنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكى تۈزلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) تەڭرى-مەبۇدلار توغرىسىدىكى ئەپسانە، قۇلباق ئەپسانىسى، ئۇماي ئەپسانىسى، ئىلاھى دەرەخ ئەپسانىسى قاتارلىقلار.

(2) قەھرىمانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

شۇقاغان ھەققىدىكى رىۋايەت. شۇنداقلا ئىسكەندەر قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تىركەشكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. بۇ رىۋايەتلەر، ئۇيغۇر قاغانى شۇنىڭ پەم-پاراستى ۋە جاسارىتى، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن.

---

① مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 7-بەت.

② دىۋاننىڭ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەش ئۈچۈن مىسال ئېلىنغان ئۆرنەكلەر ش ئۇ ئا ر «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»نى نەشىرگە تەييارلاش ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1-، 2-، 3-توملىرىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-، 1983-، 1984-يىللىرى نەشرى.

③يۇقىرىقى كىتاب، 1-توم، 5-بەت.

④ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ.

⑤ سەجئە — قاپىيىلىك نەسىر.

3) قەبىلە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

«دىۋان» دا تۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز، تۈركمەن، چىگىل، تۇبۇت قاتارلىق ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئايرىم- ئايرىم رىۋايەتلەر بېرىلگەن. بۇ رىۋايەتلەر بەلگىلىك ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، تارىخىي قىممەتكىمۇ ئىگە.

(4) هەر خىل شەيئى ۋە هادىسىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

«دىۋان»دا يەر-جاي، دەريا ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلەن، ئوردۇكەنت، بارچۇق، قازۋىن، ئەرتىش، تاشكەنت، بارمان قاتارلىقلارنىڭ ئىسىم بولۇپ قېلىشى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر بار.

يەنە يېمەك- ئىچمەك، بالىلار ئويۇنلىرى، مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە باشقا شەيئىلەر توغرىسىدىمۇ قىسقا، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك رىۋايەتلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

2) شېئىرىي ئەسەرلەر

«دىۋان»دىكى شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئېپىك شېئىرلار ۋە لىرىك شېئىرلار تەشكىل قىلىدۇ①

بىرىنچى ئېپىك شېئىرلار.

«دىۋان»دىكى ئېپىك شېئىرلار ئېپوس ۋە داستان پارچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مەسەل (مەسەللىك داستان)لەرمۇ بار.

توڭا ئالپ ئەر توغرۇلۇق شېئىرىي پارچىلار قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ پارچىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەهرىمانى توڭا ئالپ ئەر يەنى ئافراسياپ توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ.

داستانلار تۈركۈمگە بىكەچ ئارسلان تېگىن داستانى (پارچە) ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى سۆزلەنگەن شېئىرىي پارچىلار كىرىدۇ. يەنە باشقا داستانلاردىن پارچىلارمۇ تېپىلىدۇ.

ئىككىنچى. لىرىك شېئىرلار

«دىۋان»دا لىرىك شېئىرلار بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنى مەزمۇنىغا قاراپ

(1) ناخشا-قوشاقلار (مۇھەببەت قوشاقلىرى. ئەمگەك قوشاقلىرى، تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر قوشاقلار)

(2) مەرسىيىلەر (بۇ يەنىلا توڭا ئالپ ئەر ۋە باشقا نامەلۇم بىر قەهرىمانغا ئوقۇلغان مەرسىيىلەرنى كۆرسىتىدۇ)؛

(3) ساقىنامىلەر

(4) ماقال-تەمسىل، هېكمەتلىك سۆز②(بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قاپىيىداش كەلگەن) لەر دېگەن تۆت تۈركۈمگە ئايرىيمىز.

3)مۇنازىرە شېئىرلىرى

«دىۋان»دا قىش بىلەن يازنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسىگە دائىر پارچىلار بار. بۇلارنى ئاددىي سەھنە ئەسىرى تۈرىگە تەئەللۇق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى مۇنازىرە-دىئالوگ ئىدى. ئۇ خىل شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى

---

① «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»كە جەمئىي 242 كۇپلېت (1-تومدا 117، 2-تومدا 48، 3-تومدا، 77) شېئىر بار.

② «دىۋان»دا مىسال ئېلىنغان ماقال-تەمسىل، هېكمەتلىك سۆزلەر 200 پارچىدىن ئارتۇق.

يەنە ئۇلارنى مەسەل ياكى مەسەللىك داستان دەپ بىلىشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ.

«دىۋان»دىكى «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» داستان ياكى ئېپىك شېئىر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كونا شېئىرىيىتىدە مۇنازىرە شەكلىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ①.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى «دىۋان»دىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى مول مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئوبرازلىق يوسۇندا يورۇتۇپ بەرگەن.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى. «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئىلغار مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن. تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» غا كىرگۈزگەن ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇزۇن يىللار تارقىلىش جەريانىدا تاۋلانغان، تاللانغان، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب ئىزھارى، سەرگۈزەشتلىرىنىڭ، ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئىپادىسىگە ئايلانغان.

مەلۇمكى، چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئۇ ئىلغارلىق، ساغلاملىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چىنلىقتىن ئايرىلغان ھەقىقىي ئەدەبىياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات چىن بولغاندىلا، ئاندىن بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ چىن بولۇش-بولماسلىقى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي قايىل قىلىش كۈچى، ھاياتىي كۈچىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسلانغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ رەتلەپ، تاللىشىدىن ئۆتۈپ، «دىۋان»دىن ئورۇن ئالغان.

مەيلى رىۋايەتلەر، ئېپوس، داستانلار بولسۇن، مەيلى ناخشا-قوشاقلار بولسۇن، ئۇلارنى ئوخشاشلا چىنلىق ئۆلچىمى بويىچە باھالاشقا بولىدۇ.

مەسىلەن، يەر-جايلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بەدىئىيلىكىدىن كۆرە، ئالىملار ئۇلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق رولىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ كېلىشمەكتە. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسكە ئالايلى. «ئومۇمەن، مەھمۇدنىڭ تۈرلۈك شەھەرلەرگە دائىر بەرگەن قىسقا مەلۇماتلىرىدىن (بەزىلىرىنى بىز رىۋايەت دەپ قارىدۇق—نەقىلچىدىن) ھازىر بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولمىغان بىر مۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر بۇ زاتنىڭ قولىدا بارلىقى ئۇقۇلىدۇ... مەسىلەن ‹ مۇقەننا› دېگەن ئادەم ئەتراپىغا ئويۇشقانلار تۇرىدىغان ‹ ئىنچۇكەنت› شەھىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ شەھەر ئاشۇ قوۋمنىڭ تەۋەسىگە ئەرەب ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن خاراب بولغان»②.

دەرۋەقە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» يېزىلىشتىن 300 يىل بۇرۇن يەنى مىلادى 776—784-يىللاردا

---

① شى شېڭبوگفۇ (ياپونىيە) «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1994-يىلى 1-سان، 45-بەت.

② ۋ . ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى» .

ئوتتۇرا ئاسىيادا، قارشى دەريا ۋادىسىدا ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مۇقەننا رەھبەرلىكىدە خەلق ھەرىكىتى بولغان ئىدى.

ئۇنداق بولسا، بىر پارچە قوشاقنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ،
بەزىرىم قىلىپ ئاۋنالىم①
(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ،
قۇلان-كىيىك ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى)

بۇ قوشاقتا تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كونىلاردا «ياش ئىشقا، قېرى ئاشقا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. مەيلى ئائىلە، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى، سەيلە-تاماشالاردا بولسۇن، ئېغىر ئىشلارنى يىگىتلەر قىلىدۇ، بۇ ھازىرغىچە ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن.

مەھمۇد كاشغەرى كىچىكىدىن ئىناق، ئەخلاقلىق بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان، پەزىلەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتنىن تەسىر ئالغان بولغاچقا، تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ياخشىلىق بىلەن قاباھەتلىك، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ھەققانىيەت بىلەن ناھەقچىلىق مەسىلىلىرىدە ئۆزىگە خاس مەۋقەسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ «دىۋان»غا كىرگۈزگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ھەققانىيەتنىڭ، ئۇمىدۋارلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «دىۋان»دا چۈشكۈنلۈك، شەھۋانىيلىق، ھورۇنلۇق، نادانلىق تەرغىب قىلىنىدىغان ئەدەبىي پارچىلار زادى ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھال نۆۋەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى توپلاشتىكى مەۋقەنى توغرىلاشتىمۇ ئۈلگىلىك رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى. ئەدەبىي پارچىلارنىڭ شەكىل تۈزۈلۈشى. «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىغا ئىگە.

رىۋايەتلەرنى سۆزلىسەك، ئۇلار ھەجىم جەھەتتە قىسقا، يىغىنچاق، بەلگىلىك ئوي-پىكىر مەنتىقىي تەرتىپ بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن جەريانى كېڭەيتىلىدۇ، ئاخىرىدا مۇئەييەن بىر مەقسەتكە يېتىلىپ، مەزمۇن تۈگەللىنىدۇ. تۆۋەندە «چىگىل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

«چىگىل، ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى ... بۇلارنىڭ چىگىل دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىمىش: زۇلقەرنەيىن ئارغۇ ئېلىگە كەلگەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار ماڭغۇسىز دەرىجىدەپاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن پارس تىلىدا «اين چەكل است — نىمىدېگەن يامان پاتقاق» دەپ كايىپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. بۇ قورغان ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قورغاندا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام

① «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 348-بەت.

كېيىنچە ئەتراپلارغا يېيىلغان ئىكەن ...»①.

«دىۋان» دىكى شېئىر-قوشاقلارنىڭ تۈزۈلىشى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىقراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«دىۋان» دىكى شېئىرلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر شەكىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۈرنەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يالغۇز دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىلا بۇرۇلۇش قىلىپ قالماستىن، بەلكى، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى، بۇ خىل تەسىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكىل تۈزۈلۈشىگىچە بېرىپ يەتتى. مەھمۇد كاشغەرى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، «دىۋان»غا كىرگۈزگەندە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنىغا 140 يىللار بولۇپ قالغان. بۇ جەرياندا قويۇق ئىسلام دىنى ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بەزى يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ئەمما، مەھمۇد كاشغەرى ئاساسلىق دىققىتىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بۇرىغان.

ئېغىز ئەدەبىياتى كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە. «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن ئۇچرىمىغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ياكى ناھايىتى ئاز ئۇچرىغان.

شېئىر-قوشاقلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرىمىز.

1) ۋەزىن ئالاھىدىلىكى

«دىۋان»دىكى شېئىرلار كۆپى دېگۈدەك بارماق ۋەزنىدە، ئاز بىر قىسمى ئارۇز ۋەزنىدە، يېزىلغان.

بارماق ۋەزنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي ۋەزنى بولۇپ سانىلىدۇ. ئورقۇت مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى نەزمى مىسرالار، «ئوغۇزنامە» دىكى نەزمى مىسرالار ۋە قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ ۋەزنىدە يېزىلغان.

بارماق ۋەزنى جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ، شوخ ۋەزىن، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، پسىخىك خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدۇ. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى كۆچمەن تۇرمۇش رىتمى ئاساسىدا شېئىرىي ئەسەرلىرىنى مۇشۇ ۋەزىن شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلىگەن. قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى ۋەزىن شەكلىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن.

ئارۇز ۋەزنى — بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي ۋەزىنلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئارۇز ۋەزنىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرغان. بىز يۇقىرىدا «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئاساسەن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەسەرلەر ئىدى دەپ ئۆتكەن ئىدۇق، «دىۋان»دا بېرىلگەن

ئالغىل ئۇگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويىدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىنىڭ ئۇلە.

---

① «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1-توم، 511-بەت.

(ئەي ئوغۇل مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سال،
پەزىلەت تىلە، ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمگىنى تارقات.)

دېگەن بۇ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىردىن، ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىش، ئۇيغۇرلاردىمۇ بولغان دېگەن پىكىرنى ئېيتىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ.

2) شېئىرلارنىڭ خىل ئالاھىدىلىكى

«دىۋان» دىكى شېئىرلار قوشاق ۋە غەزەل قاتارلىق شېئىرىي خىللاردا ئۇچرايدۇ.

قوشاق — شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە بىر خىلى. «دىۋان» دا قوشاقلارنىڭ كۆپ سانى ئىگىلىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل شېئىرىي خىل ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

3) قاپىيە شەكىللىرى

«دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار ھەر خىل قاپىيىدە يېزىلغان.

(1) باش قاپىيىلىك شېئىرلار.

باش قاپىيىلىك شېئىرلاردا بىر قانچە خىل شەكىل قوللىنىلغان.

① باشلانما سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قاپىيىداش كېلىش شەكلى. مەسىلەن:

ئەردەم تىلە ئۆرگەنىبەن بولما كۆۋەز،
ئەردەمنى ئۆگرەنىبەن ئىشقا سورا. (AA-)

② باشلانما سۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ مىسراسى قاپىيىداش كېلىش شەكلى. مەسىلەن:

ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز،
ئايىق ئابىب قويماڭىز.
ئاقار كۆزۈم ياش تەڭىز،
تەگرە يۈرە قۇش ئۇچار. (BAAA)

③ باشلانما سۆزلىرىنىڭ 1-ۋە 3-مىسراسى قاپىيىداش كېلىش شەكلى. مەسىلەن:

ئىگلەدى مەنىڭ ئاداق،
كۆرمەدىب ئوغرى تۇزاق.
ئىگلەدىم ئاندىن ئۇزاق،
ئەملەگىم ئەمدى تۇزاق (CABA)

④ باشلانما سۆزلىرىنىڭ 1-ۋە 4-مىسراسى قاپىيىداش كېلىش. مەسىلەن:

ياللۇن ئانىڭ كۆزى،
يەلكىن ئانىڭ ئۆزى.
تولۇن ئايىن يۈزى،
ياردى مەنىڭ يۈرەك. (ACBA)

⑤ باشلانما سۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى 1-ۋە 2-مىسرالىرى قاپىيىداش كېلىش. مەسىلەن:

تەركەن قاتۇن قوتىغا،
تەگۈر مەندىن قوشۇغ.
ئايغىل سىزنىڭ تابۇغچى،
ئۆتنۈر يىگى تابۇغ. (CBAA)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، باشلانما سۆزلىرىنىڭ 3-، 4-مىسرالىرى (ACAB)، 2-، 4- مىسرالىرى قاپىيىلەشكەن ۋە 1-، 2-مىسراسى بىر خىل قاپىيە، 3-، 4- مىسراسى بىر قاپىيە (AA — BB) لەشكەن شېئىرلارمۇ بار. (BACA)
دېمەك، باش قاپىيىدە سەككىز خىل ئەتراپىدىكى شەكىل قوللىنىلغان.
(2) ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلار
«دىۋان» دىكى ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ شەكىللىرىمۇ خىلمۇ-خىل.
① تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن شېئىرلار. مەسىلەن:

ئىتىم تۇتۇپ قۇدى چالدى،
ئانىڭ تۇسىن قىرا يۇلدى.
باشىن ئالىپ قۇدى سالدى،
بوغۇز ئالىپ تۈكەل بوغدى. (AAAA —)

② ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن شېئىرلار. مەسىلەن:

چاغرى بەرىب قۇشلاتۇ،
تايغان ئىدىپ تىشلاتو.
تۈلكى، تونگۇز تاشلاتۇ،
ئەردىم بىلە ئۆگلەنىم. (BAAA)

③ ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرالىرى قاپىيىنداش كەلگەن شېئىرلار. مەسىلەن:

تۇتچى ياغار بۇلۇتى،
ئالتۇن ئامار ئارىغ.
ئاقسا ئانىڭ ئاقىنى،
قاندى مەنىڭ قانىغ. (ACAB)

④ ئېپىك شېئىرلار، داستانلار ۋە بەزى لىرىكىلارنىڭ ھەربىر كۇپلېتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش قاپىيىدە كەلگەن بولسا، تۆتىنچى مىسراسى كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ تۆتىنچى مىسراسى بىلەن ئوخشاش قاپىيىلەنگەن. مەسىلەن:

باھار يامغۇرى
قار، بۇز قامۇغ ئەرۈشدى،
تاغلار سۇۋى ئاقىشدى.
كۆكشىن بۇلىت ئۆرۈشدى،
قايغۇق بولۇپ ئەگرۈشۈر.
ئاي قوپۇپ ئەۋلەنۈپ،
ئاق بۇلىت ئۆرلەنۈپ.
بىر-بىرى يۈزە ئۆكلۈنۈپ،
ساچلۇپ سۇۋى ئەگرىشۈر.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي پارچىلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىچىدە ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

تىل ئالاھىدىلىكى دېگەندە، ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلگەن شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىمىز. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، شېئىر-قوشاقلاردا ئىشلىتىلگەن تىل ئالدى بىلەن قەدىمىيلىككە ئىگە. خەلقىنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئېلىنغان. ئوبرازلىق، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلار كۆپ قوللىنىلغان تىلدۇر. قەدىمىيلىككە ئىگە دېگىنىمىز، «دىۋان» دىكى بەزى شېئىرىي پارچىلار، مەسىلەن، توڭا ئالىپ ئەر توغرىسىدىكى ئېپوستىن ئېلىنغان پارچىلار تولىمۇ يىراق دەۋر بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ پارچىلاردىكى سۆز جۈملىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خەلقنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئېلىنغان دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا «چوچۇ» دېگەن بىر كىشىنى تۈرك شائىرى دېگەندىن باشقا، يازغۇچى-شائىرلار توغرۇلۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرمىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئەدەبىي پارچىلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز-جۈملىلەر ئەلۋەتتە خەلقنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئېلىنغانلىقى بىلىنىدۇ. بۇ سۆز-جۈملىلەرنىڭ چاۋۇچىلىق، ئېكىنچىلىك ۋە ھۈنەر-كەسىپكە دائىرلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىش — تەپەككۇردا چوڭقۇرلۇقنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە بىلىمدە مول بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار ياكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوبرازلىق تىل بىلەن يېقىملىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن بىر كۇپلېت كۆرۈپ ئۆتەيلى:

بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز،
قارا مەڭىز قىزىل يۈز.
ئاندىن تامار تۈگەل تۈز،
بۇلنار يەنە ئۇل قاچار.

(خۇمار كۆزلۈك، قارا مەڭلىك، قىزىل يۈز مېنى ئەسىر قىلدى، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي گۈزەللىك تامىدۇ، مېنى ئەسىر قىلدىيۇ، ئۆزى قاچتى.)

بۇ قوشاقتا مەھبۇبىنىڭ پورترېتى ئوبرازلىق سۈرەتلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر خىل گۈزەللىك لىباسى
كىيدۈرۈلگەن. قىلىش بىپايان تۈزلەڭلىك، ياپپېشىل يايلاق

ئىستىلىستىك ۋاستىلارنى كۆپ ئىشلىتىپ سۆز
ۋە ئەركىن ئازادە تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇدۇملۇق ئادەتلىرىدىن بىرى. ئوخشىتىش،
سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سىمۋول قاتارلىق ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسىرلىك،
جانلىق، ئېنىق ئوي پىكىرنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي،
ئوبرازلىق تەسۋىرىي خاتىرىسى بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلار يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە ئەسەرلەردىن
ھېسابلانغاچقا، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، بەزىلىرى بولۇپمۇ
ماقال-تەمسىللەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاغزاكى يوسۇندا ھازىرقى دەۋرگىچە يېتىپ كەلگەن. شېئىرلارنىڭ
تۈزۈلۈشمۇ كېيىنكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەندىزىلىك ئۈلگە بولۇش
رولىنى يوقاتمىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ كۆپى «دىۋان»
دىكى شېئىر-قوشاقلارنىڭ شەكىللىرىگە ئوخشايدۇ.

## 5 - §. ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى

### 1. ئەھمەد يۈكنەكى

ئەھمەد يۈكنەكى (؟ 1110 — ؟ 1180) نىڭ تولۇق ئىسمى ئەدىب ئەھمەد بىنى مەھمۇد يۈكنەكى. زامانداشلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنى ئەدىب ئەھمەد ياكى ئەھمەد يۈكنەكى دەپ ئاتىسا بولىدۇ.

شائىرنىڭ دادىسى مەھمۇد، يۇرتى يۈكنەك① دېگەن يەر ئىدى. ئۇ تۇغما ئەما كىشى بولسىمۇ، لېكىن يېتۈك ئەدىب، فازىللارنىڭ كاتىپى بولۇپ يېتىشكەن. ئەھمەد يۈكنەكنى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.② بەزىلەر قاراخانىلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولسا كېرەك دەپ ھېسابلاشقان.③ ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى، ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق يېگانە ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن④. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا داستاننىڭ مەزمۇنلارىغا ئاساسەن قىياسىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

1) ئەسەر باشلىنىش بىلەنلا «ئاللا» ۋە «پەيغەمبەر» گە مەدھىيە ئوقۇغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

2) ئەسەردە موڭغۇللار توغرىسىدا ھېچقانداق بىشارەت يوق. بۇ نۇقتا شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، شائىر ياشىغان ۋاقىتتا موڭغۇللارنىڭ كۆچى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ۋە شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا تېخى كىرمىگەن. چۈنكى 13-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن كېيىن، بۇ رايونلاردا پۈتۈلگەن ھەممە ئەسەرلەر، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئاتالغۇلىرىغا چىڭگىزخاننى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەر قىستۇرۇلغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا مەدھىيە ئوقۇش شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولغان.

3) بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭكىگە بەكمۇ يېقىن، ئۇسلۇب جەھەتتە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈلگە قىلىنىپ، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان.

4) تىل جەھەتتە ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى ساقلاپ قالغان.

---

① بۇ يەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

② «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» (1994-يىلى چىڭدۇ نەشرى، 738-بەتتە)دا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ياشىغان يىللىرى 1110 - 1180-يىللار دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك.

③ تۈركىيىلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم ئەھمەد يۈكنەكى تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن ھاكىمبەگ - بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگنى ئىلىكخانلار - قاراخانىلار جەمەتىدىن، ئەھمەد يۈكنەكنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىلىكخاننىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلىغان.

④ بۇ ئەسەر بەزىدە «ھىبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوۋغىسى) دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزگە ئۈچ خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇ نام ئۇنىڭ B، C نۇسخىلىرىغا بېرىلگەن نامدىن كېلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ A نۇسخىسى نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدىن كونا ھەم تولۇق بولۇپ، شۇ نۇسخىدا ئەسەرنىڭ نامى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېيىلگەنلىكى ھەم بۇ نام ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر مۇشۇ نام ئىشلىتىلمەكتە.

مەسىلەن :قەدىمكى D ھەرپىنىڭ قوللىنىشىغا ئوخشاشلار، ئېيتايلۇق، «كىيىم» دېگەن سۆز «كىدىم» ، «ئاياق» دېگەن سۆز «ئاداق»، «كېيىنكى» دېگەن سۆز «كىدىنكى» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئالامەتلەر 13-ئەسىردىن كېيىن يوقالغان ئىدى①. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېزىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەسەر 14باب② . ئۇنىڭ ئالدىنقى تۆت بابى كىرىش قىسمى، كېيىنكى 10 باب ئاساسىي مەزمۇن قىسمى.

شائىر ئۆز ئەسىرىنى «تۈركىي كىتاب» دېگەن ئەدىب ئەھمەدتىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان③ دېگەن كىشى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يازغان ئىلاۋەسىدە بولسا مۇنداق دېگەن:

تامامى ئەرۇر كاشغەر تىل بىلە،
ئايتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە؛
ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،
بىلۇر ئول ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى.

ئەسەرنى يېقىنقى زامان ئىلمىي خادىملىرى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى داستان دەپ قارىغان. لېكىن، بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى باشقا داستانلارغا زادى ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان. يەنى ئۇنىڭدا تۇتاش كەتكەن ۋەقەلىك باغلىنىشى، توقۇنۇش، كونكرېت ۋە سالاھىيەتلىك پېرسوناژلار ئوبرازى كۆزگە چېلىقمايدۇ.

بۇ داستان پەلسەپىۋى ياكى دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىدىيىۋى مەزمۇن ئابستراكت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە ئىپادىلەنگەن. شائىر ئوبيېكتنى كۆپرەك لىرىكىلىق يول بىلەن سۆزلەيدۇ. بۇ ھال داستاننى، سىياسىي، ئەخلاقىي لىرىكىلىق چاتما شېئىرلار تۈركۈمى ياكى توپلىمى دەپ قاراشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

شۇنى دادىل ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر «بىلىم، ئەخلاق، ئادالەت» چۈشەنچىسىنى بىر ئال قىزىل يىپتەك داستاننىڭ باش-ئاخىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئوبراز ۋاستىسى دەپ تونۇپ، شۇنى چۆرىدىگەن ئاساستا بىر قاتار ئىجتىمائىي قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئومۇمەن، شائىر ئەسىرىدە، ئىلىم-مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەردلىك، كەمتەرلىك، كۆيۈمچانلىق، ئادالەتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بىلىمسىزلىك، توخۇ يۈرەكلىك، قاباھەتلىك، تەكەببۇرلۇق، ۋاپاسىزلىق، خەسىسلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدىب ئەسىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋردىن نارازى بولۇپ، ئۇنى ھەجۋىي تىل بىلەن قاتتىق پاش قىلىپ، سۆكىدۇ.

---

① لىيۇجېڭشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى».

②ئەسەر جەمئىي 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسرا بولىدۇ. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.

③ بۇ كىشىنى بەزىلەر 15-ئەسىردە ئۆتكەن تۆمۈرلەر خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ۋە شائىر كىشى بولۇپ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى رەتلەپ، كۆچۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان، دەپ ئېنىقلاپ چىققان. 14-ئەسىردىكى شائىر مەۋلانە سەككاكى ئارسلان خوجا تارقان دېگەن كىشىگە قەسىدە يازغان ئىدى.

داستان قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ قىممىتى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ يالغۇز قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاقىسى، ئۆزگىرىش جەريانىنى بىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ داستاندا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان باش قاپىيە شەكلى كۆپ كۇپلېتلاردا كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن:

بىلگىدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،
بىلىگلىگكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا.
بىلىگ بىرلە بولىنۇر سەئادەت يولى،
بىلىگ بىل سەئادەت يولىنى بۇلا①.

2. ئەھمەد يەسەۋى

ئەھمەد يەسەۋى (1105 — 1166) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە-ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس. ئەھمەد يەسەۋى سۇفىزمنىڭ روھانىيەتچىل تەركىدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان «يەسەۋىيە-جەھرىيە-قادىرىيە» ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەئەسسۇپ پىكىر ئېقىمىنىڭ تارىخىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

ئەھمەد يەسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلى بىلەن يەسەۋىزىملىق سۇفىزم ئىدىيىلىرىنى تۇنجى بايان قىلىپ، دىنىي روھانىيەتچىل ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئۆلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى «بۇغراخان تىلى» (خاقانىيە تىلى) بىلەن «چاغاتاي ئەدەبىياتى»نى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەن تارىخىي قىممەت ياراتتى.

ئەھمەد يەسەۋى تەخمىنەن 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىلارغا قاراشلىق يەتتىسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۈركىستان — يەسسىي دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى مەھمۇد بولۇپ، دادىسى سايرام شەھرىنىڭ شەيخلىرىدىن ئىبراھىم يەسسىي دېگەن كىشى. ئانىسى قاراچاچ ئانا دېگەن ئايال ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شەيخ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئۇ «ئارسلان بابا» ناملىق ئىشاننىڭ قولىدا داۋاملىق تەربىيىلەندى. ئۇ كىشى قازا تاپقاندىن كېيىن ئۇ سايرام شەھرىدىن بۇخارا شەھرىگە كېلىپ، مەشھۇر تەئەسسۇپچى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ مەشھۇر ئىشاننىڭ ئورنىدا ئەھمەد يەسەۋى خەلىپىلىك قىلىپ داڭ چىقاردى. بۇ جەرياندا ئەھمەد يەسەۋى تولىمۇ تەركىدۇنياچىلىق بىلەن تولغان ئۆز قاراشلىرىنى، يەسەۋىچىلىك ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

---

① بۇ يەردىكى شېئىرلار خ . تۆمۈر، ت . ئايوپلار نەشرگە تەييارلىغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىلىدىكى نەشرى ئاساس قىلىندى.

ئەھمەد يەسەۋى مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئىشان سۇپىتىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، شەيخلىق پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، شۇنچىلىك زور شۆھرەت قازاندىكى ھەتتا «مەدىنىدە موھەممەد، تۈركىستاندا، خوجا ئەھمەد» دېگەن سۆزلەر تارقالغان.

ئەھمەد يەسەۋى ئۆز يۇرتىدا — يەسسىدە (تۈركىستاندا) 1166-يىلى ۋاپات قىلغان. ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يوشۇرۇنغان. ئېيتىلىشچە، ئۇ گەرچە موھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشىماسلىقنى ئىستەپ، 63 يېشىدا چىللەخانىغا كىرىپ، روزا تۇتۇپ، ئىستىقامەت قىلغان بولسىمۇ، ئىككى پەيغەمبەر يېشى — 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

تۈركىستان شەھەر ئەتراپىدا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا، مۇستاپاقۇل ۋە دادىسى ئىبراھىم شەيخ، ئانىسى قاراچاچ ئانىنىڭ قىزلىرى جامال خانىم، گەۋھەر خۇشتار خانىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «نەسائىمول مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇچۇر قىلىنىشچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىدىن شەيخزادە ئاتائى، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئاتانىڭ ئوغلى ھېسابلانغان.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەبرى ۋە يەسەۋىلەرگە ئائىت مول مال-مۈلۈكلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (جۇجىخان ئۇلۇسىنىڭ) خانلىرىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاپ-تالانغان ئىـــدى. تۆمۈر توختامىشخان ئۈستىگە قىلغان جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن 1395 — 1397-يىللىرى بۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، يەسەۋىلەر قەبرىلىرىنى كېڭەيتىپ نەقــشلەپ ياساتقۇزدى. ئەھمەد يەسەۋى قەبرىگاھلىقى 1980-يىللاردا خەلقئارا سەيلە ساياھەت ئۈچۈن قايتا رېمونت قىلىنىپ ئېچىلدى. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سۇفىزملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ «دىۋان ھېكمەت» (پەلسەپىلىك شېئىرلار توپلىمى) ناملىق ئەسىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. «دىۋان ھېكمەت» جانلىق، ئاھاڭدار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە يېزىلغان تەسەۋۋۇپ دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇفىزملىق ئىدىيە ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكلى ئىككى گەۋدىلىك قىممەت ياراتقان، ئۇنى ھەم ئەدەبىيات، ھەم پەلسەپە ئىدىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇمكىن.

ئەھمەد يەسەۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنسانىنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى مۇشۇ ماھىيەتنى بىلىش — ھەقىقەتكە ئېرىشمەك، دەيدۇ.

ئىلمىي خادىملار ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق رايونىدا 9-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە بىر قېتىملىق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى بولغان، دەپ ھېسابلاشماقتا. شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن ئەڭ مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرى ئەھمەد يەسەۋى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوپىستىك ئىدىيىلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن، ئاجايىپ بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان ھېكمەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپ دۇنياسىدا ئۆز ئالدىغا «يەسەۋىيە» دىن ئىبارەت پۈتۈن تەرىقەتچىلەر تىلىغا ئالدىغان ئۆزىگە خاس سۈلۈكنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئەھمەد يەسەۋى ھېكمەتلىرىدە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان ئاساسىي روھ دىداكتىك نەسىھەت روھىدەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جىسمىي پەندى-نەسىھەتلىرى بىرلا مەقسەتكە يەنى مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش مەقسىتىگە قارىتىلغان. چۈنكى «ھەقنى سۆيگەن ئاشىقلار» يولدىن ئېزىپ نەپسى دۇنيا ئۈچۈن ئىمان ئېلىپ ساتارلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭچە، بۇ دۇنيادا پاكىز ئەقىدىنى، پاكىز ۋۇجۇد، پاكىز قەلبنى، قىسقىسى، ئىنسانىي پەزىلەتنى بىرلا نەرسە، نەپس (ئادەمنىڭ تويماس نەپسى) يۇيۇپ تاشلايدۇ. پەقەت نەپسانىيەتلا ئىنساننى ئۆزىگە خاس گۈزەل ماھىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، نىجاسەت ئازگىلىغا

ئېلىپ بېرىپ تاشلايدۇ. شۇڭا ئىنسان نەپسانىيەتتىن كېچىپ ئىشىق يولىغا كىرىشى، دەردتىن قورقماسلىقى لازىم.

دەردسىز ئادەم ئادەم ئەمەس، مۇنى ئاڭلاڭ،
ئىشقىسىز ئادەم هايۋان جىنسى، مۇنى ئاڭلاڭ.

شائىرنىڭ دېيىشىچە، ئىشىق يولىنى تاشلاپ، نەپسانىيەت يولىغا ماڭغۇچىلار «هايۋان جىنسىدىن» بولۇر، ئىنسانىي پەزىلەتتىن مەهرۇم قالۇر.

نەپس يولىغا كىرگەن كىشى رىسۋا بولۇر،
يولدىن ئېزىپ، تېيىپ-تېزىپ گۇمران بولۇر.
ياتسا-تۇرسا شەيتان بىلە هەمراھ بولۇر.

مانا بۇ شائىرنىڭ نەسىهىتى، مانا بۇ شائىرنىڭ «تەرىقەت»ى. مانا بۇ شائىرنىڭ خىتابى. ئەهمەت يەسەۋى مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ئىدىئال (غايە) بايرىقى ئاستىدا ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرگەن تەرىقىتى — پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى تىكلىدى①.

ئومۇمەن، ئەهمەد يەسەۋىنىڭ «هېكمەتلىرى»نى ئوقۇغان هەر قانداق بىر كىتابخان، ئۇنىڭدا سوپىلىقنى تەرغىب قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ناچار خاهىشلار، ئەخلاقىي جەهەتتىكى بۇزۇلۇش، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە بولغان نارازىلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان پىكىرلەرنىمۇ بايقايدۇ. بۇ پىكىرلەر شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي هاياتىنى چۈشىنىشتە بىزنى موهىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مىسرالارمۇ دىققەتتىن يىراق ئەمەس. يەسەۋى ئۆز هېكمەتلىرىدە:

غەرىبلەرنى كۆرگەن يەردە ئاغرىتمەڭىز،
غەرىبلەرگە ئاچچىقلىنىپ سۆز قاتماڭىز.
زەئىپ كۆرۈپ غەرىبلەرگە تاش ئاتماڭىز،
بۇ دۇنيادا غەرىبلىكتەك بالا بولماس.

دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە:

سۈننەت ئىرمىش، كاپىر بولسا، بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

دەپ كىشىلەرنى بىر-بىرىگە مېهرىبانلىق، رەهىمدىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ②.

---

① بۇ باياللار ئا . ب . شۈكۈرنىڭ «شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مەشهۇر تەسەۋۋۇپ شائىرى ئەهمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى» («شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991-يىلى 2-سان) دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

② ھ . ئابدۇراخمان «سوپىزم ۋە سوپىزم تەتقىقاتىدىكى مېتودولوگىيە مەسىلىسى» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992-يىلى 4-سان.

# VIII باب. موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1-§. ئومۇمىي ئوبزور

1. ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي تۆھپىسى

يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368) موڭغۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يەنى خەنزۇ رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ قۇرغان سۇلالە ئىدى.

موڭغۇل قەبىلىلىرى ئەسلى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ چاغدا تېخى رەسمىي يېزىق ئىشلەتمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان خەلقلەرگە قارىغاندا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر تۆۋەنرەك سەۋىيىدە ئىدى. ئۇلاردىن ئۈستۈن مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ فېئوداللىق ئىگىلىكىنىڭ خېلى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان خەنزۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا بىرمۇنچە ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا يېتىشىۋېلىش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ۋە قوشنا مىللەتلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ مەسىلە ئەينى چاغدا ئوبدان ھەل قىلىنغان ئىدى. يەنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى، ئۇلار تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى زىيالىيلارنى، سىياسىي ئەربابلارنى ۋە باشقا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىگە جەلپ قىلدى. موڭغۇللار ئۈچۈن يېزىق يارىتىلدى. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق بولۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، قەدىمقى ئۇيغۇر ھەرپلىرى 1204-يىللاردا چىڭگىزخان نايمانلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق بولۇپ قالغان.

يۈەن دەۋرىدە موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىغا كەڭ كۆلەملىك جەلپ قىلىندى ۋە خىزمەتلەرنى دادىل ئىشلىدى. موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن يالغۇز يېزىقلا قوبۇل قىلىپ قالماستىن، بەلكى سىياسەت بەلگىلەش، دۆلەت تۈزۈمى، مالىيە-ئىقتىسادىي تۈزۈمى قاتارلىق چوڭ ئىشلاردىمۇ ياردەملىرىنى ئالدى. 1269-يىلى قۇبلاي خان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا باشقا يېزىق ئىشلىتىش توغرۇلۇق خانلىق سەلتەنىتى بىلەن يارلىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىت بولسا كېرەك.

مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىيات سەنئىتى بۇ دەۋردە يەنىمۇ زور ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تۈركۈملەپ كۆچۈپ بېرىپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يېزىق شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. يەنى موڭغۇللار بارا-بارا كۆپ سانلىق خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. خەنزۇلار سان جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ چەكلەش مۇمكىن بولمايدىغان قۇدرىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان ۋە داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىدى. بۇ

ئىل ئەھۋال ئاستىدا ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆز ئوبيېكتىنى — كىتابخانلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، يەنىلا ئىجادىيەتنى خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن قىلىش ئەقەللىي ساۋات ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى بىردىنبىر يول قىلىپ تاللىۋالغان.

ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار تارىختىن بىرى ئىناق ئۆتۈپ چوڭقۇر تارىخىي، مىللىي دوستلۇق ئورناتقان. موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ يول باشلىغۇچىسى چىڭگىزخان (1162 — 1227) تارقاق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سېلىۋاتقان بىر پەيتتە تۇرپاندىكى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى (خانى) بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ كارامەت غەيرىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە نىيەت باغلايدۇ. 1211-يىلى ئۇ شەخسەن ئۆزى چىڭگىزخان ئوردىسىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى تاۋاپ قىلىدۇ، چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىنگە نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلىدۇ، 5-ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە قىزى مەلىكە ئەل ئالتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ.

نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى چىڭگىزخان، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى قۇرغان دۆلەتلەردە ئاتا بەگلىك (خان-شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازى)، مۇئەللىملىك ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، قېرىنداش موڭغۇل خەلقى بىلەن مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ موڭغۇللار دەۋرىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە مۇھىم ھەسسىلىرىنى قوشقان. تۆۋەندە مۇشۇنداق كىشىلەردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

1) چىڭگىزخان دەۋرىدىكى مۇئەللىملەر

(1) تاتا تۇڭا: بۇ ئادەم قوچۇلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ۋە باشقا بىلىملەردىن خەۋەردار ئىدى. شۇ زامانلاردا ئالتاي تاغلىرى بىلەن خانگاي تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغان نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى تاياڭخان بۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان ۋە ئوردىنىڭ خانلىق تامغىسىنى تۇتقۇچى مۆھۈردارلىققا بەلگىلىگەن ئىكەن، موڭغۇل قوشۇنلىرى نايمان قەبىلىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئالغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان تاتاتۇڭانىڭ خىزمىتى ۋە ئىقتىدارىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ئوردىسىنىڭ تامغىسىنى تۇتقۇچى مۆھۈردارلىققا بەلگىلەيدۇ، موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. باشقا خەلقلەر ئۈچۈن ئىشلىتىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان يېزىقشۇناس تاتاتۇڭا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، تۇنجى ئەۋلاد موڭغۇل زىيالىيلىرى (ئاساسەن شاھزادىلەر)نى تەربىيىلەپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق «چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە قانداق ئۇلۇغ ئادەم بولسا، تاتاتۇڭامۇ ئۇلار ئۈچۈن يېزىق يارىتىپ، بىر مىللەتنى — يېزىققا ئىگە، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسى بىلەن خۇددى شۇنداق ئۇلۇغ ئەرباب» دېگەن باھاغا مۇيەسسەر بولىدۇ. دېمەك، تاتاتۇڭا ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار تارىخىدىكى ئۇلۇغ يېزىقشۇناس ۋە پېداگوگ، ئۇيغۇر — موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخىي دوستلۇقىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان كاتتا ئەرباب، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە تېگىشلىك شەخس.

(2) قارا يىغاچ بۇيرۇق: بۇ كىشى سۇلمى (قارا شەھەر) لىك ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، قازاقىستان خاننىڭ ئوغلىنىڭ ئاتا بەگ (ئۇستاز) لىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئوردىدا ئىشلەپ تۇرغان ئىكەن،

چىڭگىزخان قاراقىتانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ كىشى موڭغۇل ئوردىسىغا كەلتۈرۈلۈپ، شاھزادىلەرگە ئاتا بەگ بولغان.

(3) يۈرۈڭ تۆمۈر: بۇ كىشى جىمسارلىق بولۇپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، قوشۇنغا قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، خېنەن قاتارلىق جايلاردا دارۇغاچ (ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدار) بولغان، يۈرۈڭ تۆمۈرنىڭ بىلىمى مول بولغاچقا بىر مەزگىل شاھزادە-بەگزادىلەرنىڭ ئاتا بېگى بولۇپ تۇرغان.

(4) سىبان: بۇ كىشى شىنجاڭدىكى قەدىمكى كۈنلۈ ( 坤昌 ) شەھىرىدىن بولغان ئۇيغۇر ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىيال «يۈەن تارىخى» 124-جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇ كىشىمۇ بىلىملىك بولغاچقا موڭغۇل ئوردىسىدا مۇئەللىم بولۇپ تۇرغان. كېيىن بېيجىڭدا دىنىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولغان.

(5) سەككىز: بۇ ئادەم جىمسار ۋە قوچۇ (تۇرپان)لىق ئۇيغۇر ئىدى. سەككىز دەسلەپ قىتان خانىنىڭ ئۇستازى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن موڭغۇل ئوردىسىدا مۇئەللىم بولغان.

(6) كېئورگى ياكى كوركوز (闊里吉思 — ? 1243): بەشبالىقلىق ئۇيغۇر. بۇ كىشى چىڭگىزخان، جۇجىخان ۋە ئوغۇتايخان قاتارلىقلارنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان، خۇراسان، مازاندارات قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغۇچى ئەمىر بولۇپ، نوپۇس ۋە باج-سېلىق ئىشلىرىنى كونكرېت باشقۇرغان، تۇس شەھىرىگە ھاكىم بولغان، ئۇ بىر مەزگىل چىڭگىزخانىنىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىخانىنىڭ ئوغلى چىڭمۇمۆرنىڭ ئاتا بېگى بولۇپ تۇرغان.

(7) سىۋىنچ: بۇ كىشى چىڭگىزخانىنىڭ ئوغلى تولۇينىڭ ئوغلى ھىلاكۇخان قۇرغان ئىلخانلار ئوردىسى (باغداد)تا دەسلەپ 5-دەرىجىلىك ئەمىرلىك مەنسىپىدە بولغان (بۇ كىشى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن). ئۇ خۇراسان رايونىدا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن ئولجايتۇخان (1304 — 1316)نىڭ ئاتا بېگى بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خانىنىڭ ئوغلى ئابۇسىيىدنىڭمۇ ئاتا بېگى بولغان، كېيىن «شەۋكەتلىك ئەمىر» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

2) يۈەن دەۋرىدىكى مۇئەللىملەر

چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان خانبالىق (بېيجىڭ)نى مەركەز، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368)نى قۇرۇپ چىقتى. چىڭگىزخان ۋاقتىدا ئەتىۋارلانغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە ئېلىمىزنىڭ ئەينى چاغ پەن-مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئەللىملەر خېلى كۆپ ئىدى.

(1) ئارغۇن سالى (1307 — 1244)نىڭ بىلىمىنىڭ موللىقى ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى يۈەن دەۋرىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنى قايىل قىلغان ئىدى.

ئارغۇن سالىنىڭ بوۋىسى ئاتا سالى شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە سەيلە-ساياھەتكە بېرىپ تۇرۇپ قالغان. بۇ بۇددىزىمغا ئائىت بىلىملەر بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئارغۇن سالىنىڭ دادىسى قۇت سالى دادىسىنىڭ ئوقۇش مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. قۇت سالى جژيۈەننىڭ 12-يىلى (1275) يۈەن سۇلالىسى «بۇددا دىنىي ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باش كاھىنى» خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ، پۈتۈن

مەملىكەتنىڭ بۇددا دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرغان①. ئارغۇن سالى مانا مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپ ھەرخىل بىلىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان. ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، تىبەت تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن②. ئۇ «نوم-دەستۇرلار (بۇددىزىم) تارىخشۇناسلىق، ھۈنەر-ھۈنەر (ئەركەك-چىشلىق) ئىلمى③، مۇنەججىملىك، سېھىرگەرلىك④ ۋە يەتتەنامە (شۇناسلىق)⑤، دورىگەرلىك ۋە كۆتۈنۈش ئىلمى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلىگەن»⑥.

قۇبلاي دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دانىشمەنلەر يۇرتى قۇرۇلدى، خانلىق مەدرىسى تەسىس قىلىندى، مانا بۇلار ئاشۇ تەدبىرلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇلارنىڭ تەشەببۇسچىسى دەل ئارغۇن سالى ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ئۇرۇش ئىشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ئەتىۋارلىنىپ، ئەمەلگە قويۇلۇپ، ئۆلىما-زىيالىيلارنىڭ ئورنى ئانچە يۇقىرى بولمىغان، جەنۇبىي سۇڭ يوقىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەدرىجىي قانۇنىي تۈزۈمنى ئاساس قىلغان ياسقۇچقا كىردى. دۆلەت خىلمۇ-خىل ئىقتىدارغا ئىگە زىيالىيلارغا مۇھتاج بولۇپ قالغان ئىدى. 1284-يىلى ئارغۇن سالى ئوردا تۆرىسى ۋە سولقول مۇراسىمبەگ مەنسىپىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ قۇبلاي بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرۇشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى ئىدى. ئۇ قۇبلايغا دانىشمەنلەر سارىيى تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى زىيالىيلارنى يىغىپ تەربىيىلەپ، خىزمەتلەرگە قويۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. شۇ يىلى 9-ئايدا قۇبلاي بۇ تەكلىپنى تەستىقلىغان، ئارغۇن سالى دانىشمەنلەر سارىيىنىڭ ئەلچى بېگى قوشۇمچە سەرمۇنشىلەر دىۋانخانىسىنىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. كېيىن، دانىشمەنلەر سارىيى دانىشمەنلەر قەسرىگە ئۆزگەرتىلىپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىنىڭ دائىملىق ئورگىنى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى دانىش-ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئوقۇش تۈزۈملىرىنى تەكشۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ تارماقلىرىنى باشقۇرالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

خانلىق مەدرىس تەسىس قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپ، ئارغۇن سالىنىڭ دانىشمەنلەر سارىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر تەكلىپى ئىدى. ئۇ بۇ تەكلىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن خانلىق مەدرىس قۇرۇپ، بىلىگ-ئاقىللارنى ئۇنىڭغا خىزمەتكە قويۇپ، ئالىم-مۇپتىلارنى داۋاملىق كۆپەيتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. خانلىق مەدرىس قۇرۇشتىن مەقسەت خىلمۇ-خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىقتىساسلىقلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى؛ بۇ تەكلىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

خانلىق مەدرىسنى تاماملىغان تالىپلار بىردەك ئەمەلدار بولاتتى. بۇ يۈەن دەۋرىدە ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويۇشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالغان. يۈەن دەۋرىدە ئەمەلدار تاللاشنىڭ يەنە بىر يولى ئىمتىھان تۈزۈمى بولۇپ، بۇ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلدار تاللاشنى مەقسەت قىلاتتى.

خانلىق مەدرىسى «موڭغۇل خانلىق مەدرىسى»، «مۇسۇلمان خانلىق مەدرىسى»غا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەرخىل تىللىق تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. قىلچىمۇ گۇمانلانمىشقا بولمايدۇكى، خانلىق مەدرىسى يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك ھەربىي-مەمۇرىي خادىملارنى يۆتكەش ۋە يېتىشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بىلىم تارقىتىش، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىغان.

ئارغۇن سالىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ شەخسىيى ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۆرە، سىياسىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۆپلىگەن

پايدىلىق چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز تۈزدە راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ ئاۋال ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋەتىنىمىزنىڭ 13-ئەسىردىكى مەدەنىيەت تارىخىدا ئارغۇن سالىنىڭ ئورنى دەل ئۇنىڭ ئاشۇ تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

(2) موڭغۇس (1206 — 1267) بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن، ئۇ كىشى تولۇي ۋە قۇبلاي خانلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. ئۇ ئۇزۇن يىللاردا ئۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەچكە مەنسەپ ۋە ئاتاقلارغا ئىگە بولغان، موڭغۇس بىلىمى مول ئادەم بولۇپ، ئوردىدا بىر مەزگىل ئاتا بەگ بولۇپ تۇرغان.

(3) لىيەن شىشەن (? 1230 — 1280) قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقسۆڭەك ئەۋلادى بولۇپ، دادىسى بۇيرۇق قىيا چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە ئاتاق-مەنسەپكە ئىگە بولغان. لىيەن شىشەن، 19 يېشىدىن باشلاپ سىياسىي خىزمەتكە ئارىلاشقان، نۇرغۇن ئەمەللەرنى تۇتقان. قۇبلايخاننىڭ خانلىق تەختكە ئولتۇرۇشىغا يول كۆرسەتكۈچى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋە 1279-يىلى باش ۋەزىر بولۇپ، كېسەل سەۋەبى بىلەن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالمىغان. لىيەن شىشەن جىيائىلىڭ دېگەن يەردە ئەمەلدار بولۇپ تۇرغاندا مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى قىزىققان ھەم مەكتەپلەرگە بىرىپ بىۋاسىتە دەرىپ ئۆتۈپ تۇرغان.

(4) سارابان: بەشبالىقلىق ئۇيغۇرلاردىن. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ شۇندى خانى توقۇن تۆمۈر (1330 — 1370)نىڭ خان ئۇستازى بولغان.

(5) چوسكىخودزى ⑧ بۇ كىشى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان، ئۇ «گراماتىكا» دېگەن بىر كىتاب يازغان، ئۇ تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان كونا موڭغۇل يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ سىستېمىلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ تارىختا «يېڭــــى موڭغۇل يېزىقـــى» دەپ ئاتالغان. چوسكىخودزىرنىڭ كىتابىدا موڭغۇل تىلىنىڭ گراماتىكىسى بايان قىلىنغان، موڭغۇلچە ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزىنى توغرىلاش قائىدىسى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب موڭغۇل تىل-يېزىق تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى كىشىلەر قەدىمكى زاماندا مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەر بار.

3) ئۇيغۇر تارىخشۇناسلار

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارىخشۇناسلار ساھەسىدە چوڭ ئىشلار قىلىندى. 116 جىلدلىق «لياۋ تارىخى»، 135 جىلدلىق «جىن تارىخى»، 496 جىلدلىق «سۇڭ تارىخى» قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋردە تۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزۈشكە ئۇيغۇرلار قاتناشقان. لىيەن خۈيشەن قىيا يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدار بۇرۇلقىيانىڭ نەۋرىسى، ئەنخۇي گۇاڭ دې مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى (باش مۇپەتتىشى) ئارغۇن قىيانىڭ ئوغلى، لىيەن شىشەننىڭ جىيەنى بولۇپ 1274 — 1345-يىللىرى ياشىغان. ئۇ جىن، لياۋ، سۇڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە قاتناشقان. «لىيەن شىشەن قىيا «لياۋ تارىخى»نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدارلار ئىچىدە بىرىنچى شەخس ئىدى» ئۇ يەنە «يىڭزۇڭ خاتىرىلىرى» (英宗实录)، «شىيەنزۇڭ خاتىرىلىرى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

يۈەن دەۋرىدىن ئىلگىرى بىر قېتىم «لياۋ تارىخى» تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يوقىلىپ كەتكەن. 1343-يىلى يۈەن ئوردىسى لىيەن خۈيشەن قىيا قاتارلىق تۆت نەپەر كىشىنى لياۋ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاجراتقان بولۇپ، ئۇلار تۈزگەن «لياۋ تارىخى» دەۋرىمىزگىچە يېتىپ

كەلگەن. بۇ يىلنامە 1343-يىلى 4-ئايدىن 1344-يىلى 3-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈلۈپ بولغان بولۇپ، جەمئىي 106 جىلد، بۇ چاغدا لىيەن خۇيشەن قىيا يەتمىش ياشتىن ئېشىپ قالغان ئىدى. «لياۋ تارىخى» بۇگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بىرقەدەر تولۇق، سىستېمىلىق ھالدا تۈزۈلگەن لياۋ دەۋرىنىڭ رەسمىي تارىخى، ئۇ لياۋ (قىتانلار) دەۋرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مول ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال.

(2) سارابان (沙剌班) نىڭ ئەسلى ئىسمى جىڭ جىڭ (敬正) بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى خەن لىن ئاكادېمىيىسىنىڭ مىرزا بېگى ئارون تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئىدى. سارابان يۈەن سۇلالىسىنىڭ شۇندى خانى توقون تۆمۈر (1333 — 1370)نىڭ (خان) ئۇستازى بولغان. شۇندى خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇ جياڭشى خۇدوڭ ئايمىقىنىڭ تۆرە نايىپى، خەن لىن كاتىبات مەھكىمىسىنىڭ مىرزا بېگى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. كېيىن ئوردا مىرزا دىۋان مۇئەككىلى، تۇتۇن دىۋانى مىرزىسى، جارچى مەئمۇر مەھكىمىسىنىڭ بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن. 1343-يىلى سارابان «جىن تارىخى»نى تۈزۈش توغرۇلۇق يارلىق تاپشۇرۇۋالغان، شۇ يىلى 11-ئايدا 135 جىلدلىق بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىققان. دېمەك، «سارابان ‹جىن تارىخى›نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدارنىڭ بىرىنچىسى ئىدى».

1260 — 1262-يىللىرى «جىن تارىخى» ۋە جىن سۇلالىسىغا دائىر تارىخىي كىتابلار تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇرۇنلا يوقىلىپ كەتكەن. يۈەن دەۋرىدە تۈزۈلگەن «جىن تارىخى» بولسا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر بىرقەدەر مول، سىستېمىلىق بولغان جىن خانلىقىنىڭ رەسمىي تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىلنامىدىكى «تەزكىرە، تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن» بولۇپ، جىن دەۋرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تۈزۈملەرنى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي-شىمالدىكى رايونلارنىڭ بۇرۇنقى مەمۇرىي بۆلۈنۈشى، تەبىئىي شارائىتى، ماددىي بايلىقى، تاغ-دەريالار، مىللەتلەر قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇر تارىخچىلىرىدىن يۆجۇ ۋە چولپان سالى قاتارلىقلار «سوڭ تارىخى»نى تۈزۈش تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشقان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردىن قۇتلۇق دۇرمىش ۋە ئارۇن تۆمۈر قاتارلىقلار موڭغۇل ئوردىسىنىڭ خاتىرىسى «توبۇچيان» يەنى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» («يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تۈزۈپ-تەھرىرلىگۈچى ئاساسلىق كىشىلەردىن ئىدى.

خېنەن كەيجۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قارلۇقلاردىن بايان «جىن تارىخى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. دېمەك، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخىي ئىلمىنى يارىتىشتىكى تۆھپىسى خېلىلا كۆپ ئىدى.

4) تەرجىمانلار

يۈەن دەۋرىدە دۆلەت — جۇڭگو بىرقەدەر كەڭ دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىرلىككە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئاھالە، جۈملىدىن مىللەتلەر خېلىلا كۆپ. چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا كۆپەيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران مىللەت بىلەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدا پەرق بار. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈەن دەۋرىدىكى تەرجىمە ئىشلىرى دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

يۈەن دەۋرىدە — موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە غەربىي-شىمالدىكى مۇسۇلمان، غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلەر تەرجىمە ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەرجىمە ئىشلار ساھەسىدىكى خىزمەتلىرى ۋە تۆھپىسى بەكمۇ چوڭ بولدى. «تىل-يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇر تەرجىمە ئالىملىرى يۈەن دەۋرىدە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان موڭغۇللارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋاستىچى بولۇپ قالغان»[8]. ئاراساڭ (ئەنزاڭ) — يۈەن دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ تەرجىمانلارنىڭ بىرى.

(1) ئاراساڭ (ئەنزاڭ، — ؟ 1293)نىڭ ئەسلى ئىسمى گوباۋ( 国宝 ) بولۇپ، ئۇ بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدە)تا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.ئۇلار ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە بەشبالىقتا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇ بالىلىق چېغىدىلا ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ،ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ۋە خەنزۇ تىل يېزىقىنى پىششىق بىلگەن.بۇددا نوم-سوترىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن،كۆڭۈزچىلىق ئەقىدىلىرىدىن خەۋەردار بولغان.شۇڭا بىلىملىك-ئۆلىمالار ئارىسىدا ياش تۇرۇپلا نام چىقارغان.موڭگې خان(1251 — 1259) ئاراساڭنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئوردىغا چاقىرتقان،ئۇ ئوردىدا خىزمەت قىلغان. قۇبلاي دەۋرىدە 10توملۇق بۇددا كىتابى «ئاغىلىق نوملار ھەققىدە ئېيتىلغان پەندى-نەسىھەتلەر توپلىمى»( 宝藏论元演集 )نى تۈزۈپ قۇبلايغا ھەدىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن[9] .ئۇ «قەدىمكى ۋەبۇگۈنكى ئېگىز-پەس ئىشلارنى ئۇگشاپ، شۇنىڭغا دائىر تارىخنى ئىگىلەپ،جاھاننىڭ كىمگە باقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش» مەقسىتىدە«شاڭنامە•ۋۇيى تەزكىرىسى»( 尚书•无逸 )«جېنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار بايانى» ( 贞观政要 )، «ئۆرنەك» ( 申鉴 ) قاتارلىق [10] كىتابلارنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىپ، قۇبلايغا ھەدىيە قىلغان. كېيىن يەنە «شاڭنامە» ( 尚书 )، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» ( 资治通鉴 )، «نەن جىڭ» ( 难经 )، «گىياھنامە»(ياكى «دورىلار دەستۇرى»)( 本草 ) قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنى خەنزۇچىدىن موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان[11]. بۇنىڭ ئىچىدە «گىياھنامە» دېگەن كىتابتىن باشقىلار سوڭ، يۈەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنى ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشىغا دائىر «ئەمەلىي خاتىرە (ياكى ئوردا دەستۇرى)» ۋە «تەجرىبىلەر توپلىمى» بولۇپ ھېسابلىناتتى.

«شاڭنامە» ( 尚书 ) خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان تارىخنامەنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ تارىختا ئۆتكەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوقۇشى زۆرۈر بولغان دەستۇر ئىدى. ئاراساڭ بۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، ھۆكۈمرانلارغا تارىختا ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، نىيەت ئىقبالىنى رۇسلاپ، ئەلنى توغرا يولغا باشلاپ، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش مەسلىھەتىنى بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتابلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلانغان.

ئاراساڭ 1293-يىلى ۋاپات بولغان. قۇبلاي ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇستاز بەگ قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەرگەن[12].

(2) پراجناشرى ( 必兰纳识里 )(— ؟ 1332) بەشبالىقتىكى گامرو بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇر ۋە سانسكرىت تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، كېيىنچە تىبەت ۋە موڭغۇلچە تىللارنى ئۆگەنگەن. ئەينى چاغدا تۈرلۈك مىللەتلەردىن يۈەن ئوردىسىغا كەلگەن مېھمانلار ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن خەت، ھۆججەتلەرنى ھېچكىم ئوقۇيالمىغان. پەقەت

پراجناشىرىلا ئۇقۇپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. يۈەن سۇلالىسى تارىخىي خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، پراجناشىر خەت ۋە ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ھەم ئەلچىلەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى ۋە ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغاتلارنىڭ سانىنى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىدىكەن، بۇلارنى ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىقىدىكەن، ئاندىن خەت ۋە ھۆججەتلەر يۇقىرىغا سۇنۇلىدىكەن. مەسئۇل بولغۇچىلار تەرجىمە بويىچە سوۋغىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە پەقەت خاتالىق كۆرۈلمىگەن. پراجناشىرنىڭ بىلىمىنىڭ مول بولۇشى كېرەك.
قايىل بولمىغان بىرمۇ كىشى بولمىغان. پراجناشىرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدىكى تىل ئۇقۇشماسلىق قىيىنچىلىقى تۈگەپ، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق كۈچەيگەن. شۇ سەۋەبتىن پراجناشىر كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان ۋە مەنسەپكە قويۇلۇپ، بىرمۇنچە دۆلەتكە ئەلچى بولۇپ بارغان.

پراجناشىرنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ۋە تەتقىق قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇددا مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بۇددىزىم مەدەنىيىتى دىن بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇددىزىمنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رولنى ئوينىغان. شۇڭا ئۇ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دادىنىڭ 6-يىلى (1302) پراجناشىر خاننىڭ ئورنىدا راھىبلىققا چىقىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇ «سورونگاما ساماداخ نومى» «ماھايانا سوترالانكاراتىكا»، «پراجنا پارامىتا نومى»، «چوڭ نىرۋان نومى»، «ماخايانا مەزھىپىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە مەدھىيە» دېگەنگە ئوخشاش ئالتە خىل بۇددا نومىنى خەنزۇ، سانسكرىت ۋە تىبەت تىللىرىدىن موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە نۇسخىلار بۇددىزىمنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(3) يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمانلار ئىچىدە كاروناداسنىڭ ⑬ (— ? 1312) نىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ شىنجاڭلىق بولۇپ، ئۇيغۇر، سانسكرىت قاتارلىق بىرقانچە تىلنى پىششىق ئىگىلىگەن. بىرقانچە يىل تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، قۇبلاينىڭ تەرجىمانى بولغان.

20 نەچچە دۆلەتتىن ئەلچىلەر يۈەن سۇلالىسىغا كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كارۇناداس تەرجىمان بولغان. ئۇنىڭ ئاجايىپ راۋان تەرجىمىلىرىدىن ئەلچىلەر ئىنتايىن ھەيران بولۇشاتتى. «بۇكارۇناداسنىڭ چەت ئەل تىللىرى سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ»⑭. ئۇ 1312-يىلى ۋاپات بولغان. تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس.

دېمەك، يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان ئىدى. قىسقىسى، «سىرتتىن، چەت ئەللەردىن ئوردىغا ئەلچىلەر كەلگەندە كۈتۈۋالىدىغانلار ۋە تەرجىمانلىق خىزمىتىنى بېجىرىدىغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى»⑮.

ئىزاھاتلار:

① ليوجې شاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» 1985-يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 275-بەت.

② فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1981-يىل، خەنزۇچە، 119-بەت.

③ ھۇنكىر — مۇنكىر ئىلمى — خەنزۇچە 阴阳 ، جۇڭگو پەلسەپىسىدىكى بىر خىل كاتېگورىيە بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئىككى زىت پرىنسىپنىڭ ئىش بىرلىكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. م. ئەركەك

پرىنسىپ ( 阳 ) بىلەن، چىشى پرىنسىپ ( 阴 ) ئارىسىدىكى زىت تەسىر دۇنيادىكى پۈتۈن ۋەقەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، دەپ قاراش ( — 阳 ياڭ، — 阴 يىن).

④ سېھىرگەرلىك — ئىككى خەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئىلاھىيەت خۇراپاتلىقىنى تەرغىب قىلىدىغان ئېقىم ( 图围 ).

⑤ يەتتەنامە — قەدىمكى يەتتە كىتاپ — «نەزمىنامە»( 诗 )، «ئەدەبنامە»( 礼 )، «مۇزىكا» ( 乐 )، «سالنامە» ( 易 )، «يىلنامە» ( 春秋 )، «لى» ( 孝 )، «موقەددەسنامە» ( 经 )قاتارلىقلار.

⑥ «يۈەن تارىخى»، 130-جىلد.

⑦ چوسگىخودزىرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى توغرىسىدا «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 7-تومىغا قاراڭ.

⑧ جاۋ خۇا: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمە موتەخەسسىسلىرى» «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. ئۇيغۇرچە 1983-يىل، 2-سان.

⑨ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرتەرجىمان—ئاراساڭ» دېگەن ماقالىسىغاقارالسۇن.«شىنجاڭ گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 1985-يىل، 8-ئاينىڭ 29-كۈنى.

⑩ جېن گۈەن يىللىرى — تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، 627—649-يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

⑪ سەي مېيبىياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 7-قىسىم، 353-بەتكە قارالسۇن.

⑫ ئاراساڭ ھەققىدە يەنە تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرۈڭلار — تىيەن ۋېيجاڭ ( 田卫疆 )، «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمان ئاراساڭ» «شىنجاڭدىكى تارىخىي شەخسلەر تەزكىرىسى»، 2-قىسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑬ كارۇناداسنىڭ ئىسمى سانسكرىتچە بولۇپ، كارۇنا Karuna — «ئازابلانماق»، داسا dasa — «قول» دېگەنلىك. بۇ ھەقتە ليۇ يىنشېڭنىڭ: «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ بۇددا دىنى» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. «يۈەن تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى» ژورنىلى، 1982-يىلى، 12-ئاي، ئومۇمىي 6-سان، 80-بەت.

⑭ «مەشھۇر تەرجىمان كارۇناداس» شې خۇخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى، 1-قىسىم، 72-بەتكە قارالسۇن.

⑮ سەي مېيبىياۋ قاتارلىق يەتتە كىشى تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، 7-قىسىم، 353-بەتكە قارالسۇن. 1983-يىلى، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

## 2 ـ § . خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى

### گۇەن يۈنشى، سەيدۇللا، نەي شەن

1. خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى مەسىلىسى①

ئۇيغۇرلارنىڭ سەلتەنەتلىك ئەدەبىيات خەزىنىسىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مول ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بۇلارنى قەدىمكى ئاپتورلار ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا ئىجاد قىلىپ قالماستىن، بەلكى قوشنا ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ھەم ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ياراتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر يېزىقلىرى ۋە تىلىدا روياپقا چىقىش بىلەن بىرگە يەنە خەنزۇ، تىبەت، ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ كۆپلىكى، ھەجىمىنىڭ چىقلىقى، شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، ئاكتىۋاللىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى ھەم ئىزچىللىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. لىيۇسوڭ (؟ ـ318)، قوتقۇ موگسۇن (368ـ433)، خې لىيەن بوبو (؟ ـ425) قاتارلىق ھون يازغۇچىلىرى خەنزۇ تىلى بىلەن بىرقاتار ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. بۇلاردىن كېيىن داڭلىق «تېلېلەر قوشۇقى»نى ئېيتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قوغۇرسۇ ئالتۇن، ئۇنىڭ ئوغلى قوغۇرسۇ فىگيۈلەر شىمالىي ۋېي خانلىقى زامانىدا ياشىغان ئاتامانلار بولۇپ، خەنزۇ تىلى بىلەن شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

مىلادى 1ـئەسىردىن 10ـئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ بۇددا دىنىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى مەدەنىيىتى زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ يىللاردا شىنجاڭدىن نەچچىلىگەن راھىب-ئۆلىمالار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇلار رايونىغا بېرىپ بۇددا دىنىنى تارقىتىش، دىنىي ئىلىم بويىچە مۇتالىئە قىلىش، تەرجىمەشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلار خەنزۇ تىلى بىلەن يۇرگۈزۈلگەن. ئەينى چاغدا ئىچكىرىگە بارغان ئالىم ئۆلىمالاردىن كۇماراجىۋا، ۋېيساكۈيچىي، سىكسانانىدا، خۇيلىن قاتارلىقلار ناھايىتى داڭلىق بولغان.

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان ھۆججەتلىرىدىن ئەڭ بۇرۇنقى زامانغا مەنسۇپلىرىدىن «ئوققۇر ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» (808 — 821ـيىللار) بار. بۇ ئۇيغۇر، سۇغدى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئويۇلغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكىسى تولۇقراق ساقلىنىپ قالغان. بۇنى ئىنسانچۇر مۇقان تارقان دېگەن بىر ئۇيغۇر بەگزادىسى ئويۇپ چىققان.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشى لىياۋ، يۈەن دەۋرىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

---

① دىققەت! بۇ ماۋزۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئىمتىھانغا چىقىرىلمايدۇ.

لياۋ دەۋرىدە شياۋگۇەنيىن (1039 — 1075)، شياۋسىبىسى (? - 1121) دېگەن ئىككى ئۇيغۇر شائىرەسى خەنزۇچە شېئىرلار يازغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئاپتورلار ناھايىتى كۆپ بولغان. نۇرغۇن تارىخشۇناس، تىلشۇناس، تەرجىمەشۇناس ۋە باشقا ساھەدىكى ئالىملار بولغان.

مىڭ (1368 — 1644)، چىڭ (1644 — 1911) دەۋرلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەرلەر يېزىشقان. بۇلاردىن شې سۇن (مىڭ دەۋرىدە ياشىغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ)، سارۇڭ (17-ئەسىر)، سايۇخېڭ (17-ئەسىر)، ساچالۇن (17 — 18-ئەسىر)، سالوگتىــيەن، ساداۋىن، سادانىيەن، سادازى (19-ئەسىر) قاتارلىقلار.

تارىخ 20-ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئۇچرىشىشقا تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى. بۇ يىللاردا خەنزۇ تىلىدىكى كۆپلىگەن ئەسەر ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ خىل ئەھۋال ئىلگىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن.

بۇ ئەسىردە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يېزىپ شۆھرەت قازانغانلار ئىچىدە مەمتىمىن توختايوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەكبەر غولام، غەيرەت ئاسىم قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاپتورلاردىن روشەن بىر پەرقى، بۇلار ئۆز تىلىدىمۇ ئەسەر يازىدۇ.

مەمتىمىن توختايوپ 1945 — 1946-يىلى گۇلشەردە «قانلىق يەر» ناملىق بىر رومانىنى يازغان. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلغۇزۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1951-يىلى «غەربىي شىمال ئەدەبىيات سەنئىتى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلغۇزغان. ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ قايتا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن بۇ رومان 1993-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئابدۇكېرىم خوجا ۋە ئەكبەر غولاملار ئازادلىقتىن كېيىن ھەم خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە بىمالال ئىجادىيەت قىلغان تالانتلىق ئاپتورلاردىن بولۇپ كەلدى. يېقىندىن بۇيان بۇ سەپكە غەيرەت ئاسىم دېگەن بىر ياش ئاپتورمۇ قېتىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىتابخان ئەدىبنىڭ قوش تىللىق ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس. بۇ ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئىكەن، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا قويۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدىغان خاھىش ئۆزۈندىن بىرى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئىدىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئوتتۇرىغا قويساق، مۇنداق بىرقانچە تەرەپ، يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىرىنچى. ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تىل-يېزىق مەسىلىسى. بەزىلەر، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاملى مىللىي تىل-يېزىقتا دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە بىر يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلەتكەندە ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى، پائالىيەتلىرى ۋە خاراكتېر پسىخىكىسىنى تېخىمۇ چىن ھەم جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىــن. شۇنداقلا بۇنداق ئەسەرلەرنــى ئۆز مىللىتىدىكىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. مىللىي تىل-يېزىقنىڭ مۇھىملىقى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى تولۇق نامايان

بولۇپ كەلدى.

لېكىن، بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىر مىللەت يازغۇچىسىنىڭ باشقا بىر مىللەت تىلىدا ئەسەر يېزىشى تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ بىرى. تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا فارابى، مەھمۇد كاشغەرىلەر ئەرەب تىلىدا، ئۇلۇغبېك، مىرزا ھەيدەرلەر پارس، تاجىك تىلىدا، چىڭغىز ئايتماتوۋ رۇس تىلىدا ئەسەرلەر يازغان. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا سۇئاماڭ دۇنيا تىلىدا ئەسەر يېزىۋاتىدۇ. جۇڭگودىكى باشقا ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىدىن موڭغۇل يازغۇچىسى مالىچىنخۇ، يىزۇ يازغۇچىسى چىياۋ، بەيزۇ شائىرى شاۋشۇ، جۇاڭزۇ يازغۇچى كۇدى، خۇيزۇ يازغۇچىسى خاكۇەنگۇيلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن ئىجاد قىلىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئايرىشتىكى ئۆلچەملەر ئىچىدە تىل-يېزىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ، ئۇ ئىككىنچى ئورۇندىكى، تولۇقلىغۇچى ئامىل بولۇپ، ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

ئىككىنچى. ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى. بەزىلەر، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇشنى ئەسەرنىڭ قايسى مىللەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم شەرت دەپ قارايدۇ. مىللىي تۇرمۇشنىڭ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان، ئەمما ئۇ ھەل قىلغۇچ مەنبە ئەمەس.

بىز دۇنيا ئەدەبىياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇنداق ئەھۋاللارغا دائىم يولۇقىمىز. ئەنگلىيىلىك دراماتورگ شېكسپىر بىرمۇنچە ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى دانىيىدىن (مەسىلەن، «ھاملېت»نىڭ ۋەقەلىكلىرىنى) ۋە ئىتالىيىدىن (مەسىلەن، «ۋېنتسىيىلىك سودىگەر» ، «رومىئو بىلەن جۇلېتتا» ، «ئوتېللو»لارنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى) ئالغان. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېچكىممۇ دانىيە ئەدەبىياتى، ئىتالىيە ئەدەبىياتى دەپ قارىماي، بەلكى ئەنگلىيە ئەدەبىياتى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. روسىيىدىمۇ، پوشكىن، لېرمونتوۋلار كاۋكازلىقلار تۇرمۇشىدىن شېئىرلارنى يازغان. لېۋ. تولستوي بىلەن گوگولمۇ ئوكرائىنا كازاكلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئەسەرلەر يازغان.

جۇڭگو ئەدەبىياتىدا مۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. پەقەت ۋاڭ يۇخۇنى مىسالغا ئالساقلا، ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ مىللەتلىرى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەمما ۋاڭ يۇخۇ ئەسەرلىرى سۆزسىزكى، خەنزۇ ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولۇپ، لېۋ. تولستوي بىلەن گوگول ئەسەرلىرى رۇس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغاندەكلا ئىش.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە بولامدۇ؟ ئۇنى پۈتۈنلەي تەۋە بولىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دېلىغۇلدى بولۇشقا ئاساس يوق. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى جاڭ يۇ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە (يازغۇچىنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى ۋە ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تىل-يېزىق مەسىلىسى قاتارلىق) بۇ ئۈچ ئامىل ئىچىدە يازغۇچىنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ ئامىل؛ ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم شەرتتۇر. يەنى مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بولىدۇ. بۇ كەڭ ئەمما ئەڭ ئاسان چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان فورمۇلىدۇر، بەلكى يوللۇق، شەك شۈبھىسىزكى فورمۇلىدۇر. موڭغۇلدىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى — موڭغۇل ئەدەبىياتى، ئۇيغۇردىن

كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسرى – ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ... بولىدۇ، ۋەھاكازا)». ئۇ بىر قاتار تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ «يازغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىقىشى — ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەلۇم بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى؛ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئىشلىتىلگەن تىل-يېزىق — مەلۇم بىر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم ئامىلى، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تەئەللۇقلىقىنى ئايرىش جەھەتتە بولسا پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىكى، تولۇقلىغۇچى ئامىلدۇركى، مۇھىم، ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مىللىي تەئەللۇقلىقىنى ئايرىش جەھەتتە بىز ‹كېلىپ چىقىشى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى›نى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئاددىي-چۈشىنىشلىك، مۇۋاپىقراق ۋە ئورۇنلۇقراق بولىدۇ»②.

مەنمۇ جاڭيۈ ئەپەندىنىڭ مۇشۇ كۆز قارىشىغا قوشۇلىمەن. نېمە ئۈچۈن بۇنى قوۋۋەتلەش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرگەندىلا كىشىلەرنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ. بىز پەلسەپە قوللانمىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئاساسىي «زىددىيەت ۋە ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت» دېگەن بىر كاتېگورىيىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاساسىي زىددىيەت مۇرەككەپ شەيئىلەر تەرەققىياتى جەريانىدا يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان زىددىيەت. ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت يەنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زىددىيەت — ئىككىنچى ئورۇندا ۋە بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغان زىددىيەت.

مۇرەككەپ شەيئىلەرنى تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆپىنچە نۇرغۇن زىددىيەتلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر تەرەققىيات جەريانىدا تەپ-تەكشى بولمايدۇ. ئۇلاردىن بىرى چوقۇم ئاساسىي زىددىيەت بولىدۇ. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئاساسىي بولمىغان باشقا زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، ياكى شۇنداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى، خاراكتېرىنى، يولىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى»③. شۇڭا رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتكەن: «ھەرقانداق جەرياننى تەتقىق قىلغاندا، ئەگەر ئۇ، ئىككىدىن ئوشۇق زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ جەريان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېپىپ چىقىش كېرەك. بۇ ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇۋېلىنسا، بارلىق مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.» «بۇ ئۇسۇلنى چۈشەنمىگەندە، نەتىجىدە خۇددى تۇتەك ئىچىدە قالغاندەك، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.»④.

دېمەك، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە دەپ قاراشتىن ئىلگىرى يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي تىل-يېزىق مەسىلىسى قاتارلىق بىر قاتار زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىمىز كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. بۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىز جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن كېيىن، شۇنداق بىر كۆز قاراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمىزكى، ئۇ يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت بۇ زىددىيەت ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىشنىڭ ئاساسىي زىددىيەت تەرىپى بولۇشى كېرەك.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسى بولمىغان زىددىيەت مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس بولمايدۇ. بەزى ئاساسىي زىددىيەت مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇمچە زىددىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىز زىددىيەتلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر-بىرىگە ئايلىنىشىغا ئۆز ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ئالدىن بايقاپ، يېڭى كۆز قاراش، نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مۇنداق ئىككى مەسىلە مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەتتۈرۈلمىگەنلىكى، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى دەپ قاراش.

مەلۇمكى، ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئۆلچەملىرى خېلى بار. بۇلارنى يىغىنچاقلىساق، بىر مىللەتنىڭ مىللىي تۇرمۇشى، مىللىي خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۆز مىللىتى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئەنئەنىسى، ئادەت-مىزانلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالايدۇ.

لېكىن، بەزى مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىــدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئازراق بولۇپ ياكى پۈتۈنلەي بولماي، باشقا بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، باشقا بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى بىز پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولمىغان ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېيىتقان ھەم راۋاجلاندۇرغان ئەسەر، دەپلا ئېيتالايمىزكى، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز⑤. بۇنىڭغا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك، بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ باشقا مىللەت تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ئېلىپ ئەسەر يازغانلىقى بۇنىڭغا جانلىق جاۋاب بولىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، بىز بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى. «لەيلى-مەجنۇن» داستانى. بۇ ئەسلى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا تارقالغان بىر رىۋايەت. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا تارقالغان، نەۋائى، موللا پازىل، ئابدۇرېھىم نىزارىلار ئۇنىڭ سيۇژىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن داستان يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىردى. بۇلارنى ئەرەب ئەدەبىياتى دېيەلمەيمىز. جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ۋاڭ مېڭنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىرى كۆپ، چۈنكى ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلارنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى، پسىخىكىسىنى، ھەۋىسىنى ۋە قىزىقىشى قاتارلىقلىرىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىدە قويۇق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن بۇ ئەسەرلەرنى بىز پەقەت، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باي خەنزۇ ئەدەبىياتى دەپلا ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەپ ھېسابلىيالمايمىز.

ئىككىنچى. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەسىرى مەسىلىسى مىللىي ئەدەبىياتنى ئايرىشنىڭ ئۆلچەملىرىدىن بىرى دېگەندىن ئىبارەت. بىز بۇنىڭغا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمىزكى، بۇ بەك مۇھىم مەسىلە ئەمەس. بىر مىللەت ئاپتورىنىڭ تەسىرى، ھە دېگەندىلا ئۆز مىللىتىنىڭ خەلقى ئىچىدە تەسىرى بولۇشى ناتايىن. بولۇپكى قەدىمكى زامانلاردا مەتبۇئات كەڭ ئومۇملاشمىغان، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىشلىرى راۋاجلىنالمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەر

كېيىنكىلەرگە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئىزچىل ئۆتكۈزۈپ كېلەلىگەن. بۇنىڭغا مىساللار سان-ساناقسىز. تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان بىرمۇنچە مەڭگۈ تاشلار بۇ خانلىقلارنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەن غوبى چۆللىكىدە قېلىپ قالغان. ئارىدىن 1200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ 1890-يىللىرى دانىيىلىك تومسىن ۋە روسىيىلىك رادلوۋلار بۇ مەڭگۈ تاشلارنى ئوقۇپ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن، دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئەجدادلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىدىن خەۋەردار بولدۇق، بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇلار كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇلۇپ، شەرھلەنمەكتە. بۇلاردىن باشقا، بۈگۈنكى كۈندىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى چاغقا مەنسۇپ كلاسسىكلارنىڭ يىگانە ئەسەر قول يازمىلىرى تېپىلىپ، تەتقىق قىلىنىۋاتىمىز. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئۆتمۈش كىشىلىرىنىڭ قانچىلىك ئوقۇپ، ئوزۇقلانغانلىقىنى دەلىللەش قىيىن. بۇنداق ئەسەرلەر كۆپ نۇسخىدا كۆچۈرۈلسە، نەشر قىلىنسا، تەتقىق قىلىنسا، ئاندىن شۇ مىللەت خەلقى ئارىسىدا تەسىرى بولىدۇ. ھەرقانداق ئەسەرنىڭ تەسىرىنىڭ بولغان بولمىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈش ئەدەبىي نامراتلىقتىن، ئەتراپلىق تەتقىقات يۈرگۈزۈلمىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرگە بىر-بىرلەپ جاۋاب بەرگەندىن باشقا، يەنە كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت شارائىت ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ مۇشۇ مەسىلىگە تەدبىقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تولاراق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر تولىمۇ چۈشىنىشلىك. موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىچكى جايلار (جوڭيۈەن)دە بولغان، ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى موڭغۇل خانلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ، خىزمەت كۆرسەتكەن مۇلكى ئەمەلدارلار ياكى ھەربىي قوماندانلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا پات-پات قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئېسىلزادىلەر ئۆز يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالماي، بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى، خۇش پېئىللىقى ۋە تىرىشچان، قىزغىنلىقى بىلەنمۇ زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلىمىزكى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى «يارلىقلاردا، مۇراسىملاردا، ئارمىيىنىڭ، خانلىقنىڭ يىغىنلىرىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكى» ئۈچۈن ئۇيغۇرلار «ئۆز تىل-يېزىقىنىڭ باشقا مىللەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى» بىلەن شەرەپ ھېس قىلاتتى ھەمدە «يېنىدا ئىشلىگەندە بېقىن بېرىۋالماي، تاشقىرىدا قاتار تۇرغان»، شۇڭا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئەپسۇسكى ئىش تامامەن ئەكسىچە بولغان. ئۇلارمۇ بۇ ئاچقۇچتىن دەل ۋاقتىدا پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان مەزگىلدە خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالمايدۇ، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان ۋە تاكامۇللاشتۇرغان. بۇ جەرياندا، بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار خەنزۇچە يادىكارلىقنى ۋە كۆڭزىچىلارنىڭ كىتاب-دەستۇرلىرىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىمنى، مەدەنىيەتنى قەدىرلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن

لىيەن شىشەنگە ئوخشاش «كۇڭزىچىلار ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىش»نى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ۋاپات بولۇش ئالدىدا «مەن ساقىيالمايدىغان بولدۇم، ئوغلۇم مېنىڭ ئىرادەمگە ۋارىسلىق قىلسۇن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئۇيغۇرلار تارىخىي كىتابلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىپ تەلىم بېرىشى ئارقىسىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىجادىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نۇرغۇن ئەدىبلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلار خەنزۇچە تىلى بىلەن ئىجاد قىلغان. كۇڭزىچىلارنىڭ ئېسىل كىتابلىرىنى ۋە خەنزۇچە مەدەنىيىتىنى تېگى-تەكتىگىچە بىلگەن ۋە ئۇنىڭدىن قىيامىغا يەتكۈزۈپ پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيىسى ۋە مەزمۇنىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتقان. جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان⑥. بۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولماسلىقى ئادىللىق ئەمەس.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا مىللەت تىللىرى، جۈملىدىن خەنزۇچە تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە ئەمەس.

2. يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە

يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچە ئەسەر يازغان ئاپتورلار ناھايىتى كۆپ. ئەدىبلەردىن گۈەن يۈنشى، سەيدۇللا، مازوچاڭ، شۈئاڭفۇ، لىيەن شىشەن، گاۋكەگوڭ، جاۋشىيەن، ماشىدى، شىن ۋېنفاڭ، شې ۋىنجى خەبىيا، لىيەن پوكۇي، چىنەنخەبىيا، شې يۈمى، شېي جىدۇ، نەيشەن، سەن باۋجۇ، بىيەن لۇ، تېگىن ساگىيا، لىيەن خىڭ، كەيلىباش، مازون، شىڭ شىمىڭ، دادولۇ، بايان جوقا تېگىن، بىرلىشا، شاشۇەنۇڭ، لىيەن دۇن، جىن ساگىيا، ۋاڭ باۋجۇ، شې بەيلىياۋلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئىسىملىكتىنلا روشەنلىشىدۇكى، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى كۆپ، ئەدەبىي ئەسەرلىرى كۆپ بولغان. ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان 28 خەنزۇ ئەمەس ئەدىبنىڭ كۆپچىلىكى شىنجاڭلىق مىللەتلەردىن ئىدى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 30 ئالىم بولغان.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، شۇڭا يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان، شۇڭا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، شېئىر، نەزمىلەرنى يازغان. بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاپراق كېتىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەل ئەدىبلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىر، بېيىت، نەزمە شەكىللىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، يۈەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان. بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋاڭ-ياساق، ھاشار ۋە خىلمۇ-خىل تەبىئىي ئاپەت بىلەن ئۆتتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن. جەمئىيەتنىڭ زۇلمى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، خىيانەتچى-ئەمەلدارلارنىڭ شەرمەندىلىكىنى پاش قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام-مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان، دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ كېتىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، خەلقنىڭ

ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، گۈزەل تاغ-دەريالار ھەققىدە نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن گۇەن يۈنشى، سەيدۇللا، شۆئاڭفۇ، مازۇچاڭ، نەي شەن، شې يۈلى، شى بەي لياۋ، شې جژدۇ، شياشۇەن ۋېك، ليەن دۈن، گاۋكىگۈك، ليەن شىشەن، مادون، ماشىدى، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ قاتارلىقلار بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن ئىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ غەربىي يۇرتلۇق ئىدى. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان، ۋەھالەنكى «يېڭى تاڭنامە» ۋە «كونا تاڭنامە»دە 100لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلغان⑦.

مازۇچاڭ (1278 — 1339) تەخەللۇسى بويۇك. «يۈەن تارىخى»دا «ئۇ ئەسلىدە ئوڭغۇت قەبىلىسىدىن بولۇپ، جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ تەڭرىتېغىدا ياشىغان» دېيىلىدۇ. روشەنكى بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ يۈەن دەۋرىدىكى قەبىلىسى، زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جىڭجۇ ئايمىقىدىكى تەڭرىتاغلىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا جايلاشقان، موڭغۇللارنىڭ ئوڭغۇت قەبىلىسى مۇرەككەپ بىر قەبىلە ئىدى. شۇڭا، مازۇچاڭنىڭ ئەسلى يۇرتىنى جەزملەشتۈرۈش قىيىنراق. ھېلىمۇ يۈەن خاۋۋىنىڭ «ئايماق بېگى ماچېڭشاڭنىڭ مۇقەددەس قەبرە تېشى»دىكى بىر جۈملە سۆز بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ماچېڭشاڭ مازۇچاڭنىڭ بوۋىسى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ «جىن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە فىڭ شياڭ مەھكىمىسىدە ھەربىي سوراقچى بولۇپ، جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگىنى كەتتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قازا تاپقان. ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىگە ‹ما› دېگەن فامىلىنى قويغان». يۈەن خاۋۋېن ئۇ «خۇامېنلىق ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن چىققان» دەيدۇ. بۇ يەردەتىلغا ئېلىنغان «خۇامېن» «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە: جۈيېنخەينىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، جۈيېنخەيدىن 300 چاقىرىم نېرىدىكى بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە خۇامېن قەلئەسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ قەلئەسى بار، ئۇ يەردىن شەرقىي شىمالغا قاراپ مىڭ چاقىرىم ماڭغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇسىغا بارغىلى بولىدۇ، شۇڭا «خۇامېن» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلار خۇامېنلار دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنلۇشەن — شى سىمىڭ توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، ئۇيغۇر قوشۇنى چاقىرىققا بىنائەن، توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن. جاڭ شىڭلاڭ ئەپەندىمۇ بۇ يەردىكى («خۇامېن»نى) ئۇيغۇرلاردۇر دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا، كې شاۋمىن «يېڭى يۈەن تارىخى»دا مازۇچاڭنى ھەقىقەتەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلىغان. بۇنىڭ ئاساسي بار⑧.

مازۇچاڭ ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسىمۇ، دادىسىمۇ يۈەن ئوردىسىدا ئەمەل تۇتقان. ئۇ يەتتە يېشىدا خەت تونۇپ، بىلىم ئېلىشقا كىرىشكەن. بىر ئاز چوڭ بولغاندا سىچۈەندىكى خەنزۇ كۇڭزىچى جاڭيىنى ئۇستاز تۇتقان. 1315-يىلى جايلاردىن تونۇشتۇرۇلغانلارنىڭ خۇلاسە ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغان. ئوردا ئىمتىھانىدا ئىككىنچىلىكنى ئالغان (يۈەن سۇلالىسى قانۇن-پەرمانلىرى بويىچە، بىرىنچىلىك موڭغۇللارغىلا بېرىلەتتى). شۇنىڭ بىلەن خەنلىن مەھكىمىسىنىڭ يۇتۇكچىسى، تەپتىش بېگى بولغان. مازۇچاڭ كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ئىدى. ئۇ

ئوردىدا ناھەقچىلىقنى پاش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن چەتكە قېقىلغان. ھەتتا بىر مەزگىل مەنسەپسىز قالغان. مازۇچاڭ ئۆز تارىخىدا خەنلىن مەھكىمىسى خىزمەتكارى، رەسىم-يوسۇن ۋەزىرى، مەركىزىي دىۋان ۋازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىشى مەمۇرىي رايونلۇق باش مۇپەتتىش ياردەمچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. مازۇچاڭنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. «شىتيەن توپلىمى» ناملىق 15 جىلدلىق ئەسەر يازغان. ئۇ شىتيەن تېغىدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە شۇ نامنى قويغان. «يۈەن دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر»گە 21 پارچە ئەسىرى ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ «يىگىرمە خاتىرىلىرى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. «خاننىڭ پەندى-نەسىھەتلىرى»، «چىڭخۇا ئىشلىرى تەپسىرى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. «لى خۇۋ جىن ئەينىكى»، «يىللار خاتىرىسى»، «قاراغايلىق ساراي خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بولغان. مازۇچاڭ ئەسەرلىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىدى. ئۇ بوۋىسى، دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، خەنزۇچە كىتابلارنى پىششىق ئۆگەنگەن. يەنە تېخى مەشھۇر كۆكزىچىلارنى ئۇستاز تۇتقان. شۇڭا ئۇنىڭ يازغانلىرىلا ئوبدان ماقالە بولۇپ چىقاتتى. ئۇ ئۇسلۇب جەھەتتە چىن، خەن دەۋرىدىكىنى ئۆلگە قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئېقىم ھاسىل قىلغان. ماقالىلىرىدىكى تەسەۋۋۇر قالتىس كەڭ، تىل جەھەتتىكى ئىپادىسى چوڭقۇر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ يازغان چوڭ-كىچىك ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆچۈرۈپ ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى روشەن، قايىللىق ئىدى. ئۇنىڭ«چىغرىقنى دەسسەپ سۇ چىقىرىش»، «ئاياللار زارى»، «يىپەك سۇزانە»، «ئات باقار» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە تازا لەززەت بېرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئىدى. مۇئەللىپ بۇ شېئىرلاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ، باي، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك رەزىل تۇرمۇشىنى پاش قىلغان ۋە ئەيىبلىگەن.

شۈئاڭفۇ (1270 — 1350) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىسى ئىدى. تاۋزۇڭيى «تارىخىي كىتابلار جەۋھىرىگە تولۇقلىما» ( 书史会要补遗 ) دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى «ئۇيغۇر 回纥人 » دەپ ئىزاھلىغان⑨.

شۈئاڭفۇ ( 薛昂夫 )نىڭ يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ساھەسىدە داڭقى بار ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھازىر بىر كۇپلېت ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما نەسرىي غەزەللىرى بىرقەدەر كۆپ، «ئومۇمىي يۈەن نەسرىي غەزەللىرى» ( 全元散曲 )دە كىچىك كۈيلەردىن 65 كۇپلېت، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن ئۈچ كۈي بار.

شۈئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئۇ نەسرىي غەزەلدىن ئىبارەت ھەجمى كىچىك، جانلىق، تەسىرلىك ژانىردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يۈرىكىدىكى چەكسىز ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

شۈئاڭفۇنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرى تارىخنى كۈيلەش، قەدىمكىنى ئەسلەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ئىدى ياكى ئۆزى كەزگەن تاغ-دەريالارنىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر، قەدىمگاھلارنى، مەشھۇر ئورۇنلارنى كۆرگەندە، تەسىرلىنىپ يازغان ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تولىمۇ جانلىق ۋە جەزبىدار بولۇپ، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. ئومۇمەن، شۈئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەردانىلىق، زوق-شوخلۇق كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «جۇڭلۈ.تاغ باغرىدىكى قوي» ( 中吕·山坡羊 )، «غەربىي كۆلدىكى مەدھىيىلەر.

باھار» （西湖杂咏。春）، «قەسر ئالدىدىكى خۇشاللىق» （殿前欢） قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇنداق خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

گاۋكېگۇك (1248 — 1310) يەنە بىر ئىسمى يەنجىك، تەخەللۇسى فاڭشەن بولۇپ، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە رەسسامى. ئۇنىڭ بوۋىلىرى شىنجاڭدىن شەنشىنىڭ دادۇڭ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بوۋىسىنىڭ ئىسمى گاۋ يۆداۋ، دادىسىنىڭ ئىسمى خېك، يەنە بىر ئىسمى جيافۇ ئىدى، جيافۇ نومشۇناسلىق ئىلمىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئەينى چاغدا شۆھرەت قازانغان ھەم قۇبلەيخاننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. كېيىن ئۇ خانبالىق (بېيجىڭ) نىڭ فاڭشەن دېگەن يېرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. گاۋكېگۇك ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. گاۋكېگۇك ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ كىچىكىدىن دادىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى ئالغان. 27 يېشىدىن باشلاپ ئەمەل تۇتۇشقا باشلىغان ھەم بۇ خىزمەتنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن.

گاۋكېگۇك رەسساملىق سەنئىتى جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەندىن باشقا، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ «فاڭشەن توپلىمى» دېگەن شېئىرىي دىۋانى بار. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» دېگەن مەجمۇئەگە 20 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

گاۋكېگۇك شېئىرلىرى يۈەن دەۋرىنىڭ رېئاللىقنى مەلۇم تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ياخشى ئەسەرلەردۇر.

شيې يۈيلىنىڭ يەنە بىر ئىسمى شي يۈي بولۇپ ئۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما. شيې يۈيلى توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە «ئۇنىڭ بوۋىسى ئۇيغۇر ئىدى،ئۇيغۇرلار قوچۇدىن بولۇپ،قوچۇلۇقلاردۇر» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى شېنيەن⑩ دېگەن دەريانىڭ بويىدا بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ دەريا نامىنىڭ بىرىنچى سۆزى شيېنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلغان. شيې يۈيلىنىڭ بوۋىسى قارا بۇقا ئىچكىرىدە چوڭ ئەمەللەرنى تۇتقان.

شيې يۈيلى كىچىكىدىن كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ 1318-يىلدىن باشلاپ ئىلمىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا كۆپ جايلارنى كېزىپ چىققان ھەم شۇ يەرلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، خەلق ھېكمەتلىرىنى، شېئىر نەزمىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كىتاب يېزىپ چىقىشنى پىلانلىغان. ئۇ چۈەنجۇ مەھكىمىسىدە دارۇغاچلىق⑪ قىلىپ تۇرغان مەزگىللىرىدە شۇ يەردىكى زىيالىيلارنى تەكلىپ قىلىپ «سۇزۇك بۇلاق (چىڭ چۈەن) تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دېگەن 20 جىلدلىق كىتابنى يېزىپ چىققان.

شي يۈيلىنىڭ «شيۈي توپلىمى» دېگەن ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرىدىكى جۈملىلەر نەپىس، چىرايلىق، كارتىنىلار ھەقىقىي جەزبىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ تارىخىي ھېكمەتلىك جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق ئىدى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ كىشىلەرنى ھاياجانغا كەلتۈرىدۇ.

شي يۈيلىنىڭ ئىنىسى شي جىدۇنىڭ ئۈچ كۇپلېت شېئىرىمۇ «شي يۈي توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن.

3. گۈەن يۈنشى، سەيدۇللا، نەيشەن

1 - گۈەن يۈنشى

گۈەن يۈنشى (1286 — 1324) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق نەسرىي غەزەل （散曲） يازغۇچىسى، ئاتاقلىق خەتتات، ئۇستا مۇزىكانت ۋە رەسسام، ماھىر غەزەلچى، پىشقان

دراماتورگ، جۇملىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

گۇەن يۈنشى خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۇەن يۈنشى ( 贯云石 )، گۇەن يۈنشى قىيا ( 贯云石牙海 ) دەپ يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز ئۇيغۇرچە «كۈن سەۋىنچ»نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى گۇەن يۈنشى بولۇپ، سۇنجەي ( 酸斋 تاڭسىق، ئاچچىق-چۈچۈك) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان.

گۇەن يۈنشىنىڭ ئانا يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمى ئۇيغۇر شەھىرى جىمسار ئىدى. ئۇ 39 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ بۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى. ئۇ قەلەمكەشمۇ، ئەلەمكەشمۇ ماھىر ئىدى، ئۇ يەنە تىبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ئىدى. شۇنداقلا بۇددا پەلسەپىچىسى ئىدى، ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۆھپە قوشقان.

گۇەن يۈنشىنىڭ تالانتى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تالانتى بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلدۇ.

گۇەن يۈنشى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ شېئىر ( 诗 )، دراما ( 曲 )، بېيىت ( 词 )، ماقالە ( 文 ) قاتارلىقلاردا ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. بولۇپمۇ ئۇ نەسرىي غەزەل ( 散曲 ) يېزىشتا مەشھۇر ئىدى.

گۇەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان. يۈەن دەۋرىدىكى ياڭ جياۋيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» ( 阳春白雪 ) ۋە «تىنچ كۈيخانا» ( 太平乐府 ) قاتارلىق كىتابلارغا ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى كىتابقا ئەسىرى ئەڭ كۆپ كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، «باھار قارلىرى»غا كىچىك نەسرىلەردىن 36 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن بىر پارچە كىرگۈزۈلگەن. «تىنچ كۈيخانا»گە كىچىك كۈيلەردىن 30 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن ئالتە پارچە كىرگۈزۈلگەن.

گۇەن يۈنشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياڭ جياۋيىڭ ئۇنىڭ يېقىن دوستى شۈ زەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ «سۈەنتيەن كۈيخانىسى» ( 酸甜乐府 ) دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما»غا سەۋىنچ قىيانىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. گۈن يۈنشىنىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

گۇەن يۈنشى ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى ئاكتۇئال ئىدى. زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق خاھىشىنى ئىپادىلەش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق تېما. ئۇ ياش جەريانىدا ئاۋام خەلق ئارىسىغا چۆكتى. ئەسەرلىرىدە ھەممە دەۋردە ئورتاق مىزانغا ئايلانغان نام مەنپەئەت تالىشىش، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكتى. ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىن ئايرىلىپ تەنھا-خاتىرجەم، ھۆرلۈك ئاستىدا ياشاشتەك ئارزۇسىنى نامايان قىلدى.

بىز ئۇنىڭ «جىڭجىئاڭىن نەزمىلىرى» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

تۆھپىسى تۇرسىمۇ، مۇندا بۆلەك خىشەك،
قالدى مۇشكۇلاتقا ئۆرتىنىپ يۈرەك.
تونۇگۈن بولغانتى دىۋان ئىچرە ۋەزىر،
بۈگۈنى ئايلاندى گويا داڭگال-كېسەك.
مەن كەبى كەتتى ئىزدىپ پىنھان كۈشەك.

بۇ شېئىر يۇمن ئۇردىسىدىكى ۋەزىر ئەمەلدارلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەمەل تۇتقۇچىلارغا هامان خەۋپ-خەتەر، خىرىس قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، تۆهپىكار ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن هوقۇقىدىن مەهرۇم بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتى دەپسەندە قىلىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ماهىيەت جەهەتتە ئاپتورنىڭ ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغىنى يۇمن ئۇردىسىدىكى هەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، ئالدامچىلىق، ئۆزئەگە سوقۇشتۇرۇش، نام-مەنپەئەت تالىشىش ۋە بىر-بىرىنىڭ هۇلىنى كولاشتەك چىرىك رەزىل ئەهۋالدۇر. گۇمن يۇنشى غەزەللىرىدىكى يەنە بىر كۆزگە تاشلىنىدىغان تېما ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننىڭ تاغ-دەريالىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلەش ۋە تەبىئىي مۇهتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت.

مىسال ئۈچۈن شائىرنىڭ «باهارنى ئۇزىتىش» ناملىق غەزىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

پاتتى قۇياش، ئۆكسىدى پاختەك،
گۈزەل باهار يوقالدى قايان؟
توزۇپ شاپتۇل چېچەكلىرىمۇ،
ئايازلارنى قىلماقتا ئايان؟!

× ×

سىردىشمەن بىراق تاغ ئورمان،
گىياهلىرىنىڭ خۇش بۇي باراقسان.
ئەگەر پاتسا ئاداققى شەپەق،
تال توزغىقى ئۇچىدۇ قايان؟

× ×

تارىسىنى ئۇزىتىۋەتتى كىم،
چېلىنغاندا پىپا شوخ لەرزان؟!
ئىلەڭگۈچكە يۆلىنەر قەلبىم،
دېرىزىدىن ئاينى قىپ گۇمان⑫.

بۇ كىچىك غەزەلدە شائىر باهارغا سوئال قويۇش ئارقىلىق باهارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە كىشلەرنىڭ باهار بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى هەسرىتىنى يازغان بولۇپ ئاساسىي جەهەتتىن شائىرنىڭ باهارنى قەدىرلەيدىغان ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

گۇمن يۇنشى غەزەللىرى ئىچىدە يەنە يىگىت-قىزلارنىڭ مۇهەببىتى ۋە هەسرەتلىك هېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن قىسىمىمۇ خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ يىگىت-قىزلارنىڭ سەمىمىي مۇهەببىتىنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيلەيدۇ. يىگىت بىلەن قىزنى سۇ بىلەن بېلىققا ئوخشىتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈنى زوق-شوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. قىز-يىگىتلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئايرىلىشىنى هەمدە ئايرىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سېغىنىش ئازابىنى يارقىن ئوبرازلىق تىللار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شائىر يەنە ۋاپاسىز ئاشىق-مەشۇقلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. يۇقىرىقىلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

قوشۇما قېشنى سۇرمنسز تۇتۇپ،
رەڭگارەڭ ئىگىنگە قىلمايدۇ ھەۋەس.
قېپقالدى ھەسرەتكە، دەردى پىراقتا،
بۇرۇنقى سۆيگۈلەر سۇغا كەتتى بەس!
قالمىدى بىر يولى ئۆتكەنكى سۇمبات،
ئەمدى ئۇ بۇرۇنقى پەرىشتە ئەمەس.

× ×

تۇغۇچىسىز يارالغاندى ئاشىقىم،
تىلش باغىر ئىدى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ھەم.
ئۆي ئىچى بىگانە، قىستىدى ئۇلار،
ئاخىرى ئىشقىدا تاپتى كۆپ بەرھەم.

× ×

ئەزەلدىن دەردىم كۆپ، باغرىم شىكەستە،
چارەم يوق ھالىمنى كەچۈر دېمەسكە.
ھەر كۈنى ئىشىكتە تۇرۇپ قارىسام،
زاۋالدا بورغىلار سۇ چاچار پەستە.
جىلۋىگاھقا كىردى دىلبەر باغرى ئېزىلدى،
قۇلىقىغا تۇرنا، قوڭغۇز سازى تىزىلدى.
ئۆچتى چىراغ كۆجىداندا تۇگىدى كۆجە،
دېرىزىدىن مارىدى ئاي نۇرلار سىزىلدى.

× ×

قايرىدىم قىپقىزىل پەردىنى بۇ دەم،
تاشلىدىم يار بىلەن ھۇجرىغا قەدەم.
تاڭ ئاتتى ھىجرانلار دەردىنى سۆزلەپ،
چۈشۈمدىن ئويغاندىم بار يەنە ئەلەم.
ياشلىرىم تاراملاپ ئاقتى توختىماي،
ئاقىدۇ ياستۇققا دەريا-دەريا غەم⑬.

بۇ پۈتۈن يۇرۇشلۇك غەزەلدە بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى بايان قىلىنغان. قىزنىڭ تاش يۈرەك ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ ئىشقىي مۇھەببىتىگە چات كىرىپ تۇرىۋالغاچقا، يىگىت تويلۇققا چىقىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. قىز ھىجران دەستىدە يارىنى قاتتىق سېغىنىدۇ ھەمدە چۈشىدە يارى بىلەن ۋىسال تاپىدۇ. شائىر مانا مۇشۇ مەنزىرىلەرنى ئاجايىپ تەسىرلىك، جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇ ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى نىكاھ ئەركىنلىكى بولماسلىقتەك زۇلمەتلىك، مۇدھىش رېئاللىقنى يورۇتۇپ بەرگەن.

گۈمەن يۇنشى ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى روشەن گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن: بىر شېئىرىدا «نام-ئاتاق ئويناتسا مېنى، قىلماسمەن ئاڭا پەرۋا» دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ نام ئابروي، مەنپەئەت ئويلاشمايدىغان ئاقىلانە خىسلىتىنى نامايان قىلغان.

گۈمەن يۇنشى غەزەللىرى بەدىئىي جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ خەلق تىلىدىن پايدىلانغان. بۇنى ئۇنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ

ئىنتايىن قويۇق ئىكەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلانغان. مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن شېئىرلىرىدا پەسىل ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇپ كىشىنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرى مۇكەممەل، ئىخچام، يارقىن بولۇپ ئادەتتە ئەسەرنى ناھايىتى ئاستا يازاتتى، ئەمما ئاجايىپ شوخ، ئوبرازلىق سۆزلەرنى قوللىناتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ خەيرلىششتىكى نازۇك سېھرىي كەيپىيات ئىپادىلەنگەن مۇنۇ غەزىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

خىجىللىقنىڭ سايىسى ئارا،
يورۇق كۆڭلى بولدى بىئارام.
دەل تىلغا ئارتىلغاندەك تاش،
ئۈنسىز ئاھلار قىلدى ئۇنى رام.
× ×
يۈرىكىنى پىنھانە بىر جاي،
روھسىزلىنىپ ئەزدى خوپ قەستەن.
ئەمما سۆيسە ياپراقنى شەبنەم،
باشلاپ كىلەر باھارنى جەزمەن.

بارى يوقى سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ كىچىك غەزەلدە ئوبرازلىق، جانلىق تىل ئارقىلىق ئايرىلىش، جۇدالىق دەستىدىن روھسىزلىنىپ يۈرەك باغرى ئېزىلگەنلىكىدەك نازۇك ھېسسىيات بايان قىلىنغان.

گۇەن يۈنشى غەزەللىرىدە يەنە، چامباشچىلىق تۇرمۇشىنى، ھېس تۇيغۇنى ۋە مەي ئىچىشنى تەسۋىرلەپ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى ئۆتكۈر پىكىرلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ئومۇمەن ئالغاندا گۇەن يۈنشىنىڭ غەزەللىرى تېما جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمىلىككە، مەزمۇن جەھەتتە چوڭقۇرلۇققا، بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئىگە.

2 ـ سەيدۇللا

سەيدۇللا (؟ 1305 — ؟ 1355) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتچى.

يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن خەنزۇ ئەدىب تاۋزوڭيى ئۆزىنىڭ «تارىخىي كىتابلار جەۋھىرى» ( 书史会要 ) دېگەن ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى جىلدىدە تۇنجى قېتىم سەيدۇللانىڭ ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ، ناھايىتى ئېنىق ھالدا «سەيدۇللا، ئىسمى تيەنشى ( 天锡 ) بولۇپ، ئۇيغۇر 回纥人 ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

سەيدۇللانىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ بولۇپ، ئاتا بوۋىلىرى ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سەيدۇللا داڭلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ پۈتۈن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسىم. بېيجىڭ داشۆنىڭ سابىق پروفېسسورى چىن يۈەن ئەپەندى «جوڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا يۈەن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز سەيدۇللانى تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دەپ يازغان.

سەيدۇللانىڭ «يەنمىن توپلىمى» ( 雁们集 ) دېگەن ئەسىرى بار. بۇ يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلار

ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

2) سەيدۇللا شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى

سەيدۇللا شېئىرلىرى مەيلى سان جەھەتتە، مەيلى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. چېن يۈەن ئەپەندى: «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا يۈەن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز سەيدۇللانى تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

سەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ رەت تەرتىپىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكىدەك، كۆزنى قاماشتۇرغىدەك گۆھەر.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىدە، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە ھالەتلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، زىيالىيلار، بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرى پارچىلىنىپ كەتكەن، بۇ خىل ئەھۋال ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئەتكەن ئىدى. خەنزۇ ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقىدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. «تۆت چوڭ ئەدىب» دەپ ئاتالغان يۇ 虞 — (集)، ياڭ 扬 — (载)، فەن 范 — (椁)، جىې 揭 — (傒斯) قاتارلىقلار خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى كۈيلەيدىغان مەشھۇر ئەدىبلەر بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيىتى زور بولمىغان، قىسقىسى شائىرلار ئەمەلىيەتتە ئاز، ياخشى ئەسەرلەر كۆپ ئەمەس، تېما دائىرىسى تار، مەزمۇنلار ئاددىي ئىدى. بىراق ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر ئىدى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان، كۆرگەنلىرى كۆپ، تەجرىبىسى مول بولغاچقا، زاماندىشى باشقا خەنزۇ ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. سەيدۇللانىڭ شېئىر-نەزمىلىرىنىڭ تېمىسى كەڭ بولۇپ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق، ئۇسلۇبى يېڭى، جانلىق ئىدى.

سەيدۇللانىڭ «يەن مېن توپلىمى» («雁门集») دېگەن ئەسىرى بار. «تۆت قەسىردىكى كىتابلار» («四库全书»)غا ئاشۇ توپلامنىڭ ئۈچ قىسمى ۋە بۇنىڭدىن تاشقىرى بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «مۇسۇلمانلار مەجمۇئەسى» («回部丛刊»)گە «ساتىيەنشى — سەيدۇللا — شېئىرلىرى»نىڭ 2-قىسمى كىرگۈزۈلگەن.)

«يەن مېن توپلىمى» يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلارنى تەتقىق قىلغاندا بۇ كىتابنى دىققەتتىن يىراقلاشتۇرالمىغان.

شائىر ئۇزۇن مۇددەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغاچقا، خەنزۇ خەلقىنىڭ ماكانسىزلىق، ئاچ زارلىق، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھەققانىي ھېس-تۇيغۇلار ئۇزلۇكسىز قوزغىلىپ، نۇرغۇن مەشھۇر شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قوپال-ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىگە چىن قەلبىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئەنە شۇ شېئىرلار ئىچىدە «تىلەمچى قىز قوشىقى»، «يوڭگۈەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش»، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ

يۇرگەن.
شائىرنىڭ «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

تاڭ چېغى قىلدىم سەپەر، قويدۇم قەدەم دەريا تامان،
نۇر بىلەن سۇدا قېيىقلار ئويىنىشار ئاشۇ زامان،
كۆزلىرىم كۆردى يىراقتىن دەل-دەرەخلەر قارىسىن،
ئاستا-ئاستا تارقىلىپ ئاق پەردەڭ شۇ چاغ تۇمان.
ئاڭلىنار ئىت ھاۋشۇشى ۋەيرانە مىسكىن يېزىدىن،
كەپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ تۈتۈن تىمتاس ھامان.
كوچا بويلاپ پادا ئۆتەر قالدۇرۇپ چاڭ ۋە توزاڭ.
كۈزگى شال قىردا تۇرار چەشلەر تېخى خاماندۇر،
تۆرىلەر ئاشلىق ئالار ھەم زورلىقى شۇنچە يامان.
ۋەھىمە سالسا ھەر كېچە قاراقچىلار ئەل-يۇرت تالاپ،
كۈندۈزى دەريا تېشىپ ئەلنى باسار كەلكۈن-توپان.
ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتەر چاڭئەندىكى بەگزادىلەر،
ئۆمرىدە كۆرمەس ئۇلار قايغۇ بىلەن ھەسرەت-پىغان.
قاتمۇ-قات تونلار كىيىپ غەم قايغۇدىن بىگانە بوپ،
بەيگىگە ئاتلار سالۇر بەگزادىلەر بەك شادىمان.
تۆرىلەر بازار ئارا خوراز جېڭىنى قايىنتىپ،
مەي ئىچىپ راۋاقلاردا كۆزنى ئويىنتۇر ھەريان.
ئەتلەس تۆشەكلەر ئىچرە مەيىسىز ئۆتمەس كېچىلەر،
ھەمراھدۇر بېگىملەرگە خېنىملار ھەر كېچە خەندان.
سارايدا تۇرۇپ بەگلەر ھوسۇل غېمىنى نە بىلسۇن،
بىر پارچە قارا نانغا پېقىرلار يىغلىشار قان-قان.
كېچە-كۈندۈز شۇ مېھنەتتە يوقسۇل باللىرى تىنماس،
ئېتىزدا، باغدا ھەم تاغدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋەيران.
تەڭدىن تولىسى كېتىپ پۇلنىڭ سەيىسگە ئالۋانغا،
قالغىنىدا تەڭرىگە ۋە ئەرۋاھلارغا شام ياققان.
ھاشا ئالغاندا ئۆتكەن يىل شۇ دەريا تومسى-قاشقا،
پۇقرالار چېكىپ ھەسرەت ھاشاغا ماڭدى قىيناپ جان.
ئەلنى قاپلىدى ئاھ-زار، خالايىق قالدى ئوقەتتىن،
دوڭجۇ يېرى قايغۇدا چۆل بولدى خاراب-سەرسان.
بىگۇناھ كىشىلەرنى ئەزىم دەرياغا تاشلاشتى،
ئاچلىقتىن يىقىلغاندا تەنلەردىن كېتىپ دەرمان.
دەريا ئىچى كۆز يەتمەس كۆز تىكسەڭ ئۇپۇقلارغا،
مېھنەت ئەجرىنى بۇزار تۇسۇن دەريا تېشىپ ھەريان.
ئۆتكەن كونىلار ھەر چاغ ئەقىل-ئىدراكتا نام ئالغان،
لېكىن ئىش بۇزار ھەردەم بۈگۈنكى تۆرىلەر نادان.
ساراي ئەھلىنى بىلسۇن دەپ بۇ كۆرگەن نامۇ-ئەھۋالنى،
شىجائەتتە نەزىم تىزدىم يۈرىكىمدىن ئېيتىپ بايان.

قومۇچلار سالار شاۋقۇن سوغۇق شامالدا قاقشال بوپ،
خالايىق كۆردى خارلىقنى ياشاشقا بارمىكىن ئىمكان.

بۇ شېئىردا شائىر ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقان خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىقنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كەيپ-ساپا، ئىسراپخورلۇقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەمەل ۋە پايدا تالىشىپ ئۈزلۈكسىز قوزغىغان قىرغىنچىلىقلىرىغا غەزەپلىك خىتاب قىلىدۇ. «تىلەمچى قىز قوشىقى» دېگەن شېئىردا شائىر يۈەن سۇلالىسى تيەنلىنىڭ ( 天历 ) 2-يىلى (1329) دىكى «ھەممە يەر جۇتلىشىپ، ئاچ-زېرىن پۇقرالار يامراپ كەتكەن» لىكىنى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەلقنىڭ قان-تەرىنى شوراپ، ئەيش-ئىشرەت، كەيپى-ساپا بىلەن بەنت بولۇپ، گۈل-چېچەكلىگەن پوزۇر كىيىملەرنى، ئېسىل تەلپەكلەرنى كىيىشىپ، بولبۇلغا ھېرىس بولۇپ، راۋاقلاردا بەزمە، سورۇن تۈزۈشۈپ «باھار شامىلىغا چۈمگەن ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» غا شەيدا بولۇشقانلىقىنى، ھايات-ماماتلىق تىركىشىشلەردە قىل ئۈستىدە تۇرىۋاتقان دېھقانلارنىڭ بولسا، بالا-چاقىلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن شەھەرلەرگە كىرىپ نارىسىدە بالىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇشقانلىقىنى، بىراق، بالىلىرىنى ساتالماستىن «توپىدىنمۇ خار» ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاچلىق ئازابىدا ئۇزۇن مەنزىللەرنى نالە-پەرياد بىلەن باسقانلىقىدەك رېئاللىقنى ھەققىي رەۋىشتە سۈرەتلىگەن. بۇ خىل دەھشەتلىك مەنزىرىلەر شائىردا «جۇت باسقان مەھەللىدە» «كېزەر كۈندۈزدە ئىت-قۇشلار، ۋەيرانە كەپە-ساتمىلاردا گۈگۈمدا ھۇۋلار يىلپىزلار» دەيدىغان تەسراتنى قوزغىغان. شائىرنىڭ قەلبىدە لاۋۇلدىغان قەھرلىك غەزەپلىك ئوت يالقۇنلىرى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرىدۇ:

خۇاڭخې كەبى ئېقىپ كۆز ياش، قۇرىدى ئاخىر،
ئەجەب خوش خۇي چىرايىڭلار — نىچۇك بۇ تەقسىر؟
شاھى توندا يارىشىدۇ مەستخۇش جانابلار،
پۇقرا ھالى — يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بېسىر.

شەرقىي-جەنۇب دىيارىدىن سىرت باركەن ئەندىشە،
گۈمنشەندىنمۇ ئىشتىلدى شۇنداق غەم-غۇسسە.
قۇمدا قالغان بېلىق ھەمدە چۈمغاق نالىسى،
موڭلۇق كۆڭۈل ئوڭلىنىدۇ قايسى ۋاقىتچە.

شائىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلىدۇ ھەم ئۇنى قامچىلايدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىك ھالىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. شائىر «ئۆز غۇرۇرى بىلەن شانۇ-شەۋكەتلەرنى مەسخىرە قىلىپ، باھار شامىلىغا چۆمگەن ناخشا-ئۇسسۇل ماكانىغا كۆڭۈل بەرمەي» دىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ «شايى-توندا يايرىغان مەستخۇش جانابنىڭ، پۇقرا ھالى — يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بېسىر» دەك ئەھۋالغا نارازى ئىكەنلىكىنى، «بىيىپ خەلق ياشىسا ئاسايىشتا، چۇرۇقلىشىپ ئويىنار ئۆسمۈر كوچىلاردا» دېگەندەك كەيپىياتقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان.

سەيدۇللا «مەنجاڭخوڭ. جىلودا ئۆتمۈشنى ئەسلەش» ماۋزۇلۇق بېيىتىدا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۈگۈندىن ھەسرەتلىنىدۇ، ئۇ ھەم ئېيتىخارلىنىدۇ، ھەم مەيۈسلىنىدۇ. ئۇ جىنلۇنىڭ تاغ-دەريالىرىنى جانلىق تەسۋىرلەش جەريانىدا، تاغلارنىڭ داۋاملىق يېشىللىقتا پۈركىنىپ تۇرۇشىنى، زۇمرەت سۇلارنىڭ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرۇشىنى، ئاسايىشلىقنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سەيدۇللا شېئىرلىرىدا ئۇرۇشلارغا چېتىلىدىغان (مۇناسىۋەتلىك) شېئىرلارمۇ بار. شائىر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا قارشى تۇرىدۇ، مۇقىم، خاتىرجەم ھالەتنى ئۈمىد قىلىش ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن، شائىر ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئېرىشكەن ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق پاش قىلىدۇ، ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقىدا ئازابقا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىدۇ ۋە ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە قاتتىق خىتاب قىلىدۇ.

مەسىلەن: «يۈڭگۈەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش» دېگەن شېئىرىدا شائىر يۈڭگۈەندىن ئۆتكەن چاغدا كۆرگەن نەرسىلىرى ۋە ئالغان تەسىراتلىرىنى تەسۋىرلەش فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا بېرىلغان ئۇرۇش ۋە ئازاب-كۈلپەتلەرنى قاتتىق پاش قىلىدۇ، شائىر بۇ شېئىردا ئۇرۇشنىڭ «تۆھپىكار»، «قاشتېشى تامغا ئاسقان» نوپۇزلۇق مەنسەپدارلىرىغا نىسبەتەن غەزەپ نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، «روھى يېتىم» پالۋانلارغا نادامەت ئوقۇيدۇ. «ئەر ئىشلىسە ئېتىزدا، بوز توقۇسا ئايىلى، تىنچلانسا كەڭ جاھان، ئۇرۇش-نىزا، يىغا جەڭدىن بولۇپ خالى، ئۆتسە ئۆمۈر شادىمان» دەپ تىنچ، ئاسايىشلىق جەمئىيەتكە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشنى ئىزھار قىلىدۇ.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرىدا يۇەن ئوردىسىدىكى ئىچكى نىزا، ھوقۇق تالىشىش، گۈش-سۆڭەكلىرىنى قىيما-چىيما قىلىشتەك ئەھۋاللارمۇ پاش قىلىنغان.

شائىر بىكار تەلەپ ۋە خۇشامەتچى ئەدىبلەرنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى. ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ ۋاقىتلاردا ماختانچاق ۋە خۇشامەتكويلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار ماقالىلىرىنى ئىلتىپات تىلەپ يۇقىرىغا سۇنىشاتتى» («ماكانىم ئىلھامىم بىلەن» دېگەن شېئىرى) «چاكىنا ئەدىبلەر ئۆتمۈشتىن قۇرۇق گەپ قىلىپ، كونىبويى ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ يۈرەتتى.» («فىڭخۇاڭتەي مۇنارىسىدا جانابىي گۇخىنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلغان شېئىر») بۇ شېئىردا پەقەت بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا بىكار تەلەپ ئەدىبلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن.

سەيدۇللا ئۆز ئۆمرىدە «خۇبېي، خۇنەن، خېبېي، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا بارغان» شائىر ۋەتىنىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرىدىن ۋە قەدىمىي ئاسار-ئەتىقىلەردىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ «مىنگۇ ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندە» (《度闽关》)دېگەن شېئىرىدا:

تاڭ چېغى ئۆتتۈم داۋاندىن تاغقا مەن خۇشتار بولۇپ،
ئوينىشار ئاپئاق بۇلۇتلار مەن بىلەن دوست يار بولۇپ.
ياڭرىدى ئاۋازلىرىم بىپايان تاغ باغرىدا،
قوللۇرۇم سوزسام يېتەر گەر كۆككە مەن خۇمار بولۇپ،
پەرىشتىلەر پەرۋازىدىن تاغ، جىلغىلار تىترەپ شۇدەم،
چاقسا چاقماقلار ساداسى ئاڭلىنار ئاشكار بولۇپ،
ھەر مىنۇت ئۆتكەي كۆزۈمدىن جىلمىيىپ بىر مەنزىرە،

گاھ ئۇچار قۇشلار شەرققە تەلمۈرۈپ خوپ زار بولۇپ.
چوققىلار مەيتۈن بولۇپتۇ ئاق بولۇتلار قويىنغا،
ئالقىنىمدا جىلغا، سايلار كۆرۈنەر قاتار بولۇپ.
سىلكىنىپ قاقسام كىيىمنى رۇسلىسام قەددىم شۇ چاغ.
دۇر قىلىپ سۇلار ئاقار بىر ئېقىن-ئەنھار بولۇپ.
كۆككە باقسام كۆكتە ئاسمان، تاشلىسام پەسكە نىگاھ،
كۆرۈنەر غارلار كۆزۈمگە گاھىدا ئىزھار بولۇپ.
توگۈلدى ئۆتكەلنى ساقلاپ قانچە مىسكىن تاغ ئارا،
مۇڭلىنىپ تاغلار تېگىدە قالدى جىسمى خار بولۇپ.
قەھرىتاندا سۇلسا مايسا ياز كېلىپ قايتا ئۆسەر،
ئۆلگۈچىگە ھېچقاچان كەلمەس ھاياتلىق يار بولۇپ.

شائىرنىڭ شىمال ۋە جەنۇب مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىشى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىپقىزىل شەپەق نۇرىدا پادىلار يايلاپ يۈرەر،
بارچە يەردىن سۈت، قېتىقنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلەر.
قاپقارا بوران كېلىپلا ياغدى قۇملار قار بولۇپ،
كىگىز ئۆيلەر ئىشكى ۋە تۆگۈلۈكنى ھىم ئېتەر.

ئۇ يەنە «گاۋيودىكى ياڭخۇ كۆلىدىن ئۆتكىنىمدە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بېلىق ئوۋلاپ قېيىقتا شۇ كۆلنى كېزىپ،
كۈنى ئۆتەر شەھەردە بېلىقنى سېتىپ.
ئۆمرى ئۆتتى قېيىقتا چاچلار ئاقاردى،
ئىناقلىقتا ئەر-خوتۇن بولدى تەڭ قېرىپ.

سەيدۇللا تۇرمۇشقا بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ گەرچە ئۇزۇن زامانلار ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەمبەغەللىككە شۈكرى قىلىپ، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. شائىر «كەمبەغەللىكىمگە شۈكرى» دېگەن شېئىرىدا:

خاتىرجەملىك خالايمەن پولغا يوق تەمە،
ئاتاق-ئابروي، ھاقارەت نە كېرەك ماڭا.
باھار چېغى مەي ئىچىپ باغنى كېزىمەن،
قىشتا-قاردا سەيلىتىش ئادەتتۇر يانا.

دېگەن ئىدى.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرىدا كۈچلۈك مىللىيلىك ئەكس ئەتكەن.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلى بولۇپ، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئەدىب مۇئەييەن

دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاندىلا مىللىي خاراكتېر بەلگىسىنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى كۆتۈرەڭگۈ، مەردانە، ساپ، تەبىئىي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇستەقىل مىللىي سالاپەتكىمۇ ئىگە.

سەيدۇللا خەنزۇ شېئىر شەكلىنى ئۆزىنىڭكىدەك پىششىق ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى تەسۋىرلىرىنىڭ كۆپى ئىچكىرىنىڭ ئالاھىدە تاغ-دەريالىرىنىڭ مەنزىرىلىرىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قانداقلا بولمىسۇن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنە كۆتۈلمىگەندە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇ بىر شېئىرى «يەنمېن توپلىمى. قەھرىتان كېچىدە ئاڭلىغانلىرىم» ( 寒夜闻角。雁门集 )دا كېسەل بولۇپ قالغان چاغدىكى چۈشىنى يازغان. بۇ شېئىرىدا قار، چېدىر، ئۆلۈكنىڭ باش سۆڭىكىگە ھاراق توشتۇرۇپ ئىچىش، قامچا ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇش قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھېچبىر خەنزۇ شائىرى كۆرمەيدىغان چۈش، تەبىئىيكى، ھېچقانداق بىر خەنزۇ شائىر يازمايدىغان شېئىر.

سەيدۇللا جياڭنەننىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەندە شائىرنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە مۇستەقىل ئىپادىلەش شەكلى بولغاچقا، شېئىرلىرىدا جياڭنەننىڭ مەنزىرىلىرىمۇ بىرخىل مەردانە قىياپەتكە ئىگە قىلىنىپ، بەكمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىلمىگەن. قىسقىسى، خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ تەسۋىرلىشىدىن پەرقلىنەتتى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا ئۇسلۇب جەھەتتىكى پەرق بولغانلىقىدا. سەيدۇللا شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە دائىم يۈرەكلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئايرىملىق، قىسمەنلىك، پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى تەسۋىرلىمەستىن، بىپايان، ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ.

يايلاق، يېزا ئىگىلىك ئارىلىشىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ ئادىمىنىڭ كۆزى ئارقىلىق شەيئىلەرگە، مەنزىرىلەرگە قاراش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش سەيدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى مۇھىم ئامىلنى بەلگىلىگەن. بۇلار ئەلۋەتتە ئاڭلىق، ئاڭسىز ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن.

سەيدۇللا شېئىر ژانىرى ئارقىلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئاز سانلىق مىللەت شائىرى. ئۇ يۈەن دەۋرىدىكى يايلاق-يېزا ئارىلاشقان ئىجتىمائىي مۇھىتنى شېئىرىيەت ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. دەۋرداش باشقا ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى بىلەن بىرگە شېئىر ئىجادىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ئاچتى. يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەتكە نەر سالساق، يىرىمىدىن كۆپرەك سالماقنى مۇشۇ بىر توپ ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىگىلەيدۇ. شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك شېئىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزنى ياخشى ئىدى. ئۇلار گەرچە خەنزۇ تىلى شەكلى بويىچە بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن. مەسىلەن، «شېئىرنامە»دە شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى بار. «چۇ نەزمىلىرى»گە جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوشاق-نەزمىلىرى كىرگۈزۈلگەن. خەنزۇلارنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى شېئىرلىرىنىڭ ژانىر، شەكىللىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇلار خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغاچقا، ئەلۋەتتە، ئاساسەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كەتكەن.

سەيدۇللا ئۇيغۇر شائىرىدۇر، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە شېئىر يېزىش، خەنزۇ شېئىرىيىتىگە يېڭى خۇسۇسىيەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. يېڭى قانلارنى قوشتى. ئۆزىگە نىسبەتەن

ئىيتقاندا، سەيدۇللا خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆگەندى ۋە ۋارىسلىق قىلدى، شۇنداقلا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. لېنىن: «ھەرقايسى مىللەت پەقەت بىر دۆلەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئۇ ئىقتىسادى، قانۇن، تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىن چەمبەرچەس باغلىنىشقا ئىگە بولالايدۇ» ⑮ دېگەن ئىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئەلۋەتتە مەدەنىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ، بىز سەيدۇللانىڭ ئىجادىيىتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى سۆزلەش بىلەن بىرگە، سەيدۇللانىڭ خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىمۇ سۆزلىشىمىز لازىم.

سەيدۇللا يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، مىللىي خاراكتېرى خېلىلا كۈچلۈك شائىر. ئۇ كەڭ قورساق، خۇشخۇي، ئۆزىگە بەكلا ئىشىنىدۇ، سەيدۇللا بىر كۆك كۆزلۈك ئەمەلدار بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ مۇستەبىتلىك قىلىقلارنى ياقىلمايدۇ، ئەكسىچە، شېئىرلىرىدا ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا ساختىپەزلىكلەرنى پاش قىلىدۇ، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن ئەكسىيەتچى سىياسەتنى تەنقىد قىلىدۇ، ئۇ بىر ئاز سانلىق مىللەت ئادىمى بولۇپ تۇرۇقلۇق خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى چىقىرىپ تاشلىماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلدى، ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇردى.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىر مەزگىل موڭغۇللار كۆك كۆزلۈكلەرنىڭ خەنزۇ ئۆرپ-ئادىتىگە كىرىشىگە قارشى تۇرغان، ھەتتا قانۇن-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، قاتتىق چەكلىگەن، ئەمما مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشىشى تارىخنىڭ مۇقەددەر ئېقىمى بولۇپ، ئىرقى ئايرىمچىلىق، ئىرقى كەمستىش سىياستى بىر ئىزدا توختاپ قالغان سىياسەت بولۇپ، تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت ئىدى. شۇڭا ئۇ تارىخىي ئېقىمنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسيالمىدى. ئەينى چاغدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىشى بىلەنلا قالماستىن، بەلكى موڭغۇل، كۆك كۆز يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ كەتكەن. بەزى زىيالىيلار خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان.

سەيدۇللا كىچىكىدىن باشلاپلا خەنزۇ زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىرقى كەمستىشكە ئېتىبارسىز قاراش ۋە غەيرىي مىللەتلەردىن ئۆگىنىش روھى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىي تۇرمۇشىغا سىڭگەن.

سەيدۇللا، ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەردىن ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى قەدىمقى كىشىلەردىنمۇ ئۆگەنگەن. تارىختىكى مەشھۇر شائىرلاردىن تاۋ يۈەنمىن، لى بەي، دوفۇ، بەيجۈيى قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ياكى ئۇلارنىڭ بەزى شېئىر-جۈملىلىرى سەيدۇللانىڭ «يەنمىن» توپلىمىدا كۆزگە چېلىقىدۇ.

سەيدۇللا خەلق ئەدەبىياتىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تۆھپىسى ئالاھىدە زور ئىدى.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى تېما، ماتېرىيال، ئۇسلۇب جەھەتتە بەكمۇ دىققەتكە سازاۋەر. ئۇنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتى بۇرۇنلا كۆرۈنۈشكە باشلىغان، ھازىر ساقلىنىپ قالغان «يەنمېن توپلىمى»دا 800 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر-نەزمە بولۇپ، ئۇ سەرمۇنشىلىقتا كىرىشتىن بۇرۇنقىلىرىنىڭ 43 كۇپلېت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ تەخمىنەن %5 ئەتراپىدا بولۇپ، پىشمىغان ھالەتتە ئىدى. ئەلۋەتتە، پىشىنىڭ چوڭقىيىشى ۋە سەرگۈزەشتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كونسېرى پىشىپ، مەزمۇنى چوڭقۇرلىشىپ، كۆزىتىش ئىقتىدارى كېڭىيىپ، كاللىسى سەگەكلىشىپ

قالغان ئىدى.

سەيدۇللا شېئىرلا يېزىپ قالماستىن، يەنە كۆپلىگەن بېيىت (词) لارنىمۇ يازغان بولۇپ، تارقىلىشى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن «مەنجاڭخوڭ. جىنلۇدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش» دېگەن ئەسىرى شۇنداق.

سەيدۇللا شېئىر يېزىش بىلەنلا قالماي، يەنە شېئىرىيەتكە ئائىت نەزەرىيىلەر ھەققىدە توختالغان، مەسىلەن «ۋۇيى شېئىرلار توپلىمى»نىڭ مۇقەددىمىسىنى يازغاندا شۇ جەھەتتە توختىلىدۇ. شائىر ئوخشىمىغان مەنزىرە تەسۋىرىنى، مەسىلەن، تاغنى ئالساق، ئۇنى ھەرخىل تەركىبتىكى كىشىلەر ھەر خىل مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە كۆزىتىشى بويىچە ھەرخىل يازىدىغانلىقىنى، ئۇلار يازغانلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ ھەرخىل بولىدىغانلىقىنى، ھەرقايسىسىغا كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا خاس تامغا بېسىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن، سەيدۇللا يەنە تۇرمۇش ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى پىششىق ئىگىلەش، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشتىكى مۇقەررەر شەرت دەپ كۆرسەتكەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە شېئىرنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى قايتا-قايتا تەكرار تەكىتلىگەن، يەنى ئۇ تاغ دەريالاردەك ئۇزۇن ساقلىنىدۇ ھەم چەكسىز بولىدۇ. مانا بۇلار مول شېئىرىيەت ئىجادىيىتى تەجرىبىسىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت قىممەتلىك يەكۈن.

شائىر سەيدۇللا ساپ دىللىق بەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ: «ھەممە يەردە جۈت قۇترىغان، قاغا-قۇزغۇنلار ئاسماننى قاپلاپ، كۈننى توسۇۋالغان، ئاي نۇرى كەچكۈزدىكى شەبنەمنى غۇۋا يالتىراتقان، گىرىم ھۇجرىسىدا چېكەتكىلەر غەمكىن سايرىغان» چىرىك ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىدۇ، شۇڭا «پەرىشانلىق» ھەم «غەمگە چىرمىشىپ» قېلىپ چىقىش يولى تاپالماي «كېتىپ باھار ئۇزۇن توندىن ھېچ سادا يوق»تەك ئازاب ئىچىدە قالىدۇ.

تارىختىن بېرى، كۆپلىگەن داڭلىق كىشىلەر سەيدۇللانىڭ شېئىر-نەزملىرىگە ياخشى باھا بېرىپ كەلگەن. سائۇرۇغى ھايات ۋاقتىدا، نامى چىققان، ئەينى چاغدىكى ئاتاقلىق ئەدىبلەر بىلەن ئۆزئارا شېئىر ئوقۇشقان.

يۈجى — (1272 — 1348) «چېك جياڭ توپلىمىغا مۇقەددىمە»دە سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرىنى «ھېسسىياتقا ئەڭ باي، راۋان ھەم جاراڭلىق» دەپ مۇقىملاشتۇرغان.

بەزىلەر سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى بىلەن تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپمۇ كۆرگەن. مەسىلەن، مىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بوشىن «يەنمېن توپلىمى»غا مۇقەددىمە يازغاندا، سەيدۇللا بىلەن لى خې (ئىسمى جاڭ جى، 790_816)نى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ، يەنە مىڭ دەۋرىدىكى بىر ئەدىب سەيدۇللا بىلەن لى بەي (701 — 762)نى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ 4-تومىدا «پارە-پارە بولىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدا سەيدۇللانىڭ «شىتوچېڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىن نەقىللەر ئالىدۇ.

سەيدۇللانىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تولۇق قىسمى مۇنداق:

شىتوچېڭدىن نەزەر سالسام ۋۇ-چۇ ياققا،
«ئۇپۇق تۇرار ۋۇ-چۇدىنمۇ تۆۋەن ياقتا.
قىلچە نەرسە كۆرۈنمەيدۇ ئۇنىڭدىن باشقا،»
ساناپ باقسام مەشھۇر لىۇچاۋ ماكانىنى،

ئوخشاپ قاپتۇ يېشىل تاغلار سوقما تامغا
تۇغ ئەلەملەر توسۇۋالغان زور قۇياشنى،
يەلكەنلەرمۇ ئاق بۇلۇتقا چىك تۇتاشقان،
ئۇستىخانلار ئاپئاق قاردەك دۆۋىلەنگەن،
چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قانچە باتۇر
مەرد يىگىتلەر بولدى خازان».

دېمەك، ماۋزېدۇڭ باشتىكى ئىككى مىسرانى بىر مىسرادىن كېيىن مىسال ئالغان.

يۇقىرىقىلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ ئوبيېكتىپ بېرىلگەن باھالار بولۇپ، شۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇكى، سەيدۇللا جۇڭگونىڭ قەدىمقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق شائىرى بولۇپ قېلىش بىلەن بىرگە ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىنىڭ بىرى. يۈەن دەۋرى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چوڭ يازغۇچى دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

سەيدۇللا خەتتات، رەسساملىق جەھەتتىمۇ خېلىلا ئىقتىدارلىق ئادەم ئىدى. كۆپلىگەن مەدەنىي بۇيۇملار يوقاپ كەتكەنلىكتىن، گوگوڭ مۇزېيىدا پەقەت ئۇنىڭ ئىككى پارچە رەسىمى ساقلىنىپ قالغان. چىن يۈەن ئەپەندى ئۇنىڭ رەسىملىرىنى «سۇپىتى ناھايىتى يۇقىرى»⑯ دەپ باھالىغان.

ياپونىيىلىك داۋتىيەنخەننىڭ «مەڭگۇلۇككە ئويۇلۇپ، ئۆزىدەك بولۇپ كەتكەن ساتىيەنشى (سەيدۇللا) شېئىرلىرى» دېگەن كىتابى بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق سەيدۇللا شېئىرلىرىنى چەت ئەللەرگە تارقاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئەدىب، ئالىملاردا 14-ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى مۇسۇلمان شائىرغا نىسبەتەن زور قىزىقىش قوزغالماقتا. سەيدۇللانىڭ شېئىر-نەزمىلىرىنى بەس-بەس بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بەزى ئەرەب شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، باھالاشماقتا.

مىسىرلىق ئالىم رۇۋادى «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى، سەيدۇللانىڭ ئىسمىغا نىسبەتەن يات تونۇشتا ئەمەس»⑰ دەپ يازىدۇ.

3 - نەي شەن

نەي شەن (1310 — 1368) ناشىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەخەللۇسى يىجژ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن.

«شىنجاڭ خەرىتىلىرى تەزكىرىسى» دە «ناشىن (نەي شەن) غەربىي شىمالدىكى گولولۇ ( 郭罗路 ) (بۇگۇنكى تارباغاتاي) دا تۇغۇلغان»، «غەربىي ئەلنىڭ يەر ناملىرى» دا «تارباغاتاي چىك دەۋرىدىكى تارباغاتاي ۋىلايىتى بولۇپ، ھازىر قىسقارتىپ تاچىڭ ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، نەي شەننىڭ ئەسلى يۇرتى شىنجاڭنىڭ چۆچەك (تاچىڭ) ناھىيىسى. نەي شەننىڭ ئاتا-بوۋىلىرى چىڭگىزخان ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ، نەنياڭ (بۇگۇنكى خې نەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرى) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇڭا نەي شەن نەنياڭنى ئىككىنچى يۇرتۇم دەپ قارىغاچقا، ئۆزىنى نەنياڭلىق ئۇرۇقلاردىن دەپ ئاتىغان.

نەي شەن دەسلەپتە جېجياڭ تەرەپلەردە ئايلىنىپ يۇرۇپ كېيىنچە يىنشەن (بۇگۇنكى جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھىرى) ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

نەي شەن بىر مەزگىل دۇڭخۇ كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ تۈزگۈچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلغان، كېيىن ئەسكىرىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان، ئارمىيىدىكى ۋاقتىدا

ۋاپات بولغان. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا يىن شەنلىك جىن يىداۋنى ئۇستاز تۇتقان.

شېئىرىيەتنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن، ياش جەھەتتە چوڭايغانسېرى ھەسسىسى كۆپەيگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نەقىشلەردەك جەزىبدار، ئاددىي-ساددا، يېقىملىق. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يېزىلىپ چىقىش بىلەنلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بەس-بەس بىلەن ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىتىشىپ يۈرگەن» . («يېڭى يۈەن تارىخى. تەزكىرىلەر») نەي شەن ئۆز دەۋرىدىكى خەتتات خەن يۈيېيۈي،قەدىمكى ھۆسن خەتچى ۋاڭ زىلياڭ بىلەن بىرلىكتە «جاڭنەنلىك ئۈچ زات» دەپ تەرىپلەنگەن.

يۈلتۈزلار تۈركۈمى ئىچىدە نەي شەن يوروق يۈلتۈز ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى رېئالىزىملىق ۋە خەلقچىللىق جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىدىكى غەربىي ئەللىك مازۇچاڭ، سەيدۇللا، شۆئاڭفۇلاردىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالدىنقى ئېقىمدىكى خەنزۇ شائىرلىرىدىن ھېچقانداق قېلىشقۇچىلىك يېرى يوق ئىدى. نەي شەن جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە.

نەي شەن گەرچە خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ تۈزگۈچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما خىزمەت ۋاقتى بەك قىسقا بولغان، چۈنكى ئۇ «خاراكتېرىدىن ئەمەلدارلىقنى خالىمايدىغان» بەلكى «يىراقلارغا سەيلە-ساياھەت قىلىشقا ئىرادە قىلغان» ئىدى. ئۇ ئىككى قېتىم ئۇزۇن يوللۇق سەيلە-ساياھەت ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ جۇڭگونىڭ كۆپ يەرلىرىنى كەزگەن «سەرگەردان بولۇپ كۆپ يىل ياقا يۇرتلاردا ئاچ-توق يۈرگەن» ئىدى.

سەپەر جەريانىدا شائىرنىڭ نەزەر دائىرىسى ئېچىلىپ، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئوردىنىڭ قالاڭغۇلۇقى، ھۆكۈمرانلار سورۇنىنىڭ چىرىكلىكى، خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن بىرقەدەر چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. شۇڭا بۇلار ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاھىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى بەلگىلىگەن. نەي شەننىڭ كۆپلىگەن ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ «دەريانىڭ شىمالىدىكى زىيارەتلەردىن كونا خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە جەمئىي 240 كۇپلېت شېئىر بار.

ئۇنىڭ يەنە «جىن تەي توپلىمى» ، «ئالتۇن مۇنبەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما»غا 145 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

نەي شەننىڭ شېئىرلىرى روشەن رېئالىزىملىق روھ ۋە قويۇق خەلقچىللىق خاھىشقا ئىگە. ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتلۇق شائىرلارنىڭ ئالدى ئىدى.

نەي شەننىڭ سەيلە-ساياھەتتىكى كۆرگەنلىرى، مەنسەپ تۇتۇش يولىدىن قايتىشى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ پىشىپ-يېتىلىشى ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتەك قايناق ھاياتى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ھاياتىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلدى. ئۇنىڭ «شىنشاڭلىق موماي» دېگەن شېئىرىدا ئۇنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىك روھىي كەيپىياتى ۋە مۇھتاجلىق ئاستىدىكى دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

چېچى پاخماق شىنشاڭلىق موماي يۈرەر يالىڭاياق،
كەنت ئىچىدە ياشانغان ئۇ چاپىنى قۇراق.

كۆندۈزدە ئۇماچ ئىچىپ ئىتىزغا چاپسا،
تاڭ ئاتقۇچە يىپ ئىگىرەر غۇيۇلدىتىپ چاق.

بۆزنى سېتىپ چىرىك ھەققى[18] غەملەيدۇ بەزەن،
موپاڭ چۆرۈپ دان ئاقلايدۇ خانلىق ئۈچۈن ھەم.
كەلسە ئامبار چاپارمىنى ھەق ئېلىش ئۈچۈن،
بېرەلمىسەڭ، چاپان سېلىپ قامچا يەيدۇ تەن.

بولدى ئۈچ ئاي ئىككى ئوغۇل قايتمىغانغىمۇ،
كۆندە غەم شۇ، ئاچ قورساقمۇ، توڭلىغانمىدۇ؟
ساراي ئىچرە ياغاچ توشار ئوغۇل تۇنجىسى،
ھاشاچى بوپ قاش سالاتتى[19] كەنجى ئوغۇلمۇ.

ھۇشقىتىدۇ شۇۋىرغان، پىلدىرلايدۇ شام،
چەكتى يەنە ئىشكنى قەرز سۈيلەپ غوجام.
كۆپتە تالقان قالمىدى ھەم ياندا بىر يارماق،
قالدى پەقەت تەمتىلىگەن نەۋرە-كىچىك جان.

نەۋرىسىنى يېتىلەپ سەھەر ماڭدى شەھەرگە،
نارسىدىنىڭ باھاسىنى ئېيتتى بىچارە.
ئازابلاندى، بۇنى ئېيتىش-ئۆلمەكتىنمۇ تەس.
قەرز تۆلىمەك جاندىن زۆرۈر ئاڭا نە چارە؟

مارت ئېيىدا چوكانتالىنىڭ ۋاقتىمۇ[20] كەلدى،
قەرز پۇل ئۈچۈن ئانىجاندا دەرمان قالمىدى.
تۇپراق بېشى ئوت چۆپلەرگە سەپتى سوغ ئاداپ[21]،
مىسكىن موماي ئاھۇ-زارى كۆكنى قاپلىدى.

سەن خەن نۇي ئارزۇسىدىن بۇ مىسكىن يىراق،
ساندۇقىدا ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنىڭ يوق بىراق.
كۈمۈش جامدا شاراپ ئىچەر ئېسىلزادىلەر،
سارايلاردا بەزمە پەيزى، ئۆچمەيدۇ چىراغ.

قولدا ئالتۇن بىلەيزۈك، باشتا زەر ئۈنچە،
يېشىل تونغا كەشتىلەنگەن قوشماق ئۆردەكلەر.
ھۆرى-غىلمان ئەدمىي بىلەن قايرىيدۇ پەردە،
تۆشەك ئالدى چوغدان، چاچار ئىپالىق ھىدلەر.

شېئىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دېھقانىنىڭ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان كىرىمى ھۆكۈمەتنىڭ باج سىېلىقىنى تۆلەشكە يەتمىگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن تاياق-دەشنام يېگەنلىكى، تۇل مومايىنىڭ ئىككى

ئۇغلىنىڭ ھاشارغا — سەيسكە ئىشلەپ، ئايلاپ ئۆيگە قايتالمىغانلىقى، ئاچلىق ۋە قەھرىتان سوغۇقنىڭ بىردەك ئازابلىغانلىقى، قەرز تۆلەش ئۈچۈن نەۋرىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىنكى قىسمىدا بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلىدۇ.

نەي شەننىڭ «شىنشاڭلىق موماي» ناملىق شېئىرى رېئالىزملىق روھقا ۋە باي خەلقچىللىق ئىلغار خاھىشقا ئىگە ئەسەر. ئۇ ئەينى چاغدىلا كەڭ ماختالغان ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

نەي شەننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرىدىن «يېڭى قاش غەزىلى» ، «يۆفى قەبرىسىگە زىيارەت» ، «قورۇل ئۈستىدىكى نەغمە» قاتارلىقلار بار.

«يېڭى قاش غەزىلى»دە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇاڭخې دەرياسى تاشقىنىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن ھەم خۇاڭخېنى تىزگىنلەشنى سۇيىئىستېمال قىلىپ خەلقنى ئەزگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ زوراۋانلىقى قاتتىق قامچىلانغان. ئەنە شۇ ئاپەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزۈشتەك زۇلمەتلىك رېئاللىقنى پاش قىلىش بىلەن بىللە، شائىر خۇاڭخې ۋادىسىدا كەلگۈن يامراپ تۇرىدىغان رايونلاردىكى خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر «يۆفى㉒قەبرىسىگە زىيارەت» ناملىق شېئىرىدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي قەھرىمانى يۆفىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ ھەم تەسلىم بولۇش تەرەپدارى چىڭ گۇيىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلمىشلىرىنى قامچىلايدۇ.

شائىر جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كىچىك × × × ئوردىسىدىكى «قالغىنىغا سۆكرى قىلىپ ياتقۇچىلار»㉓غا ئاچچىق مەسخىرىلىك كىنايە قىلىپ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئادالەتپەرۋەرلىك بىلەن روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«قورۇل ئۈستىدىكى نەغمە» دېگەن شېئىردا مىللىي ئالاھىدىلىككە باي ۋە يەرلىك چېگرىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭلىكى، مەردانىلىقى ۋە مەغرۇر، باتۇر، ئەمگەكچانلىقى، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شېئىرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كونكرېت ۋە تەسىرلىك بولۇپ جانلىق يېزىلغان.

نەي شەننىڭ شېئىرلىرى تارىختىن بېرى يۇقىرى ئابرويغا ۋە ياخشى باھاغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

نەي شەن شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇستا رەسسام ئىدى، ئۇنىڭ «يىن دەرياسى بىلەن خوشلىشىش سۈرىتى» ، «يىنمىڭنىڭ تاغ-دەريالىرى رەسىمى» ، «يىراققا سەپەر خاتىرىسى» قاتارلىق تاغ مەنزىرىسىگە ئائىت رەسىملىرى كەڭ تارقالغان.

نەي شەن ئۆز يۇرتى چۆچەك ناھىيىسىگە تەلپۈنگەن.

ئىزاھاتلار:

② جاڭ يۆ «مىللىي ئەدەبىيات ھەققىدە تەقرىزلەر» «شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» ، 1988-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 25-26-بەتلەر.

③ شۇ كىتاب، 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 294-295-بەتلەر.

④ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى، 604-بەت.

⑤ جاڭ يۆ «مىللىي ئەدەبىيات ھەققىدە تەقرىزلەر» 27-بەت.

⑥ تيەن ۋېيجاڭ «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جوڭخۇا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قوشقان

نۆھپىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1994-يىلى، 2-سان، 126-بەت.)

⑦ شىن شۇيېن «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايون ئەدىبلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1986-يىلى، 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

⑧ تىيەن ۋېيجاڭنىڭ ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1994-يىلى، 3-سان.

⑨ ياڭ لىيەن قاتارلىقلار «يۈەن دەۋرىدىكى نەسرىي غەزەلچى شۈئاڭفۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑩ بۇ بىر دەريانىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولسا كېرەك، بەزىلەر « سىلىنگا » دەرياسى دەپ قارايدۇ.

⑪ دارۇغاچ — ئەمەل نامى

⑫ «غەربىي رايون تارىخىدىن سۆز» 2-قىسىم دىگەن كىتاب، شىنجاڭ ياشلار — ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 128-129-بەتلەر. «گۇيۈن يۇنىشى ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرى يەشمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل خەنزۇچە نەشرى 28-29-بەت.

⑬ «گۇيۈن يۇنىشى ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرى شەرھىيسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل خەنزۇچە، نەشرى 74-75-بەتلەر.

⑭ چۇمغاق — سودا ياشايدىغان بىر خىل قۇش. بۇ يەردە چۇمغاق سودا ياشايدىغان قۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

⑮ «لېنىن ئەسەرلىرى»، 19-توم، «مىللىي مەدەنىيەت، ئاپتونومىيىسى توغرىسىدا».

⑯ چىن يۈەن: «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەللىكلەرنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە ئىزلىنىش»، 4-باب، 3-پاراگراف، 1929-يىل.

⑰ «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا»، ئەرەبچە، 1981-يىلى كۇۋەيتتە نەشر قىلىنغان (جۇڭخېي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984-يىل 1-سان، 104-بەت).

⑱ چېرىك ھەققى — ئەسكىرىي سېلىق.

⑲ دەرياغا قاش سېلىش — ت.

⑳ تۇپراق بېشىغا چىقىش ۋاقتى دېمەكچى — ت.

㉑ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە تۇپراق بېشىغا چىققاندا ئېسىل مەي، سەي، تاماق ئېلىپ بېرىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قويۇپ قويىدۇ. بۇ يەردە كەمبەغەل موماينىڭ تۇپراق بېشىغا سوغ ئاداپ (ئۇماش) ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

㉒ يۆفى — سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مىللىي قەھرىمان — ت.

㉓ فېئودال خاندانلىقلار زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، قالغان قىسمىغا شۈكرى ئېلىپ ياتقۇچىلار — ت.

## 3 ـ § . كى كى قۇرسا ئىچقۇ، كى كى II ، شى لەنلەن خېنىم، سىلىغ تېگىن

### 1. كى كى قۇرسا ئىچقۇ

كى كى قۇرسا ئىچقۇ قەدىمكى چانبالىقلىق ئەدىب بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە تەۋە ئىدى. چانبالىق هازىرقى سانجى شەهرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدا ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەئەللۇق مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ناملىق بىر داستانى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاهلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىن خاندىن تارتىپ تايپىنۇ خانغىچە بولغان بىرقانچە ئەۋلاد خانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن①.

بۇ مەڭگۈ تاش 1334ـيىلى ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدا 61 كۇپلېت شېئىر بار. ئۇلار تۆت مىسرادىن 257 مىسرا. بۇ شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان. ئاياق قاپىيە ماهارىتىمۇ كۆرسىتىلگەن.

مەڭگۈ تاشنىڭ ئارقا تەرىپىگە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەسەبنامىسى خەنزۇچە ئويۇلغان. ئەمما ئۇ ئۇيغۇرچە نەسەبنامىنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئايرىم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان تەختكە چىقىپ (1260 — 1294) يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىشقا باشلاپ، شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، چاغاتاي خاقانلىقى ۋە ئۆگدەي خاقانلىقى شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار يېرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئۇزۇن جەڭلەر نەتىجىسىدە قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ ئائىلىسى تۇرپاندا تۇرالماي گەنسۇ يوڭچاڭ (مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان يەر)غا كۆچۈپ بېرىپ، يۈەن هۆكۈمىتى هىمايىسىدىكى بىريەرلىك هاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. «مەڭگۈ تاش»نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇيەردە ئۆتكۈزگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەڭگۈ تاش ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن شېئىرىنى، تىلىنى، تارىخىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال. مەڭگۈ تاشنىڭ ئورنىتىلغان يىلى ۋە ئاپتورى توغرۇلۇق ئەسەرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىدا مۇنداق دېيىلگەن.

ئىت يىلى ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ئەدگۈ كۈن ئۈزە
تولپ تۆكەل بۈتۈرۈ تۇرغۇزۇلدى مەن جام بالىلىقلىغ
كى كى قۇرسا ئىچقۇ بىتيۇ تەگىندىم لۈيىپ ساۋ ...
ئىتتۇرمىش ياڭ تىلىڭ سىردىيۇ تەگىندىم ساتو

هازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسى

ئىت يىلى (1334) ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ياخشى كۈندە

تولۇق-تۇگەل پۈتۈپ تىكلەندى مەن جامبالىقلىق.
كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازدىم، ليۇشۇسى …
بۇيرۇتقان مەن ياك تىلىك چەكتىم ياخشىسى②.

2. كى كى Ⅱ

كى كى Ⅱ ③ (1295 — 1345) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاڭقى قەبىلىسىدىن، يۇرتى قوچۇ ئېلى. ئۇ يۈەن دەۋرىدە بېيجىڭدا تەخمىنەن 1328-يىلىدىن 1344-يىلىغىچە مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان. كېيىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرغان. ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، كىتابلارنى ئوقۇشقا خۇشتار بولغان. بىلىمى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئىدى.

كى كى Ⅱ «ئامىتا يۇرديانا سۇترا» دېگەن بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى ئەسەرنى خەنزۇ تىلىدىن ئىجادىي يوسۇندا شېئىرىي شەكىلگە سېلىپ، يەنى باش قاپىيىلىك، ھەربىر كۇپلېتى تۆت مىسرالىق شېئىرىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ ئىشلەپ چىققان.

ھازىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئامىتايۇردىانا سۇترا» نىڭ ئۈچ خىل شەكىلدىكى نۇسخىسى، يەنى (1) نەسرىي (سەنۋىن) شەكلىدىكى (2) «ئامىتابا سۇترا» ئىچىدىكى (نەسرىي شەكىلدىكى) نۇسخىسى (3) نەزمى شەكىلدىكى نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم④.

«ئامىتايوردىانا سۇترا» بۇددىزىمنىڭ «كىرسىز، پاك ئورۇن»⑤ ئەقىدىسىنىڭ ئۈچ نومىنىڭ بىرى.

تۆۋەندە بۇ ئەسەردىن مىسال كۆرۈپ ئۆتىمىز. ئەسلى نۇسخىسى

تاي پاي لىن شى تىپ ئاتلى (ـ) نىغ:
تايشىڭ نومنۇڭ ئىچىنتە:
تالۇلاپ يىغىپ مـ (ـە) ن كىكى ككى:
تاقشۇتقا ئىنتۇرۇ تەگىندىم.

بۈگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى

ئۇلۇغ ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى دەپ ئاتىلىدىغان،
ماھايانا (مەزھىپىگە خاس) نومنىڭ ئىچىدىن تاللاپ يىغىپ، مەن كى كى
شېئىر شەكلىگە كەلتۈردۈم.

3. شى لەنلەن خېنىم

شى لەن لەن خېنىم ياكى شى لەنلەن باخشى (1267/8 — 1331/2) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئايال راھىب. ئۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. شى لەن لەن ئۇنىڭ ئىسمى «باخشى» ئۇستاز دېگەن مەنىدە بولۇپ، موڭغۇل — يۈەن ئوردىسىدىكى ئايال ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ قويۇپ قويغان نامىدىن ئىبارەت.

شى لەن لەن باخشى موڭغۇل — يۈەن ئوردىسىغا ئون نەچچە يىل كىرىپ-چىقالىغان، تۆت ئەۋلاد موڭغۇل خانى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۈچ خانىش زامانىدا خىزمەت ئارتقۇزغان بولۇپ ئابرويى يۇقىرى، ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بىرىگە ئايلانغان. شۇڭا بەگ-تۆرىلەر ۋە ئايال ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «باخشى» دەپ ئاتاشقان.

شي لەن لەن باخشى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان «بۇددا ۋاتامساكا ھاخاۋاي پۇليا سۇترا»، «لىڭيەن سۇترىسى»، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ساددارما پۇندارىكا سۇترا»، «ئالتۇن يارۇق» شۇنداقلا تىبەت تىلىدا يېزىلغان «پراجناغا ئوقۇلغان سەككىز مىڭ مەدھىيە» ( 船若八千颂 )، «بەش مۇھاپىزەتلىك تارانى» قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق بۇددا نوم-سوترىلىرىنى يېزىپ ئالتۇن ھەل بىلەن بېزەپ چىققان.

ئۇ يەنە دادۇ (بېيجىڭ)دا مياۋشەن ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان، ۋۇتەيشەندىكى فومىڭ ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ ياساتقۇزغان، بېيجىڭ شىشەندىكى لوڭ چۈەن ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن ياسىغان. ئۇ تىبەتتىكى ۋۇدا ئىبادەتخانىسى، قوچۇدىكى جەنتەن ئىبادەتخانىسى، جىڭچېڭ ( 京城 )دىكى ۋەن ئەن ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلارغا نۇرغۇن ئىسرىقدان ياردەم قىلغان. ئۇ ئىبادەتخانا سېلىش، ئەسلىھەلەرنى ئوڭشاش قاتارلىقلار ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ ئاقچا سەرپ قىلغان، 1332-يىلى نىرۋاناغا يەتكەن. ئۇ «ھەقىقىي پاك مېھرىبان ئۇستاز» دېگەن شەرەپ نامىغا مۇيەسسەر بولغان⑦.

شي لەن لەن باخشىنىڭ ئېلىمىزنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## 4 . سىلىغ تېگىن

سىلىغ⑧ تېگىن ئۆز دەۋرىنىڭ راھىبەسى ۋە شائىرەسى. ئۇ قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر رايونىدا ياشىغان. ئەينى زاماندىن قالغان «يىتكەن⑨ سۇترا» ناملىق بىر نومنىڭ ئاخىرىدا «يەنە گۈي بۇرۇچلۇق» دەپ ئىسىم بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئالتە كۇپلېتلىق بىر خاتىمە دۇئاسى بار بولۇپ، بۇ ئەسەردە سىلىغ تېگىننىڭ نامى ئۈچ يەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ 1313-يىلى يېزىلغان.

بۇ شېئىردا شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىنى زامانىنىڭ خانلىرىغا، بارلىق جانلىقلارغا بېغىشلاش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئاغرىق سىلاقتىن قۇتۇلۇش ۋە «قايتا تۇغۇلۇش» ۋاقتىدا يەنە قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالماسلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بايان قىلىدۇ.

تۆتلىك، بەشلىك، ئالتىلىك مىسرالار بويىچە ئەركىن يېزىلغان بۇ كۇپلېتلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قائىدىسى بويىچە تولاراق باش تەرىپى قاپىيىلەشتۈرۈلگەن⑩.

ئىزاھاتلار:

① بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدا ساقلانماقتا.

② بۇ مەڭگۈ تاش ھەققىدە گىڭ شىمىن «ئارخېئولوگىيە» (كاۋگۇ) ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىلى 3-سانىدا ماقالا ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. كېيىن ق . بارات، ليۇيىڭشىڭلار قايتا ئىزدىنىپ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئايرىم ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى»نىڭ 1988-يىلى 1-سانىدىكى تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىلدى.

③ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «كى كى» نامى بىلەن باغلانغان بىر قانچە ئەسەر بار. شۇنداق بولغاندا ئۈچ ئادەمنى «كى كى» دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار بىر ئادەممۇ ياكى ئۈچ ئادەممۇ بۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك. شۇڭا بۇ كىشىنى «كى كى II »دەپ ئاتاپ تۇردۇق.

④ چەت ئەللەردە بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ئى. يۈسۈپ بۇ ئەسەرنىڭ شېئىر نۇسخىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ

بۇ كىتابتىكى بايانلار مۇشۇ ماقالىدىن ئېلىندى.
1990-يىلى 2-سانىدا ئېلان قىلدى.
⑤ كىرسىز، پاك ئورۇن — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «كىرسىز ئارىغ ئورۇن» دېيىلىدۇ. بۇددىزمنىڭ ماھايانا
مەزھىپىنىڭ تەرىپىچە، كىرسىز، پاك ئورۇن بۇددا (بۇرخان) تۇرىدىغان ئورۇن (دۇنيا) ھېسابلىنىدۇ.
⑥ قالغان ئىككى نوم «ئاپارىمىتايۇر سۇترا» ۋە «ئامىتابا سۇترا»لاردىن ئىبارەت. بۇلار جۇڭگو بۇددىزمىدىكى
«كىرسىز پاك ئورۇن» مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ.
⑦ بۇ توغرۇلۇق ماتېرىياللارنى «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى»، لى گوشاڭ «ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994-يىلى، 2-سان، 123-بەتلىرىدىن
كۆرۈڭلار.
⑧ بۇ بەزى مەنبەلەردە «سىللىغ» دەپ ئېلىنغان. ئىلگىرى مەن «سېلىغ» دەپ خاتا قوللانغان ئىكەنمەن.
⑨ يىتكەن — يەتتە تىكەن دېگەن مەنىدە.
⑩ چەت ئەللەردە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنغان. ش. ئۇ. ئا. ر تەۋسىدە ق. بارات «قەدىمكى
ئۇيغۇر راھىبەسى سىلىغ تېگىن» دېگەن تېمىدا تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىپ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»
نىڭ 1983-يىلى 4-سانىدا ئېلان قىلدى.